215
K281.5/8/:1

ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار (1)

ئا. گ. مالياۋكىن

# IX—XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇيغۇر سايرانى

少数民族语言文学文献信息资料中心
S0019251

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب سابىق س س ب س ر «ئىلىم ـ پەن» نەشرىياتىنىڭ
1983 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1983 ـ يىلى 8 ـ ئاي
1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据前苏联科学出版社1983年8月第1版1983年8月第1次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى

ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار (1)
IX – XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى
[روسىيە] ئا. گ. مالياۋكىن
رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇيغۇر سايرانى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازاتلىق كوچىسى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1993 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1995 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1.901 — 7.000
ISBN7 — 228 — 02589 — X/K·270
باھاسى: 8.50 يۈەن
(ئىچكى ماتېرىيال)

## ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

ئاناتولى گاۋرىلوۋىچ مالىيەۋكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ھازىرقى زامان شەرقشۇناسى، جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناس ئا-
لىملىرىنىڭ بىرىدۇر. 60 - يىللاردىن باشلاپ، مالىيەۋكىننىڭ
ئۇيغۇرلار تارىخىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن
نەشر قىلىنىشقا باشلىدى، 1962 - يىلى «XIII ئەسىردىكى تۇر-
پان خانلىقى» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ بۇ ئە-
سىرى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چوقان ۋەلىخانوۋ
نامىدىكى تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ
ئىلمىي ئەمگەكلىرى توپلىمىنىڭ 15 - تومىغا كىرگۈزۈلۈپ، شۇ
يىلى ئالمۇتىدا نەشردىن چىقتى. «IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى
يېرىمىدا گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار» ناملىق ئىلمىي
ئەمگىكى «مەركىزىي ئاسىيا ۋە تىبەت» دېگەن توپلامدا 1972 -
يىلى نوۋوسىبىرسك شەھىرىدە ئېلان قىلىندى. «ئۇيغۇر خاقانلىقى
ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىپ كۆچۈش
مەسىلىسىگە دائىر» دېگەن ئىلمىي ئەمگىكى 1972 - يىلى
س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىبىرىيە شۆبىسىنىڭ تۈنجى
سانلىق ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. «IX — XII ئەسىر-
لەر ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»
1974 - يىلى نوۋوسىبىرسك شەھىرىدە نەشر قىلىندى. «X ئەسىردە
جۇڭگو بىلەن ئۇيغۇرلار مۇناسىۋىتىگە دائىر جۇڭگو مەنبەلىرى-
دىكى ‹گۇڭ› ئاتالغۇسىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى» دېگەن ئەسىرى
بىلەن «840 — 848 - يىللاردىكى ئۇيغۇرلار ۋە جۇڭگو» دېگەن
ئەسىرى 1975 - يىلى نوۋوسىبىرسكتا نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا

ئەسىرلەردىكى سىبىرىيە، مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىيا» دېگەن كىتابتا ئېلان قىلىندى. «تاڭ دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا يېتەكچىلىك ئورنىنى تالىشىش كۈرىشىدە ئىشلەتكەن تاكتىكىسى» دېگەن ئەسىرى 1980 - يىلى نوۋوسىبىرسك شەھىرىدە نەشىردىن چىققان «ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى يىراق شەرق ۋە ئۇنىڭغا قوشنا تېررىتورىيىلەر» ناملىق كىتابتا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى (ماتېرىياللار ۋە تەتقىقاتلار)» دېگەن كىتابى 1981 - يىلى نوۋوسىبىرسك شەھىرىدە نەشىردىن چىقتى. ئۇنىڭ «ئاشنا ئورۇقىدىن چىققان قورچاق» دېگەن ماقالىسى 1984 - يىلى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بېغىشلانغان ماقالىلەر توپلىمىدا ئېلان قىلىندى. قولىمىزدىكى مەزكۇر ئەسەر ئاپتورنىڭ 1983 - يىلى سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىبىرىيە شۆبىسىنىڭ تارىخ، فىلولوگىيە ۋە پەلسەپە تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نوۋوسىبىرسك شەھىرىدە نەشىر قىلىنغان «IX — XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ناملىق كىتابىدۇر. بۇ كىتابنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئىقتىسادىي پەنلەر ئىلمىنىڭ كاندىداتى يۇ. م. بۇتىن.

مەزكۇر مونوگرافىيىلىك ئەسەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ يېزىلغان. ئۇنىڭدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەر قۇرغان دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەتلەر بىر قەدەر تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن.

ئاپتور دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا مەركىزىي ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مەشھۇر مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ئايرىم، كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدىكى پىكىرلىرىگە ئوخشىمايدىغان كۆزقاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ.

مەزكۇر ئەسەر شىنجاڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلار ئۈچۈن مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. لېكىن مەزكۇر ئەسەردىكى كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئەسەر بەزى خاتا نۇقتىئىنەزەر ۋە بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن خالىي ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەنگە ئوخشاش بەزى نامۇۋاپىق نام ۋە ئاتالغۇلارمۇ ئىشلىتىلگەن، كىتابخانلارنىڭ دىققەت قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 1

بىرىنچى باب مەركىزىي ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ھەمدە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ تارقىلىپ جايلىشىشى ........ 1

ئىككىنچى باب نەنسەن بويىدىكى ئۇيغۇرلار ........ 18

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 39

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ........ 69

ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ........ 95

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى قوشنىلىرى ........ 107

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى جەمەت ........ 117

ئېدزىنغول دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلار ... 150

ئۈچىنچى باب تۇرپان خانلىقى ........ 177

تۆتىنچى باب ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كەلگەنلەر قۇرغان دۆلەتلەر ........ 325

بەشىنچى باب غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئۇيغۇرلارنىڭ رولى ........ 377

خاتىمە ........ 427

ئاساسلانغان مەنبەلەر ........ 431

# كىرىش سۆز

840 - يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى خاقانلىقنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنىڭ بۇرۇنقى جايلاشقان ئورۇنلىرىدىن كۆچۈشكە، شەرق تەرەپتە سەددىچىندىن، غەرب تەرەپتە كۈسەن (كۇچا) ۋە ئۈرۈمچىگىچە بولغان كەڭ ئارىلىقتا تارقىلىپ جايلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ كۆچۈش ئىككى باسقۇچتا بولۇندى: 840 - يىلى، ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن ئىتتىپاقچىلىرى كۆچتى، 866 - يىلى سابىق ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى باشقا تىلى (تۈرا) قەبىلىلىرىمۇ تاشلاپ كەتتى.

كۆچۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئورۇنلىشىپ قالغان شەرقىي تىيانشان رايونىدىكى ۋەزىيەت ئۇلار كېلىش ھارپىسىدا مۇرەككەپ ئىدى. چۈنكى شەرقىي ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۈچ دۆلەت — تاڭ ئىمپېرىيىسى، تىبەت دۆلىتى ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقى ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ جايلارنى تالىشىپ كەلگەنىدى. بۇ دۆلەتلەر مەزكۇر جايلارنى ئىگىلىۋېلىشقا ئىنتىلىپ، ئۆزئارا ئۇزۇن ۋە جىددىي سوقۇشلار ئېلىپ بارغانىدى.

IX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، ئۆزئارا كۆرەش قىلىشىۋاتقان مۇشۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ چۈشكۈنلۈك دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. بىر چاغلاردا بىر پۈتۈن بولۇپ كېلىشىۋاتقان تىبەتتىكى فېئوداللىق دۆلەت 840 - يىلغا كەلگەندە، ئەمەلىيەتتە، ئۆزئارا زىتلىشىپ تۇرىدىغان بىر قانچە يەرلەرگە بۆلۈنگەنىدى. ئىچكى قارىمۇ قارشـ

لىقلار نەتىجىسىدە بەك ئاجىزلىشىپ كەتكەن تاڭ ئىمپېرىيىسى ھالاكەت گىردابىدا تۇرماقتا ئىدى. تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا بولغان بۇرۇنقى كۈچلۈك تەسىرى ئەمدى يىراق ئۆتمۈش بولۇپ قالغانىدى. بۇ دۆلەت شۇنچىلىك دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تىبەت بىلەن بولغان نۇرغۇن سوقۇشلاردا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن نومۇسنى يۇيۇشنى ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدى، ئۇلار ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىدەك پۇرسەتتىنمۇ پايدىلىنىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپمۇ باقمىدى.

X ئەسىرنىڭ بېشىدا، تاڭ دۆلىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، مەملىكەتتە «بەش دەۋر» دەپ ئاتالغان چوڭ مالىمانچىلىق مەزگىلى يېتىپ كەلدى (907 — 960). تۈرلۈك گۇرۇپپىلار خانلىق تەختىنى تالىشىپ ئۆزئارا جىددىي كۈرەشلەر ئېلىپ باردى. «ياۋايىلار» مۇ بۇ مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگودىكى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئىنتىلدى. بۇنداق ئۇرۇنۇشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغىنى مەملىكەتنىڭ شىمالىي تەرەپ يېرىمىدا چۆل تۈركلىرىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىنى قۇرۇشى بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى كېيىنكى تاڭ ئوردىسى (后唐 923 — 936) بولدى. قىتانلار (كىدان) ئىمپېرىيىسى بولغان لياۋ سۇلالىسىمۇ ئۆزىنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى قوشنىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، 936 - يىلى ئۆز ئادىمى شى جىڭتاڭنىڭ كېيىنكى جىن (后晋 936 — 946) ئوردىسىنى قۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

جۇڭگونىڭ يېڭى سۇلالە ھاكىمىيىتى ئاستىدا بىرلىككە كېلىپ، سۇڭ دۆلىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى. بۇ ئەھۋال سۇڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىدا بۇرۇن قىتانلار تارتىۋالغان يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈمىدىنى تۇغدۇردى. لېكىن يېڭى دۆلەتنىڭ خېبېي ۋە شەنشى

ئۆلكىلىرىدىكى سەددىچىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان «16 ۋىلايەت» يەرلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، سۇڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرى ئاۋۋال قىتانلارغا، كېيىن تاڭغۇتلارغا يېڭى - يېڭى يول قويۇشلارغا مەجبۇر بولدى. جۇڭگونىڭ مەركىزى ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى سىياسىي تەسىرى ئۆڭلۈك - سۆيگەن توپىلىڭى نەتىجىسىدە تېگى - تەكتىدىن تەۋرىنىلگەن ۋە كۆزگە بارغانچە ئاز چېلىقىدىغان بولغان بولسا، ھازىر قارىلىۋاتقان دەۋرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ھېچنېمە قالمىدى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي كۈچلەر موڭغۇللار ئىستېلاسى باشلانغانغا قەدەر قىتانلار ۋە تاڭغۇتلار بولۇپ كەلدى. قىتان ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، جۇرجىتلار ئۆز دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە قىتانلارنىڭ ھەممىلا يەرلىرىنى كىرگۈزۈۋالالمىدى. ئۇلارنىڭ غەرب تەرەپتىكى يەرلىرى، بولۇپمۇ تۇزلەڭلىكلەر ۋە يېرىمى چۆل يەرلەر جۇرجىتلار دۆلىتى ئانچۇن - غۇرۇننىڭ چېگرىسى سىرتىدا قېپقالدى. جۇرجىتلارنىڭ دىققىتى جەنۇب تەرەپكە مەركەزلەشكەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرىغا بولغان تەسىرى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى، قىتان ئىمپېرىيىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن مەركىزىي ئاسىيا تېررىتورىيىسىگە قىتانلاردىن كېيىن، موڭغۇللار يېتىپ كەلدى، موڭغۇللار گوبى چۆلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كەڭ دالالارنى تەدرىجىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاستا - ئاستا كۈچ توپلاپ باردى.

مانا مۇشۇنداق شەرت - شارائىت ئاستىدا، ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كەلگۈچىلەر تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۆرەشلەر ئېلىپ باردى. ئەمما ئاھالىنىڭ ئازلىقى، چېچىلاڭغۇلۇقى ۋە ئۆزئارا

ئىچكى ماجىرالار ھەم شۇنىڭدەك غەرب بىلەن شەرقنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم يوللار جايلاشقان يەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بەكمۇ قىزىقىشلىرى كۈرەش نەتىجىسىنى ئالدىن بەلگىلىدى. بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ كۈچلىرىنى خورىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئاجىزلاشتۇردى. باشقىلارغا نىسبەتەن ئۇزۇنراق دەۋر سۈرگىنى ئىدىقۇت (تۇرپان) ئۇيغۇر دۆلىتى بولدى، ئەڭ ئاخىرىدا بۇمۇ موڭغۇللار دۆلىتىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بويسۇندى ۋە بارا - بارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قېپقالدى.

ئۇيغۇرلار بىر نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ تەقدىرىدە كۆرۈنەرلىك روللارنى ئويناپ كەلدى. ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپتە جۇڭغارىيىنى، شەرقتە ھازىرقى مانجۇرىيىنىڭ غەربىي رايونلىرىنى ئۆز تەركىبىگە ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدىكى ئۆزئارا سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەپ كەلگەن قۇدرەتلىك ھەربىي دۆلەتتە يېتەكچى كۈچ بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە كونفېدېراتسىيە (ئىتتىپاق) تەركىبىگە كىرگەن باشقا تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ھەربىي كۈچى تاڭ ئىمپېرىيىسىنى ئۆزلىرىگە سېلىق - ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى. تېلى قەبىلىلىرىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئىككىنچى ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولدى، ئۇنىڭ ئاھالىسى بولسا چېچىلىپ كەتتى. خاقانلىق تېررىتورىيىسىنى بىرىنچى قېتىم تاشلاپ كەتكەنلەر ئەسلى ئۇيغۇرلار ئىدى. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا تېلى قەبىلىلىرىمۇ ئۇ جايلارنى تاشلاپ كەتتى، ئەسلى ئۇيغۇرلار ئانچە چوڭ بولمىغان بىر قانچە مۇستەقىل دۆلەتلەرنى تەشكىل قىلدى، مەزكۇر دۆلەتلەر نىسبەتەن ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى، باشقا تېلى قەبىلىلىرى بولسا، 866 - يىلى شەرقىي تيانشان تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى كەڭ رايونلارنى ئىگىلىۋالدى ۋە بۇ يەردە ئىدىقۇت

ئۇيغۇر ئېلىنى بەرپا قىلدى. بۇ يەرلەرنىڭ تۈپ ئاھالىسى — ئىران تىل سىستېمىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە بۇ يەرگە خېلى كېيىن يەنى IV – V ئەسىرلەردە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان سوغدى جامائەسىنىڭ ئەۋلادلىرى ئولاردىنمۇ كېيىنرەك كەلگەن قارلۇق، باسمىل ۋە چۈل تۈركلىرى تەرىپىدىن خېلى دەرىجىدە تۈركلەشتۈرۈلدى. مانا بۇ جايلاردا خېلىلا نۇرغۇن سانغا ئىگە بولغان تېلى تۈركلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ تۈركلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ۋە تۈرلۈك قەبىلىلەردىن ئىبارەت ئاھالىنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر (يېڭى ئۇيغۇرلار) نامى بىلەن مەلۇم بولغان يېڭى بىر خەلق بولۇپ ئۇيۇشۇشىغا سەۋەب بولدى. بۇ خەلق بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇر (يېڭى ئۇيغۇر)لار نامىنى ئالغان خەلقتۇر. 866 – يىلى تەشكىللەنگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى، بۇ يەردىكى قەدىمكى باي مەدەنىيەتكە، خېلى زور دەرىجىدە راۋاج تاپقان يېزا ئىگىلىكىگە ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ئەنئەنىلەر مەزكۇر يېڭى دۆلەتتە داۋاملىق راۋاج تاپتى ۋە ئۇلغايدى.

مەزكۇر مونوگرافىيىلىك ئەسەردە تېلى (توققۇز ئوغۇز) قەبىلىلىرىنىڭ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇر — تېلى كونفېدېراتسىيەسىگە كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنى كۆرۈپ چىقىش، مەركىزىي ئاسىيا شەرقىي قىسمىنىڭ IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ XII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىنى قاراپ چىقىش مۆلچەرلەنمەكتە.

ئۇيغۇرلار تارىخى 200 يىلدىن بۇيان تەتقىق قىلىنماقتا. مانا بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان نۇرغۇنلىغان مەخسۇس تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. لېكىن نۇرغۇن مەسىلىلەر مەسىلەن، قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى، ئۇيغۇرلار خاقانلىقىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تەركىبى، خاقانلىق ھالاك بولغاندىن

كېيىن ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ تەقدىرى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخى ئۈزۈل - كېسىل يېشىلگىنى يوق. «ئۇيغۇر» ئېتنونىمىنى قوللىنىشتىمۇ دىگەندەك ئېنىقلىق يوق. ھازىرقى زامان ئاپتورلىرىنىڭ ئاساسى كۆپچىلىكى بۇ سۆزنى كەڭ مەنىدە چۈشىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا خاقانلىقتىكى ۋە ئۇ پار- چىلانغاندىن كېيىنكى جەريانلارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغاندا، توسالغۇلۇقلار كېلىپ چىقماقتا. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ھەممە ئاھالىنى ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت، دەپ قاراش ئېغىر خاتالىقلارغا ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭلاشقا بارلىق بىرىنچى قول مەنبەلەرنى ۋە شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئاپتورلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تەن- قىدى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش زۆرۈرىيىتى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بىرىنچى قول مەنبەلەر ئۇستىدىكى تەنقىدى تەھلىلگە ۋە ئالىملارنىڭ ئوبيېكتىپ خۇلاسىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شۇنى كۆرستىش مۇھىمكى، جۇڭگونىڭ قوشنىلىرى قەدىمكى زاماندا بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتلىرىنى پۈ- تۈنلەي مۇستەقىل ھالدا تەشكىللىگەن، ياشىغان ۋە تەرەققىي قىلغان. سەددىچىننىڭ جەنۇب تەرىپىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا پات- پاتلا ئارىلىشىپ، ئۇلار ئۇستىدىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىك- لەشكە بولغان ئىنتىلىشلىرى ھەر دائىم مەغلۇبىيەت بىلەن تا- ماملىنىپ تۇرغان، خەنزۇلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئىز قالدۇرمايمۇ قالمىغان، بۇ كېڭەيمىچىلىك سانسىز قۇربانلارنى كەلتۈرۈپ چى- قارغان، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى ئۈزۈپ تۇرغان. بۇ خۇسۇستىكى تارىخ ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى بايانلاپ ئۆتۈش- تىن ئاۋۋال بىر قانچە ئىزاھاتلارنى بېرىشنى زۆرۈر دەپ ھېساب- لايمىز. ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنى كۆرستىمىزكى، مەزكۇر ئەسەردە «ئۇيغۇر» دەپ ئىلغا ئېلىنغانلار ئەسلى ئۇيغۇرلارنى كۆرستىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ئورۇقى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان

ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ باشچىلىقىدا يەتتە تېلى (توققۇز ئوغۇز) قەبىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر كونفېدېراتسىيە تۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغانىدى. مەزكۇر كونفېدېراتسىيە تارىختا «ئىككىنچى ئۇيغۇر خاقانلىقى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. يەتتە تېلى (توققۇز ئوغۇز) قەبىلىسى: ئۇيغۇرلار، بۇكۇ (بۇكۇت)، خۇن (كۇن)، بايىرقۇ، تۇڭرا، سىگىر (سىكىر)، كىبىلاردىن ئىبارەت. بۇ تەركىبكە خاقانلىق تارىخىدا كېيىن يامان رول ئوينىغان ئېدىز (ئاتىپىز) لەرنىمۇ كىرگۈزۈش كېرەك. ئومۇمەن، تېلى قەبىلىلىرىنى تاڭ دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلاردىن باشلاپ جۇڭگو مەنبەلىرىدە «توققۇز ئۇرۇق» نامىدا ئاتاپ كەلگەن. بۇنىڭدا ئاساسەن، «توققۇز تېلى» قەبىلىسى نەزەردە تۇتۇلماقتا.

مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان غەربىي گېرمانىيە ئالىمى ليۇماۋسەي ئۆزىگىچە بولغان ئايرىم ئالىملارنىڭ مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. تاڭ دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا كىرىشكە بېغىشلانغان ماقالىدە بىز ليۇماۋسەينىڭ خۇلاسىلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قانچە قوشۇمچە ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈردۇق. بىز «ئاساسەن» دېگەن سۆزنى تاسادىپىي ئىشلەتمىدۇق. گەپ شۇنىڭدىكى، جۇڭگو مەنبەلىرىدە توققۇز ئۇرۇق (九姓) دېگەن ئېنىقلىغۇچى سۆز باشقا خەلقلەر ياكى قەبىلىلەر ئۈستىدە گەپ كېتىۋاتقاندىمۇ پات - پاتلا يولۇقىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئۈستىدە گەپ بولغاندا ئۇلار ياغلاقار ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى توققۇز ئۇرۇققا بۆلۈنگەنىدى، دەپ كەڭ بايان قىلىنىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» (新唐书) دە بايىرقۇلارنىڭ توققۇز ئۇرۇقى ئۈستىدە سۆزلىنىدۇ، «كىتابلار جەۋھىرى» (册府元龟) قامۇسىدا تۇڭرالارنىڭ توققۇز ئۇرۇقى ئۈستىدە ئىككى يەردە بايان قىلىنىدۇ (تېلى قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ بايىرقۇ ۋە تۇڭرالار ئۇيغۇرلار كونفېدېراتسىيە تەركىبىگە كىرگەنىدى). «كونا تاڭنامە»

دە: «باسمىللارنىڭ توقۇز ئۇرۇقى» نىڭ تۈركلەر (旧唐书) خاقانى ئۆزمىسقا قىلىنغان ھۇجۇمى سۆزلىنىدۇ. «لياۋ (突厥) سۇلالىسى تارىخى» دا تاتارلارنىڭ توققۇز قەبىلىسى ئۇستىدە سۆزلىنىدۇ (كولتېكىن شەرىپىگە قويۇلغان ئابىدىدىكى چوڭ خەتلەردە بۇ ئىككى قېتىم يولۇقىدۇ). جۇڭگو مەنبەلىرىدە سوغدىلارنى «توققۇز ئۇرۇقلۇق خۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. «شۆ رىبنگۈينىڭ تەرجىمىھالى» دا «تۈركلەرنىڭ توققۇز قەبىلىسى»گە قىلىنغان ھەربىي يۈرۈش بايان قىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، توققۇز قەبىلە (ئۇرۇق) قا بۆلۈنۈش شۇ چاغدىكى خەلقلەر ئىچىدە بەك كەڭ تارقالغان. ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ يازغانلىرىدا توققۇز ئوغۇز دېگەن ئىبارىنى پات-پاتلا يولۇقىدۇ. بۇ ئىسىم بىلەن كۆچمەن شەرق تەرىپىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرى ئاتىلىدۇ. مانا مۇشۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ بارتولد: «ئەرەبلەر توققۇز ئوغۇزلار ياشىغان جايلار دەپ كۆرسەتكەن يەرلەردە، جۇڭگو مەنبەلىرىگە قارىغاندا، 840 - يىلى موڭغۇلىيىدىن قىرغىزلار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان ئۇيغۇرلار ياشىغان. تۇرپان ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۇلار 866 - يىلى ئىگىلىۋالغان. مانا بۇنىڭدىن ئەرەب مەنبەلىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇرلار بىر خەلق، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. ئالىملار مانا مۇشۇ ئوخشىتىشنى تولۇق ئىسپات قىلىنغان پاكىت قاتارىدا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى خۇلاسىلىرى ئۈچۈن پايدىلاندى» دەپ يازىدۇ («بارتولد ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 1 - قىسىم، 1963 - يىل نەشرى 554 - بەت). مانا بۇ بايانلارنىڭ ئاپتورى گەرچە ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى «توققۇز ئوغۇز» ئاتالغۇسىنىڭ ئۆزىدىكى ئېنىقسىزلىق ۋە مۇجمەللىكلەرنى كۆرسەتسىمۇ، ئومۇمەن مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرگە قوشۇلسا كېرەك، چۈنكى بارتولد توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدىكى بەزى ئەرەب مەلۇماتلىرىنىڭ جۇڭگو مەنبەلى

رىدىكى چۆل تۈركلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن دەل كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلارنى كەلتۈرىدۇ. بارتولد پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى جۇغراپىيىگە ئائىت ئەدەبىياتقا خاس مۇھىم كەمچىلىكلەرنى، جۈملىدىن يا ئۇنداق، يا بۇنداق مەلۇماتلارنى يازغاندا ئۇنىڭ كېلىپ چىققان ۋاقتىنى بايان قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئەرەبلەر ئەھۋالغا قارىغاندا، شۇ چاغدا ئوغۇزلارغا مەنسۇپ يەرلەر بىلەن تونۇشقاندا شۇ جايلاردا كېيىن بولغان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرسىز بولغان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا، كېيىنمۇ شۇ يەردىكى ئاھالىنى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتاشنى داۋاملاشتۇرغان.»

IX ئەسىردە ياشىغان مەخمۇت قەشقەرى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە بۇ ئەلدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى ئەرەب تىلىدا يېزىشقا ئىمكانىيەت تاپقان بىردىنبىر ئالىم بولۇپ، ئۇ يازغانلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە «توققۇز ئوغۇز» (توغۇز غۇز) دېگەنىنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» دەپ يازىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، بارتولدنىڭ پىكرىچە ئەرەب جۇغراپىيونلىرى بۇ ئاتالغۇنى دېگەندەك ئېنىقلىق بىلەن ئىشلەتمىگەن. مەزكۇر ئاتالغۇنى تۈرلۈك خەلقلەرگە قوللانغان.

توققۇز ئوغۇز مەسىلىسى نۇرغۇنلىغان تالاش - تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولدى. بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئانچە تەپسىلىي توختىلىپ ئولتۇرماستىن، مۇشۇ تەتقىقات تېمىسىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، كانادالىق ئالىم ئى. پۇللىبي بلانكنىڭ مەخسۇس ماقالىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. پۇللىبي بلانك 1919 - يىلىلا مەشھۇر ياپون ئالىمى خانېدا تورۇنىڭ جۇڭگونىڭ مەنبەلىرىنى

تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ئۇرقۇن يازمىلىرىدىكى توققۇز ئوغۇز-
لارنىڭ جۇڭگو ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلگەن «توققۇز تىبلى
قەبىلىلىرى» (九性铁勒) يەنى تىبلى قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى بىلەن
بىر خەلق ئىكەنلىكىنى روشەن قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىنى تەكىت-
لەيدۇ. پوللىبي بلانك ياپون تەتقىقاتچىسىنىڭ نۇرغۇنلىغان
مەسىلىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل هەل قىلغان مەزكۇر ماقالىسىنى
غەرب ئاپتورلىرىنىڭ كۆپچىلىكى — مۇهاكىمە ئىشتىراكچىلىرى
ئەپسۇسكى، كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى، دەپ ئالاهىدە تە-
كىتلەيدۇ. تۇرپان ۋادىسى رايونىغا ۋە ئۇنىڭغا
قوشنا جايلارغا بۇرۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى تەركىبىگە كىرگەن
تىبلى قەبىلىلىرى كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى بىزنىڭ مۇشۇ
مەخسۇس ئەسىرىمىزدە كۆرسىتىمىز. بۇ قەبىلىلەر باشقا قەبىلىلەر
بىلەن بىرلىكتە توققۇز تىبلى قەبىلىسى بىرلەشمىسىنىڭ تەركىبىگە
كىرگەنىدى. شۇنداق قىلىپ ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ
كۇچانىڭ شەرق تەرىپىدە توققۇز ئوغۇز ئاهالىسىنىڭ ياشاپ
كەلگەنلىكى هەققىدە يازغانلىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى
قەيت قىلغىلى بولىدۇ. ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى بولسا تېخىمۇ
يىراقتىراق، شەرق تەرەپتە — نەنسەن تاغلىرى ئېتىكىدە ياشىغانىدى.
ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرى ئۇلار توغرۇلۇق تەپسىلاتلارنى بىل-
مىگەن بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭچە، ئەسلى مەنبەلەرنىڭ هەقىقىي
مەنىسىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانىدەك كۆرۈنگەن پوللىبي بلانكنىڭ
يەنە بىر پەرىزى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈش لازىم بولىدۇ. مەز-
كۇر ئالىم جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى «توققۇز ئۇرۇق تىبلى قەبىلى-
لىرى» نامىدىكى تىبلى قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ئىچىدە ئۇيغۇر-
لارنىڭ يېتەكچى رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى تامامەن ئاساسلىق
هالدا تەكىتلەپ كېلىپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ئۇرۇقى» (九性回纥)
دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى «توققۇز ئۇرۇققا مەنسۇپ ئۇيغۇرلار»
دەپ چۈشىنىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. پوللىبي بلانك: «هەتتا خانىپ

دامۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ئورۇقى» دېگەن ئاتالغۇ دائىم «توققۇز ئورۇققا مەنسۇپ ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. «توققۇز قەبىلىسى بار ئۇيغۇرلار» دېگەنلىك ئەمەس دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلمايدۇ. مەن بۇ يەردە بىر ئېزىقىپ كېتىش بار، دەپ ھېسابلايمەن، «توققۇز ئورۇق» دېگەن دائىم مۇشۇ ئادەتتىكى توققۇز ئوغۇزلار يەنى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان كونفېدېراتسىيە دەپ چۈشىنىپ كېلىنگەن»، دەپ يازىدۇ. مەلۇمكى، تېلى قەبىلىلىرىدىن بولغان بايىرقۇ ۋە تۇڭرالارمۇ ئوخشاشلا «توققۇز ئورۇق» قا بۆلۈنگەنىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مانا مۇشۇ مەلۇماتقا پوللىي بىلانىك دېگەندەك دىققەت قىلماي قالغان بولسا كېرەك. ئەگەردە ئۇ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى پەرىزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇنى تىلغا ئالغان بولار ئىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە توققۇز ئورۇق سۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن باشقا نورغۇنلىغان ئېتنونىملار (باسمىللار، تاتارلار ۋە تۈركلەر)نىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ئۇ ھېچقانداق سۆز ئاچمايدۇ. ئاپتور نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە «تېلىلەرنىڭ توققۇز ئورۇقى» دەپ چۈشىنىش لازىملىقىنى، ئىككىنچى بىر يەردە گەپ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا، تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسىنى «توققۇز تېلى ئورۇقىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلار» دەپ تەرجىمە قىلىش لازىم بولغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا ياردەم قىلىدىغان ئۆلچەم ئۈستىدىمۇ توختىمايدۇ. «تاتارلارنىڭ توققۇز ئورۇقى» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنى ۋە يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلارنى قانداق چۈشىنىش لازىم؟ بەلكىم ئوخشاشلا «توققۇز ئورۇققا مەنسۇپ تاتارلار» دەپ چۈشىنىش لازىممۇ؟ ئۇنداق بولسا بۇ ئورۇقلار قايسىلار؟ ئې. پوللىي بلانكنىڭ» توققۇز قىسىمغا (ئورۇققا) بۆلۈنۈشنى ھەممىدىن ئاۋۋال بىر سىياسىي ھادىسە، ئېتنىك ھادىسە ئەمەس» دېگەن قارىشى پىكىر پەيدا قىلمايدۇ. مۇشۇ ئە-

ۋالغا قانداقتۇر بىر ئەنئەنە، ئېھتىمال دىنىي قاراشتىن كېلىپ
چىققان ئەنئەنە ئارىلىشىپ قالغانلىقىغا تولۇق يول قويۇش
مۇمكىن. ۋېنگرىيە ئالىمى ك. سېگىلىدى قەدىمكى تۈركىي قەبى-
لىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سان تەركىبى بىلەن بەك قەدىمكى غەرب تۈرك-
لىرىنىڭ نەسەبنامىسى ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ سان تەركى-
بىدە ئادەم ھەيران قالغۇدەك پاراللېللىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ئەدەبىياتنى كۆز ئالدىمىزدىن
ئۆتكۈزگىنىمىزدە، ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش ئىككى
دەۋرگە بۆلۈنگەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ
ئۆتىمىز. بىرىنچى دەۋر، ئۇيغۇرشۇناسلىق پەيدا بولغان مەز-
گىلدىن باشلاپ XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ۋاقىتنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ دەۋر ھازىرقى ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ
ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان د. ن. پوزنېيېۋنىڭ كىتابىدا ئوبدان
كۆرسىتىلگەن. شۇڭلاشقا بىز پەقەت ئىككىنچى دەۋر ئۈستىدىلا
توختىلىپ ئۆتىمىز. XX ئەسىردىكى شەرقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ
مۇشۇ بۆلۈمىنىڭ ئاساسىي ئۇتۇقلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ
ئۆتۈشكە تىرىشىپ كۆرىمىز، پەقەت ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەر ئۈستى-
دىلا توختىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي قىممىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.
پەقەت ئومۇمىي مەسىلىلەر توغرۇلۇقلا تەنقىدىي پىكىر بايان قى-
لىشنى مۆلچەرلىمەكتىمىز.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش
گويا ئۈزۈلۈپ قالغاندەك بولدى، بۇ تېما ئۈستىدە نەشر قىلىن-
غان ئەسەرلەر يوقنىڭ ئورنىدا بولدى. بۇنداق ئەھۋال قولدا
بار ھۆججەتلەرنى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى قانائەتلەندۈرگۈ-
دەك دەرىجىدە ئۆگىنىپ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ، شۇنىڭدەك يېڭى
ماتېرىياللارنىڭ بەك كەملىكىنىڭ نەتىجىسىدىن بولدى. دۇنيا-
دىكى شەرقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ يېتەكچى مەركەزلىرىدىكى كۇ-
تۇپخانىلاردا تولۇقلىنىشقا باشلىغان يېڭى مەنبەلەرنىڭ ئىلمىي -

چەن ساھەسىدە يۇرۇشۇپ كېتىشى تەلەپ قىلىنىدى. بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ كېلىشكە باشلىنىشى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ بېشىدا مەركىزىي ئاسىياغا بولغان تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ جانلىنىپ كېتىشى نەتىجىسىدىن بولدى. روسىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ياۋروپادىكى باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ۋە شۇنىڭدەك ئا ق ش ۋە ياپونىيىنىڭ ئىلمىي مۇئەسسەسەلىرى تەشكىل قىلغان نۇرغۇنلىغان تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ئىلمىي مەركەزلەرنى نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ماتېرىياللار بىلەن — قولىيازمىلار، ماددىي مەدەنىيەت، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بىلەن بېيىتتى. بۇ بايلىقلار ئۈستىدە خىزمەت ئېلىپ بېرىش بىرنەچچە ئەۋلاد ئالىملارنىڭ كۈچ چىقىرىشىنى تەلەپ قىلدى، ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ نازۇك خىزمەتنى ئىشلىنىپ بولدى دېيىش تەس گەپ. شەرقىي تۈركىستاندا ئۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىگەنلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان كۆپ مىقداردىكى قولىيازمىلارنىڭ تېپىلىشى ئادەمنى بەكمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال بولدى. ئېنىقلىنىشلارغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا بەك قەدىمكي زامانلاردا تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر ماكانلاشمىغانىكەن. مانا بۇ كەشپىيات شەرقىي تۈركىستاندا ئەزەلدىن تارتىپلا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ياشاپ كەلگەن، دېگەن ھۆكۈمنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان كۆپلىگەن كونا كۆز قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلىدى.

مەركىزىي ئاسىياغا ئائىت ماتېرىياللارنى چۈشىنىۋېلىش ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىش ھەمدە قىسمەن ئېلان قىلىشقا خېلىلا ۋاقىت تەلەپ قىلىندى. مانا بۇ خىزمەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئۇيغۇرلار تارىخىنى يېڭىدىن تەتقىق قىلىشقا كىرىشىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ 2 - دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ياپونىيە ۋە جۇڭگو تەتقىقاتچىلىرىنىڭ نامى

بىلەن مۇئاسىۋەتلىك. بۇ ئالىملار جۇڭگونىڭ I - قول ماتېرى-
يال مەنبەلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىش بىلەن بىر قاتاردا،
غەرب مەنبەلىرىنى ۋە ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئەمگەكلىرىنىمۇ كەڭ
قوللىنىشقا باشلىدى.

1936 - يىلى، جۇڭگو ئالىمى ۋاڭ رىۋېننىڭ I - ماقالىسى
ئېلان قىلىندى، مەزكۇر ماقالىدە تاڭ دۆلىتى يوقالغان-
دىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى بايان قى-
لىنغان (بۇ ماقالە 1936 - يىلى «سىشۆ جىكەن» مەجمۇئەسى-
نىڭ I - سانىدا ئېلان قىلىنغان، ماقالىنىڭ تېمىسى: «تاڭ
سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار»). مەزكۇر ئەمگەك ئوتتۇرا
ئەسىر ئەسەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گەنمۇ ئۇسلۇبىدا يېزىلغان
(«گەنمۇ» تارىخىي ئەسەر — سالنامىلەرنى يېزىشتا قوللى-
نىدىغان ئالاھىدە بىر ئۇسلۇب بولۇپ، بۇنىڭدا بۇرۇن ئېلان قى-
لىنغان ئەسەرنىڭ ماتېرىياللىرى، مەزمۇنى قىسقىچە بايان قى-
لىنىدۇ. بىزنىڭ پىكرىمىزچە، بۇ ئادەتتىكى تىپىك كومپىليات-
سىيە ‹Компиляция — ماتېرىياللار يىغىندىسى› يەنى ئۆزى
مۇستەقىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماستىن، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە
ئاساسلىنىپ يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئەسلى ماتېرىياللار پە-
قەت مۇئەييەن بىر پىلان ئاساسىدا تاللىنىپ كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۆز لايىقىدا بىر سىستېمىغا سېلىنىدۇ. بەك كونىراق
ئەسەرلەردە پايدىلىنىۋاتقان ئەسەرلەر تەھلىل قىلىنماستىن ھېچ-
قانداق ئۆزگىرىش قىلىنماستىن شۇ پېتىچە يېڭى ئەسەرگە كىر-
گۈزۈلىدۇ. بۇلارنى تەرتىپكە سالغۇچىلارنىڭمۇ ئىزاھاتى بېرىلمەي-
دۇ). ۋاڭ رىۋېننىڭ ئەمگىكىدە مانا مۇشۇ قائىدىلەرگە رىئايە قى-
لىنغان. لېكىن بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ قىسقىچە يازغان
فەرىسىمۇ بولۇپ، بۇ ئېلان قىلىنىۋاتقان تېكىستلەرگە بېرىلگەن
كىچىك ئىزاھلاردىن ئىبارەت. كىرىش سۆزىدە ماتېرىياللارنىڭ
بىرقانچە مەنبەدىن ئېلىنغانلىقلىرى ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغانلىق-

لىرى ۋە خىرونولوگىك تەرتىپ بويىچە تېماتىك گۇرۇپپىلار بو-
يىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى مەلۇم قىلىنىدۇ. ئەمگەكنىڭ ئاساسىي
قىسمى ئومۇمىي خاراكتېرلىك نەرسىلەرنى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي
تارىخىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تېررىتورىيىسى، جۇغراپىيىسىگە ئائىت
ماتېرىياللارنى ئىقتىساد ۋە سەنئەتكە دائىر ماتېرىياللارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ، ۋاڭ رىۋىنىڭ پىكرىچە ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيىدىن چىقىپ
كەتكەندىن كېيىن، مەركىزىي ئاسىيانىڭ تۆت ئالاھىدە رايونىنى
ئىشغال قىلىۋالغان، بۇلا گەنجۇ، تۇرپان ۋە كۇچا رايونى، پامىرنىڭ
غەربىي تەرەپتىكى رايونلار، گۇاجۇ ۋە دۇڭخۇاڭ رايونى قاتارلىق-
لاردىن ئىبارەت. ۋاڭ رىۋى ئۇيغۇرلارنىڭ پامىرنىڭ غەربىي
تەرىپىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ بېرىش مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى
مۆلچەر ھەققىدە مەخسۇس ماقالە يېزىپ «يۇيگۇڭ» دېگەن ژۇر-
نالدا ئېلان قىلغانىدى. يەنە مۇشۇ ژۇرنالنىڭ ئۆزىدە ئۇي-
غۇرلار بىلەن قىتانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا
يېزىلغان ماقالىمۇ ئېلان قىلىنغانىدى ( بۇ ماقالە «يۇيگۇڭ»
ژۇرنىلىنىڭ 1935 - يىل 4 - توم 5 - سانىدا «پامىرنىڭ غەر-
بىدىكى ئۇيغۇرلار» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان. يەنە شۇ
تومىنىڭ 8 - سانىدا ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇرلار بىلەن قىتانلار-
نىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ماقا-
لىسى ئېلان قىلىنغان).
ۋاڭ رىۋى تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىدىن كېيىنكى ۋاقىت-
لاردىكى ئۇيغۇرلارغا بېغىشلانغان ماقالىسىدە، ئۇيغۇرلار تارىخى-
نىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن باشلاپ XIII ئەسىر-
نىڭ بېشىغىچە يەنى ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى تەركى-
بىگە كىرگەن ۋاقىتقىچە ئۆتكەن دەۋرنى ئالاھىدە ئايرىم كۆر-
سىتىپ ئىنتايىن ئادىل ئىش قىلغان. ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ
دەۋرلەرگە بۆلۈنۈش مەسىلىسىگە فېيڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ ۋە
مۇگۇاڭۋېن قاتارلىق جۇڭگو ئاپتورلىرى پۈتۈنلەي باشقىچە مۇئامى-

ـلىدە بولغان. بۇ ئاپتورلار: «ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپكە كۆچكەنـ
ـدىن كېيىن، پەقەت IX ئەسىردىن XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا
قۇدرەتلىك مۇستەقىل دۆلەت قۇرالىغانىدى (بۇ يەردە
تۇرپان كىنەزلىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ). XII ئەسىردىن باشلاپ
XVIII ئەسىر ئوتتۇرىسىغىچە ئۇيغۇرلار دەسلەپتە قارا خىتايلارغا
بېقىنىپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ قارمىقىدا بولـ
ـغان، ئەڭ ئاخىرىدا چاغىتاي ئۇلۇسى تەركىبىگە كىرگەن» دەپ
يازىدۇ (فېيىڭ جياشېڭ ۋە باشقىلارنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ
دەۋرلەرگە بۆلۈنۈش مەسىلىسىگە دائىر» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن.
1962-يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە تەتقىقاتى ژۇر-
نىلى» نىڭ 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان). مانا مۇشۇ كەلتۈرۈلـ
ـگەن نەقىلدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بۇ ماقالىنىڭ ئاپـ
ـتورلىرى قارا خىتايلار بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋەت
بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەركىبىگە كىرىش ئوتتۇرىسىـ
ـدىكى پرىنسىپال پەرقنى كۆرمەيدۇ. قارا خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن
سېلىق (ئولپان) ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچـ
ـقانداق ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشمىغان. موڭغۇللار بولسا ئۇيغۇر-
لارنى مۇستەقىللىكتىن مەھرۇم قىلغان ۋە ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىـ
ـنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىستىلاچىلىق ھەربىي يۈرۈشلىرىگە ئىشتىراك قىـ
ـلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئۇيغۇلار كېيىنچىرەك چىڭگىزخان ۋارىسلىرىنىڭ
ئۆزئارا نىزا - ئۇرۇشلىرىغا ئىشتىراك قىلغان. مانا مۇشۇ ۋەـ
ـقەلەرنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر دۆلىتىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدى (مالـ
ـيەۋكىننىڭ «XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى» دېگەن
ماقالىسىگە قاراڭ. بۇ ماقالە قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
چوقان ۋەلىخانوۋ نامىدىكى ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىنسـ
ـتىتۇتىنىڭ 1969 - يىلقى ماقالىلەر توپلىمىنىڭ 15 - تومىدا).
ۋاڭ رۇڭنىڭ ئەسىرىدە مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىيا تارىخىنى
دەۋرلەرگە بۆلۈش مەسىلىسىدە چوڭ خاتالىق بار. مەسىلەن، ئۇ

ئۆز تەتقىقاتىنىڭ خرونولوگىيىلىك دائىرىسى ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ: «...... بۇ ماقالىدە بايان قىلىنغان نەرسىلەر تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرى بىلەن تاماملىنىدۇ» دەپ تەكىتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئېلان قىلىنغان نەرسىلەر چىڭگىزخان — موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تىكلىنىشىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىغا قەدەر بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان مەنبەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەزكۇر ئالىم گەرچە يۈەن سۇلالىسىنىڭ جۇڭگودا 1280 - يىلدىن باشلاپ ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغانلىقى ئېنىق بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ XIII ئەسىردىكى ماتېرىياللىرىنى پەقەت تىلغا ئالمايدۇ. بۇ بىر تاسادىپىي خاتالىق ئەمەس، بەلكى جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان مۇئەييەن بىر خاھىشنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ خاھىش چىڭگىزخان — موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن جۇڭگودا 1280 - يىلدىن 1367 - يىل ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن يۈەن — موڭغۇل سۇلالىسىنى تەڭلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان خرونولوگىك قوللانمىدىمۇ مانا مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر ئالغا سۈرۈلدى (ۋەن مىڭيۈەن: «جۇڭگو تارىخىنىڭ يىللىرى» 1957 - يىل، 102 - بەت).

مەزكۇر تەتقىقاتقا بېغىشلانغان چوڭ ئەسەرلەر رويخىتى قاتارىدا مەشھۇر جۇڭگو تارىخچىسى فېڭ جياشېڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگۈچى چېڭ سۇلۇ، موگۇاڭۋېنلارنىڭ كىتابىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز («ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - ۋە 2 - قىسىم، 1958 - يىلى، بېيجىڭ). مەزكۇر كىتابتا جۇڭگو مەنبەلىرىدىن نەقىللەر ئېلىنغان، تۈركىي تىللاردا، پارس ۋە باشقا تىللاردىكى شەرق ئەللىرى ھۆججەتلىرىنىڭ ئايرىم ئۈرۈنلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى نەقىل كەلتۈرۈل-

گەن، شۇنىڭدەك ياۋروپا ئەللىرى تارىخچىلىرىنىڭ ئەمگەكلىرى-
دىنمۇ نەقىللەر كەلتۈرۈلگەن. ھەر بىر بابى ۋە ھەر بىر بۆلۈمى
ئالدىدا ئاپتورنىڭ قىسقىچە بايانى بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا،
نەقىللەر ئالدىدا ئادەتتە بىر قانچە كىرىش سۆز ئورنىدىكى ئىزا-
ھاتلارمۇ بېرىلگەن. ئاپتورنىڭ قىسقىچىنا بۇ سۆزلىرى پۈتۈن
ئەسەرنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئاساسى بولۇپ كۆرۈنى-
دۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ نەشىر قىلىنغان كىتابتا گەرچە، ما-
تېرىياللار خىرونولوگىك تەرتىپتە بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ
ئۆزى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ سىستېمىغا سېلىنغان بايانى ئەمەس.
بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلۇشى بويىچە ۋاڭ رىۋنىڭ يۇ-
قىرىدا زىكرى قىلىپ ئۆتۈلگەن ماقالىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. دېمەك،
بۇلارمۇ جۇڭگونىڭ كونا گەنمۇ ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىگە
مەنسۇپتۇر. فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، موگۇاڭۋېنلارنىڭ كىتابىنى
ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ بىزنىڭ زامانىمىزغىچە بولغان
تارىخىنىڭ ئۆزىگە خاس ئوچېركىنى يېزىپ چىقىشقا بولغان ئەڭ
كېيىنكى ئۇرۇنۇشلارنىڭ بىرى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەپسۇس-
كى، بۇ ئەسەردە جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ ماتېرىياللىرى بەك بېخىللىق
بىلەن ئۈزۈك ھالدا ئېلىنغان، تېگىشلىك تەنقىدىي ئانالىز بېرىلمە-
تىن پايدىلىنىلغان. ئاپتورلار ئۇيغۇرلارنىڭ نەنسەن بويلىرىغا
كۆچۈشى ئۈستىدە سۆزلىگەندە «بەش دەۋر (五代) مەزگىلى-
دىكى تارىخي بايانلار» دىن ئەڭ كېيىنكى ماتېرىياللاردىن پە-
قەت بىرلا نەقىلنى شىپى كەلتۈرىدۇ. مۇنداق قىلىش بولسا ئەسلى
ۋە قەننىڭ جىددىي ھالدا بۇرمىلىنىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. «بەش دەۋر
تارىخى» كۆپىنچە «يېڭى بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر»
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر تەتقىقاتچىلار غەرب ئەللىرى ئالىملىرى
ۋە جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەردىن
مۇئامىلە قىلمىغان. ئۇلار ئاساسەن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى
ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن

دەلىللەر كەلتۈرىدۇ. شۇنىسى ئەجەبكى، پايدىلانغان ئەدەبىياتلار روىيختى ئىچىدە خانىدا تورۇنىڭ كىتابىدىن باشقا ياپونىيە ئاپتورلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە خېلىلا جىددىي خاتالىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدىكى كونا كۆز قاراشلار غەرب ئەللىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەخسۇس ئەدەبىياتىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بەزى ياپونىيە ئالىملىرى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئايرىم ۋەقەلىرىنى باشقىچە ئىزاھلاپ بايان قىلىشۋاتقانىدى (مەسىلەن، كوۋادارا كۈرو، ئابې تاكېئو، پودزى ئېدا ئاكىرا ۋە باشقىلار). ھەتتا جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ تاللاپ پايدىلانغان. مەسىلەن، فېڭ جىياشېڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىگۈچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان تېمىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان شياڭ دا، سېن جۇڭمىيەن قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرى كۆرسىتىلمىگەن. بۇ كىتابنى ئوقۇغان چاغدا، كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ ئالدىغا پەقەت مۇئەييەن ئېنىق ۋەزىپە قويۇلغان دېگەن تەسىرات ئىختىيارسىز پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋەزىپە — شەرقىي تۈركىستاندىكى ھازىرقى تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى ئاھالىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشتۇر.

ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ تەتقىقاتىغا ياپون ئالىملىرى چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىشقا بېغىشلانغان بىرىنچى ئەسەر كوۋادارا كۈرونىڭ 1928 - يىلى ئېلان قىلىنغان ماقالىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (كوۋادارا كۈرو: «ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشكۈنلىشىش ۋە ھالاك بولۇش تارىخىنى تەكشۈرۈش» 1928 - يىل، 17 - توم، 1 - سان III — 136 - بەتلەر). بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مۇشۇ تېمىغا قارىتىلغان مەخسۇس يېڭى تەتقىقاتلارنىڭ يوقلۇقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان خېلىلا ئۇزۇن بىر دەۋر ئۆتتى. بۇ

ئەھۋال 1945 - يىلدىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا فوجىئېدا ئاكىرا، ئونوگاۋا خىدېمى، خانېدا تورۇ، مائېدا ماسانا، يامادا نوبۇئو قاتارلىق چوڭ ئالىملار ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردا نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئابې تاكېئو تەرىپىدىن يېزىلغان «غەربىي ئۇيغۇرلار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابى ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە بولغان تارىخىي تەتقىقاتلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. ئابې تاكېئو ئۇيغۇرلار تارىخىنى VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ XIV ئەسىرنىڭ بېشىغىچە ئىزچىل بايان قىلىدۇ. ئەمما ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىدۇ. مەزكۇر ئەسەردە جۇڭگو مەنبەلىرى ۋە شۇنىڭدەك پارسىي، تۈركىي تىللىرىدىكى ئەسەرلەر ۋە غەرب ئەسەرلىرىدىكى مەنبەلەر كەڭ پايدىلىنىلغان. ئابې تاكېئو 1954 - يىلى «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قەيەردە؟» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ ئىنگلىز تىلىدا ئېلان قىلدى ۋە بۇ توغرىدىكى ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنىمۇ بايان قىلدى. ئابې تاكېئو مەزكۇر كىتابتا بۇ مەسىلىنى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. يۇقىرىدا زىكرى ئېتىلگەن كىرىش سۆزىدىن باشقا، كىتابتا تۆۋەندىكى يەتتە باب يەنى 1 - باب: يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى تۇرپانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ پايتەختى؛ 2 - باب: قايدۇ ۋە دۇۋاخاننىڭ ئىسيانى ھەمدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى؛ 3 - باب: تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ غەرب تەرەپكە يۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ بازىلىرى؛ 4 - باب: شەرق ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى ھەمدە غەرب تەرەپكە كۆچۈشى؛ 5 - باب: غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ لياۋ ۋە سۇڭ دەۋرلىرىدىكى پايتەختى؛ 6 - باب: غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تېررىتورىيىسىگە ئومۇمىي ئوبزور؛ 7 - باب: بېشبالىق

ۋە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى؛ 8 - باب: شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە غەربتىكى ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ رولى.
ئومۇمەن ئالغاندا، ئابېي تاكېئونىڭ تەتقىقاتى چوڭ قىزىقىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەردۇر. چۈنكى ئۇ ئايرىم - ئايرىم مەنبە ماتېرىياللىرىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئالاھىدە مۇھاكىمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش ئۇنىڭ مۇھاكىمىلىرىدە بەزىدە دەلىل - ئىسپاتلار كەملىك قىلىدۇ.

خانىيدا تۇرۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ VII ئەسىردىن X ئەسىرلەرنىڭ بېشىغىچە بولغان تارىخىغا بېغىشلانغان يۇقىرىقىغا ئوخشاش چوڭ ئەمگىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە، جۇڭگو مەنبەلىرىدىن، تۈرك - رونىك يېزىقىدىكى تېكىستلەردىن ۋە شۇنىڭدەك مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان، بۇ تەتقىقات ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇلار تارىخىنىڭ مۇھىم دەۋرلىرى كۆرسىتىلگەن: (1) VII ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تەشكىللىنىشىگە قەدەر بولغان ئارىلىق؛ (2) 745 — 840 - يىللار ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى؛ (3) ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلار؛ ئاپتور جۇڭگو ئەسەرلىرىدىن كۆپلىگەن نەقىللەرنى كەلتۈرۈپ ئۇلارنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە تۈركىي تىللاردىكى تېكىستلەر بىلەن ھەمدە ئەرەب جوغراپىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ ۋە خاقانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرنى بەك تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. بۇمۇ تولۇق، چۈشىنىشلىك ئەھۋال. ئۇيغۇر خاقانلىقى — ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۆچمەن ئىمپېرىيىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دۆلىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ۋە تاڭ سۇلالىسى ھاياتىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك روللارنى ئوينىغان. بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر خاقانلىقى تەشكىل قىلىنغىچە بولغان ماتېرىياللار ۋە شۇنىڭدەك خاقانلىقتىن كېيىنكى

دەۋرلەرگە ئائىت ماتېرىياللار كۆپ نەقىل كەلتۈرۈلمىگەن. بۇنداق بولۇشمۇ تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى بۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى مەنبەلەرنىڭ ئۆزىدە ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. شۇ ۋاقىتتىكى مەۋجۇت ئەھۋالنىڭ تولۇق كۆرۈنۈشى بىر ئاز تەپسىلىيرەك بايان قىلىشقا ئۇرۇنۇشلار، مەسىلەن، خاقانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىنكى تەشكىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى يېزىش كۆپىنچە يېڭىپ بولماسلىق دەرىجىدىكى توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كېلىپ تۇردى. ئومۇمەن ئالغاندا، خانىدا تۇرونىڭ ئەمگىكى قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆگىنىپ چىقىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەر. بۇ ئەسەرنى ئۆگىنىپ چىقىش ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ھاياتىدىكى ئاساسلىق ئەھۋاللارنى چوڭقۇر چۈشىنىپ چىقىشقا ياردەم بېرىدۇ.

ياۋروپادا ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ 2 - باسقۇچى پەقەت XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا باشلاندى. بۇنىڭغا بېغىشلانغان 1 - چوڭ ئەسەر فرانسۇز ئالىمى د. ر. گاملتوننىڭ 1955 - يىلى ئېلان قىلغان كىتابىدۇر. ئاپتور «بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى جۇڭگو مەلۇماتلىرىنى توپلاپ چىقىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويدى ۋە مۇشۇ مەقسەت بىلەن «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر» دىكى ۋە «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت ئومۇمىي خاتىرىلەر» دىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن قوشنىلىرى بولغان تىبەتلىكلەر، تۈركلەر، تاڭغۇتلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلدى ۋە نەشر قىلدى (تىبەتلىكلەر، تۈركلەر ۋە تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار بۇ چاغلاردا بەك زىچ مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەنىدى). بۇ يەردە پېللىئوتنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان خەنزۇ تىلىدىكى ئۈچ ۋەسىقىنىڭ رەسمىي ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر ۋەسىقىلەردە گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە نۇرغۇن-

لىغان قىزىقارلىق ئىشلارنىڭ تەپسىلاتلىرى بايان قىلىنغان.
ئۇ بۇلارنى شەرھلەش ئۈچۈن جۇڭگو مەنبەلىرىدىن كەڭ پاي-
دىلاندى. جۇڭگونىڭ «بەش دەۋر» مەزگىلىدە مەركىزىي ئاسـ
يانىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدىكى كەڭ
تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ئەسەرلەردىنمۇ كۆپلەپ پايدىلاندى.
1968 - يىلى، ئېلىزابېت پېنكسىنىڭ سۇڭ دۆلىتى (960 —
1028) دەۋرىنىڭ بېشىدا ياشىغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا بېغىشلانغان
ئەسىرى نەشر قىلىندى. يىل تەرتىپى بىلەن ئالغاندا بۇ كىتاب
د. ر. گامىلتوننىڭ ئەسىرىگە بىۋاسىتە ئۇلىشىپ كېلىدۇ. لېكىن،
گامىلتوننىڭ ئەسىرىدىن پەرقلىق يېرى شۇكى، بۇ يەردە پەقەت
گەنجۇدىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىلا گەپ بولىدۇ. ئې. پېنكس جۇڭگو مەنـ
بەلىرىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ
ئېلان قىلىنىشىنى 1028 - يىلغىچە ئەكىلىپ توختىتىدۇ. چۈنكى
شۇ يىلى تاڭغۇتلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلى مەزكۇر ئۇيغۇر خانلىقى
مۇستەقىللىكتىن مەھرۇم بولغانىدى. بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى
بىر قىسىم ئاھالىسى بىلەن تاڭغۇت دۆلىتىگە ئۆتىدۇ. پېنكسىنىڭ
ئەمگىكى گامىلتوننىڭ ئەمگىكىگە قارىغاندا چوڭ پۈتۈنلۈك بىـ
لەن خاراكتېرلىنىدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇرلار تارىخىنى
دەۋرلەرگە بۆلۈشتە جۇڭگودا ئۆتكەن ئۇ ياكى بۇ سۇلالە ھۆكۈم
سۈرگەن دەۋرلەر ئاساسىدا بۆلۈشكە بولمايدۇ. گامىلتون بولسا
ئۆزىنىڭ كىتابىدا مۇشۇ ئاساستا بۆلگەن. ھەر قانداق بىر
خەلقنىڭ تارىخى شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىمۇ يالغۇز
ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى كونكرېت
جەمئىيەتكە مەنسۇپ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەر بىلەنمۇ بەلگىلىنىدۇ.
ئەلۋەتتە، تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىنى رەت قىلىشنىڭ ھاجىتى
يوق. لېكىن تاشقى ئامىللار كۆپ چاغلاردا ھەل قىلغۇچ ئەھمىـ
يەتكە ئىگە بولمايدۇ.

IX — XII ئەسىرلەردە، جۇڭگونىڭ مەركىزىي ئاسىيا ئىشلىرىغا بولغان تەسىرى بەك چاغلىق ئىدى. ئۇيغۇرلار خانلىقلىرىنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە قوشنىلىرى — تاڭغۇتلار، تىبەتلىكلەر، قىتانلار، قارلۇقلار ۋە باشقا خەلقلەر جۇڭگوغا قارىغاندا، سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

بىز ئەمدى ئى. پىنكس ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى، بۇ ئەسەر ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت: 1 ـ قىسىمدا، مەنبە ماتېرىياللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتىدۇ ۋە بۇ ماتېرىياللارغا 1 ـ قول مەنبە نۇقتىسىدىن قاراپ تېگىشلىك باھا بېرىپ ئۆتىدۇ. 2 ـ قىسىمدا، بۇ ماتېرىياللارنىڭ تەرجىمىسى ۋە ئۇلارغا ئىزاھات بېرىلىدۇ. ئېلان قىلىنغان ھەممىلا مەنبە ماتېرىياللارنى 1 ـ دەرىجىگە ياتىدىغانلىرى ۋە 2 ـ دەرىجىگە ياتىدىغانلىرى دەپ بۆلۈپ چىقىدۇ. ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى 1 ـ كاتېگورىيىگە ياتىدىغان مەنبە ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇلارنى يىل، ۋاقىت تەرتىپى بىلەن تىزىپ چىقىدۇ. 2 ـ دەرىجىدىكى مەنبە ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئۈچۈن ئاساسىي تېكىستلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ۋە ئۇلارغا ئىزاھلار بېرىش ئۈچۈن پايدىلىنىلىدۇ. ماتېرىياللارنى مۇشۇنداق يىل، ۋاقىت تەرتىپى بىلەن تىزىپ چىقىشتا ئەگەردە سۆزلىنىۋاتقان دەۋر ئانچە ئۇزۇن بولمىسا ۋە كەلتۈرۈلگەن مەنبەلەرنىڭ دائىرىلىرى ئانچە كەڭ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تولۇق يول قويۇلىدۇ. 3 ـ قىسمى، تەتقىق قىلىپ يېزىلغان نەرسىلەردۇر. بۇ قىسىمدا ماتېرىياللارنى چۈشەندۈرۈش، تارىخىي مەلۇماتلارنى تەنقىدىي تەھلىل قىلىشقا، ئېنىق خۇلاسە ۋە يەكۈنلەر چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈلگەن. ئومۇمەن ئالغاندا، مەزكۇر ئەسەر ئۇنىڭدىكى بەزى مەزمۇنلارنىڭ خاتالىقىغا قارىماستىن، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتا گەپ يوق. 1968 ـ يىلى، ئى. پىنكس ئەسەرلىرىنىڭ

نەشر قىلىنىشى بىلەن تەڭلا كانىبرراد ماككىرىسىنىڭ: «ئۇيـ
غۇر ئىمپېرىيەسى (744 — 840)، تاڭ سۇلالىسى ماتېرىياللىرى
ئاساسىدا يېزىلغان» دېگەن كىتابى ئېلان قىلىندى. لېكىن بۇ
ئەسەرنىڭ نامى ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ماس كەلمەيدۇ. بۇ كىتابتا، تاڭ
سۇلالىسى ھەققىدە يېزىلغان «كونا تاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە»
لەردىكى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ يېڭى تەرجىمە-
لىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ 747 - يىلدىن تار-
تىپ 840 - يىللار ئارىلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلىر-
غىلا دائىر ماتېرىياللار تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئىككى «تاڭنامە»
دىكى ماتېرىياللارنىڭ تېكىستى پاراللېل نەقىل كەلتۈرۈلگەن.
كىتابنىڭ جۈپ بېتىدە «كونا تاڭنامە»نىڭ ماتېرىيالى، تاق بېتىدە
«يېڭى تاڭنامە»نىڭ ماتېرىيالى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ماتېرىيالنى مۇ-
شۇ ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرۇش — ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ قوللىنىشقا
بەك قولايلىق بولىدۇ. 1972 - يىلى، مەزكۇر كىتابنىڭ 2 -
نەشرى چىقتى، 2 - نەشرىنىڭ 1 - نەشرىدىن پەرقلىق يېرى
شۇكى، ئۇنىڭغا كىرىش سۆز كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدا قىسقىچە
تارىخىي ئوچېرك بېرىلگەن، ئىزاھلار خېلى كېڭەيتىلگەن، پاي-
دىلىنىلغان ئەدەبىياتنىڭ تەپسىلىي رويخېتى كەلتۈرۈلگەن. رەسمى
ئاتالغۇلارنىڭ لۇغىتى ۋە تەپسىلىي ئېلىپبە كۆرسەتكۈچلىرى
بېرىلگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق
قىلىشتا ئائىت ئەدەبىي ۋەسىقىلەرنى تەھلىل قىلغاندا شۇنى
ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ تەتقىقات ن. يا. بى-
چورىن، د. پوزنېيېۋ ۋە ۋ. ۋ. بارتولد ئەسەرلىرىدە سېلىنغان
مۇستەھكەم فوندامېنت ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. ن. يا. بى-
چورىن بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت
ئەڭ مۇھىم ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. د.
پوزنېيېۋ ئۇيغۇرلار تارىخىنى جۇڭگونىڭ يەنە بىر قانچە ماتېر-

يالىرىنى قوشۇمچە قىلىش ئاساسىدا تېخىمۇ تەپسىلىيرەك تەتقىق قىلىپ چىققان («ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ئوچېركلار»، جۇڭگو ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان»، 1899 - يىل، سانكىت پېتىربۇرگتا نەشر قىلىنغان). بارتولد ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ۋە پارس تارىخچىلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ، ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرشۇناس تارىخچىلار ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاساسىي مەلۇماتلارغا تولۇق ئىگە بولدى.

XX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سوۋېت ئالىملىرى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئايرىم مەسىلىلىرىنى تېخىمۇ تەپسىلىيرەك تەتقىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. 1947 - يىلى، ئا. يۇ. ياكۇبوۋسكىي چوڭ بىر ماقالە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ مەلۇماتىنى ۋە ئەرەب، پارس تارىخچىلىرى يازغان مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. ي . ئى. كېچانوۋ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭغۇتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارغا بېغىشلانغان چوڭ بىر ماقالە يېزىپ چىققان (بۇ ئەسەرنىڭ تېمىسى: «XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار تارىخى»، 1962 - يىل، ئالمۇتا نەشرى، 1962 - يىلى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئەمگەكلىرىنىڭ 15 - تومىدا ئېلان قىلىنغان). كېچانوۋنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە قوشنىسى بولغان تاڭغۇتلار توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىنىڭ ئەھمىيىتىدىنمۇ چوڭراق. بۇ ئەسەر «تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئوچېركلار» دېگەن خۇلاسە خاراكتېرلىك مونوگرافىيە (مەخسۇس ئەسەر) دۇر (1968 -

يىل، موسكۋا نەشرى).

1966 - يىلى، د. ئى. تىخىنوۋنىڭ تۇرپان خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان، مونوگرافىيىسى ئېلان قىلىندى (تىخىنوۋ: «ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» 1966 - يىل، موسكۋا نەشرى). مەزكۇر ئەسەردە ئۇيغۇر ئېلى خەلقىنىڭ مەشغۇلاتى ۋە جەمئىيەتتىكى بېقىندى ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە باشقىلار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى تېز سۈرئەتتە كۆچمەنلىكتىن ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ئۆتتى دېگەن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن كۆز قاراشقا ئەمەل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار دۆلىتىدىكى كۆچمەنلەر تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ ئاچمايدۇ.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ كىتاب پەقەت توپە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىگە بېغىشلانغان بولۇپ، كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختالمىغان.

1974 - يىلى، بىزنىڭ IX ئەسىردىن XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى جۇڭگو مەلۇماتلىرىنى تەھلىل قىلىشقا بېغىشلانغان كىتابىمىز نەشىردىن چىقتى («IX — XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» 1974 - يىل، نوۋوسىبىرسكتا نەشر قىلىنغان).

# بىرىنچى باب

## مەركىزىي ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ھەمدە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ تارقىلىپ جايلىششى.

تاڭ ئىمپېرىيىسى (618 — 907) خۇاڭخې ۋە چاڭجياڭ دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىدا پەيدا بولغان ئەڭ پارلاق دۆلەتلەرنىڭ بىرىدۇر. مانا مۇشۇ ئىمپېرىيە VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى شانۇ - شەۋكىتىنى يوقاتتى. مەملىكەت ئىچىدىكى مەركەزدىن چەتنەش ئىنتىلىشلىرى ۋە ئوردا ئىچىدىكى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىچكى ماجىرالار ئاخىر بېرىپ ئەنلۇشەن (ئۆگلۈك) ۋە شى سىمىڭ (سۈيگىن) لارنىڭ چوڭ ئىسيانىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئىسيان 755 - يىلدىن 763 - يىلغىچە سوزۇلۇپ، مەملىكەتكە ئېغىر كۈلپەت كەلتۈردى، بۇ ئىسيان باستۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ كەمگىچە يۇرت سوراپ كەلگەن سۇلالە ھاكىمىيەت بېشىدا يەنە قېلىۋەردى. لېكىن نۇرغۇنلىغان شەھەرلەر خانىۋەيران بولدى، ئاھالىنىڭ خېلى قىسمى يوقىتىلدى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاچارچىلىق، ئاغرىق - سىلاقتىن ھالاك بولدى. نۇرغۇنلىرى قېچىپ كەتتى. ئىسيانىنىڭ ئىككىنچى بىر مۇھىم نەتىجىسى، ھۆكۈمران سۇلالىنىڭ ئىمپېراتورلىرى پۈتۈن مەملىكەتنى تىزگىنلەپ تۇرۇشتىن مەھرۇم قالغانلىقى بولدى. ئۆلكە، ۋىلايەتلەرنىڭ كۈچلۈك باشلىقلىرى (ھېراۋۇللىرى)

ئەمەلىيەتتە، ئۆز ئۆلكىلىرىدە مۇستەقىل ھۆكۈمران بولۇپ، ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ كەلدى ۋە شۇنىڭدەك، دۆلەتنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىپ كەلدى. تاڭ دۆلىتىدە ئۇزۇن ۋاقىتقا سوزۇلغان ئۆزئارا قانلىق جېدەل-ماجىرالار دەۋرى باشلاندى. ئىمپېراتور ئوردىسىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى پىتنە - ئىغۋا ۋە نىزالار نەتىجىسىدە ۋەزىيەت تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، مەملىكەتنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئەھۋال تېخىمۇ جىددىي بولدى. چۈنكى بۇ يەرلەر ئىسيانچىلار بىلەن بولغان كۆرەشلەر داۋامىدا بەكمۇ دەپسەندە بولۇپ كەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ تاڭ ئىمپېرىيىسى IX ئەسىرگە خېلى ئاجىزلاشقان ۋە ھاكىمىيەتنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن جايلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا قەدەم باستى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەملىكەت ئۇيغۇر خاقانلىقى، تىبەت دۆلىتى ۋە جەنۇبىي جاۋ (ھىندىچىنى) تەرىپىدىن دائىم ھەربىي ۋە دىپلوماتىك بېسىمغا ئۇچراپ كەلدى. مۇشۇ جەرياندا تاڭ ئىمپېرىيىسى زور تېررىتورىيىسىدىن ئايرىلىپ قالدى ياكى مول «سوۋغا - سالاملار»نى شەرتلىك ھالدا تۆلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى (تاڭ ئەمەلدارلىرى چوڭ ئۇرۇش چىقىملىرى ۋە ئولپان-سېلىق تۆلەشنى يۇقىرىقى تېرمىن بىلەن ئاتاپ كەلگەن). تاڭ دۆلىتى تەدرىجىي ۋە ئىزچىل ھالدا ھالاكەتكە يۈز تۇتتى ۋە بۇ جەرياننى ھېچقانداق كۈچ بىلەن توختىتىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

شەرقىي ئاسىيادىكى يەنە بىر كۈچلۈك دۆلەت تىبەت VIII ئەسىردە گۈللەپ ياشناشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتتى. تاڭ دۆلىتى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان سوقۇشلار نەتىجىسىدە، بۈگۈنكى كۇندە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن خېلى تېررىتورىيىلەر تىبەتكە قوشۇلدى ۋە شۇنىڭدەك بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ھەممە تېررىتورىيىسى دېگۈدەك تىبەتكە ئۆتتى. 783 - يىلى تىبەت بىلەن تاڭ دۆلە-

2

تى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى مۇستەقىل دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسەن تىنچلىق خاراكتېرىدە بولدى. مانا بۇ تىنچلىق بېتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن تىبەت دۆلىتىنىڭ شەرقىي چېگرىلىرىدا ھەربىي ھەرىكەتلەر توختىتىلدى. تىبەتلىكلەر قەشقەرىيىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش كۈرەشلىرىنى جىددىيلەشتۈردى ۋە ئارىدا ئۇزۇن ئۆتمەي تىبەت پۈتۈن قەشقەرىيىنى دېگۈدەك تىزگىنلىۋالدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى ئەسكەرلىرىگە بىر نەچچە قېتىم جىددىي زەربىلەر بەردى ۋە باسمىللارنىڭ مەركىزى بېشبالىق شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، 783 - يىلى، تاڭ دۆلىتى بىلەن تۈزۈلگەن تىنچلىق توختامى پەقەت تىبەت ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ چىقتى.

IX ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىللىقىدا، تىبەت دۆلىتىنىڭ ئىچكى سىياسىي ۋەزىيىتى تەدرىجىي ھالدا يامانلىشىشقا يۈز تۇتتى. بۇ ئەھۋال تىبەتنىڭ ھەربىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇردى ۋە مەملىكەتنى پارچىلاشقا ئېلىپ كەلدى. «سىرتتىن قارىماققا، ئەھۋال بىر قەدەر تۈزۈكرەكتەك كۆرۈنىدۇ، تىرى - سۇڭ دې - سېن ۋە ئۇنىڭ پېشۋالىرىنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە تەشكىل قىلىنغان كەڭ تىبەت دۆلىتى IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاساسەن VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى چېگرىسى ئىچىدە تۇردى. تىبەتلىكلەر مەركىزىي ئاسىيادا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرىۋەردى (......) تىبەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالىشى ئۇنىڭ ھەربىي كۈچ - قۇۋۋىتىگىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ئاساسىي دۈشمىنى ئەرەبلەر ۋە جۇڭگونىڭ ئاجىزلىقىدىن بولدى.»①

① ۋ.ئا. باگاۋسلاۋسكىينىڭ «تىبەت تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 68 — 69 - بەتلىرىگە قاراڭ، 1962 - يىل، موسكۋا نەشرى.

ھەلۇمكى، تىبەتلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ 3 - ئەڭ مۇھىم دۈشمىنى
ئۇيغۇر خاقانلىقى بىلەن تۇرپان ۋادىسى ۋە بېشبالىق ئۈچۈن
ئۇزۇن ۋاقىتلارغا سوزۇلغان خوراتقۇچ سوقۇشلار ئېلىپ بارغان-
دى. مۇشۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىمۇ IX ئەسىرنىڭ بېشىدا چۈشكۈن-
لۈك ۋە ئىچكى نىزاھلار دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى①.
ئاسىيانىڭ شەرقىدە چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي
ئېتەكلىرى رايونىدا ۋە شارمۆرىن دەرياسى ۋادىسىدا ۋەقەلەر
پەقەتلا باشقىچە راۋاجلاندى. بۇ جايلاردا قىتانلار چىقىپ باردى ۋە كۈچ
توپلاپ باردى. IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قىتانلار ئۆز خاقانى
باشچىلىقىدا بولغان چوڭ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇش-
تى. قىتانلارنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى كەڭ
تېررىتورىيىدە (600 مىڭ كۋادرات كىلومېتر) تازا گۈللەپ ياش-
ناپ تۇرغان بوخەي دۆلىتى (VIII ئەسىرنىڭ بېشىدىن 926 -
يىللارغىچە) مەۋجۇت ئىدى.
800 — 840 - يىللاردا، بۇ رايوندىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ
ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ
كىرىزىسى تىبەت دۆلىتىنىڭ كەسكىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن
ۋاقتىغا توغرا كەلدى، تىبەت دۆلىتى بۇ چاغلاردا فېئوداللىشىش
جەريانىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى نەتىجىسىدە، ئەمەلىيەتتە، بىر قانچە
مۇستەقىل ۋە ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان يەرلەرگە
بۆلۈندى. ئۇيغۇرلارمۇ بۇ چاغلاردا ئاجىزلاشتى ۋە تاشقى سىيا-
سەت جەھەتتە كېڭىيىشىنى ئويلاپمۇ كۆرمىدى. مەركىزىي ۋە
شەرقىي ئاسىيادا، IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇرۇن رىقا-
بەتلىشىپ كەلگەن ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئاجىزلىشىپ كەتكەن
ئاساسىي دۆلەتلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى تەڭپۇڭلۇقىغا ئاسا-

① ماليەۋكىن: «IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا گەنسۇدىكى
ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەر»، «مەركىزىي ئاسىيا ۋە تىبەت» دېگەن
توپلامدىكى ماقالە. 1972 - يىل، نوۋوسىبىرسك نەشرى.

لانغان ۋەزىيەت ساقلىنىپ تۇردى. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى، 840 — 866 - يىللار ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ مەجبۇرىي تارقىلىپ كېتىشى، تاڭ دۆلىتىنىڭ 907 - يىلى ھالاك بولۇشى، قىتانلارنىڭ خېلىلا دەرىجىدە قۇدرەت تېپىشى ۋە سىياسىي سەھنىدە تاڭغۇتلارنىڭ پەيدا بولۇشى — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مانا بۇ دەۋر ئاسىيانىڭ شەرقىدە قىتانلار، تاڭغۇتلار ۋە كېيىنرەك جۇرجىتلار تەشكىل قىلغان دۆلەتلەر تەسىرىنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقى بىلەن ۋە جۇڭگونىڭ نىسبەتەن ئاجىزلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە خېلى ئۇزۇندىن بۇيان زېمىن ھازىرلىنىپ كېلىنگەنىدى. ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان قەبىلىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئايلاندى، مانا بۇ كۈرەش دۆلەتنى ئىچكى جەھەتتىن تەۋرىتىۋەتتى. 795 - يىلىنىڭ ئۆزىدىلا يۇرت سوراپ كەلگەن سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشى يۈز بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقىغا مەنسۇپ خاقانى ئاچور ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئۆزىگە ۋارىس قالدۇرمىغانىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ كەمگىچە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرغان قۇتلۇق تەختكە ئولتۇردى. ئۇ «تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق بىلگە خاقان» دېگەن سەلتەنەتلىك ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئۇنۋانىنىڭ تەخمىنەن مەنىسى تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان قەھرىمان، بەختلىك ۋە دانا خاقان دېگەندىن ئىبارەت. قۇتلۇق ئېدىز قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. بۇ قەبىلە ئۆز ۋاقتىدا تېلى كونفېدېراتسىيىسى (قەبىلىلەر ئىتتىپاقى) تەركىبىگە كىرگەنىدى. خاقانلىقتىكى ئالىي دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۇرۇقى ياغلاقارلار قولىدىن ئېدىز قەبىلىسى ۋەكىللىرىنىڭ

قولىغا ئۆتۈشى ئەسلى ئۇيغۇرلار تەسىرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى ۋە بۇنىڭ ئۆزى خاقانلىقنىڭ ئىچىدىكى كۈرەشنى جەزمەن كەسكىنلەشتۈرەتتى. ئۇيغۇرلار 663 - يىلى ئۆزلىرىنىڭ بىرىنچى خاقانلىقىنى بەرپا قىلغان چاغدا ئىتتىپاق تۈزگەن تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ئېدىزلار تىلغا ئېلىنمىغانىدى. 745 - يىلى، خاقانلىق قايتا ئەكسىگە كەلتۈرۈلگەن چاغلاردىمۇ، ئېدىزلار ئۈستىدە گەپ - سۆز بولمىغانىدى. 663 - يىلى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ خاقانلىقىنى تەشكىل قىلغاندا ئېدىزلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىر ئىتتىپاق بولمىغانىدى، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. كېيىنچىرەك ئىككىنچى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ تاڭ دۆلىتى بىلەن بولغان كۈرەشلىرى زامانىسىدا ئېدىزلارنىڭ چوڭ چىقىملارغا دۇچ كەلگەنلىكى ئېھتىمال. ئېدىزلار تۈركلەرگە قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدى. بۇ ئەھۋالنى ئۇلارنىڭ سەددىچىنىنىڭ قىپشىغا كۆچۈپ بېرىۋېلىشىمۇ ئىسپاتلايدۇ. تاڭ سۇلالىسى مەمۇرىيىتى ئېدىزلارنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇشۇ يەردە يوقاتتى. مانا مۇشۇ ئەھۋال پۈتۈن بىر قەبىلىنى بەكمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ يايلاقتىكى ئىشلارغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇردى، ئۇيغۇر خاقانلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋاقىتلاردا، ئېدىزلار ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، خاقانلىق دائىرىسىدە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈپ كۈچىيىۋالغان بولۇشى كېرەك. كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە»لەردە ئۇيغۇرلار كونفېدېراتسىيىسى (قەبىلىلەر ئىتتىپاقى) ئىچىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا كۈرىشى خاقانلىققا قوشنا ئەللەرنىڭ خاقانلىقنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا شەرت .. شارائىتلار يارىتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئايرىم قەبىلە باشلىقلىرى ئۇيغۇرلار خاقانلىقىنىڭ قوشنىلىرىنى ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. جۈملىدىن، شۇ چاغلاردا، ئۇيغۇرلار بىلەن قاتتىق دۈشمەنلىشىپ كەلگەن قىرغىزلارنىمۇ

تەكلىپ قىلغان. ۋەزىر قۇرابىر بۇنىڭغا ئۆزى ئۆلگە كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ 839 - يىلى، چۆل تۈركلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېدىزلار تەختكە كۆتۈرگەن خاقان خۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. شۇ چاغدا ئېدىزلار(؟) قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كۈلۈگ - باغا قىرغىزلارنى ياردەمگە چاقىرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە خاقانلىققا خاتىمە بېرىدۇ. د. ر. گامىلتوننىڭ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىگە قارىغاندا، ۋەزىر قۇرابىرنىڭ ئىسمى ئەسلى ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. ئەھۋاللارغا قارىغاندا ياپون ئالىمى ئابې تاكېئو مانا مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ قۇرابىرنىڭ قوزغىلىپ چىقىشىنى ياغلاقار ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار توققۇز ئۇرۇقنىڭ ئېدىزلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇشى سۈپىتىدە باھا بەرگەنگە ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇرلار بىلەن ئېدىزلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەتتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرمۇ چوڭقۇرلاشتى، ئېدىزلارغا كونفېدېراتسىيە تەركىبىگە كىرگەن باشقا تېلى قەبىلىلىرىمۇ يار - يۆلەك بولۇپ كەلدى، ئۇيغۇرلار خاقانلىقىدىكى فېئوداللىشىش جەريانىمۇ خېلى دەرىجىدىكى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا بايلىق جەھەتتە، تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈشمۇ كۈچەيدى، كۆچمەن جەمئىيەتنىڭ ئادەتتىكى ئەزالىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشمۇ كۈچەيدى. ئۇيغۇرلار جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى توغرۇلۇق سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىم شياۋبوۋېن (1057 — 1134) ئۆزىنىڭ «ۋېن جەنلۇ» («ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرىلەر») دېگەن كىتابىدا: «دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئاددىي - ساددىلىقى ۋە سەممىيلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ۋاڭ، بەگلەر بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، خەلقنىڭ

ئۇي - پىكرى بىرلا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار كۈچلۈك ۋە يېڭىلمەي كەلگەنىدى. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ دۆلىتىگە كۆرسەتكەن خىزمىتىمۇ چوڭ ئىدى، تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلارغا مول ئىنئاملار بېرىپ تۇراتتى. تەڭرى خاقان (ئىدىكېن 759 — 779) مەغرۇرلىنىپ ئۆزى تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك سارايلار سالدۇردى، ئاياللار ئۇپا - ئەڭلىك ئىشلىتىدىغان، قاشلىرىنى بويايدىغان، كىيىم - كېچەكلىرىنى كەشتىلەپ زىننەتلەيدىغان بولدى، مانا مۇشۇ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى جۇڭگودا ھازىرلىناتتى. مۇشۇنداق ئىسراپچىلىق ئىپتىدائىي ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دەپ يازغانىدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك: مەملىكەت تەبىئىي ئاپەتلەرگە دۇچ كەلدى. ئۇدا ئىككى يىل مەملىكەت بويىچە جۇتچىلىق بولدى، بۇ تەبىئىي ئاپەت خەلقنى بەكمۇ خورىتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇردى. دۆلەت ئىچىدىكى مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلى، دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتلەرمۇ چوڭقۇرلاشتى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە مەسىلەن، «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دە 839 - يىلى يېزىلغان تۆۋەندىكى سۆزلەر بار: «... بىر نەچچە يىل ئۇدا مەملىكەتتە ئاچارچىلىق يۈز بەردى، يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقالدى، جۇتچىلىق نەتىجىسىدە ئۆلگەن قويلار پۈتۈن يەرنى قاپلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېلىن قار ياغدى.» «يېڭى تاڭنامە»دىمۇ بۇ يەردە «يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، جۇت، ئاچارچىلىق ...» يۈز بەرگەن دەپ يېزىلغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى — مەركىزىي ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى تارىخى-

مدا يېڭى دەۋر باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن مۇشۇ چوڭ رايوندىكى شۇ چاغلاردىكى تەرەققىيات كونا دۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشى ۋە يېڭى دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئومۇمەن خاراكتېرلىنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى مۇشۇ جەرياندىكى بەك روشەن ۋە تەسىرات قالدۇرغان ئەھۋال. بۇنىڭ ئەھمىيىتىگە ئۆز لايىقىدا باھا بەرمەيمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ ئەھۋال ھەممىنىلا ھەل قىلدى دەپ قاراشمۇ ئورۇنسىز بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار مۇشۇ رايوننىڭ تارىخىدا ئادەتتىكىلا رولنى ئوينىدى. ئۇنىڭ رولىنى شۇنىڭدىن كېيىنلا پەيدا بولغان تاڭغىت ۋە قىتان دۆلەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ل. ن. گۇمىليوۋنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا بەرگەن باھاسىغا تەپسىلىيرەك توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. گۇمىليوۋ ئۆزىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىدا تارىخىي جۇغراپىيىگە بېغىشلانغان ماقالىسىدە: «جۇرجىتلار، خارەزىملىقلار، قىپچاقلار ۋە ئەھلىسەلىپچىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەھر - زەھرىنى چېچىشتا موڭغۇللاردىن قېلىشمىدى، ئەمما نېمىشقا ئاسىيانى ۋەيران قىلىشنى موڭغۇللارغىلا دۆڭگەپ قويىمىز؟ بەلكى بۇنىڭدىن خېلىلا چوڭراق مىقياستىكى باشقا ۋەقەلەر، مەسىلەن، 841 — 846 - يىللاردا، قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋەيران قىلىشى ياكى مانجۇ ئىمپېراتورى چيەنلۇڭنىڭ 1756 — 1758 - يىللاردا قالماقلارنى بىرمۇ بىر قىرىپ يوقىتىشى تارىخچىلار نەزىرىنىڭ سىرتىدا قالدىمۇ؟»① گۇمىليوۋنىڭ بۇ ماقالىسى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك، گۇمىليوۋ ئىلمىي ئوبيېكتىپلىقتا قارىماس-

① گۇمىليوۋ: «ئاسىيا ۋە ئافرىقا خەلقلىرى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 1970 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

تىن، ئۆز ئەمگەكلىرىدە موڭغۇللار ئىستىلاسىنىڭ ياۋروپا ۋە ئاسىيا خەلقى تارىخىدا ئەھمىيىتىنى كىچىكلىتىشكە دائىم ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.

ئاپتورنىڭ موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ يۈرگۈزگەن زۇلمى جەھەتتە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى (يالغۇز ئوتتۇرا ئەسىردىكىلا ئەمەس) باشقا ئىستىلاچىلاردىن ئېشىپ كەتمىدى، دېگەن مۇھاكىمىسىگە تولۇق قوشۇلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ھەممىگىلا مەلۇم ئىش. لېكىن ئۇنىڭ كەلتۈرگەن نەقلىنىڭ 2 - قىسمى تەنقىد ئالدىدا ھېچقانداق پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ھەر ئىككى ۋەقە — «841—846 - يىللاردا قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋەيران قىلىشى ياكى قالماقلارنىڭ تولۇق يوقىتىلىشى» بۇ ھەر ئىككى ۋەقە نىسبەتەن ئانچە چوڭ بولمىغان تېررىتورىيىدە ئۇنىڭ ئۈستىگە چەكلەنگەن ھالدا يەنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا دېگەندەك ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەردى. گەرچە، بۇ پاجىئەنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى ئاستا - ئاستا ھازىرلانغان بولسىمۇ، مۇشۇ جىددىي، ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشلەرگە جەلپ قىلىنغان ئادەملەر سان جەھەتتىنمۇ چەكلىك ئىدى. بۇ ھەر ئىككى ۋەقەدە ھۇجۇمغا دۇچ كەلگۈچىلەر 500 مىڭدىن ئوشۇق ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۈستىدە تەپسىلىيرەك توختاپ ئۆتكىنىمىز تۈزۈك. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇئەييەن بىر قىسمى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش جەڭلىرىدە قۇربان بولدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى زەربىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر كېلىپ باشقا رايونلارغا كۆچۈپ كەتتى. قىرغىزلار خاقانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىگىلا قانائەتلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزلىرىنى كېڭەيتىشكە بىرەر جىددىي ئۇرۇنۇشتا بولمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى تۆۋەندىكى ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۆزگىچە ئەگىشىپ كېلىدىغان ۋەقەلەرنى پەيدا قىلمىدى. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى بىر قىسمى شۇ چاغلاردا ئاجىزلىشىپ ھالى قالمىغان تىبەت دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن تېررىتورىيىلەرگە كۆچۈپ

كەلگەنىدى. تىبەت دۆلىتى شۇ كەملەردە ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرىيەدىكى
ۋە خېشى كارىدورىدىكى يەرلىرىنى قوغداپ قېلىشقا ماجالى يوق
ئىدى. تىبەتلىكلەرنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھۆكۈمرانلىقى ۋە مۇ-
شۇ تېررىتورىيىلەردە پات - پاتلا بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇشلار
تۇپەيلىدىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن يەرلىك خەلقمۇ ئۇيغۇرلارغا
ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ
بۇ جايلارغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى ۋە بۇ يەرلەردە يېڭى دۆلەت-
لەرنى تىكلىشى نىسبەتەن تىنچ ئۇسۇلدا يۈز بەردى. قالماقلار-
نىڭ يوقىتىلىشىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى، يەنى 50 مىڭدەك
ئادەم روسىيە ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كېتىپ ئامان
قالدى ۋە ئۇلارغا كۆرسىتىپ بېرىلگەن يەرلەرگە كېلىپ جايلاش-
تى. بۇ يەردە موڭغۇل - تاتار ئىستېلاسىنىڭ كۆلىمى، ئۇ كەل-
تۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ۋەيرانچىلىق ئۈستىدە سۆز ئېچىپ ئول-
تۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. كۆچمەن جەمئىيەتنى ۋەيران
قىلىش بىلەن ئولتۇراقلاشقان مەدەنىي ھاياتنى ۋەيران قىلىشنىڭ
نەتىجىسىنى سېلىشتۇرۇشقا ئورۇنۇشنىڭ ئۆزى مۇقامغا توغرا
كەلمەيدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز. كۆچمەن
خەلقلەرنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك دۈشمەن
تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ئەلۋەتتە چوڭ چىقىملارغا دۇچ
كېلىدۇ. لېكىن ئۇلاردا تولۇق مۇنقەرز بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇ-
لۇپ قېلىشنىڭ ئازدېگەندە مۇنداق ئىككى خىل ئىمكانىيىتى بار: بىرسى،
دۈشمەن شۇچاغنىڭ ئۆزىدە يېتىپ بارالمايدىغان يىراق رايونلارغا
(تەشكىلى ياكى تەرتىپسىز ھالدا) تېزلىكتە كۆچۈپ كېتىش؛
ئىككىنچى ئىمكانىيەت بولسا ياكى بېسىپ كەلگۈچىگە قوشۇلۇپ كېتىپ،
ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلىش.
كۆچمەنلەر قوشۇنىنىڭ ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنى ۋەيران قىلىشى
تامامەن باشقىچە نەتىجە چىقاردى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار
خېلىلا ئۇرغۇن چىقىملارغا دۇچ كەلدى: ماددىي بايلىقلارنىڭ

ۋالان ـ تاراج قىلىنىشى ۋە يوقىتىلىشى بىلەن بىر قاتاردا
نۇرغۇن مىقداردىكى قىممەتلىك مەدەنىيەتلەر يوقىتىلدى. تۇز
كېتىۋاتقان، ئولتۇراقلاشقان مەدەنىي ھاياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈزۈ-
لۈپ قالدى،كۆپىنچە ھاللاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالە يوقىلىپ كەتتى.
ئەمدى بىز بۇ بابتىكى ئاساسىي مەسىلىگە قايتىپ كېلىمىز،
جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلار-
نىڭ خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن كۆچۈپ كېتىشى، ئەمەلىيەتتە
خاقانلىق تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىلا كۆچۈشى ستىخىي-
لىك ھالدا ۋە تۈرلۈك يۆنىلىشلەر بويىچە يۈز بەرگەن. ئىككىن-
چى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەشكىلىي ھەرىكەت بولمىغان. گەر-
چە، ئايرىم گۇرۇپپىلار، خېلىلا چوڭ گۇرۇپپىلار تەشكىللىك ۋە
پىلانلىق ھەرىكەت قىلغان (مەسىلەن، ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ ۋەكى-
لى بولغان ئۇجېنىڭ ئەتراپىغا ئۇيغۇرلار ئۇيۇشقان ۋە ئۇنى
خاقان دەپ ئېلان قىلغان) بولسىمۇ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر قەبىلە-
سى مىقياسىدىن ئالغاندا، ھەرىكەت تەشكىلى بولمىغان، خاقان-
لىق ئۇرۇق ـ قەبىلە خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە، بىرقانچە مۇس-
تەقىل قىسىملارغا بۆلۈنگەن ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدا ئۆزىنى
چەتكە ئېلىپ قۇتۇلدىمىكىن دېگەن تەسەۋۋۇر پەيدا بولىدۇ.
غەربىي شىمال تەرەپكە، بايقال كۆلى رايونىغا، سىبىرىيىلار يۇرتى-
غا، شۇنىڭدەك شەرقى تەرەپكە، قىتانلار كونتروللۇقىدىكى تېررى-
تورىيىلەرگە جۆنەپ كەتكەن بىر بۆلۈك گۇرۇپپىلار ئۇيغۇرلارنىڭ
كېيىنكى تەقدىرىدە ھېچقانداق رول ئوينىمىدى. ئەھۋالغا قارى-
غاندا، بۇلار ئاز ساندىكى ئاھالە بولسا كېرەك، ئۇلار ھەققىدە
بىز ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. قىرغىزلار ئىگىلىۋال-
غان تېررىتورىيىلەردە قېپقالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىمۇ مەلۇمات
يوق.
ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلىدىغىنى تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ
چېگرىسىغا (خۇاڭخې دەرياسى ئەگمىسى)، ئوردوس رايونىغا كې-

لىپ ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلاردۇر. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ھەممى-
دىن ئاۋۋال جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۆچمەن خەلقلەرگە تۇتقان
سىياسىتىنىڭ نازۇك يەرلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىش نۇقتىسىنەزە-
رىدىن كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ جاي-
لاشقان ئۇيغۇرلار ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى
تارىخىدا تەشكىلىي بىرلىك سۈپىتىدە ھېچقانداق رول ئوينىما-
دى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئايرىم پارچىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى باشقا
گۇرۇپپىلار تەركىبىگە بىرىنچى نۆۋەتتە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ
تەركىبىگە قوشۇلۇپ كېتىشكە، مۇۋەپپەق بولالىدى. جۇڭگو مەنبە-
لىرىدە بۇلار توغرۇلۇق ئايرىم، ئانچە ئېنىق بولمىغان مەلۇ-
ماتلارلا ساقلىنىپ قالغان. پەقەت «بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى
تارىخي خاتىرىلەردىن كېيىنكى يېزىلغانلىرىدا ناھايىتى ئېنىق
كونكرېت قىلىپ، ئۇجىي خاقانغا قاراشلىق بىر قىسىم ئۇيغۇر-
لار تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدا ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلىن-
غاندىن كېيىن، غەرب تەرەپكە قېچىپ بېرىپ تىبەتلىكلەرگە بوي-
سۇندى، دەپ يېزىلغان.

«1.1 دەسلەپتە ئۇلارنىڭ دۆلىتى سۇلىن (سىلىينگا) دەرياسى
بويىدا ئىدى، كېيىن ئۇلار، قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا يولۇقتى
ۋە ئۇيغۇرلار تيەندي ۋە جىنۋۇ قورغانلىرى ئارىلىقىدىكى يەر-
لەرگە كۆچۈپ جايلاشتى. شى سۇن ۋە جاڭ جۇنۋۇ ئۇلارنى
يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلدى. قالغان ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپ-
كە كېتىپ تىبەتكە بويسۇندى، بۇ چاغدا، تىبەت خېشى كارى-
دورىنى ۋە گەنسۇنىڭ شىمالىدىكى يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغانىدى.
ئۇلار ئۇيغۇرلارنى بۇ يەرلەرگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى.»①

«بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر» نىڭ ئۇيغۇرلار
توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئوقۇغان چاغدا، كېيىنرەك ئۇيغۇر

① «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر»، 74 - جىلد،
9 - بەت.

گەنجۇ خانلىقى تەشكىل قىلغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بۇ
يەردىكى نەنسەن رايونلىرىغا سەددىچىنىنىڭ ياقىسىدىكى
يەرلەردىن كەلگەن، دېگەن بەك ئېنىق تەسەۋۋۇر پەيدا بولىدۇ.
بۇلار خاقان ئۇجىغا مەنسۇپ ئۇيغۇرلار ئىدى، فېڭ جياشېڭ
چېڭ سۇلۇ، موگۇاڭۋېنلارمۇ شەرق تەرەپتىن قېچىپ كېلىپ گەن-
سۇ كارىدورى رايونىغا جايلىشىپ قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئىتائەتلىك ئەھۋالدا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىردىن-
بىر ئىسپات سۈپىتىدە مانا مۇشۇ مەلۇماتنى ئۆز كىتابىدا كەل-
تۈرگىنىگە قارىغاندا، ئۇلارمۇ دەل مۇشۇنداق ئويلىغان بولسا
كېرەك①.

مۇشۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي جۇڭگو مەنبە ماتې-
رىياللىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەل-
گەن ئاساسىي خۇلاسىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈش ئورۇنلۇق
بولارمىكىن، دېگەن ئويدىمىز. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ چوڭ ئەگمى-
سىگە چېگرىدىكى تيەندى ۋە جېن ۋۇ قەلئەلىرى رايونىغا چوڭ
بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ئۇيغۇرلار
ئۆزى ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ تۇرىدىغان ئىككى قىسىمدىن ئىبا-
رەت ئىدى. 840 - يىل 10 - ئاي ئىچىدە تاڭ دۆلىتى چېگ-
رىسىغا يېقىنراق جايلارغا ئايرىم - ئايرىم قەبىلىلەر ئۆزلىرى-
نىڭ ئارمۇزد، نايىرچور، چىسىن ۋە بۇكۇ قاتارلىق باشلىقلىرى-
نىڭ رەھبەرلىكىدە بىرىنچى بولۇپ پەيدا بولدى. بىر نەچچە
ئايدىن كېيىن، يەنە مۇشۇ يەرگە خاقان ئۇجي باشچىلىقىدى-
كى ئۇيغۇرلارمۇ كۆچۈپ كەلدى، جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ كۆرسىتى-
شىچە، بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ياغلاقار ئۇرۇقى باش بولۇپ
تۇرغان ۋە باشقا خېلى ئۇرۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان زىچ
بىر بىرلەشمە تەشكىل قىلغان. ياغلاقار ئۇرۇقى ئېدىزلار ھاكى-

---

① فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، 1958 - يىل، بېيجىڭ.

مسيەت بېشىغا چىققانغا قەدەر خاقانلىقنى باشقۇرۇپ تۇرغان
ئەسلى ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. بۇ ئىككى چوڭ تۈركۈم ئۇيغۇرلار
تاڭ دۆلىتى چېگرىسىنى بويلاپ مۇستەقىل كۆچۈپ يۈردى، ئۆز
ئارىلىرىدا جىددىي ئىختىلاپلار بولغانلىقتىن بىرلىشىپ كېتەلمى-
دى. جۇڭگو دىپلوماتلىرى ۋە چېگرىدىكى باشلىقلار مۇشۇ ئىك-
كى تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ۋە شۇنىڭ-
دەك ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدا (مال - چارۋىلىرىنىڭ
يوقلۇقىدىن كۈن كەچۈرەلمەس دەرىجىدە) ئىكەنلىكى قاتارلىقلار-
دىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئىككى
تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى تولۇق يوقاتتى. مۇشۇ ھىيلە - نەيرەڭلىك
پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن «ياردەم»
قىلىشمۇ خېلى رول ئوينىدى. بۇ «ياردەم» تولۇق ۋە شەرتسىز
بويسۇنىدىغانلىقنى ۋە پەغپۇرغا خىزمەت قىلىدىغانلىقنى
بىلدۈرگەن باشلىقلارغىلا بېرىلدى. سەددىچىننىڭ يېنىدىكى ئۇي-
غۇرلارنى يوقىتىش ۋە پارچىلاش جەريانىدا، ئايرىم ئائىلىلەر
ۋە كىچىكرەك گۇرۇپپا ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش
ئۈچۈن غەرب تەرەپكە — گەنجۇ، شاجۇ رايونلىرىغا قېچىشقا
مەجبۇر بولدى ۋە بەلكىم تېخىمۇ يىراقراق كۇچا ۋە تۇرپان
ۋادىلىرىغىمۇ بارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەملەر ئاز
ساندا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەردە پەيدا بولۇپ قېلىشى ھېچ-
قانداق بىرەر مۇرەككەپلەشكەن ۋەقە چىقارغان ئەمەس. بەك
بالدۇرقى جۇڭگو مەنبەلىرى مانا مۇشۇ خىلدىكى كۆچۈشلەر
توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ.

تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرا ياقىلىرىدا باشپاناھ ئىزدەشكە ئورۇن-
غان ۋە شۇ چاغدا شەكىللەنگەن شارائىت ئاستىدا «ئىختىيارى»
ياكى زورلاۋانلىق كۈچ ئاستىدا جۇڭگوغا خىزمەت قىلىشقا مەج-
بۇر بولغان ئۇيغۇرلار ئىمپېرىيىنىڭ شىمالىي ۋە قىسمەن غەر-
بىي شىمال چېگرا ئۆلكىلىرىگە بۆلۈپ - بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇل-

دى. ئۇيغۇرلار بۇ يەرلەردە چېگرا رايون مەمۇرىيىتىنىڭ تولۇق
ئىختىيارىدا بولدى، ئۇلاردىن چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن پايدى-
لىنىلدى ۋە شۇنىڭدەك تاڭ دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرى مەسىلەن،
تاڭغىتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا پايدىلىنىلدى. ئۇلار ئۇيغۇر-
لارنى كىچىك - كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، چېچىپ ئورۇنلاش-
تۇردى ۋە ئىككىنچى بىر جايغا كۆچۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى.
جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىنى جۇرجېتلار ئىگىلىۋالغاندىن كېيىنلا
ئۇيغۇرلار كۆچۈش ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ھەتتا
ئۇيغۇرلارغا غەرب تەرەپكە كۆچۈش ئىمكانىيىتىنىمۇ تۇغدۇرۇپ
بەردى. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ خېلىلا كۆپ قىسمى ئۆزلىرىگە بې-
رىلگەن كۆچۈش ھوقۇقىدىن پايدىلانماي، شۇ ۋاقىتلاردا جۇر-
جېتلار دۆلىتىگە تەۋە تېررىتورىيىلەردە داۋاملىق تۇرىۋەردى [شەن-
شى، سەنشى، خېبېي (كونا چېگرىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) ئۆلكى-
لىرىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ۋە سابىق رېخې ئۆلكىسىدە تۇرۇپ
قېلىۋەردى]. موڭغۇللار ئىستېلاسى ۋاقتىدا ئۇيغۇرلار جۇرجېتلار
بىلەن بىرلىكتە، تاجاۋۇزنى قايتۇرۇش جەڭلىرىگە ئاكتىپ
قاتناشتى.

نېمە ئۈچۈن ئۇجې خاقان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەددى-
چىن يېنىدا شەكىللەنگەن مۇشۇنداق چىقىش يولى بولمىغان
ۋەزىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ باشقا بىر رايونغا، مەسىلەن، شەرققە
ياكى غەرب تەرەپتىكى خېشى كارىدورى رايونىغا ياكى ئۇنىڭ-
دىنمۇ يىراقراق جايلارغا تەشكىللىك ھالدا كۆچۈپ كېتىشكە
ئۇرۇنۇپ كۆرمىگەندۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. ئومۇمەن، ۋەزى-
يەت مۇنداق كۆچۈشكە قولايلىق بولمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىرىن-
چىدىن، شەرققە يۈرىدىغان يول قىتانلار تەرىپىدىن بوغۇپ قو-
يۇلغان، قىتانلارنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرى شۇ چاغلاردا سەددىچىن-
گە تاقىلايلا دەپ قالغانىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا قىتانلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلارغا

ئىستائەت قىلىپ تۇرغان چاغلاردا شەكىللىنىپ قالغان ئۆزئارا
ھۆشمەنلىك مۇناسىۋەتلەرنى نەزەردە تۇتقاندا، شەرق تەرەپكە يۆ-
رۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىدىن، نەنسەن يوللىرى
(گەنسۇ) شۇ چاغلاردا يەنىلا تىبەتلىكلەرنىڭ قولىدا ئىدى، بۇ
رايونلارغا بالدۇر كەلگەن ئۇيغۇرلار قىسمەن تىبەتلىكلەرگە ئى-
تائەت قىلىپ كەتتى، بىر قىسمىلىرى مۇستەقىل ھالدا تۇرۇۋەر-
دى. تىبەت تېررىتورىيىلىرىنىڭ ئەڭ ئۇنۇمسىز چۆل ۋە يېرىم
چۆل يەرلەردە كۆچۈپ يۈردى. گەنسۇ كارىدورىدا تىبەت ھاكى-
مىيىتى 862 - يىلىغا كەلگەندىلا گۇمران بولدى. ئۈچىنچىدىن،
سەددىچىن يېنىدىن باشقا يىراق جايلارغا كېتىش ئۈچۈن تىرىشتى
ئەمما، بۇ ئەلنىڭ قولىدا ئات - ئۇلاغلىرى كۆپ بولمىغان-
لىقتىن سەددىچىن بويىدا قېلىۋەردى. ئۇلار ئانچە - مۇنچە
ياردەم ئېلىپ، بىر ئاز چېكىنىۋالغاندىن كېيىن، يەنە شىمالغا
قايتىپ كېتىمىزغۇ دېگەن ئۈمىدتە تۇردى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە
مانا مۇشۇنداق بىر پىلاننىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرۇلۇق ئېنىق
مەلۇمات بېرىلمىگەن.

# ئىككىنچى باب

## نەنسەن بويىدىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇر خاقانلىقى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن پارچىلاندى. ئۇيغۇر خاقانلىقى ئېدىزلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ تۇرغان چاغلاردا، بۇ يەنە بىر رەقىبىگە تېگىشلىك قايتۇرما زەربە بېرەلمىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال دۆلەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس ئىدى. ئىككىنچى، ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، نىسبەتەن قىسقىغىنا بىر دەۋر ئىچىدە (بارى - يوقى 95 يىل) ئۇيغۇر كونفېدېراتسىيىسى تەركىبىگە كىرگەن كۆچمەن قەبىلىلەر ئارىسىدا بىر پۈتۈن ئېتنىك ئومۇملۇقنىڭ شەكىللىنىش جەريانى دېگەندەك چوڭقۇر راۋاج تېپىپ كېتەلمىدى. دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتمۇ دېگەندەك يار بەرمىدى. خاقانلىق ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ گېگېمونىيىسىگە دەلمۇ دەل قارشى گۇرۇھ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

ئېدىزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بولغان كۈرىشى مۇشۇ قەبىلە ئىچىدىن كېلىپ چىققان ئادەملەرنىڭ ھاكىمىيەت تىكلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. ئېدىزلار ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن ئۆزئارا جېدەل - ماجىرا توختاپ قالمىدى. زىددىيەتلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ باردى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان ئورۇنلارنى ئىختىيارى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىيالىدا بولمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ ستىخىيىلىك ھالدا قېچىشى دۆلەتنىڭ ئۆزىنى تەشكىل قىلغان ئورۇق - قەبىلە-

لەر خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە پارچىلىنىپ كېتىشنىڭ نەتىجىسىدىن بولدى، دەپ پەرەز قىلىش تولۇق ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ. ھەر بىر ئۇرۇق – قەبىلە تارماقلىرىنىڭ گۇرۇپپىسى كۆپ چاغلاردا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا، ئوبدانلا تەشكىللەنگەن يوسۇندا كۆچۈپ كېتىشتى، بۇنىڭدا ئەلۋەتتە، بەك ئۇششاق پارچىلانغان گۇرۇپپىلارمۇ بولۇپ، ئۇلار ستىخىيىلىك ھالدا كۆچتى. بىز خاقانات تېررىتورىيىسىدىن چىقىپ كەتكەن تۆۋەندىكى ئۈچ ئاساسىي گۇرۇپپىنى كۆرسىتىمىز: (1) ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان ئەسلى ئۇيغۇرلار ئۇلارنى قوللاپ – قۇۋۋەتلەيدىغان باشقا ئۇرۇقلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭ خاقانى باشچىلىقىدا سەددىچىن يېنىغا كۆچتى. (2) ئۈجى خاقانغا ئەگىشىپ كەتكەن ياغلاقار ئۇرۇقىغا مەنسۇپ ئۇرۇقلاردىن باشقا يەنە، ئاشۇ ئۇرۇققا مەنسۇپ بەگلەر باشچىلىقىدىكى ئەسلى ئۇيغۇرلار نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىنىڭ مۇنبەت يەرلىرىگە كۆچۈپ كەلدى. (3) يەنىلا ياغلاقار ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بەگلەر رەھبەرلىكىدىكى ئەسلى ئۇيغۇرلار كۇچا ۋە قاراشەھەر رايونلىرىغا كۆچۈپ كەلدى. بۇ ئۈچ گۇرۇپپا قىرغىزلار خاقانلىققا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، دەرھاللا تەخمىنەن بىر ۋاقىت ئىچىدە بۇرۇنقى ئولتۇرغان جايلىرىنى تاشلاپ يۆتكەلدى. ئېدىزلار كونفېدېراتسىيىگە تەركىبىگە كىرگەن ھەمدە ئۇلارنى قوللاپ – قۇۋۋەتلەيدىغان باشقا تىپلى «توققۇز ئوغۇز» قەبىلىلىرى 866 – يىلى بېشبالىق ۋە تۇرپان ۋادىسىنى ئىگىلىدى. بۇلارغا يۇرتىنى تاشلاپ قاچقانلار قاتارىدا قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەسلى كۆچۈپ يۈرگەن يۇرتلىرىدىن قوغلانغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات يوق. شۇڭلاشقا، بۇنىڭدىن كېيىنكى گەپ سابىق ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، مۇستەقىل دۆلەت تەشكىل قىلالىغان گۇرۇپپىلىرى ئۈستىدىلا بولىدۇ. ئۇلار تەشكىل قىلغان دۆلەتلەر مەركىزىي ئاسىيانىڭ

كىرەك» دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە جاڭ يىچاۋغا ياردەمچىلەرمۇ لازىم بولمىغانمىدۇ، دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. ئەگەر جاڭ يىچاۋنىڭ غەلىبە خەۋىرى ھەققىدىكى دوكلاتىغا ئىشىنىدىغانلار بولسا (گامىلتون ۋە پېنكىسنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەستىن)، ئۇنىڭ ھەقىقەتكە ئوخشاپراق قالغانلىقىغا ئىشىنىش ئېھتىمالى كېلىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسىدىن كۇچاغىچە ۋە ھازىرقى ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۇ كەڭ تېررىتورىيىنى ياردەمچىسىز ئازاد قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ۋەقە بەك ئاددىيلا يۈز بەردى. بىر زامانلاردا قوشنىلىرىغا تەھدىت سېلىپ تۇرىدىغان بىر پۈتۈن تىبەت دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشى ھەممىلا تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا شۇنچە تېز بولدىكى، تىبەتلىكلەر بېسىۋالغان تېررىتورىيىدىكى ھاكىمىيەت ئۆز - ئۆزىدىنلا يىمىرىلدى، تىبەتلىكلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆزىچىلا توزۇپ كەتتى. بىر قىسمى خۇددى «ئۇمولار»نى بويسۇندۇرغان چاغدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا ئوخشاش شۇ جاينىڭ ئۆزىدە قېلىپ يېڭى خوجايىنلارغا ئايلاندى. ئومۇمەن جاڭ يىچاۋغا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ھېچقانداق زۆرۈرىيەت قالمىغانلىقى بەك ئېھتىمال. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھېچقانداق قوزغىلاڭ يۈز بەرگەن ئەمەس. دۆڭخۇاڭدىكى ھاكىمىيەتنى تىبەتلىكلەرنىڭ قولىدىن جاڭ يىچاۋنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشلا يۈز بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مانا مۇشۇ ۋەقەلەرگە ئىشتىراك قىلمىغانلىقىدا ھېچقانداق گۇمان يوق. گەپ پەقەت مۇشۇ ئىشتىراكنىڭ ئۆزى كونكرېت نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئانچە ئېنىق ئەمەسلىكىدە، تىبەت ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تىبەتلىكلەرگە ئىتائەت قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەركىنلىككە ئىگە بولدى، شۇ كۈندىن باشلاپ ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى باشلاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ جاڭ يىچاۋ بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرلەرگىمۇ يول قويغىلى

بولىدۇ، لېكىن بۇنداق ئوي - پىكىرنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار يوق. جاڭ يىچاۋ ھەربىي كۈچ توتۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭلاشقا، ئادەم ياللاشقىمۇ مەجبۇر بولدى. مۇشۇ ياللانغان ئادەملەر ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى①. مۇشۇ رايونلاردا خەنزۇلاردىن بولغان ئاھالە نىسبەتەن ئاز ساندا بولۇپ، ئۇلار سودا يوللىرى بويىدىكى شەھەرلەرگە جايلاشقان، بۇلار ئۇششاق سودىگەرلەردىن، قول ھۈنەرۋەنلەردىن ۋە شەھەر ئاھالىسىنى كۆكتات بىلەن تەمىنلىگۈچى كۆكتاتچىلاردىن ئىبارەت ئىدى. كۆچمەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان جەڭچىلەرنى مۇشۇلار ئىچىدىن توپلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، پانتېكىن باشچىلىقىدىكى كۈچلۈك ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىشقا، بولۇپمۇ جاڭ يىچاۋ تەرەپتە تۇرۇپ ئىشتىراك قىلغانلىقى ئۈستىدە گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ توغرىدىكى تەنقىدىي مۇلاھىزىلەر كېيىنكى بابلاردا بايان قىلىنىدۇ.

تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ چېگرا مەمۇرىيىتىنىڭ جاڭ يىچاۋ قوزغىلىڭىنى تەشكىللەشكە قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرىش قىيىن، تاڭ دۆلىتىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلار تىبەت بىلەن بولغان بۇرۇنقى سوقۇشلاردا مەغلۇپ بولۇپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشقا دۈشمەن تەرەپنىڭ ئۆز ئىچىدە ئىچكى مالىمانچىلىقلار يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قولايلىق ئىمكانىيەتلەرنى يەكمۇ ئوبدان چۈشىنىپ تۇردى. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىلىرى ئىچىدىكى ئۆزئارا كۈرەشلىرى، كەمبەغەللىشىپ كەتكەن دېھقانلار ئىچىدىكى قوزغىلاڭ ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى تاڭ دۆلىتىگە مۇشۇ قولايلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى.

① ل. ي. چۇگويېۋسكى: «گۇيىي ئۆلكىسىدە ئارمىيە تەشكىل قىلىشتىكى بەزى مەلۇماتلار» (1981 - يىلى جەنۋەدە نەشر قىلىنغان ماقالىسى).

تارىخىدا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

بۇ باپتا نەنسەن ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە، ئۇلارنىڭ بۇ جايلاردا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىۋېلىشى، مۇستەقىل خانلىقلىرىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ رولىغا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ مۇشۇ رايون تارىخىدىكى ۋە شۇنىڭدەك غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان سودا يولىدىكى رولىغا تەپسىلىي قاراپ چىقىمىز.

ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەلگەن نەنسەن ئېتەكلىرى رايونى بىرقەدەر تار، مۇنبەت يايلاقلارنى ۋە تاغ ئېتەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەلۋاغدىن ئىبارەت. بۇ بەلۋاغ نەنسەن تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي تەرەپ ئېتەكلىرىدە پاراللېل سىزىقلار بويلاپ ياتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە گەنسۇ ئۆلكىسىگە مەنسۇپ بۇ تېررىتورىيە مەتبۇئاتتا كۆپىنچە خېشى كارىدورى، دېگەن نام بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ. مانا بۇ يەر بەك قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان، جۇڭگونى شەرقىي تۈركىستان ۋە غەرب تەرەپتىكى باشقا ئەللەر بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ قولايلىق، قىسقا بىردىنبىر سودا يولى بولۇپ كەلگەن. خېشى كارىدورىغا يېقىنراق ئورۇنلىشىپ قالغان نۇرغۇن دۆلەتلەر بۇ يەرنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزئارا جىددىي كۈرەشلەر ئېلىپ بارغان. بۇ رايوندىن ئەڭ مۇھىم خەلقئارا سودا يولىنىڭ ئۆتۈشى مۇشۇ رايوندا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا ئىنتىلگەن نوپۇسى ئازراق ھەرقانداق دۆلەت ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئۈستۈنلۈك ئىمكانىيىتى بېرىپ كەلدى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا خەلققە شۇنداق بىر جىددىي خەۋپمۇ تۇغدۇرۇپ تۇردى، بىر قانچىلىغان قولاي ۋەزىيەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلارغا نەنسەن ئېتەكلىرىدە خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىت تۇرۇپ مۇستەھكەملىنىۋېلىشقا ۋە بىر قانچىلىغان مۇستەقىل خانلىقلار بەرپا قىلىشقا ئىمكانىيەت بەردى. بۇ تېررىتورىيىنى ئىگىلىۋېلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇ-

شىنى بەلگىلىگەن ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بارلىق قوشنا ئەللەرنىڭ، ھەممىدىن ئاۋۋال، تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاجىزلىقى بولدى. تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شۇ چاغلاردا ئاكتىپ تاشقى سىياسىي ھەرىكەت قوللىنىشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۇيغۇرلارغا ھۇشۇ رايوندا تىبەتلىكلەرنى سىقىپ چىقىرىشقا ۋە ئازلا كەم 200 يىل ئاساسلىنىپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەردى.

840 - يىلغا قەدەرمۇ نەنسەن ئېتەكلىرىدە خېلىلا نۇرغۇن ساندىكى ئۇيغۇرلار كۆچۈپ يۈرگەنىدى، دېگەن پەرەز بار. مۇنداق پەرەز تۆۋەندىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغان: 681 - يىلى تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ داھىيسى قۇتلۇق (ئېلتېرىش خاقان) نىڭ رەھبەرلىكىدە شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرەشىگە ئاتلاندى ۋە بۇ كۈرەش مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تاماملاندى. ئۇيغۇرلار باشتا تۈركلەرگە بىر ئاز قارشىلىق كۆرسەتتى، كېيىن جەنۇب تەرەپكە — تاڭ سۇلالىسى دۆلىتىنىڭ چېگرا ياقىلىرىغا كۆچۈپ كەلدى، بۇ يەردە ئۇلار ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ۋە نەنسەن ئېتەكلىرىگە، ۋىلايەت مەركىزى بولغان لەنجۇ ۋە گەنجۇلار ئارىلىقىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ رايونلارغا يالغۇز ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى كىبى، سۆگىر ۋە ھۇن قاتارلىق تېلى قەبىلىلىرىمۇ كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇيغۇرلارغا ئۇلارنىڭ خاقانى دۇجىجى رەھبەرلىك قىلدى، بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشنىڭ ئېنىق يىلى نامەلۇم. ئېھتىماللارغا قارىغاندا، بۇ كۆچۈش بىر نەچچە باسقۇچقا بۆلۈنۈپ ئون، ئونبەش يىللارغىچە سوزۇلغان بولسا كېرەك. سىن جۇڭمىيەننىڭ قارىشىچە، بۇ يەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ بىر قىسمىلا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى يايلاق - ئوتلاقلاردا قېلىپ، تۈركلەر (تۇجۆلەر) گە ئىتائەت قىلىپ كەتكەن. 727 - يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى گوبى چۆللۈكىنىڭ شى-

مالىي تەرىپىدىكى يايلاق - ئوتلاقلارغا قايتىپ كەلگەن.
لېكىن ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمى شۇ نەنسەن ئېتەكلىرىدە
قېپقالغان ①. بەزى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ يەردە قالغان
ئۇيغۇرلار 840 - يىللارغا قەدەر بۇ يەرلەردە داۋاملىق كۆچۈپ
يۈرگەن، دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو
ئالىمى سۇڭ كەيدى بۇ يەرلەردە 200 يىلدىن بۇيان ياشاپ
كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ يادروسى بولدى،
دەپ ھېسابلايدۇ. سۇڭ كەيدى: «تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا
خېشى كارىدورىدا تۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پۈتۈن
تاڭ ئىمپېرىيىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىت ئىچىدە بۇ
يەردە داۋاملىق تۇرىۋەرگەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگىلى
بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇنى ئىگىلىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ
خاقانلىرىنىڭ نامىنى ئېلان قىلغانلىقى تاڭ دۆلىتىنىڭ
ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى
ئۆزلىرى ھەل قىلغانلىقىدىن بولغان. بۇ يەرلەردىن ھېچقانـ
داق ئاساسى بولمىغان، باشقا رايوندىن كەلگۈچىلەر بېسىۋالـ
غان ئىش بولغان ئەمەس» دەپ يازىدۇ ②. بۇنداق خۇلاسە
ئومۇمىي مۇھاكىمىلەر ئاساسىدا چىقىرىلمىغان. مەنبەلەردىكى
مەلۇماتلار بىلەن ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلانمىغان ياكى
مۇشۇ رايوندىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ئانالىزى ئاساسىدا قىلىنـ
مىغان. لېكىن بۇ پىكىرنى ئى. پوللىي بىلانكىمۇ قوللايدۇ.
بىز ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ تەشكىل بولۇنغانلىقىغا مۇناـ
سىۋەتلىك ھەممە ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىپ چىقتۇق.
لېكىن نەنسەن ئېتەكلىرىدە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلىلا
جىق مىقداردىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنى،
بولۇپمۇ، شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ رايوندا ئۇيغۇر خانلىقىنى تەشـ

---

① سېن جۇڭمىيەن: «تۈركلەر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار
توپلىمى»، 1958 - يىل بېيجىڭ نەشرى، 330 - بەت.
② «سۇڭ كەيدى ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 1956 - يىل
بېيجىڭ نەشرى، 523 - بەت.

كىمل قىلىشقا ئىشتىراك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللارنى
تاپالمىدۇق. لېكىن بۇ يەردە، خېلى كۆپ مىقداردا ئۇيغۇرلار
بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ يەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ
ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا كۆچۈپ كەلگەن ئەمەسمى-
دى؟ ئىشىنىڭ ماھىيىتىگە قارىغاندا، بۇ رايونلارغا 660 — 663 -
يىللاردا ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى يۈز
بەرگەن ئۇرۇشلاردىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان ئۇيغۇرلار دۆلىتى-
نىڭ پەقەت ھۆكۈمران تەبىقىلىرىلا كۆچۈپ كەلگەن ۋە بۇ ھۆ-
كۈمران تەبىقىگە ئۇلارغا ئەڭ يېقىن ئۇرۇق - قەبىلە تارماقلى-
رى ئەگىشىپ كەلگەن. جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىغا
قارىغاندا، بۇ كۆچۈش بەك تەشكىللىك ھالدا بولغان، كۆچمەن-
لەرنىڭ قوراللىق قوشۇنلىرى زەخمەتسىز بىللە كەلگەن. بۇلار
يېڭى جايلارغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنى خېلى
دەرىجىدە مۇستەقىل تۇتۇپ ئىش ئېلىپ بارغان. گوبى چۆلىنىڭ
شىمالىي تەرىپىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈرك خاقانلى-
قىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاجىزلىشىپ ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق ئۆزگىرىش-
لەر يۈز بەرگەندە، ئۇلار شىمال تەرەپكە كۆچكەندىمۇ ئاشۇنداقلا
تەشكىللىك ھالدا كۆچكەن بولۇشى كېرەك. نەنسەن ئېتەكلىرىدە
پەقەت ئايرىم ئاۋۇللار ۋە ئاۋۇللارنىڭ كىچىكرەك گۇرۇپپىلىرى
تاسادىپىي قېپقالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇڭلاشقا، يېڭى ئۇيغۇر
دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا بۇ يەرلەرگە پەقەت يېڭىدىن
كېلىپ ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ گۇرۇپپىلىرىلا ئىشتىراك قىلغان
بولسا كېرەك، دېگەن تەسەۋۋۇر بىزگە كېلىدۇ. نەنسەن ئېتەك-
لىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان قولىمىزدىكى
ئىسپات ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىشقا ئۆتۈشتىن
ئاۋۋال، مەنبە ماتېرىياللىرىنىڭ بەك ئازلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە
توغرا كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇغا
كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋاقتى ئۈستىدە ھېچقانداق گەپ - سۆز

يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ رايونلارغا كېلىشتە يۈرگەن يوللىرى ئۈستىدىكى مەلۇماتلار بىر - بىرىگە زىت. شۇڭلاشقا تەتقىقاتچىلار ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن، مورى ياسۇتاكائونىڭ: «ئۇيغۇرلار ۋە دۇڭخۇاڭ» دېگەن ماقالىسىدە شۇنداق دېيىلگەن.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچى تۈركۈمى نەنسەن ئېتەكلىرىگە ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەلدى. ئۇ چاغدا نەنسەن تاغلىرى تىبەت دۆلىتىنىڭ تەۋەسىدە ئىدى، بۇ ئۇيغۇرلار تارقاق، كۆپىنچە مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان ۋە ئانچە كۆپ بولمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركۈملىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار تىبەتلىكلەر كونتروللۇقىدا تۇرغان يەرلەرگە كەلدى ۋە تىبەت ھاكىمىيىتىگە بويسۇندى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەت دۆلىتى تېررىتورىيىسىگە — (پەقەت نەنسەن ئېتەكلىرىگە) كېلىشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى ئىپادىلەيدىغان ماتېرىياللار جۇڭگو ماتېرىياللىرىدا بەك ئاز، قولىمىزدا مەۋجۇت بولغان ئايرىم مەلۇماتلار مۇشۇ كېلىشىنىڭ تىنچ خاراكتېرىدە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تىبەت دۆلىتىنىڭ شەرق تەپتىكى دۈشمىنى تاڭ ئىمپېرىيىسىگە قارشى تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ماتېرىياللار بار①.

نەنسەن ئېتەكلىرىگە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشى ۋە تەدرىجىي ھالدا بۇ يەردىكى مۇھىم جايلارنى ئىگىلىۋېلىشتەك ئەسلى ئەھۋالنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋاستىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ۋە شۇنىڭدەك نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ۋە ئۇلارغا قوشنا تېررىتورىيىلەردە، جۈملە-

① ماليەۋكىن: «IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا گەنجۇدىكى ئۇيغۇر ۋە تىبەتلىكلەر»، بۇ ماقالە «مەركىزىي ئاسىيا ۋە تىبەت» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. نوۋوسىبىرسك 1972 - يىلى نەشرى، 79 — 80 - بەتلەر.

دىن، تاڭ ۋە تىبەت دۆلەتلىرىدە شەكىللەنگەن ۋەزىيەتنىڭ مە-
لۇم دەرىجىدىكى خاراكتېرىستىكىسىنى بېرىش بىلەن تىرىشىپ
كۆرىمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەممىدىن ئاۋۋال، ساجۇ (دۇڭخۇاڭ)
غا ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان جايلىشىپ يىلتىز تارتقان باي ۋە
تەسىرى چوڭ ئائىلىنىڭ ۋەكىلى بولغان جاڭ يىچاۋ رەھبەرلى-
كىدىكى قوزغىلاڭغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆپلىگەن
تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، جاڭ يىچاۋ 851 - يى-
لى ئوتتۇرىغا چىققانىدىكەن. تىبەت دۆلىتى ئېغىر ئەھۋاللارنى
بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر ۋاقىتتا بۇ ئەلدىكى ھۆكۈمران تە-
بىقە ئىچىدە ھاكىمىيەت ئۈچۈن بولغان كۈرەش ئەڭ يۇقىرى
پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە قوزغىلىپ چىققانىكەن، جۇڭگو مەنبەلى-
رىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ قوزغىلاڭغا شەھەرلەردە
تۇرغان خەنزۇلار قاتناشقان ۋە قوزغىلاڭ ئوڭۇشلۇق
بولغان. ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، جاڭ يىچاۋ تاڭ دۆلىتىنىڭ
پايتەختىگە ئۆزىنىڭ 11 ناھىيىسىنى (ناھىيىلىك شەھەرنى) ئازاد قىلى-
غانلىقىنى مەلۇم قىلغان. ئەمما كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر
بۇ مەلۇماتنىڭ شۇ چاغنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپ-
پەقىيىتىنى بەك كۆپەيتىپ كۆرسەتكەنلىكىنى بولغانلىقىنى ئىسپات-
لىدى. جاڭ يىچاۋنىڭ تاڭ ئىمپېراتورىغا يوللىغان دوكلاتىغا
قوشۇمچە قىلىنغان ناھىيىلەر (ناھىيىلەر مەركىزى) روйخىتىنى ۋە
«يېڭى تاڭنامە»دىكى ئۇمۇلارنىڭ جايلاشقان يەرلىرىنى بايان
قىلغاندا كۆرسىتىلگەن رويخەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش
كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. جاڭ يىچاۋنىڭ رويخىتى:
(1) گەنجۇ (ھازىرقى ئىسمى جاڭيې)، (2) سۇجۇ(ھازىرقى ئىسمى
جيۇچۇەن)، (3)گۇاجۇ (ھازىرقى ئەنشى)، (4) ساجۇ (ھازىرقى
دۇڭخۇاڭ)، (5) خېجۇ (نىڭشيا)، (6) مىنجۇ (مىڭشيەن)، (7) كوجۇ
(گۇيدى)، (8) يىجۇ (قۇمۇل)، (9) شىجۇ (تۇرپان) (10) شەنجۇ
(ھازىرقى شىنىڭ — لىدۇ رايونى)، (11) لەنجۇ.

«يېڭى تاڭنامە»دە كەلتۈرۈلگەن ناھىيىلەرنىڭ رويخېتى: (1) گەنجۇ (جاڭيې)، (2) سۇجۇ (جۇچۈەن)، (3) گۇاجۇ (ئەنشى)، (4) ساجۇ (دۇڭخۇاڭ)، (5) خېجۇ (نىڭشىيا)، (6) ۋېيجۇ (لۇڭشى)، (7) مىنجۇ (مىڭشيەن)، (8) كوجۇ (گۇيدى)، (9) مىجۇ (لىڭتاۋ)، (10) دەنجۇ (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي شەرقىي قىسمىدىكى تېررىتورىيە) مۇشۇ ھەر ئىككى رويخەتتىكى تىرناق ئىچىدە كۆرسىتىلگەنلەر ھازىرقى يەر ئىسىملىرىدۇر. شۇنىمۇ كۆرسىتىش كېرەككى، ئايرىم ئەھۋاللاردا ھازىرقى ئىسىملار پەقەت رايوننىلا كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، جاڭ يىچاۋنىڭ رويخېتىدە تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تاشقى سىياسىي كېڭەيمىچىلىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى، بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي رايونلىرىدىن باشلاپ، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ قوشنا رايونلىرىنى، تۇرپان ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدىكى كەڭ تېررىتورىيىلەردە بۇرۇن بولغان ناھىيىلەر ۋە ناھىيىلىك شەھەرلەر كۆرسىتىلگەن. ئىككىنچى رويخەت گەنسۇ كارىدورىدا تىبەتلىكلەر ھاكىمىيىتى يوقىتىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان تارىخىي مەنبەلەردە كەلتۈرۈلگەن. تىبەتلىكلەر ھاكىمىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەنبەلەردە «ئۇمو» دەپ ئاتالغان تىبەتلىكلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان قۇللىرى ئازاد قىلىنىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇشۇ ناھىيىلەردە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. مانا مۇشۇ رويخەتتىكى يەتتە يەر ئىسمى جاڭ يىچاۋنىڭ رويخېتىگە ئوخشاش. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، بۇ ھەر ئىككى ھۆججەت بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. جاڭ يىچاۋ ئەمەلىيەتتە ئۆز تەسىرىنى شۇنچىۋالا كەڭ يەرلەرگىچە تارقىتالىغان ئەمەس، تىبەت دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ ئۈستىدە گەپ كېتىۋاتقان تېررىتورىيە بىرلا ۋاقىت ئىچىدە دېگۈدەك تىبەتلىكلەر ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىندى. بۇ ئازاد قىلىنىش يەرلىك ئاھالىنىڭ (چۆل تۈركلىرى،

تۇجۇ، خۇن ۋە ئۇمولارنىڭ) ۋە يېقىندىلا مۇشۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشتىراكى بىلەن يۈز بەردى. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى بەك ئىنچىكە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەي تۇرۇپمۇ جاڭ يىچاۋ ئۆزىنىڭ روھىيىتىگە شۇ چاغدا تىبەتلىكلەرنىڭ ئىستىبلاسىدىن ئازاد قىلىنغان ئۆزىگە مەلۇم تېررىتورىيىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا يېزىۋالغان، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

«يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ۋە باشقا بەزى مەنبەلەردىكى تىبەتلىك قۇللارنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى مۇشۇ قۇللارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تولۇق سىياسىي مۇستەقىللىك ئالغانلىقى دەپ شەرھلەش لازىم①.

«2.0 ئاخىرىدا، تىبەتلىكلەرنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەن بەزى تۈركۈملىرى ئۇلارغا قوشۇلدى.»②

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتابنىڭ 8102 - جىلدىدا تىبەت دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تا خېشى كارىدورىدا ئۇيغۇرلار يېتەكچى ئورۇننى قولغا كىرگۈزۈۋالغۇچىلىك، «ئۇمو» لار جۇڭگو بىلەن مۇستەقىل ھالدا مۇئامىلە قىلىپ تۇرغانلىقى، «ئۇمو»لارنىڭ ئورنىغا كەلگەن ئەلچىلىرى توغرىسىدىكى قىسقىچە بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ بايانلار X ئەسىرنىڭ بېشىدا يېزىلغانىكەن.

بىز بۇ قۇللارنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا ئىگىمىز، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمى ئۆرنەكلەر»دە قۇللارنىڭ ئازاد قىلىنىشى 862 - يىلى بولغان ئىش دەپ يېزىلغانىكەن. تىبەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلى-

---

① باگاسلوۋسكى: 1962 - يىلى موسكىۋادا نەشىر قىلىنغان «تىبەت تارىخىدىن ئوچېركلار»، 119 - بەت.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشقاپايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 250 - جىلد، شەنتۇڭ 3 - يىلى.

شى بۇنىڭدىن سەل بالدۇراق يۈز بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. كۆپلىگەن ئالىملار جۇملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش مەسىلىسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغۇچىلار سىمپىي لاك- ھارىما 842 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تىبەتنىڭ ئىچىدىـ كى قالايمىقانچىلىقلار يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، دەپ كۆرسە- تىشىدۇ. شۇڭلاشقا، «ئۇمۇ» لارنىڭ ئەركىنلىكتە ئىگە بولۇشى ۋە جاڭ يىچاۋنىڭ قوزغىلىشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ بىر ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەنلىكى، بۇ ۋەقەلەرنىڭ ۋاقىت جەھەتتە بىر- بىرىگە دېگەندەك ماس كەلگەنلىكى ئۈستىدە گەپ ئېچىشقا تولۇق بولىدۇ. جاڭ يىچاۋ ئۆزىنىڭ دوكلاتىدا تىبەت ئىستېلا- سىدا بايا ساناپ ئۆتۈلگەن ناھىيەلەرنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگىنىدە ئاساسەن خاتالاشمىغانىدى. لېكىن ئۇ مۇشۇ جايلارنىڭ كىم تەرىپىدىن، قاچان ۋە قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئازاد قىلىنغانلىقى، مۇشۇ ۋەقەلەردە دۇڭخۇاڭدىكى خەن- زۇلارنىڭ ۋە باشقا خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭمۇ ھەقىقىي رولىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىقراق يېزىشنى «ئۇنتۇپ قاپتۇ». جاڭ يىچاۋ تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنىڭ مېۋىلىرىنى قاراپ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. تاڭ ھۆكۈمىتى ئەلۋەتتە، مۇشۇ كۆرسىتىلگەن تېررىتورىيىلەردىكى ھەقىقىي ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. لېكىن ئىمپېرىيىدىكى چوڭ ئەمەلدارلار ئۈچۈن جاڭ يىچاۋنىڭ مەلۇماتىنى ھەقىقىي ئەھۋال دەپ قوبۇل قىلىشى پايدىلىق ئىدى (تاڭ سۇلالىسىدىكى ھۆكۈمران تەبىقىدە ئۇزۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ستراتېگىيىلىك ئوي - پىكىر- لەرگە بۇ ئەھۋال ئۇيغۇن كېلەتتى). شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ماشىنىسى دەرھاللا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. تاڭ ئىمپېراتورىنىڭ يېڭى بىر ۋىلايەت — «گۇيىي» (بەيئەت قىلغان دېگەن مەنىدە) ۋىلايىتى- نىڭ تەشكىل قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى پەرمانلىرى ئېلان قى- لىندى ۋە يۇقىرىقى رويخەتتە كۆرسىتىلگەن ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسى

مۇشۇ ۋىلايەتنىڭ ئىختىيارىغا «بىرىلگەن»لىكىنى ۋە جاڭ يى-
چاۋنىڭ مۇشۇ ۋىلايەتكە ھىراۋۇل قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى ھەققى-
دىكى پەرمانلار ئارقا - ئارقىدىن چىقىۋەردى.

شۇ چاغلاردا، دۇڭخۇاڭ بىلەن تاڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە سۆز بولغاندا، كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار
دۇڭخۇاڭنىڭ تاڭ دۆلىتىگە رېئال بېقىندى ئىكەنلىكىنى بۈگۈن-
كى كۈندە رەت قىلىشتى. ئېھتىمال، بۇ چاغدا مۇستەقىل دۆلەتلەر
ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىلغاندۇر.

تۆۋەندە بىز IX ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدىكى خېشى كارى-
دورىدىكى ۋەقەلەر راۋاجىنى جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى بەك ئاز ۋە
قىسقا يېزىلغان مەلۇماتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ تەپسىلىي قاراپ
چىقىشقا تىرىشىمىز. بۇنىڭ ئالدىدا، جاڭ يىچاۋ قوزغىلىڭى
مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان
پىكىرلىرىنى كۆرۈپ چىقىمىز.

د. ر. گاملتون ۋە ئى. پېنكىس IX ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىنىڭ
بېشىدىكى گەنسۇ كارىدورى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي
قىسمىدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، جاڭ يىچاۋنىڭ تىبەتلىك-
لەرگە قارشى قوزغىلىڭىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى خاقان پان-
تېكىن رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمكارلىشىشىدىنلا بول-
غان، دەپ ھېسابلايدۇ. پېنكىس يۇقىرىقى ئەھۋالدىن باشقا،
گەنسۇ كارىدورىغا تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇل-
غان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مۇشۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلىقى ئېھتىمال،
دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. پېنكىس «تىبەتلىكلەر تەرى-
پىدىن گەنسۇغا تارقاق ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ۋە شۇ-
نىڭدەك پان تېكىن رەھبەرلىكىدىكى ئەنشى (كۇچا — ئا. م.) دىكى
ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئىشتىراك قىلغانلىقىدا شۈبھە يوق. خەنزۇلار بۇ
قوزغىلاڭنىڭ تېزلىكتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ئۈچۈن
ئۇيغۇرلارنىڭ قىلغان ياردىمىگە كۆپ جەھەتتىن مىننەتدار بولۇشى

تاڭ دۆلىتى ئۈچۈن ئەنسەن رايونىنىڭ ئەھمىيىتى بەك چوڭ بولغاچقا، جاڭ يىچاۋ ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىدە تۇتۇپ تۇردى. تاڭ دۆلىتىنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلار بۇ ۋەقەلەرگە تولۇق پاسسىپ ھالدا نەزەر سالغۇچىلاردىن بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ مەملىكەتتىكى ھالاكەتلىك ئەھۋالدا تۇرغانلىقىغا قارىماي، شۇ ۋەقەلەرگە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى، ئەنسەن ئېتەكلىرىدە تىبەت ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھارپىسىدا تىبەت بىلەن تاڭنىڭ دۆلەت چېگرىلىرىدىكى ۋەزىيىتى چېگرا توقۇنۇشلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەنبەلەردە تىبەتلىكلەرنىڭ ئايرىم ئورۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكى ۋە تاڭ سۇلالىسى گېنېراللىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ چاغلاردا تىبەتلىكلەر بۇ ئىشتا تەشەببۇسكارلىق كۆرسىتىش ئەھۋالىدا ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا بىزلەر بۇ مەلۇماتلارنى ئەكسىچە يەنى تاڭ سۇلالىسى ھەربىي قوماندانلىرىنىڭ تىبەتنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇش دەپ چۈشىنىمىز.

چېگرىدىكى ۋەقەلەرنى دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولغان نىيىتى ياكى جاڭ يىچاۋنى قوللاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان كۈچ كۆرسىتىشى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇشۇ رايوندىكى ۋە شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى ۋەزىيەت مەملىكەتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىلاردا مۇشۇنداق پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگودىكى ئىلمىي ئەدەبىياتتا جاڭ يىچاۋنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىنماي قالمىدى، كۆرۈنەرلىك ئالىملار، مەسىلەن، لوجېنيۈي ۋە شياڭ دالار جاڭ يىچاۋنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىش، پائالىيىتى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ

باردى. ۋاقىت جەھەتتە بىرىنچى بولۇپ، لوجىنيۈينىڭ ئەسىرى ئېلان قىلىندى ①. بۇ ئەسەر تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى مەلۇماتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە شۇ ئارقىلىق تارىخىي شىرونىكىلاردا زىكرى ئېتىلمىگەن جاڭ يىچاۋنىڭ پۈتۈن ھاياتىي پائالىيىتىنىڭ كۆرسىتىلىشىدىن ئىبارەت، مانا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن تەتقىقاتچى جاڭ يىچاۋنىڭ پائالىيىتى يېزىلغان ھەممىلا ئەسەرلەردىن ۋە دۆڭخۇاڭدا ساقلانغان تۈرلۈك ھۆججەتلەردىن ۋە قولىيازما خاتىرىلىرىدىن تولۇق پايدىلانغان.

شياڭدا جاڭ يىچاۋنىڭ لوجىنيۈي تەرىپىدىن يېزىلغان ھايات پائالىيىتىگە قوشۇمچە ۋەئېنىقلاش خاراكتېرىگە ئىگە مەخسۇس ماقالە يازدى ②. شياڭ دانىڭ ئەسىرى لوجىنيۈينىڭ ئەمگىكى نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ياكى مۇتەخەسسىسلەر ئۈچۈن مەلۇم بولغان يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا تۈزۈلگەن. شياڭ دا ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا «جاڭ يىچاۋ تىبەتلىكلەرنى قوغلاپ چىقاردى ۋە تاڭ دۆلىتى بىلەن بىرلەشتى» دەپ يازىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، مۇشۇ ئاپتورنىڭ پىكرىچە بولغاندا، بۇ تېررىتورىيە تىبەتلىكلەرنىڭ ئىستېلاسى تاماملانغاندىن كېيىن تاڭ دۆلىتى تەركىبىگە كىرگەن، گەنسۇ كارىدورىدا تىبەت ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەنگە قەدەر بولغان ۋە يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈستىدە بۇ يەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشى ھەققىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتلىكلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدە، نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى توپ ئاھالە بىلەن بولغان كۆرەشلەر ھەققىدە، جاڭ يىچاۋ بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى

① «‹تاڭنامە› دىكى ‹جاڭ يىچاۋنىڭ تەرجىمىھالى›غا قوشۇمچە» (بۇ ماقالە «ئىلىم مۇنبىرى مەجمۇئەسى» دە ئېلان قىلىنغان. 1914-يىل).

② «لۇشۈيەن (لوجىنيۈي) نىڭ ئەسىرىگە قوشۇمچە ۋە تۈزىتىش» دېگەن ماقالىگە قاراڭ. بۇ «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب بېيجىڭدا 1957-يىلى نەشىر قىلىنغان، 457 — 558 - بەتلەر.

ئوتتۇرىسىدا سوقۇشلار ھەقىقەتتە لام - جىم دېمەيدۇ.
بىز جاڭ يىچاۋ بىلەن تاڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئۆزئارا
مۇناسىۋەتنىڭ ئەسلى خاراكتېرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى تەپسى-
لىي تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمايمىز. بۇ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز دائىرى-
سىگە كىرمەيدۇ، لېكىن بۇ يەردە تاڭ دۆلىتىنىڭ ھېچقاچانداق
رېئال ھاكىمىيىتى بولمىغانلىقىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز، نۇرغۇنلى-
غان رەسمىي ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان «بويسۇندى»، «ئى-
تائەت قىلدى» دېگەن سۆزلەر تاكتىكا خاراكتېرىگىلا ئىگە گەپ-
لەردۇر. جاڭ يىچاۋ تاڭ دۆلىتىنىڭ مەركىزى بىلەن ئىشەنچلىك
مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ئەگرى - تو-
قاي يوللار بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولۇپ كەلدى. جۇڭگو
ئىمپېراتورى ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن بولسا
«ياۋايىلار» تېررىتورىيىلىرىدىكى ۋەزىيەت ئۆزلىرىنىڭ ئاسمان
ئاستىدا «ئالىي رەھبەرلىك» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھېچ-
قاچانداق توسقۇن بولۇپ كەلگەن ئەمەس. مانا مۇشۇ كونكرېت
ئەھۋالدا، چاڭئەندىكى ئىمپېراتور سارىيى جاڭ يىچاۋدىن ئۇنىڭ
قوزغىلاڭ قىلىپ چىققانلىقى توغرۇلۇق مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىش
بىلەنلا دەرھال مۇشۇ جايلاردا مەمۇرىي ئاپپارات «تىكلەش»
توغرىسىدا قىزغىن پائالىيەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى. ئەمەلدارلارنى
بەلگىلەش ۋە مۇكاپاتلاشقا كىرىشتى ۋە مۇشۇ ئىش بىلەن ئىم-
پېرىيىنىڭ ئۆزى تەلتۆكۈس يوقىلىپ كەتكەنگە قەدەر ئىخشماي
قەتئىي مەشغۇلات قىلدى. مىسال ئۈچۈن «كونا تاڭنامە»دىكى
تۆۋەندىكى مەلۇماتنى ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ مەلۇمات گۇەنخۇا
ئىدارە قىلىپ تۇرۇلغان دەۋرنىڭ 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى — جى سى
دېگەن كۈنى يېزىلغانىكەن (مىلادى 900 - يىل 9 - ئاي-
نىڭ 11 - كۈنى). بۇ مەلۇماتتا، جياڭ چىنپىن دېگەن ئادەم-
نى گۇيىيى ئۆلكىسىگە ھېراۋۇللۇققا ۋە گۇاجۇ، ساجۇ (دۇڭخۇاڭ)،
يىجۇ (قۇمۇل) ۋە شىجۇ (تۇرپان) لارغا نازارەتچىلىك ۋەزىپى-

گە تەيىنلىگەنلىكى يېزىلىدۇ، شىياڭ داغا گەرچە جاڭ يىچاۋ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى مانا مۇشۇ يەرلەرگە ھېچقانداق كېلىپ يەتمىگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، شىياڭ دا مانا شۇنى ۋە مۇشۇنىڭغا مەزمۇن جەھەتە ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا بىر مۇنچە خەۋەرلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، بۇ خەۋەرلەرنى مۇشۇ رايوندىكى تارىخىي ۋەزىيەت نۇقتىسىنەزەرىدىن شەرھلىمەيدۇ. 900 - يىلغا كەلگەندە جاڭ يىچاۋ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى پەقەت دۇڭخۇاڭدىلا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھاكىمىيەت نامى جەھەتتىنلا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىلا ساقلىنىپ كەلدى، شاڭ دانى بۇ نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەرنىڭ رەسمىيەت تەرىپىلا — يىللاردا ئېنىقلىق بارمۇ، يوق؟ ئەمەل - مەنسەپ، شۇ يەردىكى خىزمەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىسىم فامىلىرىدە ئېنىق بولمىغان تەرەپلەر بارمۇ، يوق؟ دېگەن تەرەپلەرلا قىزىقتۇرىدۇ. شىياڭ دا تاڭ دۆلىتى بىلەن دۇڭخۇاڭنى سوراپ تۇرغان جاڭ يىچاۋ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسۋەتلەرنىڭ ئەسلى خاراكتېرى ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ ئاچقان ئەمەس. تاڭ ئىمپېراتورى ئوردىسىدا يېزىلغان تۈرلۈك ھۆججەتلەرگە ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي قاراپ چىقىش ۋە بۇ ھۆججەتلەرنى دۇڭخۇاڭدا ساقلانغان ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇش بىزگە ئەڭ مۇھىم پاكىتلىق ماتېرىياللار تەقدىم قىلىدۇ. لېكىن بۇ ماتېرىياللارنى تەنقىدىي قارىماي، شۇ جايلاردىكى رېئال ئەھۋاللار بىلەن باغلىماستىن ئېلان قىلىشنىڭ ئۆزى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تېررىتورىيىلەرنىڭ تاڭ دۆلىتى تەركىبىگە كىرگەنە ئىمپېراتور ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ يەرلەردىكى رېئاللىقىنى مۇشۇ دىكومېنتلار ۋە تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ.

شاڭ دانىڭ ماقالىسىدە، تۈرلۈك مەنبەلەردىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار، شۇ جۈملىدىن، دۇڭخۇاڭدىكى قولىيازمىلار فوندى

ئىنچىكە تەھلىل قىلىنغان. ئاپتور دائىرىسى خېلى كەڭ مەسىلە-
لەردە توختىلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ
ماھىيىتى توغرۇلۇق ئانالىز ۋە كونكرېت خۇلاسىلىرى چوڭ
قىسمەتىكە ئىگە. بۇنىڭ ئۆزى جاڭ يىچاۋ جەڭنامىسىنى
تەتقىق قىلىشتا كەلگۈسى تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن چوڭ ياردەمدۇرە
جۇڭگونىڭ پېشۋا تەتقىقاتچىلىرىنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى
مەنبە ماتېرىياللارنى بەك ئوبدان بىلىشتە، پاكىتلارغا سادىق
بولغان ھالدا ئىنىق تەھلىل قىلىشتا، ئېنىق بولمىغان نەرسە-
لەرنى سىلىشتۇرۇش ۋە ئۆتۈلگەن خاتالىقلارنى كۆرسىتىشتىن
ئىبارەت بولۇپ كەلدى. لېكىن ئۇلار خەنزۇلارنى (جۇڭگونى؟)
مەركەز قىلىش كۆز قارىشىدىن ۋاز كېچىشكە قادىر بولالمىدى ۋە
ۋەقەلەر تەرەققىياتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە قاراپ چىقىشقا ئىنتىلمىدى.

بۇ ئەھۋال خېلى كېيىنكى خەنزۇ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئە-
سىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. جاڭ يىچاۋ قوزغىلىڭىغا فېڭ جياشېڭ،
مۇگۇاڭۋېن ۋە چېڭ سۇلۇمۇ دىققىتىنى كۆپ بۆلگەن، ئۇلار
تاڭ دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە جاڭ يىچاۋ ۋىلايەت-
كە باشلىق بولدى، ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ئۇنىڭغا قوشۇلغانىدى،
دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ، بۇنىڭدا ئىسپات تەرىقىسىدە «تاڭ سۇلالى-
سىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 97 ـ بېتىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ.
بۇ نەقىلنىڭ تېكىستى «كونا تاڭنامە» نىڭ 3.6 تېكىستىگە سۆز-
مۇ سۆز ئۇيغۇن. بۇ تېكىستنى بىز مۇشۇ كىتابنىڭ 2 ـ با-
بىدا كەلتۈردۇق، ئاپتورلار بۇ مەلۇماتنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش-
كە ئىنتىلمەيدۇ ۋە بۇنى ئىناۋەتلىك، راست دەپ قارايدۇ.①

---

① فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت قىسقى-
چە ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 1 ـ قىسىم، 1958 ـ يىلى بېيجىڭ
نەشرى، 5 ـ بەت.

ئايرىم ئاپتورلار خەنزۇلارنى مەركەز قىلىش كۆزقارىشىنى ئىس-
پات تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت، دەپ قوبۇل قىلىدۇ①.
«جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» دىكى (شاڭ يۆ تەھ-
رىرلىكىدىكى) جاڭ يىچاۋنىڭ قوزغىلىڭىنى شەرھلىگەن چۈشەندۈ-
رۈش ئۈستىدە بىر نەچچە ئىغىز سۆز قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.
كوللېكتىپ تەرەپتىن يېزىلغان بۇ ئەسەردە جۇڭگونىڭ تارىخى
قەدىمكى زاماندىن باشلاپ، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يې-
زىلغان. شۇڭلاشقا تەبىئىيكى، ئاپتورلار گەنسۇ كارىدورىدا IX
ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدىكى ۋەزىيەتكە كۆپ توختىلىپ ئۆتەل-
مەيدۇ، بۇ كىتابنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىدە: «پەقەت شۈەنزۇڭ
ئىدارە قىلىپ تۇرغان ۋاقىتنىڭ داجۇڭ 5 - يىلىدا (851 - يىلى)
ساجۇلۇق (گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇڭخۇاڭلىق) جاڭ يىچاۋنىڭ
قوماندانلىقىدىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرى خې خۈەن رايونى-
نى (گەنسۇنىڭ غەربىي شىمال قىسمىنى) ئازاد قىلغاندىلا غەر-
بىي شىمال چېگرىلىرى تىنچلىنىپ قالدى» دەپ يېزىلغان. مانا
مۇشۇ تېكىستنىڭ ئۆزىدە بىر نەچچە ئېنىقسىزلىقلار بار. مەسىلەن،
خې خۈەن رايونىنى تىرناق ئىچىدە (ھازىرقى گەنسۇنىڭ غەربىي
شىمال قىسمى) دەپ ئىزاھلايدۇ. ئەسلىدە بولسا، بۇ جاي چىڭ-
خەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ
ئېيتقاندا، خۇاڭخې دەرياسى بىلەن ئۇنىڭ سول تارمىقى خۈەن-
شۈي دەرياسى (...... خۈئەن) ياكى شىنىن دەرياسىنىڭ ئارى-
لىقىدىكى رايوندۇر. يەنى بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن جاي گەنسۇ
ئۆلكىسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، بۇ خاتالىق ئەس-
لى خەنزۇچە ئورىگىنالدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن رۇسچىغا تەرجىمە

① «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، 1955 - يىل بېي-
جىڭ نەشرى، 69 - بەتكە قاراڭ. 1959 - يىلى موسكۋادا نەشىر
قىلىنغان رۇس تىلىدىكىسىنىڭ 241 - بېتىگە قاراڭ.

قىلىنغان. «خەلق قوراللىق كۈچلىرى» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىش-
مۇ بۇ يەرگە توغرا كەلمەيدۇ، چۈنكى جاڭ يىچاۋ قوزغىلىڭى
خەلق تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى خەنزۇ ئېكسپلاتاتورلىرىنىڭ
يۇقىرى قاتلىمىدىن تەشكىللەنگەنلىكى بىزگە مەلۇم. مۇشۇ قىس-
قىغىنا بىر تېكىستكە قاراپ «ئومۇمىي بايان» نىڭ ئاپتورىنىڭ جاڭ
يىچاۋغا ئىمپېرىيىنىڭ بىر ئەمەلدارى سۈپىتىدە قاراۋاتقانلىقىنى
ۋە ئۇنىڭ قوزغىلىڭىنىڭ مەملىكەت چېگرىلىرىدا ئىنچىلىق ئورنى-
تىشتىكى رولىنى بەكمۇ كۆپتۈرۈپ يۇقىرى باھالاۋاتقانلىقىنى
چۈشەنگىلى بولىدۇ.
بىزگە تاڭ دۆلىتىنىڭ يېڭى ۋە كونا «تاڭنامە»لەردىكى
خىرونىكىلىرىدا جاڭ يىچاۋنىڭ ھايات پائالىيىتىنىڭ يېزىلماي
قېلىشى تاساددىپىي بىر ھادىسىدەك كۆرۈنمەيدۇ. ئەگەردە نەنسەن
ئېتەكلىرىدىكى ۋەزىيەت يۇقىرى مۆلچەرلىنىپ باھالانسا، جاڭ يىچاۋ
قوزغىلىڭىنىڭ تاڭ ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن بولغان ئەھمىيىتىگە
شۇ زامانىدىكى ئادەملەر كۆپتۈرۈپ باھا بەرمىگەنى-
كەن دېگەن خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ. ھاكىمىيەت
دائىرىلىرى جاڭ يىچاۋغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەن. بۇنى
جاڭ يىچاۋنىڭ ئىمپېراتور سارىيىدا نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغانلى-
قى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، ئۇ ئۆلگۈچە شۇ نەزەربەنتلىك ئاستىدا
ياشىغان، ئېھتىمال، ئۇنىڭ چەت ياقا جايىدىن كېلىپ چىققانلىق
ئەھۋالى ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇئەييەن
رول ئوينىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى-
نى لوجىنيۈي ۋە شاڭ دالارنىڭ جاڭ يىچاۋنىڭ ھاياتى ۋە پا-
ئالىيىتىنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئاساسىي ماتېرىيال-
لارنىڭ دۇڭخۇاڭدا تېپىلغان قولىيازمىلاردىن ئېلىنغانلىقىنى ۋاسى-
تىلىك ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

# ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نەنسەن تاغلىرى ئېتەكلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئاۋات قىلىش ئەھۋالىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ كۆرسىتىشتە مۇئەييەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئاز بولغانلىقى ۋە ئۈزۈك بولغانلىقىدىندۇر. بىزنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىمىز ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپات قىلىنمىغان نەرسە بولۇپ، ئاپتورنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن پېشۋالارنىڭ پەرىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر رايونلاردا IX ۋە X ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئەمەلىيەتتە ئىشلىنىپ بولدى. مۇئەييەن پەرەزلەرسىز شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىشىش ۋە يېڭى دۆلەت تەشكىللەش يولى ئۆزئارا ئىچكى كۈرەشلەر باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئىچكى كۈرەش ئۈچۈن ۋە بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا كەلگەن نەنسەن ئېتەكلىرىگە توپلىنىپ قالغان پارچە - پارچە ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىشكە توغرا كەلدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە دەل مۇشۇ چاغدىكى ئەھۋال ئىنكاس ئېتىلگەن. بۇيەردە ئۇيغۇر خاقانلىقى ناھايىتى تېزلىكتە يىمىرىلگەندىن كېيىن نەنسەن ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇلار تەشكىلسىز بىر توپتىن ئىبارەت ئىدى، دېگەن ئومۇمىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشقا

بولىدۇ. بىر قانچە مەنبەدىكى ماتېرىياللار مانا مۇشۇ گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنىڭ پارچە - پارچە تۇرلۇك قەبىلە - ئۇرۇقلارغا مەنسۇپ بولۇپ، كېيىن بىرلىككە كېلىپ شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدىكى پەرەزنى ئىسپاتلايدۇ. ئىككى «تاڭنامە»دىكى ۋە شۇنىڭدەك باشقا مەنبەلەردىكى بىرىنچى مەلۇماتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچكەنلىكى ئۈستىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى خاقانلىققا مەنسۇپ تېررىتورىيىلەردىن بىۋاستە تىبەتلىكلەرنىڭ زېمىنىنىڭ ياقىلىرىغا كەلدى، شۇجۇملىدىن، ئايرىم گۇرۇپپىلار تىبەت تېررىتورىيىسىنىڭ ئىچىگە (نەنسەن ئېتەكلىرىگە) — كۆچۈپ كىردى، دەپ كۆرسىتىلدى. باشقا گۇرۇپپىلار بولسا تىبەتلىكلەرگە مەنسۇپ يەرلەرنىڭ چەت ياقىلىرىدا كۆچۈپ يۈردى دەپ كۆرسىتىلىدۇ. يەنە شۇ ماتېرىياللاردا سەددىچىن يېنىدىكى ۋەقەلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىسىز تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن ئۇجې خاقان ئىتائىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ غەرب تەرەپكە كۆچۈپ كېلىشكە بولغان ئىنتىلىشلىرى بايان قىلىنغان. ئايرىم تەتقىقاتچىلار 866 - يىلىدىن كېيىن، ئارىدا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەستىنلا كۇچا خانلىقى يۇكۇچىن تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى شەرق تەرەپكە — نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كەلگەنلىكى ئېھتىمال، دېگەن پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدىكى تىبەتكە مەنسۇپ جايلاردا 727 - يىلىدىن كېيىن قېپقالغان ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇشى توغرىسىدا ھەقىقەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان گەپ - سۆزلەرمۇ بار.

ئۇجې خاقانغا مەنسۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كېلىش ئېھتىماللىقى ھەققىدە كېيىنرەك يېزىلغان ماتېرىياللاردا، مەسىلەن، «بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى يىلنامىلەردە ئېنىقراق سۆزلىنىدۇ. بەش دەۋردىكى تارىخىي يازمىلاردا سەددىچىن يېنىدىكى ئۇيغۇرلار شى شۇن ۋە جاڭ جۇنۇۋ ئىسىملىك قوماندانلار تەر-

يىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، قىپچاقلىغان ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپكە كۆچۈپ تىبەتكە بويسۇندى ۋە گەنسۇ كارىدورىدىكى تۆرلۈك ئورۇنلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ مەلۇماتنىڭ راست بولۇشىغا بەزى گۇمانلار بار. مۇشۇ ماتېرىيالنى تۈزگۈچى ئادەملەر ئۇيغۇرلارنى سەددىچىندىن غەرب تەرەپكە — تاغ ئېتەكلىرىگە كۆچتى، دەپ يازغاندا، نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدىكى يايلاقلار دېگەن سۆزنى ئالماشتۇرۇۋەتتىمىكىن، دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. «كونا بەش دەۋر تارىخى» دا بولسۇن، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دا بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىق تېررىتورىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ياكى غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە ياكى غەرب تەرىپىگە كۆچكەنلىكى توغرۇلۇق ھېچ نەرسە يېزىلمىغان. ئەگەردە، ئالىملارنىڭ قولىدا پەقەت مۇشۇ ئىككى مەنبەدىكى ماتېرىياللا بولغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى تامامەن باشقىچە بولۇپ كۆرۈنگەن بولاتتى. يەنى دەسلىپىدە سەددىچىن يېنىغا كۆچكەن، ئاندىن كېيىن غەرب تەرەپكە — نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىگە ۋە ئېھتىمال ئۇنىڭدىنمۇ نېرى كۆچكەن بولۇپ كۆرۈنگەن بولاتتى. «بەش دەۋر» تارىخىنى تۈزگەن ۋۇيەنشۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن يۆتكىلىش ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا خېلىلا تولۇق ۋە توغرا تەسەۋۋۇرغا ئىگە. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى بىرىنچى جۈملە سۆزدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئۇ كىتابخانلارنى تاڭ دەۋرىدىكى ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىشنى دەۋەت قىلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يىلنامىدىكى بۇ ئېنىقسىزلىقنى «بەش دەۋر» مەزگىلىدە شەكىللىنىپ قالغان ۋەزىيەتنىڭ ئىنكاسى، دەپ قاراش كېرەك. شۇ چاغدىكى مالىمانچىلىق ۋاقىتلاردا شىمالىي جۇڭگودىكى ئۆمرى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان «سۇلالىلەر» پەقەت ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەنلا قىزغىن سودا - تىجارەت ۋە

دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر ئېلىپ بارغان. مانا بۇ ئەھۋال شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىكى مۇناسىپ ساتىرلەردە تەپسىلىي يېزىلغان.

VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان مۇناسىۋەتلەر ئەلۋەتتە ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەنىدى. شۇڭلاشقا، تارىخچىلارنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدە ۋە ئۇنىڭدىن قالسا سۇلالە يىلنامىلىرىدە كۇچا ئۇيغۇرلىرى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار يوق.

«بەش دەۋر» مەزگىلى (تېرمىن سۈپىتىدە)، شۇنىڭدەك مۇشۇ دەۋرنىڭ ئىككى تارىخنامىسى پەقەت تارىخچىلارنىڭ ئەمگىكى تۈپەيلىدىنلا مەلۇم بولۇپ قالغان نەرسىلەر، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەملىكەتنىڭ جەنۇب تەرىپىدە «بەش دەۋر» مەزگىلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كەڭ ۋە كۈچلۈك، خېلى ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەن دۆلەت تەشكىلاتلىرى سۇلالە سۈپىتىدە يىلنامىگە كىرىش شەرىپىگە «لايىق بولالمىدى». بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، بۇ دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىرىدە مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە «ياۋايىلار» بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارىخىي خاتىرىلەر يېزىپ كەلگەن يىلنامىچىلەر تۇرغان قەدىمكى پايتەخت بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت.

جۇڭگونىڭ ھەممىلا مەنبەلىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتكە كېتىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىنىدۇ. گەرچە تىبەت شۇ چاغلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ خېلىلا تېررىتورىيىسىنى جۈملىدىن، ئېھتىمال ھەتتا تۇرپان ۋە 866 - يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ سابىق ئاھالىلىرى كۆچۈپ كېلىپ جايلاشقان بېشبالىق رايونىنىمۇ (ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ھەققىدە، مەنبەلەردە ئايرىم بايانلار بار) بۇرۇنقىدەكلا داۋاملىق كونترول قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتكە كەتتى، دېگەن سۆزلەردە نەنسەن تاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى جايلارغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ، دەپ ئويلىماقتىمىز. مانا خۇددى بىزنىڭكىگە ئوخشاش

كۆز قاراشنى ياپونىيە تەتقىقاتچىلىرى خېلى ئۇزاقتىن بۇيانلا قۇۋۋەتلىمەكتە. مەسىلەن، مورى ياسۇ تاكائوقا تارلىق ياپونىيە تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇرلار تىبەتكە كۆچتى دېگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ خېشى كارىدورىغا كەتكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، دەپ يازىدۇ (خېشى كارىدورى دېگەن رايون خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدۇر).

ئۇيغۇرلارنىڭ نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىنىڭ ھەسلەپكى مەزگىللىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە مۇستەقىل دۆلەت تەشكىل قىلغانلىقى جۇڭگو مەنبەلىرىدە بەكمۇ ئاز، يوقنىڭ ئورنىدا ئىپادىلەنگەنلىكىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق، بۇ ئەھۋال تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بارغانچە ئاجىزلىشىش تەرەپكە ماڭغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مەلۇم دەرىجىدىلا توغرا. تاڭ دۆلىتى ئۆزىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقلارغا قارىماي IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىر پۈتۈن مەركەزلەشكەن دۆلەت سۈپىتىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنى داۋاملاشتۇردى. تاڭ دۆلىتىنىڭ مەركەزدە بولسۇن ياكى مەملىكەتنىڭ چەت ياقىلىرىدا بولسۇن، بەكمۇ كەڭ تارماقلارغا ئىگە بولغان ۋە ئىنتايىن پىششىق يېتىلگەن دۆلەت ئاپپاراتى بار ئىدى. تاڭ دۆلىتىنىڭ دۆلەت چېگرىسىغا جايلاشقان مەمۇرىي ئاپپاراتى ئۆزىنىڭ باشقا ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى بىلەن بىرقاتاردا «ياۋايىلار» دۇنياسىدىكى ۋەزىيەتكىمۇ نەزەر سېلىپ تۇردى. «ياۋايىلار» نىڭ ئىشىغا ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن كېلىشىچە ئارىلاشتى، ئۇلارنىڭ يەرلىرىدە جۇڭگونىڭ خاھىشىغا پايدىلىق تەرتىپ ئورنىتىشقا ئىنتىلدى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە بۇرۇنقىدەك ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئىشلار مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرگە يېزىلىپ تۇردى. ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلار نېمانچىۋالا قىسقا ۋە ئۈزۈك؟ 200 يىلدىن بۇيان، چېگرىدىكى ئەمەل-

دارلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنى بولغان تىبەتلىكلەرگە مەركەزلەشكەنىدى، دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بەلكىم ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتكە مەنسۇپ نەنسەن تېغى ئېتەكلىرى رايونىغا بىرىنچى قېتىم كېلىشى تىنچ ئۇسۇلدا بولغان بولۇپ، تاڭ چېگرىسىدىكى مەمۇرىي ئاپپاراتىنىڭ كۆزىگە چېلىقماي قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنىڭدىن باشقا، جاڭ يىچاۋ ئۆزىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقلىرى توغرىسىدىكى يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتلىرىدا ئۇيغۇرلار ھەرىكىتىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى يامان غەرەزلەر بىلەن مەلۇم قىلماي قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇيغۇرلار قەدەممۇ قەدەم كۈچ توپلاپ باردى، دېگەن قاراشقىمۇ يول قويغىلى بولىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتلىكلەرگە قارشى دۈشمەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ تاڭ ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چوڭقۇرراق ئۆگىنىپ بېقىش ئۈچۈن، چوڭراق دىققەت - ئېتىبارىنى بۆلمىدى. «بەش دەۋر» مەزگىلىدە مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆزئارا نىزا ۋە ۋەيرانچىلىق تاڭ دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە قارىغاندىمۇ ئېغىرراق ئىدى ۋە بۇ ئەھۋال جىددىي خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. بەش ئاجىز «سۇلالە» مەملىكەتنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا شەكلەنلا بىرلەشتۈرەلىدى. لېكىن مەزكۇر سۇلالىلەرنىڭ يىلنامىلىرىدە نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەلۇماتلار بار. بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەشكىللىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى بىلەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ رايوندىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە مۇئەييەن رول ئوينىغانلىقى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو بىلەن قويۇق سودا - تىجارەت ئېلىپ بارغانلىقى قاتارلىقلار بىلەنلا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدىكى مۇنبەت يەرلەرنى، نەنسەن تېغىنىڭ شىمال تەرىپىنى بويلاپ سوزۇلۇپ يات-

قان كەڭ ئۇتلاقلارنى ۋە ئېندزىغول ۋادىسىنى ئۆزلەش-
تۈرۈشى قانداق ئەھۋالدا بولغان؟ ئەھۋالغا قارىغاندا،
ئۇيغۇرلارنىڭ تارقاق - تارقاق گۇرۇپپىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۈن
كەچۈرۈشىگە لازىم بولىدىغان ۋاسىتىلەردىن (چارۋىلاردىن) مەھرۇم
بولغان ھالدا بۇ رايونلارغا تىلەمچىلەر سۈپىتىدە باشقىلارنىڭ
خەير - ساخاۋەت قىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ كەلگەن بولۇشى ئېھ-
تىمال. بۇ يەردە مۇشۇ بىرىنچى قېتىم كەلگۈچى ئادەملەرنىڭ
قانۇنىي مەۋقەسى قانداق بولغانلىقى ئوچۇق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ-
لارنىڭ ئەركىن ئادەملەر قاتارىدا قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق.
لېكىن ئۇلارنىڭ تىبەتلىكلەر بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناس-
ۋىتىنىڭ شەكلىنى مۆلچەرلەشكە بولىدىغان ھېچقانداق ماتېرى-
ياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. جۇڭگو مەنبەلىرى تىبەتتە قۇلچىلىق تۈ-
زۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرۇلۇق مەلۇماتلار بېرىدۇ. «يېڭى تاڭ-
نامە»دىكى مەلۇماتلاردىن بىرنى كەلتۈرىمىز①.

«1. 2 خونمولار. بۇلارنى ‹ئۇمولار› دەپمۇ ئاتايدۇ — تىبەت-
لىكلەرنىڭ قۇللىرىدۇر. ياۋايىلارنىڭ قانۇنغا بىنائەن، ئەسكەر-
لەر يۈرۈشكە ئەۋەتىلگەندە باي ئائىلىلەر چىقىشى كېرەك. بۇ
باي ئائىلىلەرنىڭ كەينىدىن قۇللار ئەگىشىپ ماڭىدۇ [كۆپىنچە
بىر باي ئائىلىنىڭ كەينىدىن بىر قانچە ئونلىغان ئادەملەر
ئەگىشىپ بارىدۇ، شۇڭلاشقا تىبەتلىكلەرنىڭ ئادىمى كۆپ بولىدۇ].
زان كومبىزىر توپىلاڭ چىقارغاندا، قۇللار ئىتائەت قىلىدىغان ئا-
دەملەر قالىدى، بۇلاردىن بىر نەچچە مىڭ ئادەم بىر ئىتتىپاققا
كېلىپ ئۆزلىرىنى ئۇمو دەپ ئاتىدى ۋە گەنجۇ، سۇجۇ، گۇاجۇ،
ساجۇ، خېجۇ، مىنجۇ، ۋېيجۇ، خوجۇ، دىجۇ ۋە دەنجۇ ئايماق-
لىرىدا كۆچۈپ يۈردى، تىبەتلىكلەرنىڭ ئوردىسىغا يېقىنراق تۇ-
رىدىغانلىرى ھەممىسىدىن باتۇر چىققى ۋە ئۇلارنىڭ بەكمۇ ئوب-

① چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان قوشۇمچىلار «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىن ئېلىنغان.

ـدان ئاتلىرى بار ئىدى. ئاخىرىغا كەلگەندە، تىبەتلىكلەرنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغان بىر قىسمىمۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.»

تىبەتلىكلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى قولغا چۈشۈرۈپ ئەسىرگە ئالار ئىدى. شۇ ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەردىنمۇ ئۇمولارغا قوشۇلۇپ كېتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلارنى ئەسىرلەر ئىدى، دەپ ھېسابلاشقا بولامدۇ؟ ۋ. ئا. بوگاسلوۋسكى ئۆزىنىڭ كىتابىدا، تىبەت دۆلىتىدىكى بېقىندى ئاھالىنىڭ كاتېگورىيىلىرى ۋە ئەھۋالىنى بەك تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىپ: «VII — IX ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى تىبەت جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى مەسىلە ھازىرقى ۋاقىتقا قەدەر يېشىلمىگەن مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن①.

تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدا نىسبەتەن ئاز ساندىكى ۋە بەك قىسقا يېزىلغان مەلۇماتلار بار. لېكىن مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن ۋە شۇ چاغدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، تىبەتلىكلەرنىڭ پارچە - پارچە بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ گۇرۇپپىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا ۋە ئۇلارغا مۇئەييەن بىر ياردەم كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە، جۈملىدىن، قانداقتۇر كونكرېت بىر شەرتلەر ئاستىدا تىبەتكە قاراشلىق تېررىتورىيىلەر ئىچىدە كۆچۈپ يۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەرگەنلىكى توغرىسىدا خېلىلا تولۇق ئاساسلىق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ. ۋەقەلەر تەرەققىياتىنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشى شۇ چاغدا تىبەتتە شەكىللىنىپ قالغان ۋەزىيەت بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇ چاغلاردا تىبەتتە ئۇلارنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ

① «تىبەت تارىخىدىن ئوچېركلار»نىڭ 92 — 124 - بەتلىرىگە قاراڭ.

كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن مالىماتچىلىق، باشباشتاقلىق كۈنساناپ ئەۋج ئالماقتا ئىدى. تىبەت فېئوداللىرى جەڭ قىلالايدىغان كۈچلۈك ئادەملەرنى ئۆز يېنىغا توپلاشقا ئۇستا ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى كۈرەشلىرىدە پايدىلىنىشقا ۋە بەلكىم تاشقى دۈشمەنلەر بىلەن بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان توقۇنۇشلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئويلىغانلىقلىرى تولۇق ئېھتىمالدۇر. يېڭى تاڭنامىدە مانا مۇشۇنى ئىسپاتلايدىغان تولۇق مەلۇمات بار.

847 - يىلى يېزىلغان بۇ ھۆججەتتە تىبەتلىكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ (جۇڭگو مەنبەلىرى بۇ ئەھۋالنى مانا مۇشۇنداق مۇقىملاشتۇرىدۇ)، تاڭ دۆلىتىنىڭ ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ رايونلىرىغا توغرا كېلىدىغان چېگرىلىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدە «بۇ رايونلار — تاڭ دۆلىتىنىڭ غەربىي چېگرىسى» ئىكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ مەنبەدە يەنە، مۇشۇ ھۇجۇمغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنى تاشلاپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان جەڭلەرگە قاتنىشىپ تۇرغان. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۆزلىرىگە كۆرسىتىلگەن «مېھماندوستلۇق» نىڭ بەدىلىگە قانلىرى بىلەن جاۋاب بەرگەن. «يېڭى تاڭنامە» دە، تىبەتلىكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىكتە سوقۇش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارغانلىقلىرى توغرىسىدىكى مەلۇمات ئازغىنا پەرق قىلغان ھالدا تەكرارلىنىدۇ.

جاڭ يىچاۋنىڭ ئىسيانى 848 - يىلى، بەلكىم بۇنىڭدىن سەل بالدۇر باشلانغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ 11 ۋىلايەت (شەھەر)نى «ئازاد قىلغان» لىقى توغرىسىدىكى دوكلاتى چاڭئەنگە 851 - يىلى يېتىپ كەلدى. شاڭ دانىڭ كۆرسىتىشىچە گەنجۇ ۋە لەنجۇ ئايماقلىرى دەسلەپتە تىبەتلىكلەر قولىدىن

ئازاد قىلىنمىغانىدى. شۇڭلاشقا، جاڭ يىچاۋنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئەكىلىۋاتقان ئەلچىلىرى سوقماق يوللارنى بويلاپ تيەندى قورغىنى ئارقىلىق ماڭىدى، بۇ قورغان خۇاڭخې چوڭ ئەگمىسىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىن تەخمىنەن 100 كىلومېتىر شىمالغا جايلاشقانىدى. مانا مۇشۇ ماتېرىياللارغا قاراپ، قوزغىلاڭ رەھبىرىنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتنى قانچىلىك دەرىجىدە ئاشۇرۇپ يازغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا جاڭ يىچاۋنىڭ قول ئاستىدا بىۋاستە ساجۇ (دۇڭخۇاڭ شەھىرى)، گۇاجۇ (ئەنشى شەھىرى) ۋە شۇ شەھەرلەرگە بىۋاستە ئۇلىنىپ كەلگەن ئانچە كۆپ بولمىغان يەرلەر قارىغان بولسا كېرەك. «يېڭى تاڭنامە»دىكى «تىبەتلەر ھەققىدە قىسسە» دە 849 — 850 - يىللىرى يەنى جاڭ يىچاۋ خېشى كارىدورىدىكى شەھەرلەرنى «ئازاد قىلىپ بولغان»دىن كېيىن، بۇ يەرلەردە تىبەتلىكلەرنىڭ باشلىقى بولغان زان كومبىزىر ھۆكۈمران سۇلالىنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن بەلكىم خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان باشقا بىر رەھبەر بىلەن جىددىي كۆرەشلەر ئېلىپ بارغان ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش مۇشۇ بارلىق بايان ۋە شەخسلەرنىڭ تەزكىرىلىرىدە سۆزلىنىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ يىللىرى بەك ناچار يېزىلغان، پەقەت بىر - ئىككى يىللار — 849 - ۋە 851 - يىلىلا كۆرسىتىلگەن (851 - يىلى جاڭ يىچاۋنىڭ ئوردىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ كېلىپ - كەتكەن ۋاقتى كۆرسىتىلگەن). مانا مۇشۇ ئىككى قولىيازما ئارىلىقىدا خېلىلا ئۇزۇن بىر تېكىست (خەنزۇچىسى 720 خەت چامىسىدا) بولۇپ، بۇنىڭدا تۇرلۇك ۋەقەلەر، جۈملىدىن زان كومبىزىرنىڭ قوراللىق كۆرىشى بايان قىلىنىدۇ. مەزكۇر رايوندىكى ئەھۋالنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر نەقىل كەلتۈرىمىز.

«2. 2 [زان] كومبىزىر شەن [جۇ]، قۇ [جۇ]، گۇا [جۇ]، سۇ [جۇ]، يى [جۇ] (خامى)، شى [جۇ] (تۇرپان) ئايماقلىرىدا

چوڭ ۋەيرانچىلىق يۈرگۈزدى، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يەرلەردە كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىپ باردى، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى تاغ بولۇپ كەتتى. ئۇ يۈرۈپ كەتكەن يەرلەردە ۋەيران بولغان جايلارلا قالدى.»①

بۇ رايوندىكى ۋەزىيەتكە باھا بەرگەندە تاڭ ھاكىمىيىتى ۋەكىللىرىنىڭ زان كومبېزېر بىلەن قويۇق سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغانلىقىغا ۋە ئۇنى جۇڭگو تەرەپكە ئۆتۈشكە دەۋەت قىلغانلىقىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «يېڭى تاڭنامە»دە كۆرسىتىلىشىچە زان كومبېزېرنىڭ تەلەپلىرىنىڭ بەك چوڭ بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ سۆھبەتتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىنمىغان. تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرا رايونلاردىكى مەمۇرىيىتى تىبەت دۆلىتى ئىچىدىكى خانىۋەيرانچىلىقتىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئۇرۇندى، تىبەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بىلەنمۇ سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلارنى تاڭ دۆلىتىگە ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى. مەسىلەن، داجۇڭ 3 - يىلى 12 - ئايدا فۇجۇ ۋىلايىتىنىڭ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسىدىكى رايون) تىبەت ئاھالىسى تاڭ ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلدى. 851 - يىلدىن كېيىن تىبەتلىكلەرنىڭ رەھبىرى شاڭ يەنسىڭ خېجۇ ۋە ۋېيجۇ ئايماقلىرى بىلەن تاڭ دۆلىتىگە ئىتائەت قىلدى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدا، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن فۇجۇ شەھىرىنىڭ شىمالىدا؛ ھازىرقى لەنجۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا). جاڭ يىچاۋ ئۆزىنىڭ «ئازاد قىلىنغان رايون»لىرىنى سانىغان چاغدا، تىبەتلىكلەرنىڭ رەھبىرى شاڭ يەنسىڭ تاڭ دۆلىتىگە ئىتائەت قىلغاندا بىرلىكتە بويسۇنغان خېجۇنىمۇ كىرگۈزۈۋاپتىكەن. بۇنىڭدىن پارچىلىنىشقا يۈز تۇتقان تىبەت دۆلىتىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ۋەزىيىتى بەك مۇرەككەپ بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە مۇستەقىللىك ئۈچۈن تۈرلۈك ئامىللار بىلەن كۆرەش ئېلىپ بارغان.

① «يېڭى تاڭنامە»، 1613 - جىلد، 85 - بەت.

كىشىنى ئۆزىگە دىققەت قىلدۇرىدىغان يەنە بىر قىزىق نەرسە
شۇكى، 849 - يىلى بىلەن 851 - يىللار ئارىلىقىدىكى ۋەقەلەرگە
مۇناسىۋەتلىك ھەممىلا مەنبەلەردە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ھېچقانداق
مەلۇمات بېرىلمەيدۇ.

نەنسەن تاغلىرى ئېتەكلىرىدە تىبەتلىكلەر ئاجىزلاشقان-
سېرى، بۇ يەردىكى ئۇمولار بارغانچە كۈچىيىپ باردى. بۇ يەر-
لەردە تىبەت ھاكىمىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇمو-
لار كۈچلۈك يۈرگەن ئون ئايماقنىڭ رويخېتىنى يۇقىرىدا بىز
كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. جۇڭگو مەنبەلىرى ئۇلارنى بىزگە قۇللار
سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. گامىلتون «يېڭى تاڭنامە»نىڭ مۇنداق
مۇقىملاشتۇرۇشىغا قارشى چىقمىغان ھالدا، ئۇلار تىبەتلىكلەر كەت-
كەندىن كېيىن، گەنجۇدا قالغان ئارىلاشما ئاھالىدۇر، دەپ يازىدۇ.
ئۇنىڭ پىكرىچە، ئۇمولارنىڭ ئارىسىدا تىبەتلىكلەر ئامىللىرى كۆپ-
رەك بولغان، «يېڭى تاڭنامە» دىكى ھەممىگە بەك كەڭ مەلۇم
بولغان ۋە ئۇمولار ھەققىدە ئەڭ كۆپ مەلۇمات بېرىلگەن تېپ-
كىستتە بىر نەچچە مىڭ ئۇمولارنىڭ بىرلەشكەنلىكى ۋە ئۇلار-
نىڭ يۇقىرىدا ساناپ كۆرسىتىلگەن ئايماقلارنىڭ بەزى رايونلىرىدا
ياشاپ كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇ مەلۇمات بىرئاز گۇمان پەيدا
قىلىدۇ، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن «بىر نەچچە مىڭ» دېگەن سان IX
ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇمولارنىڭ كۆرسەتكەن خېلىلا زور
رولىغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. ئېھتىمال، بۇ يەردە خاتالىق يۈز بەر-
گەن بولسا كېرەك، ئەسلىدە «بىر قانچە ئون مىڭ» بولۇشى
كېرەك. يەنە شۇ بابنىڭ ئۆزىدە تىبەتلىكلەرنىڭ شاڭ يەنسىڭ
ئىسىملىك رەھبەرلىرىنىڭ تاڭ دۆلىتى تەرەپكە ئۆتكەنلىكى ئۈس-
تىدە گەپ قىلىنغاندا، ئون مىڭ چېدىر (ئائىلە) (ئەسلى تېكىستتە
ئون مىڭ جاڭ ‹张› چېدىر دەپ ئېلىنغانىكەن)، خونمۇ (ئۇمو)
لارمۇ تىلغا ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ خېجۇ ۋە ۋېيجۇ — ئىككى
ۋىلايەت تېررىتورىيىسىنى ئىگىلىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. مۇشۇ

ئىككى ۋىلايەت يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ئون ۋىلا-
يەت روۋيخىتىنىڭ ئىچىدە بار. مانا مۇشۇ مەلۇمات ئەسلى تېكىست-
تىكى ساندا خاتا كەتتىمىكىن، دېگەن گۇماننى ئىسپاتلاپ كۆر-
سىتىدىغۇ، دەپ ئويلايمىز.

ئۇمولارنىڭ تاڭ ئىمپېراتورى سارىيىغا ئەۋەتكەن بىرىنچى
قېتىملىق ئەلچىلىرى 862 - يىلى كەلگەن. يەنى زان كومبېزىر
ئۆلتۈرۈلۈشتىن خېلىلا بالدۇر بولغان. زان كومبېزىر 866 -
يىلى قوجۇ رايونىدا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ
بازىسى بار ئىدى. بۇ ۋىلايەت جاڭ يىچاۋنىڭ يۇقىرىغا يوللى-
غان غەلىبە ھەققىدىكى غەلىبە خەۋىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ، ئەمما
مەنبەلەردىكى ماتېرىياللاردا بۇ ۋىلايەتكە تاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ
پەقەت 866 - يىلىلا كىرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ (ھازىرقى چىڭخەي
ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى گۇيدى ناھىيىسى).

بىزگە تاڭ دۆلىتى بىلەن ئۇمولار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-
ئارا مۇناسىۋەت خاراكتېرىنى ئاز بولسىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدىغان
جۇڭگو مەنبەلىرىدىن مەلۇماتلار مەلۇم ئەمەس. تاڭ ئوردىسىغا
ئۇمولار بىرىنچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەندىن كېيىنكى 40 — 50
يىل ئىچىدە ئۇمولار سارايغا ئارىلاپ ئەلچىلەر ئەۋەتىپ تۇرغان.
ئەپسۇسكى، بۇ ئەلچىلەر ئۈستىدە يېزىلغان بايانلار بەك
قىسقا ۋە چولتىدۇر. ئەلچىلەر كەلگەن ۋاقىتتىكى يىل، ئايلار، ئۇ-
لارنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئولپانلىرىلا يېزىلغان، ئەلچىلەرنىڭ
ئىسىملىرىنىمۇ بەزى چاغلاردا يازمىغان، بۇ يەردە: «ئەلچى»
ۋە «ئولپان» دېگەن سۆزلەرنىڭ كەينىدە نېمە مەنىلەر يوشۇرۇ-
نۇپ تۇرىدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. ئەگەردە، تىبەتلىكلەرنىڭ
سابىق قۇللىرى يېقىندا ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنلىرىدىن ئازاد بول-
دى ۋە بىرەر تەرەپتىن ياردەم ئېلىشقا جىددىي مۇھتاج، دەپ
قارالسا، ئۇمولارنىڭ ھەقىقىي ئەلچىلەر ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا

مۇھاكىمىلەر تولۇق ئورۇنلۇق بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇمولارنىڭ شەرق تەرەپتە تاڭ دۆلىتىدىن ياردەم سوراشلىرى تولۇق مەنتىقىلىك بولىدۇ. چۈنكى، تاڭ دۆلىتى ئۇمولارغا زۇلۇم قىلىپ كەلگەن، تىبەتلىكلەر بىلەن ئىككى يۈز يىلغا يېقىن ئۇرۇش ئېلىپ بارغان كونا دۈشمەن ئىدى. مەنبە، ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلگەن ئۇمولار ئەلچىلىكىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئولپان مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ تېرمىننى بۇ جايدا ئادەتتە ئەلچىلەر ئۆزلىرى ئالغاچ كېلىدىغان ئەنئەنىۋى سوۋغا - سالام دەپ چۈشىنىش كېرەك. بىز، شۇ چاغلاردا ئەلچىلەرنىڭ يولغا چىقىش ۋاقىتلىرىغا توغرىلاپ راسلانغان سودا كارۋانلىرىنىڭ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىنىمۇ رەت قىلمايمىز، لېكىن بۇ ئەھۋالنىمۇ ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يوق. بۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ رايونلاردىكى ۋەزىيەتنىڭ زادى مۇقىملىشىپ كېتەلمەسلىكى، دائىم بولۇپ تۇرىدىغان توقۇنۇشلار «ھەممەيلەننىڭ ھەممىگە قارشى كۈرەشلىرى» خەلقئارا سودا - تىجارەتنىڭ راۋاجلىنىشلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنىمۇ ھازىرلاپ بەرمىدى. ئۇمولارنىڭ ئەلچىلىرى ئۈستىدىكى مەلۇماتلاردا، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئولپان - سېلىقلارنىڭمۇ رويخىتى يوق. بۇ رويخەت بولغان بولسا، مۇشۇ ئولپانغا ۋەكالەتلىك قىلغۇچى ئەلچىلىكنىڭ ئادەتتىكى سودا كارۋىنىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، بۇنى بىلگىلى بولاتتى.

مۇشۇ يۇقىرىدا يېزىلغان ئەھۋاللاردىن IX ئەسىرنىڭ 50 — 60 - يىللىرى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە نەنسەن ئېتەكلىرى رايونلىرىدىكى ئۇمولارنىڭ ئەھۋالى ۋە شۇ يەرلەردىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت توغرۇلۇق تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن: ئۇمولار تىبەتلىكلەرنىڭ قۇللۇقىدىن ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، سان جەھەتتىن خېلىلا نۇرغۇن بولغان بىر قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشتى. ئۇلار كەڭ تېررىتورىيە ئۈستىدىن نازارەت ئورنىتىشقا ۋە تاڭ دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشتى، ئىككىنچى تور-

لوڭ قىلىپ ئېيتقاندا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى شەكىللەنگەن ۋە بۇ ئىتتىپاق ۋەقەلەر پايدىلىق تەرەپكە قاراپ راۋاجلانغان شارائىتتا بىر كۆچمەن دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىپ قېلىش ئېھتىمالىغا مۇمكىنچىلىك بار ئىدى. شۇ چاغلاردا تاڭ ئىمپېرىيىسى بۇ رايوندىكى ئىشلارغا كەڭ مىقياستا ئارىلىشىشنى تەشكىللەشكە چارىسىز ئىدى. تاڭ ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى چەكلىك ھەربىي ھەرىكەتلىرى بىلەن ۋە شۇ يەرلەردىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزلىرىنىڭ خارجى خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش چارىلىرى بىلەنلا چەكلەندى، شۇڭلاشقا ئۇمۇلارنىڭ ئەلچىلىكىمۇ ماھىيەتلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئى. پىنكس خانىمنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئانچە جايىدا چۈشمىگەن بىر جۈملە سۆزىگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پىنكس خانىم مۇشۇ رايونلاردىكى خېلىلا كېيىنكى ۋەقەلەر ئۈستىدە يەنى، ئۇنىڭ مۆلچەرىچە، 872 - يىلى گەنجۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئەمما، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار گەنجۇدىن تىبەتلىكلەرنىڭ قۇللىرى ئۇمۇلار ۋە تۇيغۇنلار تەرىپىدىن يېڭىباشتىن سىقىپ چىقىرىلدى.» بۇ يەردە «تىبەتلىكلەرنىڭ قۇللىرى» دېگەن سۆز پەقەت جايىدا ئەمەس؛ ئۇمۇلار بۇ چاغدا ئەركىن خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىنى ئىگىلەۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئۇيغۇرلارغا قارشى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان خەلق ئىدى.

شۇ چاغلاردا تاڭ ئەسكەرلىرى زان كونبېزىر بىلەن ۋە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى باشقا تىبەت قەبىلىلىرى بىلەن كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئادەتتە، تاڭ دۆلىتى ئۆزلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ خىزمەت قىلىشنى ئىپادىلىگەن كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىقلىرىدىنمۇ كەڭ پايدىلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىم توغىبات خۇەيگۇەندىن پايدىلاندى. مەنبەلەردىكى مەلۇ-

ماتلارغا قارىغاندا، كۆرەش جىددىي بولغان، تىبەتلىكلەر قاتتىق
قارشى تۇرغان ۋە قايتۇرما ھۇجۇملارغىمۇ ئۆتكەن. مەسىلەن،
«يېڭى تاڭنامە»دە كۆرسىتىلىشىچە: تىبەتلىكلەر شەنجۇ (چىڭخەي ئۆلـ
ـكىسىدىكى ھازىرقى لېدۇ) قەلئەسىنىڭ كومەندانتى جاڭ جىيۇن
تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ
قالغان قىسىملىرى بىنجۇ ئايمىقى (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چېگرىـ
ـسىدىكى چاڭئەننىڭ غەربىي شىمالىدا) گە ۋە نىڭجۇ ئايمىقىغا
(گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ۋە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ
چېگرىسىدىكى ھازىرقى نىڭشيەن ناھىيىسىگە) ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ
كىرگەن. توغبات خۆيگۆن شەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى 10 - ئايدا بەش
يۈز ئاتلىق ئەسكەر بىلەن زان كومبېزېرنىڭ قوماندانلىق ئورنى
جايلاشقان كوجۇغا چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئۇنى
تىرىك تۇتۇۋالغان، قاتتىق قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، شۇ چاغلارـ
ـدىكى ئادەت بويىچە كاللىسىنى كېسىپ چاڭئەنگە ئەۋەتىپ
بەرگەنلىكى مەلۇم ①.

ل. ن. گۇمىليوۋنىڭ مۇشۇ ۋەقەلەرنى بايانلاپ يازغانلىرىنى
ئوقۇسىڭىز پۈتۈنلەي باشقىچە تەسەۋۋۇر پەيدا بولۇپ قالىدۇ.
ئۇ «ئۇيغۇرلار ۋە خەنزۇلار تىزلىك بىلەن جەنۇب تەرەپكە ــ كۆكـ
نۇر (چىڭخەي كۆلى ئەتراپى) غا يېتىپ كەلدى ۋە گوۋۇ دېگەن
كىچىك شەھەردە (ھازىرقى شىنىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە)
ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. زان كومبېزېر ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىـ
ـلىنىپ، ئۆزى ئەسىرگە چۈشتى. ئاۋۋال پۇتى كېسىپ تاشلاندى.
866 - يىل 12 - ئاي ئىچىدە چاڭئەنگە تىبەتنىڭ ئۈزۈل - كېسىل
تارمار قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات بىلەن زان كومبېزېر

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 250 -
جىلد، شەنتۇڭ 1 - يىلى (866 - يىل)، 1956 - يىلى نەشر قىلىنغان 9 - توم
8156 - بېتىگە قاراڭ.

نىڭ كاللىسى ئېلىپ كېلىندى» دەپ يازغان①. بۇ يەردە تەس-
ۋىرلەنگەن ئەھۋال ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ
قەيەردىن قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ۋە قايسى رايوندىن
ئۇلار خەنزۇلار بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ «جەنۇب تەرەپكە — كۆك-
نۇرغا يېتىپ كەلگەن» لىكى چۈشىنىكسىز. بەلكىم، گەنجۇ را-
يونىدىن تارىختا گوفەن ۋە نەنسەن تاغلىرى ئارقىلىق كەلگەن-
مىدۇ؟ ئەگەر گەنجۇدىن كەلدىمىكىن دېسەك، ئۇ يەردە شۇ چاغلاردا
ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ خەنزۇلار يوق ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ
ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ تىبەتلىكلەرگە قارشى
ئۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات
ئومۇمەن يوق. «تىبەت ئۆزۈل - كېسىل تارمار قىلىندى» دېگەن
جۇڭگو ئەپسانىسىنى ل. ن. گۇمىليوۋنىڭ تەكرارلىغانلىقىمۇ كى-
شىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي باشلىقلىرى
مەركەزگە مۇشۇنداق دوكلات ئەۋەتىشكە تېگىشلىك بولغانلىقلىرىدا
گۇمان يوق. بۇ يەردە مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك -
غەرەزلىك ئىكەنلىكىنى رەت قىلىدىغان قانداقتۇر بىر ئىسپات
كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنىۋاتقىنى يوق. چۈنكى زان كومبېزېر
(شەن كۇنجو) بىلەن بولغان كۈرەشنىڭ تىبەت دۆلىتىنىڭ شەر-
قىي چەت ياقىلىرىدا تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرا بويلىرىدا
بولۇۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىش. تىبەتنىڭ مەركىزىي رايون-
لىرىدىكى ۋەقەلەر توغرۇلۇق ۋە شۇنىڭدەك زان كونبېزېرنىڭ
ھالاك بولۇشىنىڭ تىبەت دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بولغان
قانداقلا بولمىسۇن تەسىرىنى جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلاردىن
بىلىش تامامەن مۇمكىن ئەمەس. بۇنى بىلىش ئۈچۈن باشقا ما-
تېرىياللاردىن ھەممىدىن ئاۋۋال تىبەتنىڭ ئۆزىنىڭ ماتېرىياللىرى-
دىن پايدىلىنىش كېرەك.
جۇڭگو مەنبەلىرىدە IX ئەسىرنىڭ 50 — 60 - يىللىرى

① گۇمىليوۋ: «قەدىمكى تۈركلەر» 1967 يىلى، موسكۋا نەشرى، 434-بەت.

نەنسەن تېغى ئېتەكلىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا تېررىتورىيىلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ يەردە بىز ئۇيغۇرلار ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن بىزگە مەلۇم بولغان بىردىنبىر ئىزاھاتنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

«3. 2 ... سۈي جۇن سۇجۇ ئايىمىقىنىڭ باشلىقلىقىغا ۋە ئۇيغۇرلارغا پەرمان تاپشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئەلچىلىككە تەيىنلەندى.»①

مانا مۇشۇ ھۆججەتكە «داجۇڭ 10 - يىلىنىڭ 11 - ئېيى» دېگەن ۋاقىت يېزىلغان. ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش بۇ ھۆججەتنى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر ۋەقە بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولمايۋاتىدۇ. بۇ ئەلچىنىڭ قايسى يەردىكى ئۇيغۇرلارغا — نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدە كۆچۈپ يۈرگەنلەرگىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارغا بېرىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم. تېكىستتە كۆرسىتىلگەن سۇجۇ ۋىلايىتى مەملىكەتنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە جايلاشقان. بۇ ۋىلايەتنى تاڭنىڭ مەشھۇر ۋىلايىتى، تاڭ دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى (بۈگۈنكى جيۇچۈەن ناھىيىسى) ۋىلايەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بۇ تېررىتورىيە تاڭ دۆلىتى تەركىبىدە ئەمەس ئىدى. بۇ ۋىلايەتلەرنى خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئىپادىلەشمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بۇ تېكىستتىن كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدىغان بىردىنبىر خۇلاسە تاڭ دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپمۇ قالمىغان، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئۈچۈن، قانداقتۇر بىرەر چارىلەرنىمۇ قوللانغان دېگەنلىكتىنلا ئىبارەت.

---

① «كونا تاڭنامە»، 18-جىلد، 170-بەت، «يېڭى تاڭنامە»نىڭ پاراللېل تېكىستىدە بۇ مەلۇمات يوق.

IX ئەسرنىڭ 70 - يىللىرنىڭ بېشىدا نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلار، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بىرلىككە كېلىشى ھەمدە بۇ جەرياننىڭ چوڭقۇرلىشىشى نەتىجىسىدە خېلى دەرىجىدە كۈچ - قۇۋۋەت تاپقان. شۇڭلاشقىمۇ، مۇشۇ ئەھۋال تاڭ دۆلىتىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدى. مۇنداق خۇلاسە جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى بىرمۇنچىلىغان مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ مەلۇماتلارنى بىز تۆۋەندە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

«4 . 2 كېيىنچىرەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (جۇڭيۈەن) رايونلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا نۇرغۇنلىغان ئاپەتلەر يۈز بەردى ۋە ئىمپېراتورنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمىدى. گەنجۇ ئايىمىقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى، گۇيىي ئۆلكىسى شەھەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىمۇ قولدىن چىقىپ كەتتى.» ①

پىنكىسىمۇ مۇشۇ ۋەقەلەرنى «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتابقا ئاساسلىنىپ يازىدۇ، بۇ مەنبەلەردىكى تېكىستلەر تامامەن دېگۈدەكلا بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پەقەتلا «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى ئاخىرقى جۈملىسى «يېڭى تاڭنامە» دىكى تېكىستكە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ تەپسىلىي قوشۇمچىلار بىلەن بايان قىلىنغان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دىكى ئاخىرقى جۈملىسى مۇنداق:

«5 . 2 گۇيىي ئۆلكىسىگە ئىتائەت قىلغۇچى باشقا ئۆلكىلەر كۆپىنچە چەن ۋە خۇلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى.» ②

---

① «يېڭى تاڭنامە»، 2166 - جىلد، 92 - 96).

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 252 - جىلد، شەنتۇڭ 13 - يىلى (872 - يىلى)، 1956 - يىلى نەشر قىلىنغان، 9 - توم، 8164 - بەت.

مانا مۇشۇ تېكىستكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ پېنكىس ئۇيغۇر-
لارنىڭ گەنجۇنى ئىگىلىۋالغان ۋاقتى 872 - يىلى، دەپ خۇلاسىگە
كېلىدۇ. بۇنداق خۇلاسىگە كېلىش ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن
ئەمەس. «يېڭى تاڭنامە»دە ۋە شۇنىڭدەك «ئەللىك ئىدارە قى-
لىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇنى
ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ ۋاقتى كۆرسىتىلمىگەن. بۇ مەلۇمات 872-
يىلى ۋاپات بولغان جاڭ يىچاۋنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ۋە ساۋ يىجىن-
نىڭ گۇيىيغا ئۆلكە باشلىقى (ھىراۋۇل) لىق ۋەزىپىسىگە بەل-
گىلەنگەنلىك خەۋىرى ئارقىسىدىنلا يېزىلىدۇ.

«2·6 شەنتۇڭنىڭ 8 - يىلى (867 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن
868 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى) جاڭ يىچاۋ ئوردىغا قايتىپ كەلدى.
ئۇنىڭغا ئادىل، پەۋقۇلئاددە ھەربىي شۆھرەتكە ئىگە ئارمىيە نا-
زارەتچىسى، دېگەن ئۇنۋان بېرىلىپ ئۇنىڭغا تۇرار جاي ۋە يەر-
زېمىن ئىنئام قىلىندى. ئۇنىڭ كىچىك ئۇكىسىنىڭ ئوغلى [جاڭ]
خۇەيشېڭ گۇيىيى ئۆلكىسىنى ئىدارە قىلىپ قالدى. [شەنتۇڭ]
13 - يىلى (872 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 873- يىل
1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە) [جاڭ يىچاۋ] ۋاپات بولدى. ساجۇ
ۋىلايىتىنىڭ ئىشلىرىنى ۋىلايەت باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى ساۋ
يىجىن باشقۇرۇپ تۇردى. كېيىن بۇ ئادەم گۇيىيى ھىراۋۇللۇقىغا
تەيىنلەندى.»①

مانا شۇ نەقىلدىكى «ساۋ يىجىن 872 - يىلى ھىراۋۇل بولدى»
دېگەن سۆزدە خاتالىق بار. بۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكى خېلىلا
بۇرۇن ئېنىقلانغان. ساۋيىجىننىڭ دۇڭخۇاڭدىكى ھاكىمىيىتىنى
پەقەت X ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئىگىلىۋالغانلىقى مەلۇم ئەمەسمىدى؟
ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇنى ئىشغال قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھەر
ئىككىلا مەنبەدىكى مەلۇمات «كېيىنرەك» (2·4 - تېكىست) سۆزى

① «يېڭى تاڭنامە»، 2166 - جىلد، 92 - بەت.

بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ سۆز ئانچە مۇئەييەن ئەمەس. بىر-بىرىگە
ئانچە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا
ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ 872 - يىلنى كۆرسىتەلمەيدى-
غانلىقى ئېنىق. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار گەنجۇغا 872 - يىلى كىر-
دى، دېمەك مۇقىملاشتۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئەمەس. ئې-
پېنكىس «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»گە
ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلار گەنجۇدىن
ئومۇ ۋە تۇيغۇنلار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى، دەپ
يازىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا «يېڭى تاڭنامە»نىڭ ۋە «ئەلنى ئىدا-
رە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ، ئوتتۇرا ئەسىر-
دىكى باشقا ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ گەن-
جۇنى ئىشغال قىلغان ۋاقتىنى بىلمىسە كېرەك.
«2·7 چەنفۇ 1 - يىلى 12 - ئايدا (875 - يىل 1 - ئاينىڭ
11 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە) دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنى
ئىدارە قىلىش ئۈچۈن يارلىق چۈشۈرۈشنى سورىدى. خىزمەتكە
تەيىنلەنگەنلىك توغرىسىدىكى يارلىقنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن
چى جۇنجۈينى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشكە يولىيورۇق بېرىلدى.
دەل مۇشۇ چاغدا ئۇيغۇرلار تۇيغۇن ۋە ئومۇلار تەرىپىدىن
مەغلۇپ قىلىندى ۋە نامەلۇم تەرەپكە قېچىپ كەتتى.»①

مانا مۇشۇ مەلۇماتتا ئۇيغۇرلارنى ئومۇلار ۋە تۇيغۇنلارنىڭ
يەڭگەنلىكى سۆزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، گەنجۇ ياكى ئومۇمەن
قانداقلا بولمىسۇن باشقا بىرەر رايوننىڭ نامى كۆرسىتىلمەيدۇ.
ئومۇلار يالغۇز گەنجۇ ۋىلايىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ چوڭ
ئاھالىلىك پونكىت (ۋىلايەتلىك شەھەرلەر — 2·1 - تېكىستكە

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
250 - جىلد، چەنفۇ 1 - يىلى (874 - يىلى)، 1956 - يىل نەشرى،
9 - توم، 8172 - بەت.

قاراڭ) رايونلىرىدا كۆچۈپ يۈرگەنىدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى يىل (875·11 · 9 – 1 · 11) ئۇيغۇرلارنىڭ مەغلۇپ قىلىنغان يىلىنى ئەمەس، بەلكى تاڭ ئەلچىسىنىڭ پەرمان كۆتۈرۈپ كەلگەن ۋاقتىنى ۋە ئۇيغۇرلار-نىڭ ئۇ كەلگەن يەردە يوق بولغانلىقى بىلىنگەنلىكىنى كۆر-سىتىدۇ. ئۇيغۇرلار خېلىلا بالدۇر مەغلۇپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى بۇ مەلۇمات ئومۇمەن ئالغاندا «كونا تاڭنامە» (2·3 - تېكىستكە قاراڭ) دىكى يۇقىرىدا بىز زىكرى قىلىپ ئۆتكەن سۈي جۇڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا بارىدىغان ئەلچى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتقا مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاپراق كېتىدۇ. توغرا، بۇ يەردە چى جۇنجۇينىڭ نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى (ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇمولارنىڭ تونۇشقانلىق پاكىتىدىن نەنسەن ئۇيغۇرلىرى دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ) ئۇيغۇرلارغا ئەۋەتىلگەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلىنىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق مۇشۇ بايانىدىن يەنە باشقىچە پايدىلىق مەلۇمات چىقارغىلى بولمايدۇ.

IX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا مۇشۇ يەردە شەكىللەن-گەن ۋەزىيەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پاي-دىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى يەنە بىر مەلۇماتقا دىققەت بىلەن قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەلۇماتتا، ئۇي-غۇرلارنىڭ تيەندى قەلئەسىگە بېسىپ كىرگەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلىنىدۇ. مانا مۇشۇ ھۆججەتتە يېزىلغان ۋاقىت، يىل نامەلۇم ئۇيغۇرلارغا پەرمان تاپشۇرۇپ بېرىش ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان مەلۇماتنىڭ يىل، ۋاقتى بىلەن ئوخشايدۇ.

«2·8 چەنفۇ (乾符) (875· 11·9 – 1· 11) 1 - يىلى-نىڭ 12 - ئېيىدا تاڭغىتلار ۋە ئۇيغۇرلار تيەندى ۋىلايىتىگە

ھۇجۇم قىلىپ كىردى.»①

ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ ھەمكارلاشقانلىقى توغرىسىدىكى پاكىت بۇ ھەقتە باشقا قانداقلا بولمىسۇن مەلۇمات يوق ئەھۋال ئاستىدا IX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم گۇرۇپپىلىرى كەڭ تېررىتورىيىگە چېچىلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنىلا ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مانا مۇشۇ گۇرۇپپىسى بولسا تيەندىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايغا — ئوردۇسنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئورۇنغا جايلىشىۋالغان بولۇشى كېرەك. بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان بىر گۇرۇپپىسىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە قولىمىزدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

يېقىندا مورى ياسۇتاكائو بارلىق مەلۇم بولغان تېكىستلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇنى ئىشغال قىلغانلىق مەسىلىسىگە يېڭىدىن توختالدى ۋە ئوخشاش خۇلاسىگە كەلدى. ئۇنىڭ مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى مەلۇم دەرىجىدە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەرەزلەردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ توغرۇلۇق بۇ يەردە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. مورى ياسۇ تاكائو ھەممىدىن ئاۋۋال گەنجۇنى ئىگىلىۋالغان ئۇيغۇرلار بىلەن («يېڭى تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە يىل ۋاقتى يېزىلمىغان مەلۇماتلار، 2.4 -، 2.5 - ۋە 2.6 - تېكىستلەرگە قاراڭ) ئۇمو ۋە تۇيغۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خەلق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ھېچ يەردە مەلۇمات يوق، دەپ كۆرسىتىدۇ (2.7 - تېكىستكە قاراڭ؛ مورى ياسۇ تاكائونىڭ ماقالىسىدىكى C4. C2. C1 تېكىستلىرىگە قاراڭ). مورى ياسۇ تاكائونىڭ كۆرسى-

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 252 - جىلد، چەنغۇننىڭ 1 - يىلى (874 - يىلى)، 1956 - يىل نەشرى، 9 - توم، 8172 - بەت.

تمشچه، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە (C1) «يېڭى تاڭنامە» (C2) دە، ئوخشاشلا بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈلگەن، يەنى جاڭ يىچاۋنىڭ ۋارىسى جاڭ خۇەيشىننىڭ ئورنىغا هەر ئىككى تېكىستە خاتا هالدا ساۋيىنچىن دەپ يېزىلغان، مانا بۇ ئەھۋال مۇشۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى پايدىلانغان ئورتاق بىرىنچى قول مەنبە بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، مۇشۇ بايان قىلىنغان تېكىستلەردىكى شەنتۇڭنىڭ 13 - يىلى (872 - يىلى) جاڭ يىچاۋنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىدۇر. «يېڭى تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ ئاپتورلىرى باشقا يېڭى ۋاقىتنى كۆرسەتمەستىنلا ئۆزلىرىنىڭ بايان قىلىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. شۇڭلاشقا مۇشۇ تېكىستلەردە سۆزلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا هېچقانداق مۇناسىۋەت يوق. ئالىمنىڭ پىكرىچە، مۇشۇ تېكىستلەردە سۆزلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار خېلۇچۇەن ئۇيغۇرلىرى (ئىدىزىنغول ئۇيغۇرلىرى) بىلەن هېچقانداق ئورتاقلىقى يوق.

شۇنداق قىلىپ مۇشۇ يۇقىرىقى ئېيتىلغانلاردىن بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇيغۇرلار گەنجۇنى 872 - يىلى ئىشغال قىلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن كۆز قاراشلىرى خاتا بولغان بولىدۇ. نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتىدىكى بەك مۇهىم بۇ ۋەقەنىڭ ۋاقىت - يىلى نامەلۇم ئىكەنلىكىنى ئەپسۇس بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ ئاپتورلىرى خەۋەر - مەلۇماتلارنىڭ يوقلۇقىنى جۇڭگودا يۈز بەرگەن خانىۋەيرانچىلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. پەقەت نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ، نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدە بولسا گەنجۇنى ئىشغال قىلغان ئۇيغۇرلار كۈچىيىپلا قالماستىن ۋە باشقا بىر مۇنچە قەبىلىلەرمۇ شەهەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ قەد كۆتۈرگەندى.

875 ـ يىلدىن 902 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئىچىدە، جۇڭگو مەنبەلىرىدە نەنسەن تىغى ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ ئەھۋال تاڭ دۆلىتىنىڭ ھالاكەتلىك ئەھۋالدا تۇرغانلىقى بىلەن تولۇق ماس كېلىدۇ. 902 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېزىلغان تاڭ يىلنامىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئەسلەپ ئۆتكەن ئاخىرقى مەلۇماتلىرىنى تەھلىل قىلىپ تۇرۇپ مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

«2·9 [تيەنفۇ ئىككىنچى يىلىنىڭ 4 ـ ئاي ياز پەسلىدە] شىنچيۇ كۈنى (10 ـ كۈنى) (902. VI. 5) ئۇيغۇرلار ئولپان بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ياردەمگە بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىشكە[رۇخسەت قىلىشنى]سورىدى. ئىمپېراتور شياۋزۇڭ دارىلئۇلۇمنىڭ مىرزىسى خەن ۋۇغا رۇخسەت قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق جاۋاب مەكتۇپ يېزىشقا بۇيرۇق قىلدى.»①

خەن ۋۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشنىڭ جۇڭگو ئۈچۈن ئەپلەشمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزىنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە بۇ تەكلىپ رەت قىلىندى. مانا مۇشۇ مەلۇماتتا ۋە شۇنىڭدەك يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن باشقا بىر قانچە تېكىستلەردە (2·3 ـ ۋە 2·7 ـ تېكىستلەرگە قاراڭ) بۇ يەردە قانداق ئۇيغۇرلار ئۈستىدە گەپ كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق ئەمەس. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەملىكەتكە كېلىپ قېلىشى بىلەن يۈز بېرىدىغان پايدىسىز نەتىجىسى توغرۇلۇق خەن ۋۇنىڭ كەڭ مۇھاكىمىلىرىنىڭ ئاخىرىدا تۆۋەندىكى جۈملە بار:

«2·10 خاقانغا يېزىلىدىغان مەكتۇپتا كىچىك دائىرىدىكى

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 263 ـ جىلد، تيەنفۇنىڭ 2 ـ يىلى (902 ـ يىلى)، 1956 ـ يىل، 9 ـ توم، 8573 ـ بەت.

ھۇجۇملار توغرۇلۇق كۆرسەتمە بېرىلسۇن. ياردەم كۆرسىتىش ئۈچۈن كېلىشكە رۇخسەت قىلىنمىسۇن.»①

2·9 - ۋە 2·10 - تېكىستلەردىكى مەلۇمات ئاساسىدا ئىككى خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ: بۇ ئۇيغۇرلار، ئەگەردە تاڭ دۆلىتىنىڭ بىۋاستە قوشنىلىرى بولمىغان تەقدىردە تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىلاردىن يىراق بولمىغان جايلىرىدا ياشىغانلىقلىرى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى شۇ باسقۇچتا بولغانكى، ئۇلارنىڭ باشلىقى ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتاپ يۈرگەن. مانا مۇشۇ ئامىللار بۇلارنىڭ پەقەت گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇنى مەركەز قىلىپ بىرلىككە كېلىشى شۇنچىلىك دەرىجىدە ئىلگىرىلىدىكى، ئۇلار چوڭ قۇدرەت تاپتى ۋە تاڭ دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئارزۇلىرى پەيدا بولدى. ئەھۋالغا قارىغاندا، شۇنىڭدىن 150 يىل ئاۋۋال ئۆكتۈك ئىسيانى ۋاقتىدىكى 1 - قېتىملىق شۇنداق ئارىلىشىشنىڭ تەجرىبىسى بۇ قېتىممۇ تۈرتكە بولغان بولسا كېرەك.

بۇ يەردە ئايرىم تەتقىقاتچىلارنىڭ تاڭ دۆلىتىگە ئىككىنچى قېتىم «ياردەم قىلىش» مەسىلىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىتىنى ئىدىيىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلىرى توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئى. پىنكس تاڭ ئىمپېراتورىنىڭ ياردەمنى رەت قىلىش سەۋەبلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «... خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغان بولارمىزمۇ ۋە ئاخىر كېلىپ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىگە چۈشۈپ قالارمىزمۇ دېگەن ئەندىشىلەر تۈپەيلىدىن ياردەمنى رەت قىلدى.

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 263 - جىلد، تيەنفۇ 2 - يىلى (902 - يىلى).

خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئەنئەنىۋى دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگۈچىلەرنىڭ ياردەم بېرىش ھەققىدىكى بۇ تەكلىپى كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار سەلتەنىتىنىڭ مەركىزى شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە بۇ مەركەز ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە سىياسىي رول ئويناشقا قادىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ». مۇشۇ جۈملىنىڭ ئۆزىدە لوگىكىلىق قارىمۇ قارشىلىق مەۋجۇت. ئۇيغۇرلار «ئەنئەنىۋى دوستلۇق، ياردەم كۆرسىتىشكە» ئىنتىلىدۇ، خەنزۇلار بولسا بۇ ياردەمنى قوبۇل قىلىشتىن قورقىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلارنى پەقەت ئەمەلىي ئوي - پىكىرلەرلا ھەرىكەتكە كەلتۈرگەن. بۇ ئەھۋالنى تاڭ دۆلىتىنىڭ دىپلوماتلىرى بەك ئوبدان چۈشەنگەن. بۇ دىپلوماتلار ئۆچلۈك - سۆيگىن بىلەن بولغان كۆرەشتە ئۇيغۇرلارنىڭ «كۆرسەتكەن ياردىمى» مەملىكەت ئۈچۈن نېمىگە توختىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.

ئى. پىنكىس د. ر. گامىلتوننىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلىنىپ، خېشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلار گويىي ئۆلكىسىگە شەكلەن باغلىنىشتا ئىدى دەپ تەكىتلەيدۇ، مانا بۇ رىۋايەتنى ھۆججەتلەر تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، جاڭ يىچاۋ ۋە ئۇنىڭ يېقىن ۋارىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تاڭ ئىمپېراتورىغا يوللىغان دوكلاتىدا بولسۇن ۋە شۇنىڭدەك يەرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ھۆججەتلەردە بولسۇن، بەك بېزەپ كۆرسىتىپ كەلدى. ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدە جۇڭگو ئوردىسىنىڭ ئىشخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىلغان ئۇسۇللاردىن تولۇق ۋە ئۇنۇملۇك ھالدا پايدىلاندى. تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدىكى نۇرغۇنلىغان دۇڭخۇاڭ ھۆججەتلىرى، بولۇپمۇ رەسمىي خاراكتېرگە ئىگە بولمىغان ھۆججەتلەر مۇشۇ رايون ۋەزىيىتىدىكى قورقۇنچلۇق كەسكىن بۇرۇلۇشلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان

جىددىي، تولۇق رېئال ئەھۋالنى (خەنزۇنى؟ مەركەز قىلغان
چۆمپەردىنى ئالدىنئالا قايرىۋېتىپ تۇرۇپ) تەسۋىرلەپ
كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

ئايرىم ئاپتورلار دۆڭخۇاڭدىكى ۋەزىيەتكە باھا بەرگەندە
تارىخىي ئەسەرلەرگە، يىلنامىلەرگە ۋە تۈرلۈك ھۆججەتلەردە
ئەزەلدىنلا خاس بولۇپ كەلگەن غەرەزلىك بىر تەرەپلىمىلىك-
نى ئۇنتۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، د. ر. گاملىتون: «... ئۇيغۇرلارنىڭ
بويسۇنغانلىقى گويىي ھاكىمىيىتى ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن
ئۆزلىرىنى قوغداشقا مەجبۇر بولغاندا يۈز بەرگەن كېلىشمەسلىك-
لەر دۆڭخۇاڭدىكى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10 يىلىدىن تا X ئەسىر-
نىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئارىلىقىدىكى تېپىلغان، نۇرغۇن-
لىغان قولىيازمىلار رەسمىي مەكتۇپلار، بايانلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
نەرسىلەر بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭلارنى،
تېررىتورىيىلەرنى بېسىۋېلىشنى، بۇلاش - تالاشلارنى ۋە باشقا
جىنايەتنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇرلار ھېسابىغا يازىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.
مۇشۇ نەقىلنىڭ ئاپتورى نەنسەن، تېخى ئېتەكلىرىدىكى
ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بەك ئوبدان چۈشىنىدۇ. لېكىن
بۇنىڭ يازغانلىرىدىن دائىم چاپادا قېلىپ دەرد تارتقان،
ئۇۋال قىلىنغان تەرەپ گويىي ئۆلكىسى ھاكىمىيىتى دېگەن
خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. مانا مۇشۇ تېپىس خەنزۇنى مەر-
كەز قىلىشنىڭ ئوچۇق چۆمپەردىسىنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگو
ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاكتىكىسى ئۆزلىرىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن
بولغان ھەر قانداق توقۇنۇشلارنى قوشنىلارنىڭ ئىتائەت قىلماسلىقى-
نىڭ ئىپادىسى، ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى دەپ قاراپ
كەلگەنلىكى بەكمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ۋە مۇشۇ تاكتىكىغا
ھەمىشە ۋاقىتلاردا ئېغىشماي رىئايە قىلىپ كېلىنىدى. چاڭ يىچاۋ ۋە
ئۇنىڭ ۋارىسلىرى مانا مۇشۇنداق ھىيلە - نەيرەڭلىك ئۇسۇللار-
نىڭ بىر يۈرۈشىنى تولۇق ئىگىلەپ ئىشلەتتى.

جۇڭگو مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان ئاز ساندىكى مەلۇماتلارنى تازا مۇھىم يېرىدە تولۇقلايدىغان كىشىنى بەكمۇ قىزىقتۇرىدىغان مەلۇماتلار خوتەنلىكلەر تىلىدىكى ھۆججەتلەردە تېپىلىدۇ. مانا مۇشۇ ھۆججەتلەرنىڭ تەتقىقاتى ئۈستىدە بەي لى شۇغۇللاندى. مانا مۇشۇ ھۆججەتلەردە تىبەتلىكلەر، ئۇيغۇرلار ۋە مۇشۇ رايوندا ھاكىمىيەت تالىشىشقا ئىشتىراك قىلغان دۇڭخۇاڭ ئەسكەرلىرىدىن باشقا، يەنە بىر قانچە قەبىلىلەر كۆرسىتىلگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: تۈركلەر لۇڭجا ئىسىملىك سىرلىق قەبىلە، چۇمۇل، تاردۇش، تىبلى، خوتەنلىكلەر ۋە باشقىلار. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بەك كىچىك، تارقاق گۇرۇپپىلار بولۇپ، مەركىزىي ئاسىيانى ئوتتەي - توختەي قىلىۋاتقان بەكمۇ دەھشەتلىك ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، مۇشۇ رايونغا كېلىپ قالغانلاردۇر. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قەبىلىلەر ھەر بىرى يېگانە ھالدا مۇستەقىللىك تالىشىش ئۈچۈن بەك ئاجىز كېلىپ قالدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولغان ئۇنداق ياكى مۇنداق گۇرۇپپىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

IX ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا، نەنسەن تىبغى ئېتەكلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمىز. مۇستەھكەم شەھەرلەردە، شۇ قاتاردا جۇڭگودىن ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولغان جاڭ يىچاۋ ئائىلىسى ئۆزلىرى جايلاشقان ساجۇغا ئوخشىغان شەھەرلەردە ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل شەھەر ئاھالىسى تۇرۇپ كەلدى. ھاكىمىيەت بېشىدا خەنزۇلار تۇرغان دۇڭخۇاڭ بىلەن ئىتتىپاقداش مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ دۇڭخۇاڭغا مەلۇم دەرىجىدە ئىتائەت قىلىپ كەلگەنلىك ئېھتىمالى ھەم مۇستەسنا قىلىنمايدۇ. نەنسەن تىبغى ئېتەكلىرىنىڭ كەڭ دالالىرىدا ئورغۇنلىغان تارقاق قەبىلىلەر

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى، بۇ قەبىلىلەر
ئۆزئارا سوقۇشۇپمۇ كەلدى. مۇشۇ كۈرەشلەر داۋامىدا، ئۇيغۇرلار
قەدەممۇ قەدەم راۋاج تېپىپ بىرىنچى ئورۇنغا چىقتى ۋە ئاخىرىدا
ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولدى. كىچىك قەبىلىلەرنىڭ بىر
قىسمى بۇ رايونلارنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، بىر قىسمى ئۇيـ
غۇرلارغا ياكى شەھەر ئاھالىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى. شەھەرلەردە
قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - تىجارەت مەركەزلەشتى. شەھەر
ئەتراپىدا يېزا ئىگىلىكىمۇ بولۇپ كەلدى. مانا مۇشۇنداق شەھەرلەر
بىلەن يايلاق - ئوتلاقلىقلار ئوتتۇرىسىدا يا ئۇنداق، يا بۇنداق دەرى
جىدە تىنچلىق مۇناسىۋەت ئورنىدى. شەھەرلىكلەرمۇ ۋە يايلاق -
ئوتلاقتىكىلەرمۇ نورمال ئەھۋالدا لازىم نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇشقا
مەنپەئەتدار بولۇپ كەلدى، مانا مۇشۇنداق مۇناسىۋەت مۇشۇ ئىككى
تەرەپنىڭ بىرى تولاراق چاغلاردا كۆچمەنلەر كۈچ توپلاپ بىر
كۆچمەن دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ نازارەت ئاس
تىغا مۇشۇنداق شەھەر مەركەزلىرىنىمۇ ئېلىشقا ئۇرۇنغىچىلىك
ساقلىنىپ كەلدى.

# ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ تەشكىل بولغان ۋاقتىنى شەرتـ
لىك ھالدا 902 ـ يىلى دەپ ھېسابلايمىز. ئەھۋاللارغا قارىغاندا
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشۇپ بىرلىككە كېلىش جەريانى ۋە ئۇلارنىڭ
دۆلـەت تـەشـكىل قىلىشى شـۇ يـىللارغـا كـەلگـەنـدە خېلىلا
دەرىجىدە ئالغا باسقانىدى. ئۇلار شۇ چاغلاردىلا خەلقئارا سەھنىگە
چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ۋە تاڭ دۆلىتىنىڭ ئىچكى
ئىشلىرىغا ئارىلىشىش دەرىجىسىگە يېرىپ يەتكەنىدى. 907 ـ يىلى
تاڭ ئىمپېرىيىسى ھالاك بولدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو پارچىـ
لىنىش ۋە ئىچكى مالىمانچىلىقلار دەۋرىگە قەدەم باستى. مانا بۇ
دەۋر تارىختا «بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىق» نامى بىلەن مەلۇمدۇر.
ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى شۇ چاغلاردا جۇڭگونى باشقۇرۇپ تۇرغان
«سۇلالە» لىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى، مانا بۇ
مۇناسىۋەتلەر جۇڭگو مەنبەلىرىدە بەك ئوبدان ئىنكاس قىلىنغان.

نەنسەن تېخى ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن ئەلـ
چىلەر ھەققىدىكى بىرىنچى مەلۇمات بەش دەۋردىكى
909 ـ يىلدىكى يىلنامىدە بېرىلگەن، يەنى كېيىنكى لياڭ دۆـ
لىتى (907—923) قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەلگەنلىكى يېزىلـ
غان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەلچى 911 ـ يىلى كېلىپ، ئۇيغۇرلار
خاقانىنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرغان. مەنبەدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئىسـ
پاتلىشىچە ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىشىچە، ئۇيغۇرـ
لارنىڭ ئەلچىلىكى چوڭ ھۆرمەت ۋە تەنتەنە بىلەن قوبۇل قىـ
لىنغان. ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن 3 ـ ۋە ئاخىرقى ئەلـ
چىلىك كېيىنكى لياڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە چيەنخۇا 2 ـ يىـ

لىنىڭ 11 - ئېيىدا يېتىپ كەلگەن (12 • 912 - 9•1 •913). ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەلچىلەر 924 - يىلىلا كېيىنكى تاڭ دۆلىتى (923 — 936) نىڭ سارىيىغا كەلدى. ئارىلىقتا مۇنچىۋالا ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قېلىش تاسادىپىي بولغان ئىش ئەمەس. بۇ ئەھۋالنىڭ ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن دۇڭخۇاڭدىكى تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى شەكىللىنىپ قالغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ ۋە كېيىنكى لياڭ دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوقتۇر.

IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، دۇڭخۇاڭنى ئاۋارىگەرچىلىككە سالغان ئۆزئارا نىزالار جاڭ يىچاۋنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىرى بولغان جاڭ چىڭفېڭ تەرىپىدىن جاڭ جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن تاماملاندى. جاڭ چىڭفېڭ 905 - يىلى تاڭ دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولماي قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تاڭ دۆلىتى بىلەن پەقەت نام جەھەتتىلا بولۇپ كەلگەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، مۇستەقىل «غەربىي خەن ئالتۇن تاغ دۆلىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، ئۆزىگە «ئاققا پۈركەلگەن تەڭرى ئوغلى» دېگەن ئۇنۋان بەردى. بۇ دۆلەتنى تەشكىل قىلغۇچىلارنىڭ ئوي - پىكرىچە، مەزكۇر مەملىكەتنىڭ دائىرىسىگە بەكمۇ كەڭ تۆت رايون يەنى دۇڭخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى يەرلەر، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى، قۇمۇل ۋە تۇرپان ئويمانلىقى كىرىشى لازىم ئىدى. شۇنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش زۆرۈركى، مانا شۇ رايونلارنىڭ ھەممىسى تاڭ ئىمپېراتورى سارىيىدا ئىشلەپ چىقىرىلغان ھۆججەتلەر بويىچە گويىي ئۆلكىسى تەركىبىگە ئەنئەنىۋى ھالدا يېزىپ قويۇلاتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا مەزكۇر رايونلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايتتى. ھۆججەتلەردە دۇڭخۇاڭدىكى ئاتىدىن بالىغا ۋارىس بولۇپ كەلگەن ھاكىمىيەتنىڭ تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكى قەيت قىلىندى.

«غەربىي خەن ئالتۇن تاغ دۆلىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر جاڭ چېڭفېڭنىڭ مانا مۇشۇ رايونلاردا ئەمەلىي نازارەت ئورنىتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. «غەربىي خەن ئالتۇن تاغ دۆلىتى»نىڭ تەشكىللىنىشىگە دائىر ۋەقەلەر د. ر. گاملتوننىڭ ۋە ئى. پىنكسىننىڭ كىتابلىرىدا بەك تەپسىلىي بايان قىلىنغان. گاملتوننىڭ كۆرسىتىشىچە، جاڭ چېڭفېڭ گەنجۇ ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان ۋە مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزى باش بولغان چوڭ بىر دۆلەت قۇرۇش نىيىتىدە بولغان. گاملتوننىڭ پىكرىچە، مەزكور دۆلەتنىڭ نامىمۇ مۇشۇ مەقسەتكە مۇۋاپىق قويۇلغان بولۇپ، بۇ نام ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، دېگەن مۆلچەردە بولغان. جاڭ چېڭفېڭ «ئاقا پۈركەلگەن تەڭرى ئوغلى» دېگەن ئۇنۋانىنى ئۆزىگە تاللىۋالغان چاغدىمۇ، شۇ يۇقىرىقىدەك ئوي - پىكىرلەردە بولغان. گاملتون بۇ ئۇنۋاندىكى ئاق تۇسنى مانى مۇرتلىرىنىڭ كېيىپ يۈرىدىغان كىيىمىگە باغلايدۇ. ئەگەردە گاملتوننىڭ «ئاقا پۈركەلگەن» دېگەن سۆزىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى مانى دىنىدىكىلەرنىڭ كىيىپ يۈرىدىغان ئاق كىيىمگە تەقلىد قىلىنغان، دەپ ئىزاھلىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بولسىمۇ، «ئالتۇن تاغ» دېگەن سۆزنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، دېگەن بايانى سەل گۇمان تۇغدۇرۇپ قويىدۇ. تەتقىقاتچى ت. ۋەندىكىچە يازىدۇ: «ھەقىقەتەن جاڭ چېڭفېڭ بۇ ئۇيغۇر ئۆلكىلىرى» گە ناھايىتى چوڭ كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تولۇق بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە «غەربىي خەن ئالتۇن تاغ پادىشاھلىقى» دېگەن نامنى يېڭى دۆلەت ئىسمى سۈپىتىدە تاللىۋالغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. چۈنكى جىنسەن(金山) — ئالتۇن تاغ «ئالتاي تاغلىرى» نامى بىلەن شەرتسىز قوشۇلۇپ كېتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا مەلۇم ۋاقىت جىنسەن(ئالتۇن تاغ)، شىجۇ(西州) دېگەن ۋىلايەتنىڭ «ئۆزىنىڭ نامى بو-

لۇپ كەلگەنىدى». ئەگەر، يېڭى دۆلەت نامىدىكى «ئالتۇن
تاغ» دېگەن سۆز ئالتاي تاغلىرى، دېگەن نامغا ئېلىپ بارىدۇ،
دېگەن مۇھاكىمە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، دەپ يول قويۇلـ
غاندىمۇ، 713 — 742 - يىللار ئارىلىقىدا تۇرپان ئويمانلىقىدىـ
كى ۋىلايەتكە «جىنسەن» (ئالتۇن تاغ) دەپ نام بېرىلگەن
بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى
ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، دېگەن گەپ ئوخشاشلا يېـ
شىلمەيدۇ. ئۇرقۇن رايونىدا شەكىللەنگەن بۇ كۆچمەن خەلق
ئالتايدا ياشىغان ئەمەس. ئەسلى ئۇيغۇرلار خاقانلىقى هالاك بولـ
غاندىن كېيىنمۇ ئالتاي رايونىغا كۆچۈپ كەلمىگەن، ئۇلار شەرقىي
تىيانشان رايونىدىمۇ پەيدا بولمىغان. يېڭى دۆلەت نامىدىكى
«ئالتۇن تاغ» دېگەن سۆزنى تۈرك سۆزى بولغان ئالتاي سۆـ
زىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ،
مەنبەلەردە كۆپىنچە جىنلىڭ (金岭) ئالتۇن تاغ تىزمىلىرى
دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بوغدا تاغ تىزمىلىرى نامىنىڭ خەنزۇچە
ئېيتىلىشىنىڭلا ئىنكاسىدۇر. بۇ تاغلار تۇرپان ئويمانلىقىنى شىـ
مال تەرەپتىن قورشاپ تۇرىدۇ ۋە بۇ ۋىلايەتنىڭ نامى ۋە بۇ
يەردىكى هاكىمىيەت ئورنى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ نامى مۇشۇ تاغلار
نامىغا قويۇلغان.

تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدىن تىيانشانغىچە بولغان كەڭ
رايونلارغا ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشقا دەۋا قىلىپ چىققۇچى—
يېڭى پەيدا بولغان تەڭرى ئوغلىنىڭ ئورۇنۇشلىرىغا نەنسەن تېغى
ئېتىكىدىكى ئۇيغۇرلار دەرهال ئىنكاس بىلدۈردى. 906 - يىلى
ئۇيغۇرلار جاڭ چىڭفېنغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى ۋە بۇ ئۇـ
رۇش 911 - يىلى جاڭ چىڭفېننىڭ تولۇق مەغلۇبىيىتى بىلەن
تاماملاندى. بۇ غەلىبە دۇڭخۇاڭ ئاهالىسىنىڭ كۆرسەتكەن ياردىـ
مى بىلەن قولغا كەلدى. جاڭ چىڭفېن ئۇرۇش هەرىكەتلىرىنىڭ
ئۆزىگە پايدىسىز تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنـ

مدىن كېيىن، دۇڭخۇاڭنى بۇرۇن قۇللۇققا چۈشۈرۈپ كەلگەن تـ
بەتلىكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق
ئۇزۇنغا سوزۇلىغان بۇ ئورۇشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغا-
نىدى، دۇڭخۇاڭ ئاھالىسى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ چېڭفېڭغا
قارشى چىقتى. يېڭى سۇلالە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېـ
يىن، ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ توختىغانلىقى ئېھتىمال. بارلىق
تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل بىر
تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە يىللار تەلەپ قىلىندى، مەسىلـ
لەر ئۆزئارا يول قويۇش ئارقىلىق ھەل بولدى. ئۇيغۇرلار
ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە يەتتى. جاڭ چېڭفېڭ ھاكىمىيەت
بېشىدىن ئېلىپ تاشلاندى، غەربىي خەن ئالتۇن تاغ دۆلىتى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دۇڭخۇاڭ ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيىسىنى ساقـ
لاپ قالدى. ھاكىمىيەت بېشىغا ساۋ جەمەتى ئولتۇردى. جاۋ فا-
مىلىلىكلەر ھاكىمىيەتنى بىرىگە بىرى ۋارىس قالدۇرۇپ ئالمـ
شىپ تۇردى. ساۋيىجىن تۇنجى ھۆكۈمران بولدى ①.

ئۇيغۇر خانلىقى ھاياتىدا سوغدىيانلارنىڭ چوڭ رول ئوي-
ناپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. مۇشۇ سوغدىيانلارنىڭ قانداق-
تۇر بىر قىسمى ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىر-
لىكتە كۆچتى، دەپ تەخمىن قىلىش ئورۇنلۇق بولغان بولسىمۇ.
بۇ پەرەزنى ئۇيغۇرلار ئەۋەتكەن كۆپلىگەن ئەلچىلىكلەر ئىچىدە
سوغدىلار ئىسمىدىكى ئادەملەرنىڭ بولغانلىقى ئىسپاتلايدۇ. 911 -
يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كېيىنكى لياڭ دۆلىتىنىڭ ئوردىسىغا كەلگەن
ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئەلچىلىكى ئىچىدە شى فامىلـ
لىك ئىككى ۋەكىلنىڭ بارلىقىنى (چاج شەھىرىنى جۇڭگولۇقلار قىس-
قارتىپ شى «石» ھەرپى بىلەن ئىپادىلەيدۇ ھەم شۇ شە-

① H.Chikusa نىڭ 1976 - يىلى ۋېسبادېندا نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 1064 - بېتىگە قاراڭ.

ھەردىن كېلىپ چىققان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنىمۇ شۇ ھەرپ بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن) ئەن (بۇخارا) فامىلىلىك بىر ئادەم بارلىقى «بەش دەۋر تارىخى»، «كونا بەش دەۋر تارىخى» لىرىدا كۆرسىتىلگەن. 840 - يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىگە بىللە كەلگەن سوغدىيانلاردىن باشقا، بۈيۈك يىپەك يولى بويىدىكى شەھەرلەردىمۇ بۇ يەرلەرگە بەك بۇرۇن كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان سوغدىيانلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بار ئىدى. نەنسەن تېغى رايونلىرىدا بىرنەچچە يۈز يىل داۋامىدا ياشاپ كەلگەن سوغدىيانلار گەرچە يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن شۇنىڭدەك مۇشۇ يەرلەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان خەنزۇلار بىلەن ئىكاھلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى ساقلاپ قالغانىدى①. بىرقانچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «ئەن، كاڭ» دېگەن سوغدىيانلار ئىسمى زىكىر ئېتىلىدۇ. دۇڭخۇاڭدىن ئېلىنغان بىر ھۆججەتتە بەك ئۇچۇق ھالدا بىر سوغدىيانلىقنىڭ ئىسمى جۇڭ نۇ (仲奴 خۇدانىڭ قۇلى دەپ يېزىلىپ، بۇ ئادەمنىڭ كونكرېت ئىسمى كۆرسىتىلمىگەن). شۇنداق كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان كونىلار ئىچىگە دۇڭخۇاڭدىكى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ساۋ جەمەتىنىڭ ئەزالىرىنىمۇ كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى كابۇداندىن كەلگەنىدى.

ئۇيغۇرلار خاقانلىقىدا سوغدىيانلار چوڭ رول ئويناپ كەلگەنىدى. ئۇيغۇرلار سوغدىيانلار ئارقىلىق خەت - يېزىق بىلەن تونۇشتى ۋە يېڭى مانى دىنىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇيغۇرلار خاقانلىقىدا تۇنجى قېتىم يەر تىرىغۇچىلارمۇ سوغدىيانلار

① چۇگۇيېۋسكىنىڭ «دۇڭخۇاڭ رايونىدىكى سوغدىيانلار تارىخىغا ئائىت يېڭى ماتېرىياللار» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «شەرقتىكى مەملىكەتلەر ۋە خەلقلەر» دېگەن توپلامنىڭ 1971 - يىلدىكى نەشرى 10 - توم 147 — 156 - بەتلىرى.

ئىدى، ئۇلار دېھقانچىلىقتا بىر قەدەر ئىلغار بولغان سۇغىرىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللانغانىدى. سوغدىيانلارنىڭ سودا ـ تىجارەتتىكى رولى ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانىدى. سوغدىيانلار ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بىلەنمۇ، ئاھالىلەر بىلەنمۇ ئوبدان مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ئەلچىلىكلىرى تەركىبىدە تۇرغۇنلىغان سوغدىيانلارنىڭ بارلىقى مۇشۇ يۇقىرىقى پىكىرنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ، بەلكىم مۇشۇ پاكىت ئۇيغۇرلار دۆلىتىدە سوغدىيانلار رولىنىڭ ئۆسۈپ بارغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شەھەر مەركەزلىرىدىكى بىرىنچى نۆۋەتتە دۇڭخۇاڭدىكى سوغدىيانلىق ئاھالىلەر ئۇ يەرگە يېقىندىن كەلگەن سوغدىيانلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن دۇڭخۇاڭدىكى ھاكىمىيەت ساۋ فامىلىلىك سوغدىيانلار قولىغا ئۆتۈپ قالدى، دەپ تەخمىن قىلىش تولۇق ئورۇنلۇقتۇر. دېمەك، جاڭ جىڭخېنىغا قارشى چىققان ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتە سوغدىيانلار بولۇشى بەك ئېھتىمالدۇر. شۇنداق قىلىپ نەنسەن تېغى ئېتىكىدىكى بەك مۇھىم سودا مەركىزى ۋە دىنىي ئىبادەت مەركىزى بولغان دۇڭخۇاڭ شەھىرىدە تىبەت دۆلىتى يېمىرىلگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ ۋەكىلى چىققان بولسا، ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەر سوغدىيانلارنىڭ نازارىتىدە بولۇپ قالدى. نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى باشقا شەھەرلەردىمۇ تەخمىنەن شۇ چاغلاردا، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەن بولسا كېرەك، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 2-5-تېكىستىدە: «باشقا شەھەرلەر چان ۋە خۇلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى» دەپ كۆرسىتىلىشى، مانا مۇشۇ يۇقىرىقى بايانلارنى ئىس

پاتلاشقا ياردەم قىلىدۇ، «خۇ» ئاتالغۇسى دەسلەپتە ئومۇمەن، شەرقتىكى «ياۋايىلار» (ۋەھشىيلەر) نى ئىپادىلىگەن بولسا، كېيىنچىرەك بۇ ئاتالغۇ ھۇنلارنى، سىيانپىلارنى، قاڭقىللارنى ۋە باشقىلارنى ئىپادىلەپ كەلدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ تېرمىن پەقەت سوغدىيانلارنى كۆرسىتىپ كەلدى. مانا مۇشۇ ئەھۋالنى ئې. شاۋان (Э.шаван)، پ. پېلئو (П.Пелbo) ۋە ئې. پوللېي بلانكى (Э.Пуллиблaнк) لار ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇقتىئىنەزەرنى ئۆز ۋاقتىدا ياپونىيە تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى①. 2.5 - تېكىستىكى «خۇ» تېرمىنى سوغدىيانلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشىنىش كېرەك. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگەكلىرىدە بۇ تېكىستنى شۇنداق دەپ ئىزاھلاش بىزگە يولۇقمايدۇ. د. ر. گامىلتون 2.5 - تېكىستىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى تۆۋەندىكىچە تەرجىمە قىلىدۇ «... چانلار (تېبەتلىكلەر؟) ۋە خۇلار (تۈركلەر؟) تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان.» مانا مۇشۇ يەردە ئاپتورنىڭ «چان» ۋە «خۇ» ئېتنونىملىرىنى مۇشۇنداق چۈشىنىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئاپتورنىڭ گۇمان قىلغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. موري ياسۇ تاكائو مۇشۇ تېكىستنى قوللانغاندا «چان» ۋە «خۇ» سۆزلىرىنى ئانالىز قىلماي لا قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ. تەقدىم قىلىنغان 2.5 - تېكىستى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلەر نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىتى ۋە ئەسلى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ۋەزىيەت بىلەن بەھاب كەلگەنلىكى تۆۋەندە ئىسپاتلىنىدۇ.

---

① س. گ. كىلياشتورنىينىڭ «قەدىمكى تۈرك — رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ 93 - بېتىگە قاراڭ، بۇ يەردە سوغدىيانلار فامىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە «غۇز» ئاتالغۇسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ ۋە كەڭ مەنبەلەر رويخىتى بېرىلىدۇ. ئىم مورىينىڭ 1967 - يىلى توكيودا نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 1 - تومىنىڭ 64 - بېتىگە قاراڭ.

خىشى كارىدورىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاڭ دۆلىتى هالاك بولغاندىن كېيىنمۇ سوغدىيانلارنى «خۇ» دەپ ئاتاپ كەلگەنلىكلىرىنىمۇ تەكىتلەشكە بولىدۇ. بۇ بىر تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى بۇ يەرلەر كۆپلىگەن سوغدىيانلار تۇرغان ئورۇنلار بولغاچقا كىشىلەردە گۇمان قوزغىمايدۇ. ئەمما تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگەكلىرىدە VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنسەن تېغى ئېتەكلىرى رايونىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سوغدىيانلارنىڭ رولىغا پەقەت قاراپ چىقىلمىغان. مەسىلەن، د. ر. گامىلتون شاۋ يىجىننىڭ هاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىنى سۆزلەپ كېلىپ: جاڭ چىڭفېن — «ئاقچا پۈركەلگەن تەگرى ئوغلى» 920 - يىلىدىن بالدۇر ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ باش مەمۇرىيەتچىسى (ئىش باشقۇرغۇچىسى) شاۋ يىجىن ئولتۇردى. مەزكۇر ئادەم «غەربىي خەن ئالتۇن تاغ» دۆلىتىدىن ۋاز كەچتى. كېيىنكى لياڭ سۇلالىسى يوقالغاندىن باشقا «ئۆز مەجبۇرىيىتىگە (گويىيى ئۆلكىسىگە — ئا. م.) بويسۇنىدىغان جۇڭگوغا قايتا قوشۇلۇش مەقسىتى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ‹مەجبۇرىيىتىگە بويسۇنىدىغان ئارمىيە› نى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولۇشى كېرەك» دەپ يازىدۇ.

ئې. پېنكىس مۇشۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ تۇرۇپ جۇڭگو مەمۇرىيىتىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىر پاكىت سۈپىتىدە تۆۋەندىكىچە يازىدۇ: «ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇ (ساۋيىجىن — ئا. م.) 911 - يىلقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن جىنسەن (ئالتۇن تاغ) دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارىنى بارغانسېرى قىستاپ چەتكە قېقىپ كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن جاڭ جەمەتىنىڭ ۋارىسلىقى ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن ساۋيىجىن جىنسەن دۆلىتىنى يوقاتتى. شاجۇ ۋە گۇاجۇلاردا يېڭىباشتىن جۇڭگو ھەربىي-مەمۇرىي ھاكىمىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە 924 - يىلى ئۇنىڭ ئۆزى شۇ يەرلەرنىڭ ھاكىمى قىلىپ جۇڭگو تەرەپتىن تەستىقلاندى» (پېنكىسنىڭ: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ

71 ـ بېتى). مانا مۇشۇ نەقىللەردىن مۇشۇنى يازغۇچى ئاپتور-
لار ۋەقەلەرنى جۇڭگو مەنبەلىرىگە تولۇق ئۇيغۇن ھالدا بايان
قىلىشۋاتقانلىقى روشەن. ئۇلار X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مانا مۇشۇ
شەھەر دۆلەتتە يۇرت سوراپ كەلگەن سۇلالىنىڭ ئورنىنى ئالماش-
تۇرۇشى بىلەن تاماملانغان دۆڭخۇاڭدىكى ۋەقەلەردە ئۇيغۇرلار-
نىڭ ۋە سوغدىيانلارنىڭ ئوينىغان رولىغا ھېچقانداق ئەھمىيەت
بەرمەيدۇ. مەزكۇر ئاپتورلار شىمالىي جۇڭگودا چۆل تۇركلىرى
تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان كېيىنكى تاڭ دۆلىتىنىڭ پەيدا
بولغانلىقىنىمۇ دىققەت ـ نەزەرىگە ئالمايدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ پەيدا
بولۇشى بولسا ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن نورمال مۇناسىۋەت-
لەر ئورنىتىشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانىدى.
د. ر. گاملتون مۇشۇ رايوندىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى باي-
يانلاپ كېلىپ ۋە شۇنىڭدەك غەربىي خەن ئالتۇن تاغ دۆلىتى-
گە قارشى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەلىبىلىك ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى
ئۈستىدە توختاپ، كېيىنكى لياڭ سۇلالىسى بىلەن ۋە يېڭى
دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر جىددىي تۈس ئالدى، دېگەن
خۇلاسىگە كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋەتلەر باشقىچە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ئىمپېراتور سا-
رىيىدا چوڭ ھۆرمەتلەر بىلەن قوبۇل قىلدى. گاملتون: «...
ئەھۋاللارغا قارىغاندا 911 - يىلى ئۇيغۇرلارغا بويسۇنغان
غەربىي خەن ئالتۇن تاغ دۆلىتى لياڭ دۆلىتى، تاڭ دۆلىتىنىڭ
قاتىللىرى ۋە باتۇرلىرى (ھاكىمىيەت تارتىۋالغۇچىلار) بىلەن
مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ھېچقاچان ئۇرۇنۇپ كۆرگەن ئەمەس» دەپ
كۆرسىتىدۇ (گاملتون: «... ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 30 — 129 -
بەتلىرى). بۇ ۋەقەلەرگە باھا بەرگەندە، 911 - يىلدىن كېيىن ۋە-
زىيەتتە يۈز بەرگەن كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنى نەزەرگە ئېلىش
كېرەك. شۇ ۋاقىتتا قەدەر دۇڭخۇاڭدا جاڭ جەمەتىدىن
بولغان خەنزۇلار يۇرتنى سوراپ كەلگەنىدى، بۇلار جۇڭگونىڭ رايى-

غا قاراپ ئىش تۇتاتتى. جاڭ چىڭفېينىڭ تاڭنىڭ قاتىللىرى ۋە
باتۇرلىرىغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتقانلىقى توغرى-
سىدىكى گەپ - سۆزلەر خىيالىي ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان نەرسە.
مەزكۇر ھۆكۈمراننىڭ كېيىنكى لياڭ دۆلىتىگە دۈشمەنلىك پو-
زىتسىيە تۇتۇشقا ۋە ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولۇشىدا
ئەيىبلىنىشىگە ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ
ئۆزى تاڭ ئىمپېرىيىسى ھالاك بولۇشتىن ئىككى يىل ئاۋۋال
ئۆزىنى تەڭرىنىڭ ئوغلى دەپ ئېلان قىلىپ، يېڭى دۆلەت تەش-
كىللىدى. مۇشۇ ھەرىكىتى تاڭ دۆلىتى بىلەن بولغان ھەر قان-
داق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. غەربىي خەن ئالتۇن تاغ
دۆلىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى خەنزۇلاردىن بولغان لياڭ سۇلالىسى
بىلەن ئۇنىڭ تەشكىللەنگەن ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى 911 - يىلغا
قەدەر ئەلچىلىك مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقى تولۇق تەبىئىيدۇر. چۈنكى
ئۇيغۇرلار 906 - يىلىدىن باشلاپ غەربىي خەن ئالتۇن تاغ دۆ-
لىتىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇيغۇرلار بۇ يېڭى دۆ-
لەتنىڭ جۇڭگو بىلەن تۇتىشىدىغان ھەممە يوللىرىنى كېسىپ
تاشلىدى. ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن گامىل-
توننىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا بويسۇنۇپ تۇردى. شۇڭلاشقا
لياڭ سۇلالىسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەت بولۇشقا تېگىش-
لىك ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ پىكرىمىزچە دۇڭخۇاڭ مەلۇم دەرى-
جىدە ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيىسىنى ساقلاپ قالدى. ئاز بولغاندا ئۇ
مۇستەقىل ھالدا سودا - تىجارەت ئېلىپ بارالىدى. دۇڭخۇاڭنىڭ كې-
يىنكى لياڭ دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ھېچ-
قانداق مەلۇماتلارنىڭ يوقلۇقى ئىمپېراتور سارىيىنىڭ دۇڭخۇاڭ-
دىكى تۈزۈمگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىن دەپ چۈ-
شەندۈرۈلىدۇ. 912 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى
لياڭ دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

كېيىنكى لياڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بەكمۇ ئو-

گۈشلۈك ئورنىتىلغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر ۋە سودا - تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى تاسادىپىي بولغان ئىش ئەمەس. بۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غەربىي خەن ئالتۇن تاغ دۆلىتىگە قارشى سوقۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ غەلىبىلىك تاماملانغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى، بۇنىڭ ئۆزى كېيىنكى لياڭ ئىمپېراتورىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى، جاھاننىڭ (جۇڭگونىڭ) يېڭى ھۆكۈمرانى تەبىئىيكى، ئۆزىنى تاڭ دۆلىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋارىسى دەپ قاراپ كەلدى ۋە پەقەت ئۆزىلا بۇرۇن تاڭ دۆلىتىگە ئەمەلىيەتتە ۋە نامى جەھەتتە بويسۇنۇپ كەلگەن پۇقرالارنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلالايمەن، دېگەن ئىشەنچتە ئىدى. نەسەن تېخى ئېتەكلىرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغان خەنزۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچ پونكىتىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يوقىتىلىشى ئۇنىڭدا مۇناسىپ ئىنكاس پەيدا قىلماي قالمىدى، لېكىن كېيىنكى لياڭ دۆلىتىنىڭ مۇشۇ ئىشقا ئارىلىشىشقا قۇدرىتى يەتمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۆزئارا بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈۋېتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. دۇڭخۇاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ يوقىلىشىمۇ مۇشۇ ئەھۋال بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. كېيىنكى لياڭ ئىمپېراتورى دۇڭخۇاڭدا تىكلەنگەن يېڭى تەرتىپلەرنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىماس ئىدى.

X ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا گەنسۇ كارىدورى تېررىتورىيىسىدە شەكىللەنگەن ۋەزىيەتنى ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ: يايلاقلاردا ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان خاقان ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئۇيغۇرلار كۆچۈپ يۈردى. گەنجۇ قەلئەسى مەزكۇر كۆچمەن دۆلەتنىڭ پايتەختى بولدى. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى مۇستەھكەملەندى، تەرەققىي قىلدى ۋە تەدرىجىي ھالدا ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەس، بەلكى باشقا مۇشۇ رايونلار ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان نىسبەتەن كىچىكرەك گۇرۇپپىلىق كۆچمەنلەرنىمۇ ئۆز

دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى. يۈيمىن قوۋۇقىدىن لەنجۇ شەھىرى-گىچە — غەربتىن شەرققە قاراپ زەنجىرسىمان سوزۇلۇپ ياتقان بىر قانچىلىغان شەھەر - قەلئەلەرنىڭ ھاكىمىيىتى سوغدىيانلار ۋە تىبەتلىكلەر قولىدا ئىدى. بۇ مەركەزلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا نىسبە-تەن بېقىندىلىق دەرىجىسى ھەر خىل ئىدى، ئۇيغۇر دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىت داۋامىدا ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كې-لىپ تۇردى. شەرق تەرەپتە، شىلەنفۇ (لەنجۇ) ۋە ئالتە ۋادا (ليۇگۇ) رايونىدا تىبەتلىكلەر خېلىلا مۇستەھكەم بىر دۆلەت تەشكىل قى-لىۋالدى، مەزكۇر دۆلەت خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن ئوڭۇشلۇق كۆرەش ئېلىپ باردى. تىبەتلىك-لەرنىڭ بۇ كېنەزلىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تىنچ ئوبدان قوشنىدار-چىلىق مۇناسىۋەت ساقلاپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىلىكى ۋە سودا كارۋانلىرى شىلەنفۇدىن توسالغۇسىز ئۆتۈپ تۇردى.

«بەش دەۋر»گە ئائىت ھەر ئىككى سالنامىدە ۋە شۇ-نىڭدەك سۇڭ دۆلىتىنىڭ سالنامىلىرىدە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى ھەققىدە مول مەلۇماتلار بار. بۇ مەلۇماتلار-نىڭ كۆپ قىسمى «ئەلچىلەر»، «ئەلچىلىكلەرنىڭ كېلىشى»، «ئول-پان تەقدىم قىلىش» قا دائىر قۇرۇق مەلۇماتلاردىن ئىبارەت لېكىن مۇشۇ قىسقا خاتىرىلەرمۇ بەك مۇھىم پرىنسىپاللىق خۇ-لاسىلەر چىقىرىشقا ئىمكان بېرىدۇ، بۇ يەردە بىزنىڭ «ئەلچىلىك» ۋە «ئولپان - سېلىق» تېرمىنلىرى كۆڭۈل بۆلۈشىمىزگە ئەر-زىيدۇ. بۇ تېرمىنلارنى ئاڭلىق ھالدا قوش تىرناق ئىچىگە ئال-دۇق، چۈنكى بۇ «ئەلچىلىكلەر» ھەممىسى دېگۈدەك سودا كار-ۋانلىرى ئىدى. ئولپان دېگىنىمىز — ئەنئەنىۋى تاۋارلار بولۇپ، جۇڭگوغا كۆچمەنلەر تەرىپىدىن ياكى سودىگەرلەر ئارقىلىق كەل-تۈرۈلۈپ تۇراتتى. گامىلتوننىڭ «بەش دەۋردىكى ئۇي-غۇرلار تارىخىدىن قىسقىچە بايان» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغاندا ئەلچىلىكلەرنىڭ كەلگەنلىكى ۋە ئولپانلار تەقدىم قىلىنغانلىقى

توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى قايتا - قايتا تەكرار قىلغانلىقلىرى بىزگە يولۇقىدۇ. بەزى ئاپتورلار بەك مول ئولپانلار تەقدىم قىلغانلىق پاكىتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. پەقەت ئۆز ئوبزورىنىڭ ئاخىرىدىلا كېيىنكى جۇ دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغدا ئوردىغا كەلگەن خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئالىدۇ. تەتقىقاتچى ئولپانلارنىڭ كۆپ قىسمى سودا ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن نەرسە ئىدى، دېگەن تەخمىننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداق قىلىپ د.ر. گامىلتون گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ «بەش دەۋر»دىكى دۆلەتلەرگە ئولپان - سېلىق تۆلەش ئېھتىمالىغا گۇمان قىلمايدۇ.

«ئەلچى» ۋە «ئولپان» تېرمىنلىرىنىڭ مۇشۇ دەۋرگە نىسبەتەن چىن مەنىسى توغرىسىدىكى مەسىلىنى بىز مەخسۇس ماقالىدە قاراپ ئۆتكەنىدۇق. ئاشۇ ماقالىدە مۇشۇ رايوندا شۇ دەۋردىكى رېئال سىياسىي ۋەزىيەت ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ جۇڭگو بىلەن ھېچقانداق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدىغانلىقى توغرۇلۇق خۇلاسە چىقىرىلغانىدى. بۇلا ئەمەس، بەلكىم كېيىنرەك مەملىكەت يېڭى سۇڭ دۆلىتى دائىرىسىدە بىرلىككە كەلگەن چاغدىمۇ بېقىندىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. «مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرى قاتداقتۇر ھەربىي ياكى خېلى دەرىجىدە سىياسىي بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن رېئال ئىمكانىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، ئۇلار تاشقى سىياسەتتە ھېچقانداق تىلغا ئالغۇچىلىك ئاكتىپلىق كۆرسىتەلمىدى. مانا مۇشۇ ئەھۋالنى جۇڭگونىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىكلىرى توغرىسىدىكى سان جەھەتتە بەك ئاز بولغان مەلۇماتلار ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلايدۇ. مانا مۇشۇنداق شەرت - شارائىت ئاستىدا ئۇيغۇرلار ھېچقانداق بېسىمسىز پەقەت ئىختىيارى ھالدا جۇڭگو ئىمپې-

راتور ئوردىسىغا سىلىق تۆلىگەن بولىدۇ. لېكىن مۇنداق دەپ تەخمىن قىلىش بۇ مەسىلىگە ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق جىددىي مۇئامىلىدە بولمىغانلىق بولۇپ، كىشىلەردە پەقەت كۈلكە پەيدا قىلىدۇ.»① «ئەلچى» ۋە «ئولپان» دېگەن سۆزلەر جۇڭگونىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر يېزىلغان مەلۇماتلاردا كۆپ چاغلاردا، سودىگەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تاۋار-لىرىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت ئايرىم ئەھۋاللاردىلا ھەقىقىي ئەلچى-لەر كەلگەن ۋە ئۇلار ئۆزلىرى ئەنئەنىۋى سوۋغا - سالاملىرىنى ئالغاچ كەلگەن. بۇ مەسىلە مۇتلەق ئايدىڭلىشىپ كەتكەن ئىش، يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس.

X ۋە XI ئەسىرلەردە جۇڭگوغا چېگرىداش تېررىتورىيىلەردە دەسلەپتە تاڭغۇت ۋە قىتانلارنىڭ، كېيىنرەك جۇرجىتلارنىڭ مۇس-تەقىل دۆلەتلىرى كەيىن-كەينىدىن شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ دۆلەت-لەر بولۇپمۇ قىتانلارنىڭ ئىمپېرىيىسى لياۋ ۋە جۇرجىتلارنىڭ ئانچۇن غۇرۇن دۆلىتى كۈچ توپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ قوشنىلىرىنىڭ تېررى-تورىيىلىرىنى بېسىۋېلىشقا كۈچ چىقىرىپ كەلدى. «بەش دەۋرە ئون پادىشاھلىق» مەزگىلىدىكى ئەنئەنە بويىچە، ئۆزلىرىنى سۇلالە، دەپ يۈرگەن ئاجىز ۋە ئۆمرى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان دۆلەتلەر ۋە كېيىنرەك ھوقۇق مەركەزگە توپلانغان سۇڭ ئىمپېرىيىسىمۇ ئۆز قوشنىلىرىنىڭ قاتتىق قىستىشى بىلەن تېررىتورىيىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلىدى. مانا مۇشۇنداق ئېغىر ۋە خەۋپلىك ۋەزىيەتتە، جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىگە ئىتتىپاقچى ئىزلەشكە كىرىشتى. غەربىي شىمال تەرەپتە مۇنداق

---

① ئا. گ. مالياۋكىن: «ئوتتۇرا ئەسىرلەردە سىبىرىيە، مەركىزىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا». 1975 - يىلى نوۋوسىبىرسك. 56 - بەت؛ «‹گۇڭ› (貢) تېرمىنىنىڭ X ئەسىردە ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلاردىكى رېئال ئەھمىيىتى» .

ئىتتىپاقچىلار پەقەت ئۇيغۇرلارلا ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ
دۆلەتلىرى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن يەرلىك ھاكىمىيەت
تەشكىللەشكە مەسىلەن، شىلەنفۇ (لەنجۇ) رايونىدىكى كىنەزلىككە
ئوخشاش يەرلىك ھاكىمىيەت تەشكىللەشكە ئورۇنۇۋاتقان تىبەت
قەبىلىلىرى، ئەھۋالغا قارىغاندا، كارغا كېلىدىغان ۋە ئىشەنچ
لىك ئىتتىپاقچى، دەپ قارالمىغان ئۇيغۇرلارغا باشقىچە مۇناس
ۋەتتە بولۇش لازىم ئىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى ئۆز ۋاقتىدا تاڭ دۆلىتى
نىڭ ئۆكلۈك - سۇيگىن ئىسيانىنى باستۇرۇشىدا مۇھىم ياردەملەرنى
كۆرسەتكەنىدى. توغرا، بۇ يەردە بۇ ياردەم تاڭ دۆلىتى
ئۈچۈن ئېغىرغا چۈشتى، لېكىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان
سۇلالە يەنىلا ئۆز ئورنىدا قالدى. ئىمپېراتور جەمەتىنىڭ ۋە ئۇ
نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكىلىرىنىڭ كۆز قارىشىچە، مۇشۇ ئىشنىڭ
ئۆزى ئاساسىي نەتىجە بولغان بولۇشى كېرەك. گەنجۇ ئۇيغۇر
لىرى بىلەن دەرھاللا ئىناق مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىلمىدى، يۇقىرى
دا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇڭخۇاڭغا قارشى
ئېلىپ بارغان ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن پارچى
لىنىش كېلىپ چىقتى ۋە ھەممىلا مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلۈپ قېلىن
دى. لېكىن كېيىنرەك، ھەر ئىككىلا دۆلەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى
تاڭغۇتلار ئىكەنلىكى ئېنىق روشەنلەشكەندىن كېيىن، بۇ مۇنا
سىۋەتلەر مۇقىملاشتى، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان ۋاقىتلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىگە قەدەر بۇ مۇناسىۋەتلەر
بۇزۇلمىدى. چۆل تۈركلىرى تەرىپىدىن كېيىنكى تاڭ دۆلىتى تەش
كىل قىلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ (بۇ دۆلەتتە سوغدىيانلارنىڭ
تەسىرى كۈچلۈك ئىدى)، مۇناسىۋەتتە ياخشىلىنىشقا قاراپ كەس
كىن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. تىنچ، ئىناق قوشنىدارلىق مۇنا
سىۋەتلەر ئورنىتىشتا، بۇنداق تىجارەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشمۇ
خېلى ئوبدان رول ئوينىدى. بۇ سودىنى ئاساسەن ئۇيغۇر گەنجۇ
خانلىقىدا يىلتىز تارتىپ ئورنىشىۋالغان سوغدى سودىگەرلىرى

ئېلىپ بارغانىدى. سودا ئۇيغۇر خانلىقىغىمۇ ۋە شۇنىڭدەك جۇڭگوغىمۇ پايدىلىق ئىدى.

تاڭغۇتلارنىڭ ئۇيغۇر سودا كارۋانلىرىغا قارىتا ئېلىپ بارغان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى كېيىنكى تاڭ دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا يەنە ئەمەلىيەتتە مۇشۇ سودا كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغان چاغلارنىڭ دەسلەپىدىلا بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن، تاڭغۇتلار سودا كارۋانلىرىنى بۇلىغان، سودىگەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۆلتۈرگەن ياكى قۇل ئورنىدا باشقىلارغا ساتقان①. بۇ ھۇجۇملارنى بۈگۈنكى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قوشنا تېررىتورىيىلەردە كۆچۈپ يۈرگەن ئايرىم تاڭغۇت قەبىلىلىرى ئېلىپ بارغان. مەزكۇر قەبىلىلەر ئەھۋاللارغا قارىغاندا، قانداقتۇر بىرەر چوڭراق قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشقان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جىپسىلىشىش - ئۇيۇشۇش جەريانى ئەمدىلەتىن باشلانغان بولۇپ، X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك بىر ھەرىكەتكە ئايلانغان. تاڭغۇت قەبىلىلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتى بۆلەكچىلىكنىلا كۆزلىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارغا قارشى قەتئىي چارىلەرنى كۆرگەن. كارۋان مۇھاپىزەتچىلىكىنى كۈچەيتكەن، ئۇنىڭغا قارشى مەخسۇس قوشۇن ئەۋەتكەن، تاڭغۇتلارغا قارشى مەخسۇس جازا يۈرۈشلىرىنى تەشكىللىگەن، كېيىنكى تاڭ دۆلىتىنىڭ ئىمپېراتورى مىنزوڭنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، 932 - يىلى ئۇيۇشتۇرغان جازالاش يۈرۈشى بەك مەشھۇردۇر. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال

---

① ي. ئى. كىچانوۋنىڭ «تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئوچېركلار» دېگەن كىتابىنىڭ 15—19 - بەتلىرىگە قاراڭ، 1968 - يىلى موسكۋادا نەشىر قىلىنغان.

تاڭغۇت دۆلىتى ئۈزۈل - كېسىل تەشكىللىنىپ بولغانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلدى. تاڭغۇت دۆلىتى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئايرىم بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلەر رەسمىي ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى، بۇ سوقۇشلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلەر ئېلىپ كەلدى.

مۇشۇ مالىمانچىلىق زامانلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئانچە ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرمىگەن بەش دۆلەتنىڭ ئىمپېراتورلىرى، شۇ جۈملىدىن، چۆل تۈركلىرى تەشكىل قىلغان ئۈچ سۇلالىنىڭ ئىمپېراتورلىرى مەملىكەتنىڭ كۆپ ئەسىرلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن ئەنئەنىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ كەلدى ۋە بارلىق قائىدە - تەرتىپلەرنى ئىجرا قىلىپ تۇردى. مانا شۇنداق قائىدە - تەرتىپلەرنىڭ بىرىگە «ۋەھشىيلەر»، «ياۋايىلار» دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ياكى «ياۋايى»لارنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋەزىپىلەرگە «تەيىنلەش» ياكى «تەستىقلاش» كىرەتتى. شۇڭلاشقا، ئىمپېراتورلار ھەر قېتىم ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدا ھۆكۈمران ئالماشقان چاغدا، يېڭى خاقانغا دۆلەت باشلىقى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىش توغرۇلۇق دىپلوم ئەۋەتىشنى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت ئۇنۋانى بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ ھېسابلايتتى. بۇ خىلدىكى مۇراسىملار ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىرى بولارسىزمۇ خاقانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ يۇرتنى سوراۋېرىدىغان كىشىلەر ئىدى. لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرى تەبىقىسىنىڭ ئېڭىدا مۇستەھكەم ئورنىشىۋالغان ئۆزىنى ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيانىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرى قويۇش ئىدىيىسى ۋە شۇنىڭدەك مۇشۇنداق مۇراسىم - ئىشلارنى باشقىچە بىر ۋەزىيەت تۇغۇلۇپ قالغاندا پايدىلىنىشقا بولىدۇ دېگەن شەخسىيەتچى كۆز قاراشلار شۇنداق تەرتىپ - قائىدىلەرنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش زۆرۈر دەپ قىستاپ تۇردى. مانا مۇشۇ تەرتىپ-قائىدىنى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ كۈچسىز - ئاجىزلىقى ھەممىگە ئايان بولۇپ تۇرغان چاغلاردىمۇ ئىجرا قىلىندى. كېيىنكى تاڭ دۆلىتى بار - يوقى 14 يىل ھۆكۈم سۈردى (923 — 936). بۇ بىر ئاجىز دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دۆلەتنى «ياۋايىلار» تەشكىل قىلغانىدى. مانا مۇشۇنداق بولۇپ تۇرغان شارائىت ئاستىدىمۇ ئىمپېراتور ئوردىسىدىكى تارىخچىلار ئۆزلىرىنىڭ سالنامىلىرىدە، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن پايتەختكە كەلگەن «ئەلچىلەر» (سودىگەرلەر) ئۆز ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق ئۆتەۋاتقان خاقانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ يازغان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خاقان ھازىرچە ئىمپېراتور تەرىپىدىن «تەستىقلانمىدى»، شۇڭلاشقا ئۇنى قانۇنىي ھۆكۈمران ھېسابلاشقا بولمايدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، جۇڭگودىن تارتىۋالغان تېررىتورىيىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى تەشكىل قىلىۋالغان «ياۋايىي»، «ۋەھشىيلەر» (مۇشۇ كونكرېت ئەھۋالدا چۆل تۈركلىرى) مۇشۇ ئۆرپ-ئادەت ۋە قائىدە - تەرتىپلەرنى پەك تېزلا ئۆزلەشتۈرۈۋالدى ۋە كۈچلۈك بيۇروكراتىك دۆلەت ئاپپاراتى ياردىمى بىلەن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى، مۇشۇ دۆلەت ئاپپاراتى مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ خەنزۇلار قىسمىنى ئىدارە قىلىشتا «ياۋايىي» ھۆكۈمرانلارغا مۇھىم يار - يۆلەك بولدى.

روسىيىنىڭ مۇشۇنىڭغا دائىر كونا ۋە يېڭى ئەدەبىياتىدا جۇڭگو ئىمپېراتورلىرىنىڭ ۋە ئوردىدىكى يۇقىرى ئەمەلدارلارنىڭ مۇشۇنداق «مەشغۇلىرى» گە دائىر ئاچچىق كۈلكە ئارىلاش كىنايىلەر بىلەن بېزەلگەن ئايرىم ئىبارىلەر بەزىدە يولۇقىدۇ. بۇنداق مۇراسىملار، بولۇپمۇ، رېئال كۈچ سېلىشتۇرمىلىرى يەر بىلەن ئاسماندەك پەرق قىلىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، پەقەتلا ئىمپېراتورلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق، دېگەن تەسەۋۋۇر پەيدا بولىدۇ. لېكىن

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا بۇنداق ئاددىي بولىۋەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتـ
تە، مۇشۇ خىلدىكى مۇغەمبەرلىكلەر جۇڭگو ھۆكۈمران يۇقىرى
تەبىقىلىرىنىڭ خەنزۇلارنى مەركەز قىلىش ۋە كېڭەيمىچىلىك دەـ
ۋالىرىنى ئىپادىلەيدۇ، ئىمپېراتورنىڭ پەرمانلىرىدا خاتىرىلەنگەن
بۇنداق قىزغىن پائالىيەت مۇستەقىل دۆلەتنىڭ دۆلەت باشـ
لىقىغا يارلىق بېرىش ھەققىدىكى بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ
تېررىتورىيىلىرىنى رايونلارغا بۆلۈش توغرىسىدىكى بولسۇن ياكى
ئىمپېراتور سارىيىغا پەقەت تۆۋەن قىزدىنلا بولۇپ قالغان خەلقـ
لەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئولپان تاپشۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى
پەرمانلار بولسۇن، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر قانداق ۋەزىيەت
ئاستىدا تولۇق، ئاڭلىق ھالدا ۋە يىراقنى كۆزلىگەن مەقسەتنى
نىشان قىلىپ تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلاتتى، شەرقىي ئاسىيادىكى
كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇپ، جۇڭگو ئىمـ
پېراتورلىرىنىڭ قولىدا رېئال كۈچ توپلىنىپ تۇرغان چاغلاردا،
شۇ چاغنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان خىيالىي ھوقۇقلار توغرىـ
سىدىكى بېزەپ كۆرسىتىلگەن ۋە ساختا ھۆججەتلەر ئوتتۇرىغا
چىقىرىلاتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن رېئال تەلەپلەر ئوتتۇرىغا
قويۇلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشـ
لىرى ھۆججەتلەر تۈزۈلگەن، پەرمانلار چىقىرىلغان ۋاقىت بىلەن
تەلەپلەر قويۇۋاتقان ۋاقىت ئارىلىقىدا كۆپىنچە نەچچە يۈز
يىللار ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ بۇنىڭدىن ئىزا تارتمايدۇ.
جۇڭگو ھۆكۈمرانىنىڭ بارلىق «ياۋايىلار — ۋەھشىيلەر» ئۈسـ
تىدىن ئالىي رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك پائالىيـ
تىنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدى.
بۇ ئالىي رەھبەرلىك كۆپ چاغلاردا، قارىماققا بىرەر ئويۇنغا
ياكى ئۆزىنى ئۆزى ئالداشقا ئوخشاپ كېتەتتى.
«ياۋايىلار» بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە يۇقىرىدا باـ
يان قىلىنغان تۆتتىلا بولىدىغان تۈپ پرىنسىپلارغا تولۇق

مۇناسىپ هالدا ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ خاقانلىرىغا ۋە شۇ- نىڭدەك باشقا «ياۋايىلار»نىڭ هۆكۈمرانلىرى ۋە رەهبەرلىرىگە ئۇنۋانلار بېرىلدى. بۇ ئۇنۋانلار ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا بېقىن- دىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ۋە جۇڭگونىڭ مەدەنىي تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى نامايەندە قىلاتتى. مەسىلەن، «بەش دەۋر» دە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر خاقانىغا «شۇن خۇا» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. بۇ ئۇنۋاننى «مەرىپەتكە ئەگەشكۈچى» دەپ تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ. باشقا بىر خاقانىغا: «فېن خۇا» («مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغۇچى») دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. خەنزۇلارنى مەركەز قىلىش كۆز قا- رىشى بويىچە، پۈتۈن جاھاندا پەقەت بىرلا مەدەنىي خەلق بولۇپ، ئۇ جۇڭگودا ياشىغۇچى خەنزۇلار بولغاچقا، مانا بۇ ئۇنۋانلار- نى «خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلار» دەپ چۈشىنىش كېرەك، مەملىكەت بىر پۈتۈن مەركەزلەشكەن سۇڭ دۆلىتى دا- ئىرىسىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنۋانلارنىڭ ئىچكى مەنىسىدە خېلى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. مەسىلەن، ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان 1400 – يىلدىن 1416 – يىلغىچە يۇرت سوراپ كەلگەن خاقانغا «جۇن – شۇن – باۋدى» (سەممىي، ئىتائەتچان، پەزىلەتكە رىئايە قىلغۇچى) دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. گەرچە ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ مەۋقەسى ئۆزگەرمىگەن، مەزكۇر گەنجۇ خانلىقى بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىگە ئۆزى خوجا دۆلەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى ئۇنۋاندا «ئىتائەتچانلىق»، «ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگوغا بويسۇنۇپ تۇرغانلىقى» بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. سۇڭ دۆلىتى ئىمپېرا- تورلىرىنىڭ پەرمانلىرىدا «بەش دەۋر» زامانىسىدىكى پەرمانلار- دىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۇ يېڭى پۇراقلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنى يېڭى، چوڭ ھوقۇق مەركەزلەشكەن سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئۆزى- دىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان پېشۋالىرىدىن سېلىشتۇرغۇسىز

دەرىجىدە كۈچلۈك بولغانلىقى بىلەن ئۆز قوشنىلىرىغا ئەمەلىيەتتە قەغەز يۈزىدە بولسىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى «بەش دەۋر» مەزگىلىدە ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ ئۆزلىرىنى سۇلالە دەپ يۈرگەن ئەمما ئانچە چوڭ بولمىغان بەش دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تولۇق باراۋەرلىك ئاساسىدا بولغانلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ. بۇ دۆلەتلەر ئۆزىگە ئىگە دۆلەتلەر بولۇپ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە پايدىلىق بولغان جانلىق مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار بىلەن مۇشۇ دەۋردىكى (923 — 960) ئىككىنچى ۋە بەشىنچى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر ھەممىدىن كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان. سودا مۇناسىۋىتى بەكمۇ راۋاجلانغان. بۇ مۇناسىۋەتلەردە ھەممىدىن ئاكتىپراق بولغانلار، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشاشلا «ياۋايى» سودىگەرلەر بولغان. بۇ سودىگەرلەر جۇڭگو پايتەختىگە تۈرلۈك تاۋارلارنى يەتكۈزۈپ تۇرغان. سودا مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، تائىغىت بۇلاڭچىلىرى بىلەن كۈرەش يوللىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە باشقا مۇھىم مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئوخشاش ئىشلار ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دائىم بولۇپ تۇرىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلاردا يېشىلىپ كەلگەنىدى. باشقا دۆلەتلەردىن مەسىلەن، خوتەندىن ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى تېررىتورىيىسىدىن ئۆتىدىغان ئەلچىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك مەسىلىلەر ۋە شۇنىڭدەك شىلەنفۇ (لەنجۇ) رايونىدىكى تىبەت كىنەزلىكى ۋە كۆكنۇر ئارقىلىق ئۆتىدىغان سودىگەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ مەسىلىسىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئۇچرىشىشلارنى بىر مەزگىللىك ياكى ئۇزۇنراق ۋاقىتقا سوزۇلىدىغان توختاملارنى تۈزۈشنى

تەلەپ قىلىپ تۇردى. بىرەر خاقاننىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى باشلىقنىڭ ئولتۇرۇشىنى يەتكۈزىدىغان ئەنئەنىۋى ئەلچىلىكلەرنىڭ بېرىش - كېلىشلىرىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن «بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا تىنچ مۇناسىۋەتلەر ساقلىنىپ كەلدى. بۇنداق تىنچ ئۆتۈشنى شۇ چاغدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۆلەتلەرنىڭ (سۇلالىلەرنىڭ) ھەربىي جەھەتتە ئاجىزلىقى ۋە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىسلىقى ۋە بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق چېگرىلارنىڭمۇ بولماسلىقى بەلگىلىگەن.

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ مەۋقەسىدە سۇڭ دۆلىتى دائىرىسىدە مەملىكەت بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى چاغدا ھېچقانداق بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق مۇناسىۋەتلەر ساقلىنىپ تۇرۇلدى. سودا مۇئامىلىلىرى قىزغىن داۋاملىشىپ تۇرۇلدى. لېكىن تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ توختىماستىن ئۆسۈشى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ قېرىنداش قەبىلىلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا تۈپلاشقا ئىنتىلىشى، كېيىنرەك ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۆز قوشنىلىرىغا شۇ جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈشى، ئۇيغۇرلار بىلەن سۇڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. سۇڭ دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەرەزلىرى تۈپەيلىدىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن تاڭغۇتلار بىلەن بولغان كۈرەشتە پايدىلانماقچى بولدى. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىمۇ سۇڭ دۆلىتىنى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقچىسى دەپ قارىدى ۋە قارشى بىرلىكتە تاڭغۇتلارغا ھەربىي ھەرىكەتلەر تەشكىللەشكە بىر قانچە قېتىملاپ ئىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ ئەمما، بۇ ئىش باشقا چىقمىدى. قىتانلار سۇڭ دۆلىتىنىڭ تاڭغۇتلارغا قارىغاندىمۇ يامانراق دۈشمىنى ئىدى. لېكىن قىتان دۆلىتىنىڭ

تېررىتورىيىسى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن يىراق جايغا جايلاشقانىدى. شۇڭلاشقا قىتانلار بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. XI ئەسىردە قىتانلار ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى تېررىتورىيىسىگە بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئۇلارغا ئېغىر زىيانلار كەلتۈردى ۋە مۇشۇنىڭ ئۆزى بىلەن تاڭغۇتلارغا ياردەم كۆرسەتكەن بولدى.

ئې.پىنكس ئۆزىنىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تىنچ خاراكتېردە بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئاددىيلىق بىلەن تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ، لېكىن بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزچە، لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان خۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پىنكس مۇنداق يازىدۇ: «شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تا ئۆزلىرى ھالاك بولغانغا قەدەر جۇڭگو ئىمپېراتورىغا كۆرسەتكەن ساداقەتلىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىسە كېرەك.»① مانا مۇشۇ جايدا «ساداقەتلىك» دېگەن سۆز مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەن. ئۆزىگە ئۆزى خوجا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرى يالغۇز بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خاھىشى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ. بەلكى كۆپىنچە نۇرغۇنلىغان خەلقلەرنىڭ بىر - بىرىگە زىت مەنپەئەتلىرى توقۇنۇشۇپ تۇرغان مۇشۇ رايوندىكى رېئال سىياسىي ۋەزىيەت بىلەن بەلگىلىنىدۇ. مانا مۇشۇ مەلۇم تارىخىي دەۋر جەريانىدىكى ۋەزىيەت ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن سۇڭ دۆلىتىنى تاڭغۇتلارغا قارشى كۈرەشتە تەبىئىي ئىتتىپاقداش قىلىپ قويىدى. پىنكسنىڭ يەكۈنىدىكى بايانى ۋە بۇنىڭدىن باشقا مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلىرى كىشىدە ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە مۇناسىۋەتلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئاپتور ئېتىراپ

① پىنكس: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 31 - بېتىگە قاراڭ.

قىلالمىدۇ - يا، دېگەن بىر تەخمىننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مۇنداق ئىمكانىيەتكە يول قويۇش بولسا، خەنزۇلارنى مەركەز قىلىش كۆز قارىشىنىڭلا بىر ئىنكاسى بولالايدۇ. بۇ كۆز قاراش بويىچە بولغاندا، «ياۋايىلار»نىڭ دۇنيادا مەھكۇم ئورۇندا تۇرۇشى تەڭرىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن. مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا «ياۋايىلار»نىڭ ئەنئەنىۋى ساداقەتلىكى كېلىپ چىقىدىغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلغان.

جۇڭگو مەنبەلىرى سۇڭ دۆلىتىنىڭ تاڭغۇتلارغا قارشى بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى يۈزلىمىلىك سىياسەت قوللىنىپ كەلگەنلىكىنى بەكمۇ ئېنىق ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مانا مۇشۇ مەنبەلەرگە قاراپ بۇ ئىككى يۈزلىمىلىك سىياسەتتە سۈيىقەست يوشۇرۇنغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش تەس ئەمەس. پېنكىس يۇقىرىقى بايانىنىڭ داۋامىدىلا: «ئاز دېگەندىمۇ بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ كونا پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا، ‹ياۋايىلار›غا بىر - بىرىنى يوقىتىش ئىمكانىيىتى تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ (سۇڭ دۆلىتىنىڭ - ئا.م.) يارامىلىق ئىتتىپاقداشىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن نەزەردە تۇتىدۇ» دەپ يازىدۇ (يۇقىرىقى كىتابنىڭ 81 - بېتى). مانا مۇشۇ مۆلچەر ئىنتايىن توغرىدۇر. مانا مۇشۇ جۈملىنىڭ ئۆزىنى مۇقىملاشتۇرۇلغان شەكىلدە باتۇرلۇق بىلەن يېزىشقا بولىدۇ. سۇڭ دۆلىتىگە تاڭغۇتلارغا قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرغان ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلار بىلەن بىر قاتار، سۇڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا سىناقتىن ئۆتكەن «ياۋايىلار»نىڭ قولى بىلەن «ياۋايىلارنى بېسىقتۇرۇش» دېگەن تاشقى سىياسىتى پرىنسىپىنىڭ دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە بۇنىڭ ئۆزى تاكتىكا بەلگىلەپ كەلگەنلىكى ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇرمايدۇ، مانا مۇشۇ پرىن-

سىپ قوۋلۇق - شۇملۇق ئىشلىتىشكە، نەيرەڭۋازلىق قىلىشقا،
كۆرەشنىڭ ھەممە ئېغىرلىقىنى ئۇيغۇرلارغا ئارتىپ قويۇشقا مەج-
بۇرلاپ كەلدى. پېنكسىنىڭ مانا مۇشۇ كەلتۈرۈلگەن بايانى گەر-
چە جۈملە مۆلچەر شەكلىدە قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ «ئىمپېراتورغا ... كۆرسىتىلگەن ساداقەتلىك» توغرى-
سىدىكى تېزىسىغا تامامەن زىت كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ھېچنې-
مىنى چۈشەنمەيدۇ دەپ مۆلچەرلەشكە زادى بولامدۇ!؟ ياكى
ئۇيغۇرلار سۇڭ دۆلىتى سىياسىتىنىڭ ھەممە نەيرەڭۋازلىقلىرىنى
چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ «ساداقەت» لىك قىلىۋېرەمدۇ؟ ياق، ئەلۋەت-
تە. ئەھۋال بۇنىڭغا قارىغاندا خېلىلا مۇرەككەپ ئىدى. ئىككى
خەلقنىڭ 300 يىللىق ئۆزئارا مۇناسىۋەت تارىخى تۈرلۈك
خاراكتېردىكى كۆپ ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن،
مەركىزىي ئاسىياغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىدا ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن پايدىلىنىش، 660—663 - يىللار-
دىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇشلار
ئۇيغۇر خاقانلىقى بىلەن بولغان تىنچلىق مۇناسىۋەتلەرنى ۋە
ئۆكتۈك - سۆيگىن ئىسيانىغا قارشى بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش-
لارنى، سوۋغا - سالام ياكى ئات سېتىۋېلىش شەكلى بىلەن
ئۇيغۇرلارغا چوڭ سېلىق تۆلەپ تۇرۇشلارنى، سەددىچىن سېپىلى-
نىڭ ياقىسىدا ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش قاتارلىق ۋەقەلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ جەنۇب تەرى-
پىدىكى مەنەنلىك — كېبىرلىك كېسىلگە گىرىپتار بولغان ئۆز
قوشنىسىنىڭ تاشقى سىياسىتىكى ھەممە ئۇسۇللىرىنىڭ بارلىق
تەپسىلاتلىرىنى بەك ئوبدان بىلىپ ۋە چۈشىنىپ كەلگەن. ئوبىيېك-
تىپ ئىمكانىيەت يار بەرگەن چاغدا شۇ ۋەزىيەتكە مۇۋاپىق
ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى بىتەرەپ سىياسەت يۈرگۈزۈشكە مەج-
بۇر قىلىشنىمۇ ئوبدان بىلەتتى، دەپ باتۇرلۇق بىلەن مۇقىملاش-
تۇرغىلى بولىدۇ.

# ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش

ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇشلار ئۈستىدە ي. ئى. كىچانوۋ تەتقىقاتلار ئېلىپ باردى ۋە بۇ توغرۇلۇق مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلدى ھەم تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان ئۆز كىتابىنىڭ بىر بابىدا يەنە بۇ ھەقتە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. مۇشۇ سوقۇشلار توغرۇلۇق ئې. پېنكىمۇ خېلىلا تەپسىلىي نەرسىلەرنى يازدى.

يۇقىرىدا بىز، تېخى مۇستەھكەم بىر قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشالمىغان ئايرىم تاڭغۇت قەبىلىلىرىنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى خېلىلا بالدۇر ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدىن كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ۋە سودا كارۋانلىرىنى بۇلاش-تالاشتىن باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ ئەھۋال X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە 982 - يىلى تاڭغۇتلارنىڭ باشلىقى توباجىچەن سۇڭ دۆلىتىگە قارشى مۇستەقىللىك ئۈچۈن سوقۇش باشلىغانغا قەدەر داۋام قىلدى. توباجىچەن تاڭغۇتلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئۆز ئەتراپىغا خېلىلا تېز دەرىجىدە ئۇيۇشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى ۋە XI ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئوردوسنىڭ ھەممىلا تېررىتورىيىسىنى دېگەندەك ئىگىلىۋالدى. بۇنىڭ ئۆزى، ئەمەلىيەتتە، تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ تەشكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. تاڭغۇتلارنىڭ بۇنچىلىك كۈچىيىپ قۇدرەت تېپىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ بىۋاستە قوشنىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار

ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ خاتىرجەمسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋەقەلەرنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى مۇنداق ئەندىشە قىلىشنىڭ تولۇق ئاساسلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. مۇشۇ رايوندىكى ۋەزىيەتنى ئىنچىكە تەتقىقات قىلىش بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارغان ئاپتورلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ئۇيغۇر ۋە تىبەتلىكلەر بىر تەرەپ بولۇپ، تاڭغۇتلار بىر تەرەپ بولۇپ ئۆزئارا ئۇزۇن مۇددەتكە سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر قاتار ئامىللارنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ي. ئى. كىچانوۋ ئۇرۇشلارغا سەۋەب بولغان ئۈچ ئاساسىي ئامىلنى — ئۇيغۇر ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن خانلىقلىرىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مۇشۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزى تاڭغۇتلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئىشەنچ بەرگەنلىكىنى، تىبەتلىكلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئىگىلەپ تۇرغان يەرلەردە تاڭغۇتلارنىڭ ۋە ئۇلارغا قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى؛ ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەر بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن كېلىۋاتقان ئاداۋەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزچە، مەزكۇر تەتقىقاتچى ئۇزۇندىن كېلىۋاتقان ئاداۋەتنىڭ ئەھمىيىتىنى بىرئاز ئاشۇرۇۋېراق كۆرسىتىدۇ. ئۇزۇندىن كېلىۋاتقان ئاداۋەت ئامىلى ئەلۋەتتە بار ئىدى، لېكىن بۇ ئامىلنىڭ پەقەت ئىچكى جەھەتتىلا ئەھمىيىتى بولۇپ، تاڭغۇتلار بۇنى ئۇرۇشقا ھازىرلىق قىلىش ۋە ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ پايدىلاندى. ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپرەك ئەھمىيەتلىك بولغان ئىش شەرق بىلەن غەرب تەرەپتىكى مەملىكەتلەرنى باغلاپ تۇرغان گەنسۇ كارىدورىدىن ئۆتىدىغان ئەمەلىيەتتە بىردىنبىر قولاي سودا يولى ئۈستىدىن ئۆز كونتروللۇقىنى ئورنىتىشقا ۋە ئالاشان، نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى كەڭ مۇنبەت يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشقا بولغان ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

تاڭغۇتلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋە تىبەتلىكلەرگە قارشى كەڭ ھەربىي

ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشىنى 1006 - يىلى تاڭغىتلار بىلەن سۇڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق توختامى ئىمزالانغانلىقى بىلەن باغلىق، دەپ قارىغىلى بولىدۇ. مەزكۇر توختامنىڭ ئېنىق شەرتلىرى بىزگە نامەلۇم. لېكىن كېيىنكى ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ تەھلىلى سۇڭ دۆلىتى بىلەن تاڭغىتلار ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنىتىلىشى پەقەت تاڭغىتلارنىڭلا ئۇتۇپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى تاڭغىتلار ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلىكلەرگە قارشى چوڭ ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قوللىرىنى بوشىتىۋالدى، دەپ كىچانوۋ كۆرسىتىدۇ. «دې - مىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى ساقلاپ قالدى، بۇ بەك ئېنىق ئىش، شۇڭلاشقا ئۇ بىر يىلدىن كېيىن غەربتە چوڭ ئۇرۇش باشلىۋەتتى»①.

تاڭغىت ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ھەربىي يۈرۈشى 1008 - يىلى يۈز بەردى، لېكىن بۇ ئۇرۇشتا تاڭغىتلار مەغلۇپ بولدى. ئۇيغۇرلار تاڭغىت ئارمىيىسىنى ئۇيغۇرلارغا قولايلىق بىر جايغا جەلپ قىلىپ كېلىپ، ئۇلار ھەممىسىنى دېگۈدەك يوقاتتى. جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇيغۇرلار قولغا چۈشكەن بارلىق ئەسىرلەرنى خەلققە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىرمۇ بىر ئۆلتۈرگەن، قولغا چۈشكەن ھايلىقلارنى ئاما ئالدىدا كۆيدۈرۈۋەتكەن. تاڭغىت ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ۋاڭ زى يالغۇز ئۆزىلا قېچىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بولغان، ئۇ تاڭغىتلارنىڭ باشلىقى دې مىڭنىڭ غەزىپىدىن قاتتىق قورقۇپ ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلمەي، سۇڭ دۆلىتىگە بېرىپ تەسلىم بولغان. تاڭغىتلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى 1009 - يىلى قەمەرىيە 4 - ئايدا (27.IV — 26.V)

---

① كىچانوۋنىڭ «تاڭغىت دۆلىتىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئوچېركلار» دېگەن كىتابىنىڭ 45 - بېتىگە قاراڭ.

يۈز بەردى. بۇ قېتىم ئۇلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پايتەختى گەنجۇ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. تاڭغۇتلارنىڭ 20 مىڭ ئەسكەرى گەنجۇ قەلئەسىنى قورشىۋالدى، لېكىن ئارىدىن ئۇن كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خاقان يې لۇگې (ياغلاقار؟) كېچىسى شەھەردىن تۇيۇقسىز چىقىپ، قورشاپ تۇرغان ئەسكەرلەرنى قاتتىق زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭغۇتلار قېچىپ كەتتى. ئىككىنچى يىلى — 1010 - يىلى تاڭغۇتلار ئۇيغۇرلارغا ۋە زۇڭگې قەبىلىسىگە (ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان تىبەت قەبىلىسى) يەنە ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى توغرۇلۇق مەنبەلەردە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما كېيىنكى ۋەقەلەر شۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ تاڭغۇتلار ئۈچۈن ھېچقانداق بىر نەتىجە كەلتۈرمىدى، دەپ پەرەز قىلىشقا ئىمكان بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى مانا مۇشۇنداق تامام بولدى. ئۇيغۇرلار تاڭغۇتلارنىڭ ھەممىلا ھۇجۇملىرىنى شۇ قاتاردا 1008 — 1009 - يىللاردىكى قىتانلارنىڭ ھۇجۇمىنىمۇ زەربە بېرىپ قايتۇرۇپ تۇردى. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەردىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئوڭۇشلۇق بولغان. لېكىن مۇشۇ جەڭلەر نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەھۋاللارغا قارىغاندا ئېغىر چىقىملار تارتقان بولسا كېرەك. مانا مۇشۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزى، تاڭغۇتلارنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچلەردە خېلى ئۈستۈن تۇرغانلىقى ۋە قىتانلارنىڭ تاڭغۇتلارغا كۆرسەتكەن بەزى ياردەملىرى كۈرەشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن.

1026 - يىلىغا قەدەر تاڭغۇتلار ئۇيغۇرلارغا قارشى چوڭراق بىرەر ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ بارمىدى. ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ھالەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسا كېرەك. تاڭغۇتلار ئۆزلىرىنىڭ كى-

چىكرەك ھۇجۇملىرىنى قىلىپ تۇردى، ئارىدا ئۇششاق توقۇنۇشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇردى، ئەلچىلەرنى ۋە سودا كارۋانلىرىنى بۇلاپ كېتىش ئىشلىرىمۇ بولۇپ تۇردى. شۇ چاغلاردا بىر ئاز چوڭراق كۆلەمدىكى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى شىلەنجۇ (لەنجۇ) رايونىدا ئەۋج ئالدى. ئۇيغۇرلار تىبەتلىكلەرگە ياردەم كۆرسىتىپ، تاڭغۇتلارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ تۇردى. 1026 - يىلى قىتان ئەسكەرلىرى گەنجۇغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى، لياۋ — قىتان دۆلىتىنىڭ تارىخىغا قارىغاندا، بۇ ھۇجۇم 1026 - يىلى قەمەرىيە 8 - ئايدا يۈز بەرگەن. لېكىن قىتانلارنىڭ قورشاۋى بار - يوقى ئۈچ كۈنلا داۋام قىلغان، كېيىن ئۇلار كېتىپ قالغان.

باشقا مەنبەدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قىتانلارنىڭ شۇ ھۇجۇمىغا تاڭغۇت ئەسكەرلىرىمۇ قاتناشقان. تاڭغۇتلار مۇشۇ ھۇجۇمدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان سوقۇشنى يەنە باشلىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتى جۇڭگو مەنبەلىرىدە يېزىلمىغان. پەقەتلا 1028 - يىلى تاڭغۇتلارنىڭ گەنجۇ قەلئەسىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى يې‌لۇگې (ياغلاقار) ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى، ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى بولسا ئەسىرگە چۈشكەنلىكى مەلۇم. 1036 - يىلى، تاڭغۇتلار خېشى كارىدورىنىڭ ئەڭ غەربىتىكى رايونلىرىنى — سۇجۇ، گۇاجۇ ۋە شاجۇ (دۇڭخۇاڭ) قاتارلىق قەلئە - شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچىلىرىنى يوقاتتى.

مەنبەلەردە مۇشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ نېمە بولغانلىقى تەپسىلىي كۆرسىتىلمەيدۇ. پەقەتلا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى غەرب تەرەپكە كەتكەنلىكى، ئىككىنچى بىر قىسمى جەنۇب تەرەپكە تاغ ئاتلاپ تىبەتلەر تۇرىدىغان رايونلارغا ئۆتكەنلىكى مەلۇم. مۇشۇ تاغ ئاتلاپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلار تىبەتتەن ئاز ساندا بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆچۈشى ھېچقانداق بىرەر

نەتىجىگە ئېگە بولالمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلغان، پەقەت ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارلا تاڭغىتلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا شۇ كونا تېررىتورىيىلىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ساقلىنىپ قالدى. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا خاس ئىبادەتخانىلىرى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغان. ي. ئى. كىچانوۋنىڭ مۆلچەرىچە، مەزكۇر ئىبادەتخانىلار تاڭغىتلار ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان.

سۇڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغىتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارغا زادى قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقى مەسىلىسى كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدۇ. مۇشۇ مەسىلىگە قارىغاندا جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى پەقەت ئاز ساندىكىلا مەلۇماتلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەلۇماتلار بولسا سۇڭ دۆلىتىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بېزەپ چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىشكە ئىنتىلىش بىلەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمە خاراكتېرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. مانا مۇشۇ مەلۇماتلاردا تاڭغىتلارغا قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ سوقۇش ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر خانلىقى ۋە تىبەت كىنەزلىكلىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلىكلىرى ئۈستىدە خېلىلا تەپسىلىي توختاپ ئۆتىدۇ. ئەلچىلەر تاڭغىتلارغا قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلىش ئۈچۈن يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئەپلىك شەرت - شارائىتلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ۋە بىرلىكتە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى تەشكىللەشنىڭ پىلانلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن. مۇشۇنداق خەۋەرلەرنى يېزىش بىلەن بىللە سۇڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇشۇ ئىشلارغا قارىتا كونكرېت ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمەيدۇ. سۇڭ دۆلىتىنىڭ پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىدىغان ھۆججەتلەردە ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەرگە تەقدىم قىلىنغان مول سوۋغا - سالاملار، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا سەلتەنەتلىك ئۇنۋانلار بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكىلا مەلۇماتلار يېزىلغان. مۇنداق سوۋغا - سالاملار غەلىبە قىلغانلىق توغرىسىدىكى

خەۋەرلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندا ياكى تاڭغۇتلارغا قارشى بىرلىشىپ ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەكلىپلەر بېرىلگەندىلا تەقدىم قىلىناتتى. خەنزۇنى مەركەز قىلىش ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىگە شۇ مەيداندا مۇئامىلە قىلغاندا ۋەقەلەرنىڭ ئۆزى غەرەزلىك ھالدا بايان قىلىناتتى، يېزىلغان ئەرسىلەرمۇ ناھايىتى ئىپتىقسىز بولاتتى. مانا مۇشۇ ئەھۋال ۋەقەلەر تەرەققىياتىنىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا قوشۇمچە قىيىنچىلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

996 - يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورىنىڭ سارىيىغا ئۇيغۇرلار بىلەن تاتارلارنىڭ بىرلىكتە ئەۋەتكەن بىرلەشمە ئەلچىلەر ئۆمىكى يېتىپ كەلدى. بۇ ئۆمەك يېتىپ كېلىپ تاڭغۇتلارغا قارشى جازالاش ئۇرۇشلىرىنى بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سۇڭ دۆلىتىمۇ ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەھۋالغا قارىغاندا، مۇشۇنداق تەكلىپ بىلەن بارغان ئەلچىلىكلەرنىڭ رەسمىي تىزىمغا ئېلىنىپ يېزىلغىنى مۇشۇ بىرىنچى قېتىم بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار جاۋابەن «خەيرىخاھلىق ئىزھار قىلىنغان مەكتۇپ» تاپشۇرۇۋالدى. تاڭغۇتلارغا قارشى بىرلىشىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى 1001 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان سۆزلىشىشلەر نەتىجىسىز تاماملاندى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئىمپېراتورى ئۇيغۇرلار خاقانىغا ھەربىي ھەرىكەتلەرگە ئومۇمىي رەھبەرلىك سىلەر تەرەپتىن بولسا، دېگەن پەرمان ئەۋەتىش بىلەنلا چەكلەندى. ئەينى ۋاقىتتا خاقانغا مول سالاملار ئەۋەتىلدى. مانا مۇشۇ ئېلىپ بېرىلغان سۆزلىشىشلەر ھەققىدە ئې. پىنكس: «... بۇ ئىشلار خاقاننىڭ پىلانىغا ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يەنىلا ئۇيغۇن كەلمىدى. خەنزۇلارنىڭ بۇ سوقۇشلارغا ئىشتىراك قىلىشى توغرۇلۇق ھېچ يەردە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمەيدۇ. شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار

ئۇستىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ» دەپ يازىدۇ①.
1003 - يىلي تاڭغۇتلار شىلەنفۇ (لەنجۇ) - تىبەت كىنەزلىكىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بولغان سوقۇشتا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە يولۇقتى. مانا بۇ جەڭلەردە ئۇيغۇرلار تىبەتلىكلەر بىلەن بىرسەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلدى. تاڭغۇتلار چېكىنگەن چاغدا ئۇلارنىڭ باشلىقى توباجىچەن ھالاك بولدى. تىبەتلىكلەرنىڭ رەھبىرى پەن لوجي (بولوچى) سۇڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورىغا تىبەتلىكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن پايدىلىنىپ مۇشۇ ھۇجۇمنى سۇڭ ئەسكەرلىرى قوشۇلغان ھالدا داۋاملاشتۇرۇش توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى، سۇڭ ئىمپېراتورى مۇشۇ قېتىمدىمۇ پەن لوجىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلمىدى. ھەتتا توبا جىچەننىڭ تېخى دەپنە قىلىنمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، سىلەرمۇ تاڭغۇتلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشتىن ۋاز كەچسەڭلار قانداق، دەپ تەكلىپ بەردى. لېكىن پېنكىسنىڭ تەخمىن قىلىشىچە، بۇ يەردىكى مەسىلە دەپنە قائىدە - يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىشتا بولماستىن، بەلكى قىتانلار بىلەن سۇڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەتنىڭ كەسكىن ھالدا جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان، مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن، قىتان دۆلىتى بىلەن بولغان چېگرىلارغا ئاساسىي كۈچلەرنى توپلاش زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى.
سۇڭ دۆلىتىنىڭ چېگرا ئامانلىقىغا مەسئۇل بولغان دۆلەت ئەربابلىرى تاڭغۇت دۆلىتىدىكى ۋەزىيەتكە ۋە شۇنىڭدەك تىبەت كىنەزلىكى، ئۇيغۇرلار خانلىقىدىكى ۋەزىيەتنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇردى. 1007 - يىلى ئۇلار (سۇڭ دۆلىتى ئەر-

① پېنكىسنىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 83 - بېتىگە، مالىيەۋكىننىڭ «ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 80 — 81 - بەتلىرىگە قاراڭ.

بابلىرى) تاڭغىتلارنىڭ ئەربابلىرى گەنجۇ ۋە شىلەنغۇغا يېگى-
دىن ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان-
دىن كېيىن، بۇ مەلۇماتنى ئۇلار شىلەنفۇ ھۆكۈمرانى سى دونغا
خەۋەر قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ
بىرلىكتە مۇداپىئە كۆرۈشكە ھازىرلىق قىلىش توغرۇلۇق تەۋسىيە
قىلدى. مانا بۇ ئەھۋال تاڭغىتلارنىڭ ھۇجۇمىنى بىر مەزگىل
كېچىكتۈردى. لېكىن 1008 - يىلغا كەلگەندە، ھەربىي ھەرىكەت-
لەرنى يەنە باشلىۋەتتى ۋە ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم
مەغلۇپ بولدى. ئۇيغۇرلار سۇڭ دۆلىتى سارىيىغا يەنە بىر
قېتىم بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ تۈرۈپ ھەربىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ
بېرىش ھەققىدە تەكلىپلەر بەردى، لېكىن ئورتاق دۈشمەنگە
قارشى ياردەم ۋە ھەمكارلىشىشنىڭ ئورنىغا سوۋغا - سالام ۋە
ئالىي پەرمانلار تاپشۇرۇۋالدى. پېيىنكىس بۇ خۇسۇستا تۆۋەندى-
كىلەرنى يازىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى خەنزۇلارغا
بەك ياقاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ خەۋپلىك قوشنىسى (تاڭغىتلار —
ئا. م.) نىڭ ئاجىزلىششى خەنزۇلار ئۈچۈن بەك پايدىلىق ئىدى.
ئۇلار (خەنزۇلار — ئا. م.) شۇنداق بولۇشنى خالايتى. لېكىن
كېيىنكى يىللاردا سۇڭ دۆلىتى بىلەن تاڭغىتلار ئوتتۇرىسىدا
مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئۆزئارا ئىناقلىقنى خېيىم - خەتەرگە
گىرىپتار قىلىشنى خالىمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنى
مۇشۇ ئويۇننىڭ سىرتىدا تۇتۇشقا تىرىشىپ كەلدى. ئۇلار گەرچە
«چېيەنيۈەن بىتىمى» (1004 — 1005 - يىللار) نەتىجىسىدە دۆلەت-
نىڭ شەرق چېگرىلىرىدا تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەچكە، ياردەم
بېرىش ئىقتىدارىدا بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىش-
نى بۇ قېتىم يەنە رەت قىلدى.» «چېيەنيۈەن بىتىمى»گە ئاساسەن،
سۇڭ دۆلىتى ھەر يىلى قىتانلارغا 200 مىڭ توپ يىپەك ۋە
100 مىڭ سەر كۈمۈش سېلىق تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى.
كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خېلىلا ئېغىر

بولدى. لياۋ دەۋرى تۇڭخې 26 - يىلى قەمەرىيە 12 - ئايدا
(1008. 12. 30 — 1009. 1. 28) قىتان ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي
شىمال رايونلارنى بېسىقتۇرۇشقا مەسئۇل بولغان ۋالىيسى ئىمپې-
راتورغا: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ھۇجۇم قىلدىم، ئۇلارنىڭ باشلىقى
يې لالىنى بويسۇندۇردۇم ۋە بېشىنى سىلاپ قويۇپ قايتىپ
كەلدىم» دەپ دوكلات يازغان. پېنكىس قىتانلارنىڭ مۇشۇ ھۇجۇ-
مىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلار «گەنجۇنى ئىگىلىۋالدى» دەپ
يازىدۇ. بۇنى يازغاندا پېنكىس لياۋ دۆلىتى تارىخنامىسىنىڭ
ھېلىقى تېكىستىگە ئاساسلىنىدۇ. بىز شياۋتۇينىڭ مۇۋەپپە-
قىيەت قازانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى بايان قىلغان لياۋ
دۆلىتى تارىخنامىسىنىڭ تېكىستىدە گەنجۇ قەلئەسىنى ئىشغال
قىلغانلىقى توغرۇلۇق بىۋاستە مەلۇماتلار يوق، دەپ ھېسابلاي-
مىز. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇ (شياۋتۇي) ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا
قىلغان ھۇجۇمى ۋاقتىدا مۇئەييەن بىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمى-
غان. ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەھۋالنى تۇتۇق ئىبارىلەر بىلەن ئېنىق
بولمىغان غەلىبىلەر ئۈستىدە مەلۇماتلار بېرىش بىلەن يوشۇرۇپ
قالغان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي
مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خېلى دەرىجىدە چوڭايتىپ كۆرسىتىش ئادەتتە
يالغۇز جۇڭگونىڭ قوماندان ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار-
لىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى شەرقىي ئاسىيادىكى باشقا خەلق-
لەرنىڭ ھۆكۈمران يۇقىرى قاتلىمىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈچۈنمۇ
خاراكتېرلىك بىر ئىشتۇر.

تاڭغىتلار 1009 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىتانلار تەرىپىدىن
«ئىشغال قىلىنغان» گەنجۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان.
لېكىن ئۇلار بۇ يەردە قاتتىق دەشنەم يەپ زەربە بىلەن قاي-
تۇرۇلدى. گەنجۇنىڭ تاڭغىتلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان-
لىقى ھۇججەتلەر بىلەن ياخشى ئىسپاتلانغان پاكىت بولۇپ،
شياۋتۇينىڭ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى توغرۇلۇق

ئىسپات سۈپىتىدە كەلتۈرۈلگەن دوكلاتنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى يەنىلا كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەنبەلەردە 1009 — 1010 - يىللار ئارىلىقىدا ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدا يەنە بىرنەچچە قېتىم توقۇنۇش بولغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا 1008 — 1010 - يىللار ئارىلىقىدا ئۇيغۇر ئەلچىلىرى سۇڭ ئىمپېراتورىنىڭ سارىيىغا كۆپ قېتىم بارغانلىقى قەيت ئېتىلگەن. بۇ يەردىكى كۆرسىتىلگەن ئەلچىلىكلەرنىڭ بەزىلىرىنى تاڭغۇتلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئەۋەتىلگەن ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار مانا شۇ مەزگىللەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تاڭغۇتلار ئۈستىدىن قازانغان ھەممە غەلىبىلىرىنى سۇڭ ھاكىمىيىتىگە ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر بېرىپ تۇرغان. ئۇيغۇرلار خاقانىغا، ئۇلارنىڭ قوماندانىغا، ئەلچىلەرگە ۋە باشقا خادىملارغا يېڭى ۋەزىپىلەر، ھۆرمەت ئۇنۋانلىرى ۋە مەنسەپلىرى بېرىلگەنلىكى، ئىمپېراتور پەرمانلىرىنىڭ يوللانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇيغۇرلارغا ئۇرغۇنلىغان سوۋغا سالاملار يوللىنىپ تۇرۇلدى. سوۋغا - سالامنى خاقان ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى، دىپلوماتىك ئەلچىلەر، سەركەردىلەر، كوماندىرلار ۋە باشقىلار تاپشۇرۇۋېلىپ تۇردى. مەنبەلەردە سۇڭ دۆلىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارغا كۆرسىتىلگەن رىئال ھەربىي ياردەملەر ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ ئېچىلمايدۇ. ئەسلىدە بولسا مۇشۇ رايوندىكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنى شۇنداق مەۋقەگە قويىدۇكى، ئۇيغۇرلار تاڭغۇتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغاندا، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سۇڭ دۆلىتىنىڭ ھېچقانداق ياردىمىنى ئالماي تۇرۇپمۇ سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلغانىدى.

مۇشۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن پەقەت تۆۋەندىكى بىرلا خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: سۇڭ ھاكىمىيىتىنى مۇشۇ رايوندا

ياشغۇچى، ھەممىدىن ئاۋۋال، ئۇيغۇرلارغا ئۇنىڭدىن قالسا تىبەتلىكلەرۋە باشقا نۇرغۇن ئۇششاق خەلقلەرگە بولىشان تەشەككۇر مەكتۇپلىرى ۋە سوۋغا - سالاملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ خەلقلەرنى تائىغىتلار تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشكە «رىغبەتلەندۈرۈش» ئۈچۈن قاتتىق كۈچ چىقاردى. سۇڭ دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن دوستلۇق مۇئامىلىسىنى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشقا بولغان ئارزۇلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلار بىتەرەپ كۆزەتكۈچىلىك ئورنىدا تۇردى. ئۇيغۇرلار ۋە ئىتتىپاقچىلىرى بىر تەرەپ بولۇپ، تاجاۋۇزچىلىق ئورنىدا تۇرغان تائىغىتلار بىر تەرەپ بولۇپ ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي ھەرىكەتلەرگە ئارىلاشمىدى. ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ باشقا تاللىۋالىدىغان چارىسى بولمىغانلىقتىن، ئۆزلىرى يېگانە ھالدا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەر مۇشۇ كۈرەشكە سۇڭ دۆلىتىنى جەلپ قىلىشقا كۆپ ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئومۇمەن ئالغاندا، سۇڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرى يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ مۇشۇ رايوندا 960 - يىلدىن 1028 - يىللار ئارىلىقىدا يۈرگۈزگەن سىياسىتى — ئەسىرلەر داۋامىدا سىناقتىن ئۆتكەن «ياۋايىلارنىڭ قولى بىلەن ياۋايىلارنى ئۇجۇقتۇرۇش» دېگەن كونا تاشقى سىياسەت پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

# ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى قوشنىلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى قوشنىلىرى
ئۇلارغا دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن خەلقلەر ئىدى. بىز
بۇ خەلقلەر قاتارىغا قىتانلارنى قوشمايمىز. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلـ
قى بىلەن قىتان ئىمپېرىيىسىنىڭ غەرب تەرەپتىكى تېررىتورىيە
لىرى ئارىلىقىدا كەڭ ئوتلاق ۋە يېرىم چۆل رايونلىرى جايـ
لاشقانىدى. قىتانلارمۇ مۇشۇ يەرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر تېررىتو-
رىيىسىگە ھۇجۇملار قىلىپ تۇراتتى، مانا مۇشۇ يەرلەرنى قىتانـ
لاردىن باشقا، تاڭغۇتلارمۇ دەۋا قىلىشىپ تالىشىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى بىۋاسىتە
قوشنىلىرى كىچىك - كىچىك تىبەت كىنەزلىكلىرى
ئىدى. مەزكۇر كىنەزلىكلەر بىر پۈتۈن تىبەت دۆلىتى پارچىلانـ
غاندىن كېيىن شەكىللەنگەنىدى، بۇ ھەممىدىن ئاۋۋال شىلەنـ
غۇكىنەزلىكى ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردە ۋە ئەدەبىياتتا بۇ يەر
لەنجۇ نامى بىلەنمۇ مەلۇمدۇر. مەزكۇر كىنەزلىك گەنسۇ ئۆلكـ
سىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھازىرقى ۋۇۋېي ناھىيىسى ئەتراپلـ
رىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. غەرب ۋە شەرقنى باغلاپ تۇرىدىغان
سودا يوللىرى مۇشۇ كىنەزلىك ئارقىلىق ئۆتەتتى، مەشھۇر
ياپون تەتقىقاتچىسى فۇدزىي ئىبدا ئاكىيرا بۇ رايوننى
«غەربىي يۇرتنىڭ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىغانىدى. شۇنى تەكىتـ
لەپ ئۆتۈش كېرەككى، شۇ چاغلاردا بۇ يەرلەردە تىبەت قەبىلـ

لىرى كەڭ تارقالغانىدى. ناگاساۋا: «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تىبەتلىكلەر خېشى، گەنسۇ، نىڭشيا ۋە چىڭخەيلەردە تارقىلىپ ياشايتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى لەنجۇ گۇرۇپپىسى ئىدى» دەپ يازىدۇ①. مۇشۇ جايلاردا ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان گۇرۇپپا — تىبەتلىكلەرنىڭ تايانچىسى كۆكنۇركۆلى رايونىدىكى گۇرۇپپا ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مانا مۇشۇ تىبەت كىنەزلىكلىرى بىلەن ئۆزئارا بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەممىلا چاغلاردا ئىناق قوشنىدارلىقتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تىبەت كىنەزلىكلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ مۇشۇ رايوندىكى رولى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## شىلەنفۇ

تىبەت كىنەزلىكى، شىلەنفۇ ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ ئەھۋالىدا كۆپلىگەن ئورتاقلىقلار بار ئىدى. شىلەنفۇ تىبەتلىرى ئۇلۇغ يىپەك يولىنىڭ باش تەرىپىدىكى مۇھىم يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ رايونلارنى ئىگىلىۋېلىش ۋە بۇ سودا يولىغا ئۆز كونتروللۇقىنى ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن قوشنىلىرىنىڭ بېسىملىرىغا دائىم ئۇچراپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايلار چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن بەك قولايلىق ئىدى. X ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۆزئارا نىزالار نەتىجىسىدە جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا بەش ئاجىز ۋە ۋاقتى ئۇزۇن بولمىغان «سۇلالىلەر» پەيدا بولغانىدى. مەملىكەت بىر پۈتۈن ھوقۇق مەركەزلەشكەن سۇڭ دۆلىتى دائىرىسىدە

① ناگاساۋا: «لياۋ دەۋرىدىكى تىبەت ئەلچىلىكلىرى توغرىسىدا» 1960 - يىل نەشرى، 132 - بەتكە قاراڭ.

بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، تىبەت كىنەزلىكلىرى بىلەن بولغان چېگرا رايوندا شەكىللەنگەن ۋەزىيەتكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى يارىتىلغاندەك قىلاتتى. لېكىن تاڭغىتلارنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، سۇڭ دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانلىرىنى ئارقىغا سۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بارلىق دىققىتى تاڭغىت (غەربىي شىيا) دۆلىتىنىڭ بېسىمىغا قارشى تۇرۇشقا مەركەزلەشتى. شىلەنفۇ ۋە باشقا كىنەزلىكلەر سۇڭ دۆلىتىنىڭ تەبئىي ئىتتىپاقچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. سۇڭ دۆلىتى دىپلوماتلىرىنىڭ شىلەنفۇ تىبەتلىرى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە قوللانغان تاكتىكىسى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئۇيغۇرلارغا تۇتقان تاكتىكىسىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. تاڭغىتلارنىڭ نەنسەن تېغى ئېتەكلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى قوشنا تېررىتورىيىلەرنى بېسىۋېلىش تەلپىنى ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن دائىم ئىپادىلەپ تۇرۇۋشى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن شىلەنفۇ كىنەزلىكى ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشىغا شەرت - شارائىت تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن شىلەنفۇ كىنەزلىكى بىرلىكتە تاڭغىتلارغا زەربە بەردى. سۇڭ ئىمپېراتورىنىڭ سارىيىغا ئۆزئارا كېلىشىپ تۇرۇپ بىر قانچە قېتىم مەكتۇپلار يازدى. شىلەنفۇ تىبەتلىرى ئۆز قارمىقىدىكى تېررىتورىيىلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ۋە سودا كارۋانلىرىنى ئەركىن ئۆتۈپ كېتىشكە كاپالەتلىك قىلىپ تۇردى. شىلەنفۇ تېررىتورىيىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كارۋانلىرى ئۆتكەن چاغدا، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇلارغا تىبەتلىكلەرنىڭ كارۋانلىرىمۇ قوشۇلۇپ ماڭغان. بۇنىڭ ئۆزى كارۋانلار ئامانلىقىنى تېخىمۇ ياخشىراق كاپالەتلەندۈرگەن.

تاڭغىت دۆلىتى رەسمىي تەشكىللەنگەندىن كېيىن، مەزكۇر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمران يۇقىرى تەبىقىسى ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرگە

ئايرىم - ئايرىم، ئۆز ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇلاڭچىلىقتىن ئىبارەت ھۇجۇملاردىن رەسمىي تەشكىللىك ئاساستىكى تاجاۋۇزغا ئۆتتى. 1003 - يىلى ئۇلار شىلەنفۇ تىبەتلىرىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھەربىي ھەرىكەت تىبەتلىكلەرنىڭ مەركىزىي شەھىرىنى ئىشغال قىلىش بىلەن تاماملاندى. شۇ كۈندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ رەھبىرى پەن لوجى (كىچانوۋ «فەن لوجى» دەپ ئالغان) ئۆزىنىڭ تاڭغۇتلارغا بويسۇنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. كېيىنكى ئۆتكەن ۋەقەلەر مانا مۇشۇ ئەھۋالنىڭ ۋاقتىنى ئۇتتۇۋېلىش ئۈچۈن قوللانغان تاكتىكىلىق ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پەن لوجى شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدىلا بارلىق كۈچلىرىنى توپلاپ ئەپلىك بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاڭغۇتلار ئارمىيىسىگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. تاڭغۇتلار دەھشەتلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، سوقۇشتا تاڭغۇتلارنىڭ رەھبىرى توباجىچەن ساقايماس دەرىجىدە ئېغىر يارىلاندى.

1011 - يىلى تاڭغۇتلار شىلەنفۇغا قارشى ئاكتىپ ھەربىي ھەرىكەتلەرنى قايتا باشلىۋەتتى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بىرىنچى ھۇجۇم زەربە بىلەن قايتۇرۇلدى. ۋەقەلەرنىڭ كېيىنكى راۋاجى ھۆججەتلەردە ئوبدان كۆرسىتىلمىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇماتلار يوق دېيىشكە بولىدۇ. پەقەت 1016 - يىلى تاڭغۇتلارنىڭ لوما ئىسىملىك ئادىمى شىلەنفۇنى باشقۇرغانلىقىلا مەلۇم. ۋەزىيەتنىڭ مۇنداق بولۇپ قېلىشى سۇڭ دۆلىتىگە بارىدىغان ئەڭ ئەپلىك يولدىن مەھرۇم قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇرلار 1016 - يىلى تاڭغۇتلارنى شىلەنفۇدىن قوغلىۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىرىنچى قېتىم (ئانچە ئۇزۇن ۋاقىتقا يەتمىسىمۇ) سۇڭ دۆلىتى بىلەن ئورتاق چېگرىغا ئىگە بولۇپ قالدى①.

① تاڭغۇتلار بىلەن تىبەتلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئۇرۇشى توغرىسىدا پېنكىسىنىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 86 — 88 - بەتلىرىگە تەپسىلىي قاراڭ.

# كۆكنۇر رايونىدىكى تىبەت خانلىقى

هازىر چىڭخەي (كۆكنۇر) ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي رايونلىرىدا ياشاپ كەلگەن تىبەت قەبىلىلىرى IX ئەسىردە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىرەر سىياسىي رول ئوينىغان ئەمەس. بۇ يەردىكى تىبەتلىكلەر شۇ چاغدا ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان ئۇرۇغ - قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ پارچىلانغانىدى، ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئومۇمەن تىنچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. X ئەسىرنىڭ بېشىدا تىبەت پادىشاھى (زەنپوسى) نىڭ ئەۋلادى تىسېزۇي سىلونىڭ مەزكۇر رايوندىكى تىبەتلىكلەر ئۈستىدىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشى بۇ رايوندىكى تىبەتلىكلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى بەرپا قىلىشقا بولغان كۆرەشلىرىگە خېلى دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. تىسېزۇي سىلو ئېھتىماللارغا قارىغاندا، 996 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان بولسا كېرەك. 1007 - يىلى (؟) كىشىلەر ئۇنى چىن تەنگە (ھازىرقى شىنىڭ شەھىرىگە) ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئارىدا ئۇزۇن ئۆتمەي يەرلىك تىبەت قەبىلىلىرىنىڭ رەھبىرى دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. ئۇ كۆكنۇر رايونىدا تولۇق ھوقۇقلۇق ھۆكۈمران بولۇشتىن ئاۋۋال، يەرلىك بىرقانچە ئاقسۆڭەك ئائىلىلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۆزىنى ياقلىغان ئۇرۇقلار بىلەن بىللە چىداشقا مەجبۇر بولدى. X ئەسىرنىڭ بېشىدا، مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، مۇشۇ رايوندىكى تىبەت قەبىلىلىرىگە ئورتاق نام بولۇپ قالغان زۇڭكې دېگەن ئاتالغۇ پەيدا بولغان. تىسېزۇي سىلو مانا مۇشۇ زۇڭكې دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

مانا شۇ چاغلاردا زۇڭكېلار ئەھۋاللارغا قارىغاندا، گەرچە تىسېزۇي سىلو بىلەن ئۇنىڭ بىرىنچى ۋەزىرى لى لى زۇن (ئىنچىن چېن لىن بۇچى) ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەت ئۈچۈن

بولغان تالاش تارتىشلار تىبەتلىكلەرنى خېلىلا دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ھەربىي ياردەم كۆرسەتكەنىدى مەنبەلەردە زۇڭگېلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ھەربىي ھەمكارلىق مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە مەلۇماتلار يوق.

مەملىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەشتە زۇڭگېلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ تۇرۇلغان تېررىتورىيىلەر ئارقىلىق ئۆتىدىغان يولدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ يول ئۇزۇنراق، نىسبەتەن خەۋپسىز ئىدى ۋە سۇڭ دۆلىتى بىلەن دائىملىق باغلىنىشلارنى كاپالەتلەندۈرۈپ تۇراتتى. سۇڭ دۆلىتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، زۇڭگېلار تېررىتورىيىسىدىن ئۆتىدىغان مەزكۇر يىپەك يولىنىڭ ئەھمىيىتى بەك چوڭ ئىدى. بۇ تاڭغۇت دۆلىتى تېررىتورىيىسىدىن ئۆتمەيدىغان بىردىنبىر يول بولۇپ، سۇڭ دۆلىتى ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت خوتەن، تۇرپان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا شەھەر - دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرۇشقا ئىمكان بەرگەنىدى. ئې. پېنكىس زۇڭگېلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ياردەم جۇڭگوغا خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنى شەرت قىلىپ قويغانىدى، دەپ ھېسابلايدۇ. مەزكۇر تەتقىقاتچى ئايال: «... ئۇيغۇرلار... زۇڭگېلارنىڭ جۇڭگوغا خىزمەت قىلىش ئارزۇسى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر كارۋانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئالغانلىقى نەتىجىسىدىلا جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇۋاپىق بولالىدى»① دەپ يازىدۇ. مۇشۇ خۇلاسىدە تىبەتلىكلەرنىڭ جۇڭگوغا قارىتا قانداقتۇر ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىرى بارلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردىكى گەپ «خىزمەت

① پېنكىس: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى»، 86 - بەت.

كۆرستىش» ئارزۇسىدا ئەمەس. گەپنى مۇنداق قويۇش، خەنزۇنى مەركەز قىلىش روھىدىكى «ياۋايىلار» نىڭ جۇڭگوغا مەڭگۈ خىزمەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. تىبەتلىكلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ داھىيلىرى بەك بىلىملىك داتا ئادەملەر ئىدى، سىياسىي ۋەزىيەتنى ئوبدان تەھلىل قىلالايتتى ۋە ئاشۇ ئەھۋالغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەرىكەت چارىلىرىنى تاللىۋېلىشقا قادىر ئادەملەر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىبەتلىكلەر مۇشۇ كەڭ رايوندا ئۇزۇن ۋاقىت كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان بىر پۈتۈن تىبەت دۆلىتىنىڭ قۇدرەت تېپىپ تۇرغان زامانىنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇلار ئۆز مەملىكەتلىرى ئۈچۈن خەۋپلىك ۋە ھىيلىگەر دۈشمەن جۇڭگو ئىكەنلىكىنىمۇ يادىدا ساقلاپ تۇراتتى، شۇڭلاشقا پېنكىسىنىڭ تىبەتلىكلەر سۇڭ دۆلىتىگە بىرەر بېسىمسىز ئادەتتىكىچىلا «خىزمەت قىلىش» ئارزۇسىدا بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پىكىرگە زادى قوشۇلغىلى بولمايدۇ. سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىقى ئۇنىڭ قوشنىلىرىنىڭ (تاڭغىتلار، قىتانلار) قىسىشىغا قارشى تۇرۇشقا قادىر ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ سىياسەتلىرى، ھىيلىگەر - نەيرەڭۋاز سىياسەتچىلەرنىڭ كۈرەشنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىتتىپاقچىلىرى (ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەر) ئۈستىگە ئارتىپ قويۇشقا ئىنتىلىشلىرى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەت ئابرويىنىڭ ئۆسۈشىگە پۈتلىكاشاڭ بولدى. پەقەت كۈچلەرنىڭ رېئال ئورۇنلىشىشى ۋە تىبەتلىكلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگونىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقچىلىرى بولۇپ قېلىشى، كۆكنۇر تىبەتلىكلىرىنى مانا شۇ يۇقىرىقىدەك ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇرلاپ تۇردى.

«2.11 [(داجۇڭ شەنفۇ زامانىسىنىڭ)] 4 - يىلىدىن باشلاپ، (1012 — 25.1 — 1011 — 6.11) زۇڭگې قەبىلىسى ساراي (سۇڭ ئىمپېراتورىنىڭ سارىيى — ئا. م.) تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن نۇرغۇنلىغان خەيرىخاھلىقلار ئۈچۈن تەشەككۈر بايان قىلىپ،

ئورغۇنلىغان ئادەملەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىشكە باشلىدى ھەممە بۇ ئەلچىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يەتتى.»①

ئې. پېنكىس يۇقىرىقى نەقىلدىن كەڭ پايدىلىنىدۇ ۋە ئۆز كىتابىنىڭ تارىخىي قىسمىدا بۇ نەقىلنى كەلتۈرۈش بىلەن قايتا بىر بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. شۇڭلاشقا زۇڭگې قەبىلىسىنىڭ بۇ ئۇسۇل - چارىلىرىگە باھا بەرگەندە، بۇ تەتقىقاتچى ئاپال جۇڭگو مەنبەسىنىڭ كۆز قارىشىنى تەكرارلىغىنى بەك ئېنىقتۇر. ئۇيغۇرلار بىلەن زۇڭگېلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوبدان مۇناسىۋەتلەر سىبزۇي سىلونىڭ ئۇيغۇر خاقانىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنىڭ قاملاشماي قىلىشى نەتىجىسىدە تۇيۇقسىزلا بۇزۇلدى. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، تويغا تېگىشلىك سوۋغا - سالاملار جايىدا بولمىغانلىقتىن، تىسبزۇي سىلونىڭ تەكلىپى رەت قىلىنغان، لېكىن بۇنىڭدىكى سەۋەب باشقىچىرەك بولسا كېرەك. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار خاقانىنى كەلتۈرۈلگەن تارتۇقنىڭ مىقدارى قانائەتلەندۈرمىسە كېرەك، بۇ ۋەقەنىڭ ئېنىق ۋاقتى سۇڭ تارىخنامىسىدە كۆرسىتىلمىگەن، «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دىمۇ كۆرسىتىلمىگەن، تېكىستنىڭ مۇھىم قىسىملىرىغا قاراپ مۆلچەرلىگەندە، بۇ ۋەقە 1013 - يىلى يۈز بەرگەن بولسا كېرەك. تىسبزۇي سىلو نىكاھىنىڭ رەت قىلىنىشىغا قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۆز دۆلىتىدىن ئۆتىدىغان يوللارنى توراپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارغا ئېغىر زىيانلار يەتتى، ھەتتا سۇڭ دۆلىتىنىڭ 1012 - يىلى گەنجۇغا كەلگەن ئەلچىسىمۇ تاكى 1015 - يىلىنىڭ 8 - ئېيىغىچە كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كېتەلمىدى. بۇ توقۇنۇش خاقان ياغلاقار ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، 197 - جىلد، «ياۋايىلار» 1 - قىسمىنىڭ 4 - بۆلۈمى.

ئوغلى ياغلۇقو 1016 - يىلى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانغا قەدەر داۋام قىلدى. يېڭى خاقان ئۆز دادىسىنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى سىياسىتىگە قايتا قاراپ چىقتى، سىڭلىسىنىڭ تويىغىمۇ رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زۇڭگېلار بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەت يەنە ئەسلىگە كەلدى.

خاقان ياغلۇقو 1016 - يىلى شىلەنغۇنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار چېگرىسىدا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل نىسبەتەن خاتىرجەملىك ئورنىدى، 1016 - يىلى بىلەن 1028 - يىللار ئارىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن زۇڭگې قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مەنبەلەردە كۆرسىتىلمىگەن. مانا مۇشۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزىنى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىددىي بىر تىلغا ئالغۇدەك توقۇنۇشلارنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئىناق قوشنىدارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلىغانلىقى، دەپ قاراشقا بولسا كېرەك. 1028 - يىلدىكى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدا يۈز بەرگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگۈدەك ئىچكى سىياسىي ۋەزىيەت ھەققىدىكى مەلۇماتلارمۇ ناھايىتى ئاز، يۈز بەرگەن ھالاكەتچىلىكنىڭ شۇ يەردىكى شەرت - شارائىتنىڭ پىشىپ يەتكەنلىكىنىڭ تۈپەيلىدىن بولمىغانلىقى بەك ئېنىق. سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇ خانلىق ئاھالىسىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە بىزنى خەۋەرلەندۈرىدىغان، كەڭ تارقالمىغان بىر مەلۇماتنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

«2•12 كېيىن، يۈەن - خاۋ شىلەنغۇنى ئىشغال قىلدى. بولوجېنىڭ كونا قەبىلىلىرى كەينى - كەينىدىن (تىسېزۈي سىلوغا) ئىتائەت قىلدى. [تىسېزۈي] سىلو بۇلاردىن باشقا بىر قەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىگە بولدى. [تىسېزۈي] سىلوشەنجۇدا تۇردى، ئۇنىڭ غەربىدە لىڭ گۇ شەھىرى (قەلئەسى) بار ئىدى.

چىڭخەي، قوجۇ ۋە باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدا سودا قىلىپ يۈرگەن ياۋايىلارنىڭ سودىگەرلىرى تىجارەت ئۈچۈن ھەممىسى شەنجۇغا كېلىپ توپلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تىبىزۇي سىلو پېيىپ ۋە كۆچىيىپ كەتتى.»①

① «مەنبەلەرنى تەتقىق قىلىش» 335 - جىلد، 72 - بەت

# ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدا ھاكىمىيەت بېشىدىكى جەمەت

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا دەرھال ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان بىرىنچى مەسىلە مەزكۇر خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغۇچى جەمەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسىدۇر. گەنجۇ خانلىقىدا ئۇيغۇر خاقانلىقىنى سوراپ كەلگەن ياغلاقار ئۇرۇقى بىلەن ئانچە - مۇنچە تۇغقانچىلىق ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولامدۇ؟ د. پوزدنېيېۋ (Д.Позднеев) گەنجۇ ھاكىملىرى ئۈستىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «بىز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى بالدۇر پان - تې - لى Пан - Те - Ли رەھبەرلىكىدە غەرب تەرەپكە يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىمىز. ھازىر ئۇلار گەنجۇدا مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ خانى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يىراق غەربتىكى تىيانشان ئېتەكلىرىدىكى ئەللەرگە ۋە شەرقىي تۈركىستانغىچە كېڭەيتتى»①. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئاپتور گەنجۇنى سورىغان ئادەملەر پان تېكىننىڭ ئەۋلادلىرى، بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزى مۇشۇ يەردە ئۆتكەن بىرىنچى ھۆكۈمران، دەپ تەخمىن قىلغانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە د. پوزدنېيېۋ شۇ چاغلارنىڭ ئۆزىدىلا نەنسەن تېغى ئېتەكلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە «تىيانشان ئېتەكلىرىدىكى ئەللەر» نى (جۇڭغارىيىنى دېمەكچى — ئا.م) ئۆز تەركى-

① «ئۇيغۇرلار تارىخىدىن ئوچېرك» 1899 - يىل، پېتېربۇرگ نەشرى، 98 - بەتكە قاراڭ.

بىسگە ئالغان بىرلىككە كەلگەن بۈيۈك ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مەزكۇر دائىي ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كەتكەن چاغدا ئىگە بولۇپ تۇرغان تېكىن دېگەن ئۇنۋان ئۇنىڭ يۇرت سوراپ تۇرغان ئورۇققا مەنسۇپ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى بۇ ئۇنۋان خاقاننىڭ بالىلىرىغا ۋە كىچىك ئۇكىلىرىغىلا بېرىلەتتى. ئې. پېنكىس يەنە مۇشۇ گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئېلىپ: «ۋەزىر ساجى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان ئون بەش ئورۇقنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى غەربىي - شىمال تەرەپكە كېلىپ (تاڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە چاڭئەننى مۆلچەرلەپ كەلگەن ئادەم)، شىنجاڭنى ۋە گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىنى ئىگىلىۋالىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەخمىن قىلىنىشىچە، ئۆلتۈرۈلگەن خاقاننىڭ جىيەنى پانتېلى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن بىللە ئىدى» دەپ كۆرسىتىدۇ. ھەر ئىككى ئاپتورنىڭ خاقانات تېررىتورىيىسىدىن كۆچۈپ چىقىپ، يېڭى تېررىتورىيىلەرگە كەلگۈچىلەرنىڭ ئورۇنلىشىشىدىن كېلىپ چىققان نەتىجىلەرنى ۋە پانتېكىننىڭ رولىنى توغرا ئىزاھلاپ بېرەلمەسلىكى «كونا تاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە» نىڭ مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېكىستلىرىنى دېگەندەك ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكىدىن بولغان. بۇ ھەممىگە كەڭ ئايان تېكىستلەر بولۇپ، بارلىق تەتقىقاتچىلار جۈملىدىن ئې. پېنكىسمۇ مۇشۇنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردە كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان بىر ئىش د. پوزدنېيېۋنىڭ كىتابى نەشر قىلىنىپ ئارىدا 70 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا بىرەر ئىلگىرىلەشنىڭ بولمىغانلىقىدۇر.

مۇشۇ مەنبەلەردە بولۇپمۇ «يېڭى تاڭنامە» دە، خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن كۆچكەن ئايرىم - ئايرىم گۇرۇپپىلارنىڭ پەقەت ئۆز ئالدىغىلا كۆچۈپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيە ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ سىڭدۈرۈلگەن. ئې. پېنكىس بولسا ئۆز ئىدىيىسىنى

ئالغا سۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئىنتايىن ئېنىق ئىشەنچلىك مەلۇماتلار گەنجۇنى پانتېپلىنىڭ ئىز باسارلىرىنىڭ ئىدارە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇنىڭغا قاراپ پۇ - گۇ - جۇن بىلەن پانتېپلىنىڭ ئۆتمۈشتىكى مۇناسىۋەتلىرى توغرۇلۇق ھېچقانداق خۇلاسىگە كەلگىلى بولمايدۇ»①. گاسلتون بولسا پانتېپكىن ۋە بۇكۇ - چىننى گەنجۇ خانلىرى رويخېتىگە كىرگۈزمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنى غەرب تەرەپتىكى يېڭى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى دەپ تامامەن توغرا ھېسابلايدۇ. پېنكىسكە «گەنجۇنى باشقۇرۇپ تۇرغانلار پان تېكىننىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى» دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا ئاساس بولۇپ بەرگەن «ئىنتايىن ئېنىق ئىشەنچلىك مەلۇماتلار» قايسىلار ئىدى؟ بۇ «كونا تاڭنامە»نىڭ 4·1 - تىكىستىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ يەردە بىز شۇ تېكىستنىڭ بىر قىسمىنى نەقىل كەلتۈرىمىز: «پان تېلى ئۆزىنى شۇ چاغلاردا خاقان دەپ ئېلان قىلىپ، قۇملۇق چۆلنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى، لېكىن كېيىنچىرەك ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاجىزلىشىپ كەتتى، سارايدىكى خادىملىرى بولسا كۆچىيىپ كەتتى. گەنجۇدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار قەدىمكىدەك گۈللەپ - ياشناپ تۇرغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلەلمىدى.» مانا مۇشۇ تېكىستتە پان - لې (پان تېكىن) توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار بىلەن ھېچقانداق باغلىغىلى بولمايدۇ. بۇ تۈرلۈك ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئۈستىدىكى مەلۇماتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېكىست پان تېكىن قۇملۇق چۆلنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىدى، دەپ ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ رايون بولسا تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا تېررىتورىيىلەردۇر. تاكائو مورى ياسۇ خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشىگە بېغىشلانغان مەخسۇس ماقالىسىدە: «ئابې تاكېئو (T.Aбe) نىڭ كۆرسەتكىنىدەك، ئەنشى ۋە خېشى (كۇچا ۋە نەنسەن تېغى ئېتەكلىرى —

① ئې. پېنكىس: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى»، 60 - بەت.

# گەنجۇ خانلىرى

| تەرتىپى | ئىدارە قىلىپ تۇرغان يىللار | ئۇيغۇرچە ئىسمى | خەنزۇچە ئىسمى | ئۇنۋانى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | 924—؟ | — | رېن مەي | ئىنئى |
| 2 | 926—924 | ئارموز (تېكىن) | — | — |
| 3 | 926—؟ | ئادروك (ئادۇيۈي) | — | — |
| 4 | 933—؟ | — | رېن يۈي | شۈن خۇا |
| 5 | (؟)940-934 | — | رېن مەي | فېن خۇا |
| 6 | 976—؟ | (خاقان) | — | — |
| 7 | (؟) - 796<br>(؟) -1004 | گەنجۇ ۋە شاجۇنىڭ<br>ياغلاقار بىلگە<br>خاقانى | — | — |
| 8 | 1004<br>(؟) —1016 | ياغلاقار | — | جۈن شۈن<br>باۋدې |
| 9 | 1006<br>(؟) -1023 | — | گۈيخۇا | خۇەيېنىڭ<br>شۈەنخۇا |
| 10 | (؟) 1023<br>(؟) -1025 | — | تۈن-شۈن | گۈيخۇا<br>باۋسۈن |
| 11 | (؟) 1025<br>(؟) -1028 | — | باۋگو | — |

ئا. م.) ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتـ
لايدىغان «B» بەلگىسى قويۇلغان مەنبەلەردىكى مەلۇمات — ھەر
ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ۋەتىنىنى تاشلاپ كۆچكەنلە-
كى ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىر ياغلاقار ئۇرۇقىدىن كېلىپ
چىققانلىقى تۈپەيلىدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئالاقىلەرنى
تەكىتلەشتىنلا ئىبارەت» دەپ يازىدۇ. شۇنداق قىلىپ
ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنى سوراپ كەلگەن جەمەتنىڭ ياغلاقار
ئۇرۇقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى مەخسۇس مۇشۇ تەتقىقات بىلەن
شۇغۇللىنىپ كەلگەن تەتقىقاتچىلاردا ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇر-
مايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلاردا XI
ئەسىردە يۇرت سوراپ كەلگەن خاقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ياغلاقار
ئىسمىدا بولۇپ كەلگەن (120 - بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ).

مەزكۇر جەدۋەلنى گامىلتون ۋە پىنكىسمۇ ئۆز ئەسەرلىرى-
دە نەقىل كەلتۈرگەن.

مۇشۇ يېقىندىلا ياپون تەتقىقاتچىسى مىدزۇتانى يوسىرو
گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا يۇرت سوراپ كەلگەن خاقانلارنىڭ سا-
نى مەسىلىسىگە قاراپ ئۆتتى، ئۇ ۋاڭ رېۋنىڭ خۇلاسىلى-
رىنى (بۇ توغرۇلۇق بىز تۆۋەندە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز)
توغرا دەپ ئېتىراپ قىلغىلى بولمايدۇ، رىن مەي ئىسىملىك ئىك-
كى خاقان ئۆتكەن دەپ ھېسابلايدىغان د. ر. گامىلتوننىڭ
پىكرىگە قوشۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.
مىدزۇتانى ئۆزى بۇ يەردە ئۆتكەن خاقانلارنىڭ رويخېتىنى تۈ-
زۈپ چىقىدۇ. بۇ رويخەت د. ر. گامىلتون بىلەن ئې. پىنكىس-
نىڭ رويخىتىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ:

رىن مەي (? — 924 · IX)
دىئېن (924 · IX — 926)
ئادروك ( (؟) 928 —I·926)

رىن يۈي (928 • 11 — 934)
رىن مەي (934 — 940)
جىن چۈن ( ؟ )

بىرىنچى جەدۋەلنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقتىمىزدا، بىر قانچە خاقانلارنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ياكى ئۆلگەن ۋاقتىنىڭ يىللىرىنىڭ يوقلۇقى دەرھال كۆزگە چېلىقىدۇ، باشقا كۆپچىلىك خاقانلارنىڭ يىللىرىنىڭ ئېنىقلىقى گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدۇ ۋە ئۇنى ئېنىقلاپ چىقىش لازىم بولىدۇ. مىدزۇتانى يوسىرو تۈزگەن رويخەتتە بەزى يىللار ئېنىقلانغان. ئې. پىنكىس بىرىنچى جەدۋەلگە كىرگۈزۈلگەن 6 - نومۇردىن 11 - نومۇرغىچە بولغان ھەر بىر خاقانغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى ئەستايىدىل ئانالىز قىلىپ چىققان. ئۆزى كەلتۈرگەن يىللار توغرۇلۇق تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن. رويخەتتىكى 1 - نومۇردىن 5 - نومۇر ئارىلىقىدىكى خاقانلارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە ماتېرىياللارنى د. ر. گامىلتوننىڭ يازغانلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ تەقدىم قىلىنغان يىللار ئۈستىدە يەنە قوشۇمچە بىر نەرسە دېيىش بەك تەس گەپ. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنى سوراپ كەلگەن خاقانلارنىڭ ئالمىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەر يېڭى ماتېرىياللارنى جەزمەن قولغا كەلتۈرۈپ ئىنچىكە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدىلا ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولىدۇ.

گەنجۇنى سوراپ كەلگەن خاقانلارنىڭ سانىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆزىمىزنىڭ بەزى ئوي - پىكىرلىرىنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال، فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، موگۇاڭۋېنلار يازغان كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن خاقانلار رويخېتىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى پىكىرلىرىمىزنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈر دەپ ھېسابلايمىز. بۇ رويخەت ئاساسەن، «سۇڭنامە»نىڭ 490 - جىلدىنىڭ تېكىستلىرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن ۋە بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئېنىقسىزلىق ۋە خاتالىقلار بار، بۇ خاتالىقلار بىرىنچى قول مەنبەلەردىن كۆچۈرۈپ كې

لىنگەن. مەسىلەن، ئاپتورلار گەنجۇ خانلىرىنىڭ رويخېتىگە كۆچانى سوراپ تۇرغان لۇشىن دېگەن ئادەمنى كىرگۈزۈپ قويغان، ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ رويخېتىدە گەنجۇنى سورىغان ئۇيغۇرلار جەمەتىنىڭ ئاتا - بوۋىسى پاتېكىن ئىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ، مەزكۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ مەنبەلەرگە تەنقىدىي كۆز بىلەن مۇئامىلە قىلمىغانلىقى ئۇلار تەقدىم قىلغان رويخەتنى تەھلىل قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان نەرسە قىلىپ قويىدى.

ئالىملار گەنجۇنى 976 - يىلىدىن 990 - يىللار ئارىلىقىدا سوراپ كەلگەن ھەممە خاقانلارنىڭ ۋە شۇنىڭدەك كېيىنرەك ئۆتكەن خاقانلارنىڭ بىرقىسمى مەنبەلەردە پەقەت تۈركچە ياكى پەقەت خەنزۇچە ئىسىم بىلەن بايان قىلىنغانلىقىغا دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى، مانا مۇشۇ ئەھۋال جۇڭگو مەنبەلىرىدە تىزىمغا ئېلىنغان بىر خاقاننىڭ ئىككى قېتىم تۈرلۈك ئىسىملار بىلەن يېزىلىپ قالدىمىكىن، دېگەن تەخمىننى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. يەنى ئەمەلىيەتتە خاقانلار رويخېتىدە كەلتۈرۈلگەن سانغا قارىغاندا، ئاز بولسا كېرەك، بۇ ئاددىي مەسىلە ئەمەس. مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى جىددىي ئىختىلاپلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تەتقىقاتچىلار مەنبەلەردە چوڭ ئېنىقسىزلىق ۋە جىددىي زىددىيەتلەر بارلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدى. بۇنىڭ ئۆزى خاقانلارنىڭ توغرا سانى زادى قانچە، دېگەن سوئالنى قويۇشقا ھەقلىق قىلىپ قويىدى.

ئەھۋاللارغا قارىغاندا، «دى ئىن»، «ئادرۇك» ۋە «رىن يۈي» دېگەنلەر بىر شەخس بولۇشى كېرەك، دېگەن پىكىرنى بىرىنچى بولۇپ قويغان كىشى ۋاڭ رىۋېي بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ پەرىزىنى 1936 - يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ رىۋېي ئۆزىنىڭ پەرىزىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس سۈپىتىدە «كىتابلار جەۋھىرى» دېگەن كىتابتىكى تېكىستلەردىن پايدىلانغان.

«2·13 مۇشۇ يىلى (تۇڭگۇاڭ 2 - يىلى، 925 I ـ 26 — 924 II.
8) رىن مەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئۇكىسى دئىن زۇ (卒) (؟)
ئادروك تەختكە ئولتۇردى. ئوردىغا ئولپان بىلەن ئەلچى ئەۋەتـ
تى. تىيەنچىڭنىڭ 3 - يىلى (929 . II . 12 — 928 . I . 26)
خاقاننىڭ مەملىكىتىدە خاقانلىق ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق ئىجرا قىلىپ
تۇرغۇچى رىن - يۆي ئولپان بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى؛ ئىمپېراـ
تور مىڭ زۇڭ (明宗 926 — 933) رىن يۆينى شۈن خۇا ئۇنۋاـ
نى بىلەن خاقانلىققا تەيىنلىدى. كېيىنكى جىن (后晋 936 —
947) دۆلىتى تيەنفۇ (天祖) تۆتىنچى يىلىدا فېن خۇا ئۇنۋانى
بىلەن خاقانلىققا تەيىنلەندى»①. مۇشۇ تېكىستنى تەرجىمە قىلغان
ۋاقىتتا دئىن (تېكىستە ئۇنۋانى) ئىسمىدىن كېيىن (؟) خاتالىق
بار دېگەن تەخمىننى بىز ھېسابقا ئالدۇق. «ئەمدى مۇشۇ ۋەقەلەر
«بەش دەۋر» تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەردە تۆۋەندىكىچە بايان
قىلىنغان:

«2·14 شۇ يىلى (تۇڭگۇاڭ 2 - يىلى 925. I.26 — 924. II. 8)
رىن مەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭغا ئۇكىسى دئىن ۋارىسلىق قىلـ
دى. ئۇيغۇرلار تۇتۇق ئەنچەن شەن ۋە باشقىلارنى ئەۋەتتىـ
تۇڭگۇاڭ (926. V. 14 — 15·11) نىڭ 4 - يىلى دئىن ۋاپات
بولدى. ئادروك ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. تيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى
(928. I. 25 — 927 .II 5) دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق باشـ
قۇرۇپ تۇرغۇچى رىن يۆي ۋاڭ ئوردىسىغا لى ئاشەن ۋە باشـ
قىلارنى ئەۋەتتى. ئىمپېراتور مىڭ زۇڭ (925 — 938) ئەۋەتـ
كەن ئەلچى رىن يۆيگە ‹شۈن خۇا› (مەدىنىيەت يولى بىلەن ماڭـ
غۇچى) خاقان ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلدى. جىن دۆلىتىنىڭ ئىمپېـ
راتورى (كېيىنكى جىن 936 — 946) گاۋزۇ (高祖) يۇرت سوراپ
تۇرغان مەزگىلدە ئۇنىڭغا يەنە يېڭىدىن ‹فېن خۇا› (مەدەنىـ
يەتنى قوبۇل قىلغۇچى) خاقان ئۇنۋانى بېرىلدى. ئادروكنىڭ

① «كىتابلار جەۋھىرى» 467 - جىلد 140 - بەت.

دىئىنغا قانداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى نامەلۇم،
ئۇنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتىمۇ نامە-
لۇم. رىن يۈيگە كەلسەك، ئۇ «بەش دەۋر» مەزگىلىدە
ئوردىغا دائىم ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى، تارىخىي كىتابلاردا بۇ توغ-
رۇلۇقمۇ خاتىرىلەر يوق.»①

مۇشۇ ئىككى خاتىرە گەرچە بىرىنچى قول مەنبەگە ئاسا-
لانغاندەك بولسىمۇ، «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر»
دىكى مەلۇماتلار: «كىتابلار جەۋھىرى» دىكى 2.13 - تېكىستىنىڭ
كېڭەيتىلگەن ۋە يېڭىدىن تەھرىرلەنگەن نۇسخىسىدەك كۆرۈنىدۇ.
ئەھۋاللارغا قارىغاندا، «بەش دەۋر تارىخى» نىڭ ئاپتورى
«كىتابلار جەۋھىرى»نىڭ چۇۋالچاق تېكىستىنى كۆرۈپ ئىنىقلاشقا
ئۇرۇنغان بولسا كېرەك. لېكىن بۇ ئۇنى قىلالىمىغان، بۇنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقىنى دىئىن بىلەن ئادروكنىڭ تۇغقان-
چىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت سوراپ تۇرغان ۋاقتى-
نىڭ يىللىرى توغرۇلۇق قىلغان پىكىرلىرى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ،
ئۇۋۇياڭ شۇ «بەش دەۋر تارىخى» نى يازغان چاغدا، «كونا بەش
دەۋر تارىخى» ئۇنىڭ قولىدا بارئىدى. بۇ كونا تارىخنامىدىمۇ
«ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا خاقانلار-
نىڭ ئالماشقانلىقلىرى توغرۇلۇق مەلۇماتلار بار، لېكىن بۇ-
نىڭدىكى مەلۇمات «كىتابلار جەۋھىرى»دىكىگە قارىغاندا ئازراق.
تەتقىقاتچىلار دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار توغرۇلۇق تولۇق تە-
سەۋۋۇرغا كېلىشىمىز ئۈچۈن مۇشۇ تېكىستنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

«2.15 شۇ يىلنىڭ 11 - ئېيىدا (تۇڭگۇاڭنىڭ 2 - يىلى،
924 XII 28 — XI. 29) رىن مەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئور-
نىغا ئولتۇرغان ئۇكىسى دىئىن تۇتۇق ئەنچەن (ئەنچەن شەن)
ۋە باشقىلارنى ئوردىغا ئولپان بىلەن ئەۋەتتى. دىئىن ئارىدىن
ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭغا ئادروك ۋارىسلىق قىلدى.

① «بەش دەۋر تارىخى»، 74 - جىلد، 102 - بەت.

ئوخشاشلا مەشھۇر ئاتلاردىن ئىبارەت سوۋغا-سالاملارنى ئەلچىلەر بىلەن ئوردىغا ئەۋەتىپ تۇردى. تيەنچىڭ 3 - يىلىنىڭ 2 - ئايىدا (928. III. 2 — II. 24) خاقانلىق ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق ئۆتەپ تۇرغان ردن يۈي تۇتۇق ... ئەۋەتتى.» ①

ۋاڭ رىۋبىنىڭ مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرى كىشىنى ئۆزىگە بەك جەلپ قىلىدۇ ۋە تولۇق راستەكلا كۆرۈنىدۇ. ئەگەردە بۇ ئۇزۇل-كېسىل مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، بىز خاقانلارنىڭ ئالمىشىشى توغرۇلۇق ئېنىق ۋە خېلىلا ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز. «كىتابلار جەۋھىرى» دىن ئېلىنغان 2.13 تېكىستكە قارىغىنىمىزدا «تۈگىدى»، «ۋاپات بولدى»، «ئەسكەر» مەنىسىدىكى «卒» (زۇ) خېتى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

«卒 — زۇ» خېتى «دىئىن» سۆزىدىن كېيىن كېلىدۇ ۋە يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مېنىڭ تەرجىمەمدە «دىئىن» سۆزىگە سىزىق (—) بىلەن قوشۇلغان. ۋاڭ رىۋبېي مەزكۇر تېكىستنىڭ شۇ قىسمىنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلايدۇ: دىئىن — تۈركچە تېكىن دېگەن ئۇنۋاندۇر. ئادۇيۈي (ئادروك) تۈركچە ئىسىمدۇر، «ردن يۈي» بولسا ئۇنىڭ خەنزۇچىلاشقان ئىسمىدۇر. ئەپسۇسكى، ۋاڭ رىۋبېي بۇ يەردە زۇ (卒) خېتىنىڭ بارلىقىنى ھېچقانداق چۈشەندۈرمەيدۇ، ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇنى ئاددىيلا ھالدا ئارتۇقچە ھەرپ خاتالىقى، دەپ قارىسا كېرەك. ئەگەردە تېكىستتە مۇشۇ خەت بولمىغان بولسا، بۇنىڭدا ھېچقانداق گۇمان تۇغۇلمىغان بولاتتى، ئۇ ھالدا بۇنى ئىشەنچ بىلەن «ئۇنىڭ ئۇكىسى تېكىن ئادروك تەختكە ئولتۇردى ...» دەپ تەرجىمە قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئايىغىدا كەلگەن «ردن يۈي» دېگەن ئىسمى تۈركچە «ئادروك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئىكۋىۋالېنتى، دەپ باتۇرلۇق بىلەن قاراشقا بولاتتى. مەلۇمكى، «كىتابلار جەۋھىرى» دە تۈرلۈك ئېنىقسىزلىقلار، خاتالىقلار، ئايرىم خەتلەرنى توغرا يازماس-

① «كونا بەش دەۋر تارىخى» 138 - باب، 40 - بەت.

لىقلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا مۇشۇ تېكستىنىڭ ئۆزىدى-
مۇ ئوشۇق ھەرپىنىڭ يېزىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىش، بۇنىڭ
ئۆزىگە ئەجەبلىنىش كەتمەيدۇ.

2.13 — تېكستكە دائىر قوشۇمچە قىلىپ باشقا پىكىرلەرنىمۇ دېيىشكە
بولىدۇ. ئۇ پىكىرلەر ۋاڭ رىۋپىننىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى جەزمەن قۇۋۋەت-
لەيدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغىنى
«كىتابلار جەۋھىرى»دە قاتار كەلگەن «ئۇكىسى»، «تېكىن» (دېگەن)
ۋە رىن يۈي، سۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەنىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە
ئۇيغۇن كېلىشىدۇر. «ئۇكىسى»دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ ئولتۇرۇش-
نىڭ لازىمى يوق. «تېكىن» تۈركچە ئۇنۋان بولۇپ، خاقاننىڭ
باللىرىغا ۋە ئۇكىلىرىغا بېرىلىپ كېلەتتى. «رىن يۈي» دېگەن
ئىسىمدىكى بىرىنچى ئىروگلىف «رىن - مەي» دېگەن ئىسىم-
دىكى بىرىنچى ئىروگلىف بىلەن ئوخشاشتۇر. بۇنىڭدىن شۇنى
كۆرگىلى بولىدۇكى، خەنزۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە رىن يۈي
خاقاننىڭ ئۇكىسى بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ رىن مەيدىن
كېيىن تەختتە ئولتۇرغان.

جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرى خاقانلارنى «خىزمەتكە تەيىنلەش»
ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت ئۇنۋانلىرى بېرىش تەرتىپ - قائىدىسىنى
قەتئىي يوسۇندا يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىنى بىز بىر نەچچە قېتىم
كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. مانا بۇ ئىشنى بېجىرىشنى «بەش دەۋر»
مەزگىلىدىكى ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ ئىمپېراتورلىرىمۇ ئۇنۇت-
تۇپ قالغىنى يوق. بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان خاقانلارنىڭ ئورۇن
ئالمىشىشى كېيىنكى تاڭ دۆلىتى (923 — 936) مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان ۋاقىتلاردا يۈز بەردى. خاقان رىن - مەي 924 - يىلى
«يىڭ يى» (باتۇر ۋە ئادىل) دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولدى ۋە شۇ
يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خاقان رىن - يۈي بو-
لۇپ، ئۇمۇ ھۆرمەت ئۇنۋانلىرىغا سازاۋەر بولدى، بۇ ئىش 929 —
يىلى يۈز بەردى. رىن - مەي بىلەن رىن - يۈي ئارىلىقىدا

يەنە ئىككى خاقان (دىڭ ۋە ئادروك) يۇرت سورىدى، لېكىن
نېمە ئۈچۈن بۇلارنى خىزمەتكە تەيىنلەش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت
كۆرسىتىلگەن؟ «كونا بەش دەۋر
تارىخى» ۋە «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر» دە تە-
كىتلىنىپ كۆرسىتىلىشىچە: «رىن يۈي خاقان ۋەزىپىسىنى ۋاقىت-
لىق ئىجرا قىلغۇچى» ياكى «دۆلەت ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق باش-
قۇرۇپ تۇرغۇچى» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭ ئۆزى خەنزۇلارنى
مەركەز قىلىش يولى بويىچە ئىزاھلىغاندا، كېيىنكى تاڭ دۆلىتى-
نىڭ ئىمپېراتورى تەرىپىدىن رىن - يۈينىڭ خاقانلىق ئورنىنىڭ
ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. گەپلەرنىڭ مۇشۇنداق قو-
يۇلۇشى ئەمەلىيەتتە تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىت بىلەن ئۇنى ئې-
تىراپ قىلىش (تەيىنلىنىش رەسمىيەت قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇپ
بېرىش) ۋاقتى ئارىلىقىدا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆت-
كەن چاغدىلا تېكىستلەردە شۇنداق كۆرسىتىلىدۇ. مەلۇمكى، ئۆز -
ئۆزىگە خوجا مۇستەقىل دۆلەتنىڭ باشلىقىنى «خىزمەتكە تەيىن-
لەش» ئىشى بەك ئۇزۇن بىر جەريانىدۇر، ساراي ئىشخانىسىنىڭ
ئەمەلدارلىرى ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئۇنى ئېتىراپ
قىلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە ئۈلگۈرمىگەن بولۇشى ئېھتى-
مال. چۈنكى مىدزۇ تانى يوسىرونىڭ كۆز قارىشى بويىچە، رىن -
يۈينىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى 928 - يىل 2 - ئايدا يۈز بەر-
گەنىكەن.

ۋاڭ رىۋېي ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سۇڭ دۆلى-
تى تارىخىدىنمۇ نەقىللەر كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردە ئاھايىتى ئېنىق قى-
لىپ: «رىن - يۈي رىن - مەيگە ۋارىسلىق قىلدى» دەيدۇ.

2·16» كېيىنكى تاڭ دۆلىتىنىڭ (923 — 936) تۇڭگۇاڭ
(同光) يىللىرى (923 — 926) مەزگىلىدە دۆلەت باشلىقى رىن -
مەيگە خاقان «يىن - يى» دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. رىن - مەي
ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كىچىك ئوكىسى رىن - يۈي

تەختكە ئولتۇردى؛ ئۇنىڭغا خاقان «شۈن خۇا» (مەدەنىيەت يولى بىلەن ماڭغۇچى) ئۇنۋانى بېرىلدى، كېيىنكى جىن دۆلىتىنىڭ (936 — 947) تيەنفۇ (天福) يىللىرى (936 — 943) مەزگىلىدە يۇقىرىقى ئۇنۋان خاقان «فېن خۇا» (مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلغۇچى) ئۇنۋانىغا ئۆزگەرتىلدى. رىن - يۈي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوغلى جىن - جۈن ۋارىسلىق قىلدى①».

خاقان رىن - يۈينىڭ ۋارىسى جىن - جۈن توغرۇلۇق مەلۇماتلار «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دىمۇ كۆرسىتىلگەن:

«2.17 كېيىنكى جىن (后晋) دۆلىتىنىڭ تيەنفۇ يىللىرى مەزگىلىدە دۆلەت باشلىقى رىن - يۈيگە فېن خۇا خاقان ئۇنۋانى بېرىلدى. رىن - يۈي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى جىن جۈن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى، ئىمپېراتور تەيزۇ (太祖) (960—976) نىڭ جيەنلۇڭ (建隆) ئىككىنچى يىلىنىڭ 12 - ئېيىدا (962 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە) جىن جۈن سارايغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئولپان تەقدىم قىلدى②».

ئې. پېنكىس ۋاڭ رىۋيىنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىغا قارشى چىقىپ، كېيىنكى مەنبە — سۇڭ تارىخىدىن ئۇنىڭدىن كۆپ بالدۇرقى ئىشلارنى بىكارغا چىقىرىش ئۈچۈن ئىسپاتلار كەلتۈرۈش توغرا ئەمەس، دەپ ھېسابلايدۇ③. بۇ تەنقىد تولۇق ئورۇنلۇقتۇر. لېكىن سۇڭ تارىخىنى يازغۇچىلارنىڭ ھازىر يوقىلىپ كەتكەن ئەسەر ۋە ماتېرىياللاردىن پايدىلانغانلىقى ئېھتىمالىنىمۇ ئەستە تۇتۇش لازىم.

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 - باب، 130 - بەت.

② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، 197 - جىلد، «ياۋايىلار ھەققىدە قىسسە»، 1 - باب، 4 - بۆلۈم.

③ پېنكىس: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» 185 - بەت.

بۇنىڭدىن خېلىلا بالدۇرقى مەنبەلەر ئۈستىدىمۇ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئې. پېنكسىنىڭ پىكرىچە، بۇ مەنبەلەر پېنكسىنىڭ كۆز قارىشىنى تولۇق ئىسپاتلايدىكەن. «كونا بەش دەۋر تارىخى» 974 - يىلى يېزىلغان، «بەش دەۋر تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» بولسا ئۇنىڭ ئاپتورى ئوۋياڭ شۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ ئالدىدىلا يېزىپ تاماملانغانىدى. بۇ ئادەم 1072 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ «بەش دەۋر تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، «كىتابلار جەۋھىرى» (1005 — 1013 - يىللاردا يېزىلغان) گە ۋە بولۇپمۇ «كونا بەش دەۋر تارىخى» غا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كېيىنكى مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوۋياڭ شۇ «بەش دەۋر تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» نى يازغان چاغدا شۇ چاغدىكى دەۋرنى تەپسىلىي بايان قىلغانىدى، «كونا بەش دەۋر تارىخى» ۋە «كىتابلار جەۋھىرى» دىن ئىبارەت ئىككى ئەسەر ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغانىدى. ئېھتىمال، ئۇ «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ تېكىستىنى ئاساس قىلغان بولسا كېرەك. بۇنىڭدا ئارتۇقچە يېزىلىپ قالغان زۇ (卒) خېتى بار ئىدى. ئوۋياڭ شۇ «كىتابلار جەۋھىرى»نىڭ تېكىستىدە مۇھىم سەۋەنلىك بار دەپ بىلىپ، ئۇنى «كونا بەش دەۋر تارىخى»غا ياكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىنمىغان قانداقتۇر باشقا مەنبەگە قاراپ، ئۇنىڭدىن تېگىشلىك قوشۇمچە يىل ـ ۋاقىتلار ئالغان بولسا كېرەك. كېيىنكى جىن دۆلىتى (936 — 946) تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، مەزكۇر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ باشلىقى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى يەنە بىر قېتىم رەسمىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا فېن ـ خۋا دېگەن باشقا ھۆرمەت ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلىشنى زۆرۈر دەپ ھېسابلىدى، دېگەن مۇھاكىمىنى ئوۋياڭ شۇ ئۆزىنىڭ «بەش دەۋر تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە قايتا تەكرارلىشى ئۇ-

شنىڭ «كىتابلار جەۋھىرى» ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بالىدۇرقىراق
مەنبەلەردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا «كىتابلار جەۋھىرى» (2·13 •
نەقىلگە قاراڭ) دە مەزكۇر تېكىستنى بايان قىلىشى ئۇنىڭ يۇقىرى-
قى كىتابلاردىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
مىدزۇتانى يوسىروئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا بېغىشلانغان
مەخسۇس ماقالىسىدە جۇڭگو مەنبەلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىپ،
ۋاڭ رىۋېيىنىڭ مۆلچەرى ئاساسسىز، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.
ياپون تەتقىقاتچىسى بۇمەسىلىدە د. ر. گامىلتونغا تولۇق قوشۇ-
لىدۇ. مىدزۇتانى يوسىرو دىئىن ۋە ئادرۇك دېگەن ئايرىم خاقان-
لارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەن-
دىكى تېكىستنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:
«2·18 تۇڭگۇاڭ 2 - يىلىنىڭ 11 - ئېيىدا بىن - شىن
كۈنى (924 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) لىن ۋۇدىن گەن-
جۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانى رېن - يۈي ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ
ئۇكىسى دىئىن دۆلەت ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇشقا كىرىشتى،
دېگەن خەۋەرلەر كەلدى»①. «بەش دەۋر تارىخىدىكى مۇھىم
خاتىرىلەر» دە دىئىننىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقى ھەققىدى-
كى مەلۇماتتىن باشقا، ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇقمۇ
خەۋەر بار.
«2·19 ئۇشبۇ يىلىنىڭ (تۇڭگۇاڭنىڭ 2 - يىلى) 11 - ئېيىدا
(924 · XII 26 — XI · 29) رېن يۈي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ
ئۇكىسى دىئىن تەختكە ۋارىسلىق قىلدى ۋە تۇتۇق ئەنچەن
ۋە (ئەنچەن شەن) باشقىلارنى سارايغا ئەۋەتتى. دىئىن ۋاپات
بولدى. ئۇنىڭ ۋارىسى ئادرۇكمۇ ئەلچىلەر بىلەن مەشھۇر ئاتلار-
دىن ئولپان ئەۋەتتى②».
مىدزۇتانى يوسىرو «بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى تۆرلۈك مەن-

① «كونا بەش دەۋر تارىخى»، 32 - باب، 8B - بەت.
② «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»، 28 - باب.

بەلەردە كۆرسىتىلگەن ئادروككىچە بولغان خاقانلارنىڭ ئالمىشىشىدىكى ئىزچىللىقتا جىددىي زىددىيەتلەر يوق دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەنە «بەش دەۋر تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دە دىئىننىڭ ۋاپات بولغان يىلىغا — تۇڭگۇاڭ (926 .V 14 - 15.II) نىڭ 4 - يىلىغا دىققەت قىلىدۇ (14.2. تېكىستكە قاراڭ). بۇنىڭدىن بالدۇرقىراق مەنبەلەر («كونا بەش دەۋر تارىخى»، «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر») دە بۇ يىل - دەۋرلەر يوق. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇڭگۇاڭنىڭ 4 - يىلىدا، مەنبەلەردە، ئادروك خاقانىنىڭ تۇڭگۇاڭنىڭ 4 - يىلى 1 - ئاينىڭ بىن - شۇي كۈنىدە (926 - يىل، 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) ئەلچى ئەۋەتكەنلىك توغرىسىدىكى بىردىنبىر مەلۇمات كەلتۈرۈلىدۇ. مىدزۇتانى يوسىرو ئۆزى تۈزگەن خاقانلار رويخېتىدە دىئىننىڭ ۋاپات بولغان يىلىنى 926 - يىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ۋارىسى ئادروكنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىنى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ 926 - يىلىنىڭ 1 - ئېيى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتورنىڭ تۇڭگۇاڭنىڭ 2 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ (924 .XII 28 — XI. 29) 4 - يىلى 1 - ئايغا قەدەر (926 .III 16 — .II 15) «كونا بەش دەۋر تارىخى» دا ئۇيغۇرلاردىن سارايغا كەلگەن ئەلچىلىكلەر توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇماتلار يوق، مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، دىئىننىڭ ۋاپات بولۇشى بۇنىڭدىن خېلى بالدۇر بولغان بولۇشى كېرەك. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاساسلىنىپ، مىدزۇتانى ئۇۋۇياڭ شۇنىڭ تۇڭگۇاڭنىڭ 4 - يىلى (926 V 14 - 15.II) خاقانلار ئالماشتى دېگەنلىكلىرى تامامەن خاتادۇر، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

خاقان دىئىننى بىر يەردە ئەسلىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى يىل داۋامىدا كېيىنكى تاڭ دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمەيدۇ. كېيىن توساتتىنلا خاقان رىن يۈينىڭ نامى پەيدا بولۇپ قالىدۇ

(2.15. تېكىستكە قاراڭ). مىدزۇتانى يوسىرو ئۇنىمۇ مۇستەقىل خاقان
دەپ قارايدۇ. «بەش دەۋر تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلە-
رە» دە خاتالىق يۈز بەرگەن، ئۈچىنچى يىلى دېيىشنىڭ ئورنىغا ئىك-
كىنچى يىلى دەپ كۆرسىتىلگەن (2.14. تېكىستكە قاراڭ). «كونا بەش
دەۋر تارىخى» نىڭ دېيىشىچە، ئادۇك ۋە رىن يۈي «خاقان-
لىرى» غا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي سالنامىلىرىدىكى مەلۇماتلارنى
سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش بەك قىزىقتۇر. بۇ يەردە بار - يوق ئۈچ تې-
كىست بار، بىرىنچى تېكىستتە: (2.18. تېكىستكە قاراڭ)، رىن مەي-
نىڭ ئۆكسى دېيىن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپى-
سىنى ۋاقىتلىق ئىجرا قىلىش ئىشىغا كىرىشتى، دەپ بايان قى-
لىنغان. بۇ تېكىستتە 924 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دېگەن
ۋاقىت كۆرسىتىلگەن. تۆۋەندە باشقا ئىككى تېكىستنى كەلتۈرىمىز:

«2.20. [تۇڭگۇاڭنىڭ 4 - يىلىنىڭ 1 - ئېيى ئەتىيازدا]
جىن - شۈي كۈنى (926 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى) ئۇي-
غۇرلارنىڭ خاقانى ئادۇك ئەڭ ئوبدان ئاتلارنى ئەلچى بىلەن
ئولپان سۈپىتىدە ئەۋەتتى.»①

«2.21. (تيەن چېننىڭ 3 - يىلى 2 - ئايدا) جى - خەي
كۈنى (928 - يىل 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) ئۇيغۇرلارنىڭ
خاقانى شىن يۈي (رىن يۈي دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك، بۇ يەردە
خاتا يېزىلىپ قالغان — مالىيەۋكىن) تۇتۇق لى ئاشەن ۋە باش-
قىلارنى ئولپان ۋە سوۋغا - سالاملار بىلەن ئەۋەتتى.»②

كېيىنكى تاڭ دۆلىتى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىك-
كىنچى يىلىدا ئىمپېراتور ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە
ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ باشلىقى خاقان رىن - مەيگە «يىڭ - يى»
(باتۇر ۋە ئادىل) دېگەن ھۆرمەت ئۇنۋانىنى بەردى، كېيىنكى لياۋ
دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىغا نىسبەتەن تۇتقان دۈشمەنلىك

① «كونا بەش دەۋر تارىخى»، 34 - جىلد، 2α - بەت.
② «كونا بەش دەۋر تارىخى»، 39 - جىلد، 3Б - بەت.

پوزىتسىيىسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئۇزۇنغا سوزۇلغان
ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىناق قوشنىدار-
چىلىق مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىلدى، سودا - تىجارەت راۋاجلىنىش-
قا باشلىدى، ئاخىرقى تاڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىمۇ مەزكۇر سو-
دىدىن مەنپەئەتدار ئىدى. شۇڭلاشقا كېيىنكى تاڭ تارىخشۇناسلىرىنى
ئۇيغۇرلار ئىچىدە بولۇۋاتقان ۋەقەلەردىن خەۋىرى يوق، ئىناق
مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كېلىشكە مەنپەئەتدار ئەمەس ۋە يې-
ڭى خاقاننى «تەيىنلەش» رەسمىيىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتەش زۆرۈر-
لۈكىنى ئۇنتۇپ قالغان، دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. بىزنىڭ
پىكرىمىزچە، رىن - مەينىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇق بىرىنچى خەۋەر
چېگرا ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق لىنىۋ ۋىلايىتىگە كەلگەن، دۆلەت-
نىڭ ئىشلىرىنى تېكىن ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرۇشقا كىرىشتى،
دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ يەردە «تېكىن» دەپ ئېيتىلىۋاتقان ئا-
دەم ۋاپات بولغان خاقاننىڭ ئۇكىسىدۇر. بۇ مەلۇمات جۇڭگونىڭ
تاشقى سىياسەت كۆز قاراشلىرى روھىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇيغۇر-
لارنىڭ يېڭى داھىيسىنىڭ ئىسمى بولسا 926 - يىل 3 - ئاي-
نىڭ 15 - كۈنى يېتىپ كەلگەن ئەلچىلەردىن مەلۇم بولدى،
شۇنىڭدىن كېيىن تارىخشۇناسلار بۇ خاقاننىڭ ئىسمىنى
ئاتايدىغان بولدى. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تارىخ-
شۇناسلار بۇ ئادەمگە خەنزۇچە ئىسىم قويدى ۋە بۇ
ئىسىم خاقاننى «تەيىنلەش» ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت ئۇنۋانى بېرىش
ھەرىكەتلىرىدە يېزىلىدىغان بولدى. شۇنىسى قىزىقكى،
«كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ پاراللېل تېكىستىدە، رىن - يۈينىڭ
خاقانلىققا «تەيىنلەنگەن» لىكىنى بايان قىلىپ كېلىپ
ئۇنى: «خاقانلىق ۋەزىپىسىنى ۋاقىتلىق ئىجرا قىلغۇچى»
دەپ ئاتايدۇ.

خاقانلار ئالمىشىشىدىكى ئىزچىللىقنى ئېنىقلاشقا تىرىشقاندا
پەيدا بولىدىغان يەنە بىر مەسىلە، ئىككىنچى خاقان رىن -

مەينىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى مەسىلىسىگە باغلىقتۇر. بۇ تېپىشماقنى ھەل قىلىشتا ئوخشاش خەنزۇچە ئىسىم قوللانغان يېڭى خاقانمۇ ياكى بەزى تەتقىقاتچىلار تەخمىن قىلىۋاتقاندەك ھاكىمىيەتنى يېڭىدىن قولغا ئالغان بىرىنچى خاقان رىن - مەيمۇ؟ بۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كېيىنرەك لېكىن بەك ئىناۋەتلىك مەنبەلەر («كىتابلار جەۋھىرى»، «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 2·13 ۋە 14، 2- تېكىستلىرىگە قاراڭ) دە، رىن - يۈي كېيىنكى جىن يېڭى دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەسلەپكى يىللىرىدا «فېن - خۇا» دېگەن يېڭى ئۇنۋاننى قوبۇل قىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن باشلىقلىرىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن كېيىنكى جىن دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇقتىسىنەزەرى بويىچە، قوشنا دۆلەتنىڭ باشلىقىغا يېڭى ئۇنۋان تەقدىم قىلىشى تولۇق قانۇنىي بىر ھەرىكەتتۇر. ئۇلار ئۇيغۇر خاقانىغا كېيىنكى تاڭ دۆلىتى ئىمپېراتورى تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان ئۇنۋانغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمىدى، ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان خاقانغا يېڭى ئۇنۋان تەقدىم قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار ئەڭ كېيىنكى مەنبەلەردە — «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دىمۇ تەكرارلىنىدۇ. بۇيەردە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ رىن - يۈينىڭ ئوغلى جىن - جۇن ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلدى، دەپ كۆرسىتىلگەن.

«بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»دىكى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە (74 - جىلد. مۇشۇ كىتابنىڭ 2·14 - تېكىستىگە قاراڭ)، ئىككىنچى خاقان رىن مەي تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئۇۋاياڭ شۇ رىنمەينىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلىپ قالغان. لېكىن بۇ ئەسەردە بۇ پىكىر ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. مەسىلەن، 7 - جابىتا خاقان رىن - مەيدىن 924 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 -

كۈنى ۋە 935 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەلچىلەر كەلگەنلىكى ئىككى قېتىم كۆرسىتىلگەن. بۇ ئىشنىڭ ئۆزى «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى ئاساسىي پوزىتسىيىسىگە زىت كېلىدۇ، ئەلچىلەرنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ ئىككى مەلۇمات «كونا بەش دەۋر تارىخى»نىڭ پاراللېل تېكىستىدىكى ئوخشاش بايانلارغا تولۇق ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇ«بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى تەزكىرىلەرنىڭ يېڭى ۋارىيانتىغا مىخانىك هالدا كۆچۈرۈپ كىرىلگەن بولسا كېرەك. بىز نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكەن «2.14 - تېكىست ئۈستىدە ئې. پىنكس تۆۋەندىكىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ: «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەر»دە «رىن - يۈي بەش سۇلالە دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا قەدەر يۇرت سورىدى، دەپ يەنە بىر قېتىم مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ»①. 2.14 - تېكىست»نى مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش بىزنىڭ قارىشىمىزچە، قاتتىق جۈرئەت بىلەن قويۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇنىمۇ قىزىقىش بىلەن كۆرسىتىشكە بولىدۇكى، «كىتابلار جەۋھىرى» دىمۇ رىن - يۈي خاقاندىن كېيىن هۆكۈم سۈرگەن رىن - مەي خاقاننىڭ بارلىقى توغرۇلۇق مەلۇماتلارنى تاپقىلى بولىدۇ، شۇنداق تېكىستلەرنىڭ بىرىنى تولۇق نەقىل كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

«2.22 ئۇيغۇر خاقانى رىن - مەي (ۋاڭ رىۋېي مۇشۇ نەقىلدە بۇ ئادەمنى رىن - يۈي، دەپ ئالغانىكەن. — ئا. مالىيەۋكىن) مەرھۇم خاقان رىن - يۈي (ۋاڭ رىۋېي بۇ ئادەمنى بۇ يەردە رىن - مەي دەپ ئېلىپتۇ، — ئا. مالىيەۋكىن) دىن قالغان ئىگەر - توقۇم، ئات - جابدۇقلارنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى، رىن - مەي (ۋاڭ رىۋېي بۇ ئادەمنى رىن - يۈي دەپ ئالغان. — ئا. مالىيەۋكىن) ئات، ئىككى پارچە قاشتېشى يۈگەن، نۇشۇدۇۋە

① پېنكس: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ...»، 102 - بەت.

بۇغا مۇڭگۈزى، پىر سىيىنىڭ قىممەتلىك رەختى ۋە ئېسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن كەمەرلەرنى تەقدىم قىلدى.»① بۇ مەلۇماتقا «يىن شۇن» نىڭ بىرىنچى يىلى (934 - يىل) دەپ يېزىلغان.

ۋاڭ رىشۈيى ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە دەل مۇشۇ تېكىستنى نەقىل كەلتۈرگەن، لېكىن ئۇنىڭدا خاقانلارنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغان، رىن - مەي دېگەن يەرگە ھەممىلا يەردە رىن - يۈي دەپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ ئەكسىچە رىن - يۈينىڭ ئورنىغا رىن - مەي دەپ ئالغان (بۇنى يۇقىرىدا بىز 2.22 - تېكىستتە تىرناق ئىچىدە ئىزاھلاپ ئۆتتۇق). لېكىن بۇنداق ئالماشتۇرۇشنى چۈشەندۈرۈپ قويىدىغان ھېچقانداق ئىزاھ يوق. بۇنىڭدىن باشقا، «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ بىر قانچە بابلىرىدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ۋە يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن 2.22 - تېكىستكە قارىغاندا خېلىلا كېيىنرەك ۋاقىتلارنىڭ يىللىرى قويۇلغان مەلۇماتلاردا، خاقان رىن - مەينىڭ نامى يەنە بەش يەردە يولۇقىدۇ. مانا مۇشۇ تېكىستلەردىمۇ ۋاڭ رىشۈيى رىن - مەينى رىن يۈي دەپ ئۆزگەرتىدۇ. بەلكىم ۋاڭ رىشۈيى «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ بىزنىڭ قولىمىزدىكى نەشرىدىن باشقا نەشرىدىنمۇ پايدىلانغانمىدۇ؟ لېكىن ئۇنداق بولغاندا، شۇنچىلىك مۇھىم پەرقلىق بولۇپ تۇرغان نەشرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ خۇلاسىلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن شۇنىڭغا ئاساسلانغان بولاتتى. مانا بۇنىڭدىن شۇنداق بىر نەشرىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىشەنچ بىلەن مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ تۈزىتىشلەرنى ئاپتورنىڭ ئۆزى ئىزاھ بەرمەيلا كىرگۈزگەن. روشەنكى، ئۇنىڭ دىن (تېبكىن) ۋە رىن - يۈينىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئومۇمىي مۇھاكىمىسىدىن ۋە شۇنىڭدەك يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكەن رىن - يۈي 943 - يىلغىچە يۇرت سورىدى دېگەن

① «كىتابلار جەۋھىرى»، 972 - جىلد، 18a - بەت.

مەلۇماتتىن «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ تېكىستىدىكى بەزى ئېنىق-لىقنى چۈشىنىۋېلىشقا تولۇق بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. شۇڭلاشقا ئۇ ئۇلارنى ئۆزگەرتكەن.

يۇقىرىدا بىز تارىختا ئىككىنچى خاقان رىن مەينىڭ ئۆتكەنلىكىنى مۇمكىن دەيدىغان مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ھەممە جۇڭگو مەنبەلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. مانا مۇشۇ مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ۋاڭ رىۋېينىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ ۋە شۇ نامدىكى ئىككىنچى خاقاننىڭ بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. رىن - مەي نامىنىڭ بەزى تېكىستلەردە تەكرارلىنىپ تۇرۇشىنى بىر سەۋەنلىك دەپ قاراش كېرەك.

مىدزۇتانى يوسىرو رىن - مەي ناملىق ئىككى خاقاننىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ خۇلاسىسىنى «كونا بەش دەۋر تارىخى» نىڭ ئاساسىي يىلنامىلىرىگە تايىنىپ چىقارغان، ئۇ يىلنامىلەرنى تولۇق ئىشەنچلىك، دەپ ھېسابلىغان. «كونا بەش دەۋر تارىخى» ۋە «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت ھۆرمەت خاتىرىلەر» بايانلىرىدىكى ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق مەلۇماتلاردا كۆرۈلگەن خاتالىق، ئېنىقسىزلىقلار، قىسقارتىلمىلار خرونولوگىك تەرتىپلەر بويىچە چېچىلىپ كەتكەن مەلۇماتلارنى بىر يەرگە توپلاش جەريانىدا ئېلىپ چىققان، دەپ يازىدۇ، مەسىلەن، تەتقىقاتچى «كونا بەش دەۋر تارىخى» ۋە «بەش دەۋر تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دىكى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»لەردە «كىتابلار جەۋھىرى» دە بېرىلگەن شۇنداق مۇھىم بايان ئۇلاردا يوق. (2.22- تېكىستكە قاراڭ). ئاساسىي سالنامىلەر بىلەن بايانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى شۇ چاغدىلا ئۈچ خاقان ئۆتكەن، دەپ قارىغۇچىلارغا قارشى تۇرغۇچىلار پوزىتسىيىسىدىن چۈشەندۇرۇشكە بولىدۇ. ئاساسىي سالنامىلەردە خاقانلارنىڭ ئالمىشىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار تارقاق بولۇپ، بىر پۈتۈنلۈك سۈ-

پىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. «كونا بەش دەۋر تارىخى»، «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ ئاپتورلىرى مۇشۇ بارلىق ماتېرىياللارنى بىر يەرگە توپلىغاندا، بۇنىڭدىكى ئېنىقسىزلىقلارنى، بىر - بىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان يەرلىرىنى كۆردى، ئۇلار مۇشۇ پەيدا بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىدىن ئۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ، بارلىق گۇمانلىق ئورۇنلارنى قىسقارتىپلا تاشلىۋەتكەن.

مىدزۇتانى يوسىرو خاقانلار ئالمىشىشىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئېنىقلىغاندا پەقەت تېكىستلەر ئۈستىدىلا تەتقىقات يۈرگۈزگەنۇ، بۇ رايوندىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە نەزەر سالمىغان. مانا مۇشۇنىڭدەك ۋەقەلەر چىرمىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا پۈتۈن مەسىلىگە قاراپ چىققاندىلا ئاندىن بىر قەدەر توغرىراق خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ. مىدزۇتانى يوسىرو تېكىستلەردە ئىككىنچى رىن - مەينىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقى توغرۇلۇق چۈشەندۈرۈشكىمۇ ئۇرۇنۇپ كۆرمەيدۇ. بۇ مەسىلىنى قانائەتلەنگۈدەك ھەل قىلمىغاندا، ئىككىنچى رىن - مەينىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى بارلىق مۇھاكىمىلەر ئىشەنچ پەيدا قىلمايدۇ.

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئەينى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولغان تىرىشچانلىقلاردا، دىئىن، ئادروك، رىن - يۈيلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى يېتەرلىك ئاساسلىق مۇھاكىمە بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇلارنىڭ بىر ئىكەنلىكى (دىئىن، ئادروك، رىن - يۈيلەرنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلماقتا — ئۇ. س.) تېكىن ئادروك جۇڭگونىڭ تارىخچىلىرىدا رىن - يۈي دېگەن خەنزۇچە ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھېچقانداق جېدەل - ماجىراسىز تەختتە ئۇزۇن بىر مۇددەت ئولتۇرۇپ ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسپاتلايدۇ. بەك ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر گەنجۇ

خانلىقنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقلىق ئىكەنلىكىنى كۆر-سىتىدۇ. ئەگەر، بىر خاقان ئەمەس، تۆت خاقان مەۋجۇت ئىدى دەپ ئېتىراپ قىلىنسا خاقانلارنىڭ مۇنداق پات - پات ئالمىشىپ تۇرۇشى ھاكىمىيەت ئۈچۈن جىددىي ئۆزئارا كۈرەش بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە مەملىكەتتە ئىچكى تىنچلىقنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىككىنچى پەرەز مەزكۇر خانلىقنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە تەد-رىجىي ھالدا قۇدرىتىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىدەك ئومۇمىي ئەھۋال-غا زىت كېلىپ قالىدۇ.

د. ر. گامىلتون ۋە ئى. پىنكس خاقانلارنىڭ پات - پات ئالمىشىپ تۇرغانلىقىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ قاراپ، بۇ خانلىقتا تۇراقلىق ۋەزىيەت بولمىغان بولسا كېرەك، دەپ مۆلچەرلەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن ھالقىغان ھالدا خۇلاسىلەرگە كېلىدۇ. گامىلتون: «.... ئۇنىڭ (ئىككىنچى خاقان رىن - مەي — ئا. م.) ئۆزىدىن يېقىندىلا ئالدىدىن ئۆتكەن خاقانلارنىڭ تېز - تېز ئالمىشىشى 924 - ۋە 928 - يىللار ئارىلىقىدىكى گەنجۇدىكى ۋەزىيەت كىشىنى تىنچ ئەمەسمىدۇ - يا؟» دېگەن ئويلىنىشقا سالىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، 928 - ۋە 930 - يىللار ئارىلىقىدا سارايغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىلىكلىرىنىڭ سانىنىڭ ئادەتتىكىدىن كۆپرەك قېتىم كەلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. بۇ ئەلچىلىكلەر-نىڭ ئىچىدە پەقەت ئاز ساندىكىلەردىن يۆي تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن. بۇ يەردە «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا تەي-يارلىق قىلىۋاتقان گۇرۇپپىلار ئۈستىدە ياكى شىجۇ (تۇرپان — ئۇ. س) دىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئۈستىدە گەپ بولۇۋا-تامدۇ؟» دەيدۇ (گامىلتوننىڭ ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق كىتابىنىڭ 131 - بېتى). يەنە مۇشۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق پىنكس تۆۋەندىكىچە يازىدۇ: «928 — 930 - يىللار ئارىلىقىدا نۇرغۇن قېتىم ئەلچىلەرنىڭ كېلىشى ۋە بۇلار ئىچىدە مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، رىن - يۆيگە

تېگىشلىك ۋەكىللەرنىڭ ئاز بولۇشى، شۇ چاغلاردا گەنجۇدا ئۆز-
ئارا رىقابەتلىشىۋاتقان كۆپلىگەن گۇرۇھلار بولغانلىكەن،
ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەۋەتكەنىكەن،
دەپ مۆلچەرلەشكە ئىمكان بېرىدۇ» (پىنكس: «گەنجۇ ئۇيغۇر-
لىرى» 68 — 69 - بەتلەر). مەزكۇر تەتقىقاتچى
ئايال گەرچە شۇ چاغلاردا تۇرپان (شىجۇ) دىن ئەلچىلەر كەل-
گەنلىك ئېھتىماللىنى نەزەردە تۇتسىمۇ، ئەمما گەنجۇدا رىقا-
بەتلىشىۋاتقان گۇرۇھلارنىڭ خېلىلا دەرىجىدە بارلىقىنى
مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ھەر ئىككى ئاپتور «ئەلچىلىك» ياكى «ۋەكىللەر ئۆمىكى»
دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە، بۇ سۆزلەرنى قوش تىرناق
ئىچىگە ئالمايدۇ، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى جۇڭگو مەنبەلىرىگە
تەنقىدسىي پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى ۋە بۇ «ئەلچىلىكلەر»نى
ھەقىقىي دىپلوماتىك ۋەكىللەر ئۆمىكى دەپ ئېتىراپ قىلغانلى-
قىنى ئىسپاتلايدۇ. مەنبەلەرگە مۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرا
بولمايدۇ. بۇ خۇلاسىلەر ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدىكى رېئال
ۋەزىيەتكە مۇتلەق مۇناسىپ كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ خۇلاسىلەر
خاقانلارنىڭ پات - پات ئالمىشىشى توغرۇلۇق ئايرىم مەنبەلەر-
نىڭ راستەك قىلىپ يازغان پەرەزلىرى ئاساسىدىلا چىقىرىلغان.

بەش سۇلالە دەۋرىدىكى دۆلەتلەرگە خېلىلا نۇرغۇن سان-
دىكى «ئەلچىلىكلەر»نىڭ بېرىشى سودا - تىجارەتنىڭ خېلىلا
دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇ
ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدىكى ئىچكى سىيا-
سىي ۋەزىيەتنىڭ تۇراقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغلاردىكى
غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا - تىجارەت مۇئامىلى-
سى ھەققىدە بىز تۆۋەندە تەپسىلىي توختىلىمىز: بۇ يەردە بىز
928 — 930 - يىللار ئارىلىقىدا نېمە ئۈچۈن مۇنچىلىك نۇر-
غۇن «ئەلچىلىكلەر»نىڭ كېلىشى قەيت قىلىنغان دېگەن مەسىلى-

گىلا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىپ كۆرىمىز. بىزنىڭ پىكرىمىزچە: مۇ-
شۇنداق «ئەلچىلىكلەر»نى قىلىشقا ئاتقانلار سودا كارۋانلىرىدۇر. چۆل
تۈركلىرى شىمالىي جۇڭگونى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇ يەردە كېيىنكى
تاڭ دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، كېيىنكى لياڭ دۆلىتى-
نىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۈزۈلۈپ قالغان دىپلوماتىك مۇناسى-
ۋەتلەر ۋە سودا - تىجارەت ئالاقىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى،
يۇقىرىدا ئىككى لياڭ دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ
ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ۋە ھاكىمىيەت بېشىغا چۆل تۈركلىرى
چىققاندىن كېيىن، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى
تەپسىلىي سۆزلىگەنىدۇق. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ ئەلچى-
لىكى كېيىنكى تاڭ دۆلىتىگە ئۇلار تەشكىل قىلغاندىن كېيىنلا
ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي كېلىشكە باشلىدى، لېكىن ھەممىلا مەس-
لىلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تۆت يىلغا يېقىن
ۋاقىت كەتتى. پەقەت 928 - يىلىلا ئىمپېراتور مىڭزۇڭ
(明宗) ئاندىن رىن-يۈينى ئىبتىراپ قىلىپ، شۇ ۋاقىتتا يۈرگۈزۈ-
لۈۋاتقان قائىدە - يوسۇنلارغا مۇۋاپىق ئۇنىڭغا نامۇ ئۇنۋان
تەقدىم قىلدى. مۇناسىۋەتلەرنىڭ نورماللىشىشى تۈرلۈك ئالاقى-
لەرنىڭ — جۈملىدىن سودا - تىجارەتنىڭ راۋاجلىنىشى، كېڭى-
يىشى تولۇق تەبىئىي ئەھۋال. د. ر. گاملىتون ۋە ئې. پېنكىس
تەكىتلەپ كۆرسەتكەندەك، بۇ ئەلچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى رىن -
يۈي تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەس، گاملىتون بىلەن پېنكىس
ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بۇ يەردە گويا رىقابەتلىشىۋاتقان
گۇرۇھلار مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە گەپ ساتىدۇ.
سودا - تىجارەتنى ئاساسەن سوغدى سودىگەرلىرى ئېلىپ بار-
غان، مانا مۇشۇ سودا كارۋانلىرىنى خاقان تەرىپىدىن ئەۋەتىل-
گەن «ئەلچىلىكلەر» قاتارىدا يازمىسلىقى تولۇق تەبىئىيدۇر.

931 - يىلدىن كېيىن مال ئالماشتۇرۇشنىڭ سەل ئازاي-
غانلىقى كۆرۈلدى. بۇ ئىش تاڭغىتلارنىڭ بۇلاڭچىلىق ھۇجۇ-

لىرىنىڭ كۆچەيگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. گاملتون: «931 - يىلدىن باشلاپ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇرراق تاڭغىتلار ئىمپېراتور سارىيىغا ئولپان توشۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كارۋانلىرىنى بۇلاپ - تالاپ تۇردى، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ بۇلاڭچىلىق تولاراق لوياڭغا بارىدىغان يولنىڭ لىڭجۇ ۋە بىڭجۇ ئارىلىقلىرىدا يەنى، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا يۈز بەرگەن» دەپ يازىدۇ. ئۇ ۋەقەلەرنىڭ مەنتىقلىك ئاساسىدىكى ئىزچىللىقىغا يەنى، 928 - يىلىدىن - يۈيىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى، 928 — 930 - يىللار ئارىلىقىدا ئەلچىلىكلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، 931 - يىلى تاڭغىتلار قەبىلىلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ توساتتىنلا كۈچىيىپ كېتىشلىرىگە دىققەت قىلمىغان. گاملتون بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى بايقىمىغانلىقتىن، جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئايرىم خەتلەرگە ئېسىلىۋېلىشتىن ئازاد بولالمىدى ۋە مۇشۇ رايوندىكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئوبيېكتىپ باھا بېرەلمىدى.

بىز يۇقىرىدا كەلتۈرۈپ ئۆتكەن خاقانلار رويخىتىدە، رىن - يۈيىدىن كېيىن خاقان جىن چۇن تۇرىدۇ، لېكىن مۇشۇنداق خاقاننىڭ مەۋجۇت بولۇشى كىشىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ.

د. ر. گاملتون «جىن چۇن» دېگەن خاس ئىسىم ئەمەس، بەلكى «خاقان» دېگەن تۈركچە سۆزنىڭ يەنە باشقىچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشىدۇر، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىن چۇننىڭ يۈرت سورىغان ۋاقتىنىڭ ھەقىقىي يىللىرى ئېنىق ئەمەس. گاملتون جىن چۇن ( ؟ ) 961 - يىلدىن باشلاپ ( ؟ ) 977 - يىللار ئارىلىقىدا يۈرت سورىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. پېنكىس بولسا ئۇنىڭ قاچاندىن باشلاپ يۈرت سورىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، لېكىن 976 - يىلغىچە يۈرت سورىغان، دەپ كۆرسىتىدۇ (يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن خاقانلار رويخىتىگە قاراڭ). فېڭ جياشېڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىش

لىگەن ئاپتورلار 960 — 968 - يىللار ئارىلىقىدا يۇرت سورىدى دەپ كۆرسىتىدۇ①. ئەگەردە جىن - چۇڭنىڭ مۆلچەرلىنىۋاتقان ئىدارە قىلىپ تۇرغان ۋاقتىنىڭ بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىقنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۆلەتلەر ۋاقتىغا توغرا كەلگەنلىكىنى ۋە شۇنىڭدىن بىر پۈتۈن سۇڭ دۆلىتىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە مەملىكەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن مەزگىلىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، بىنكىسىنىڭ «جىن چۇڭ» دېگەن شەخس بىر ئادەمنىڭ ئىسمى ئەمەس ياكى بىرلا خاقانغىمۇ ئەمەس، بەلكى بىزگە نامەلۇم بىر قانچە خاقانلارغا مەنسۇپ ئۇنۋان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قىلىشقا مۇمكىن دېگەن كۆز قاراشقا تولۇق يول قويغىلى بولىدۇ.

«جىن چۇڭ» (景琼) دىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇپ كەلگەن خاقاننىڭ ئىسمى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن. بۇ خاقانلارنىڭ ئىدارە قىلىپ تۇرغان ۋاقتى (؟) 976 - يىلدىن 1028 - يىللار ئارىلىقىدا بولغان. بۇ ۋاقىت سۇڭ دۆلىتى پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قىتان، تاڭغۇتلارغا ئوخشاش كۈچلۈك قوشنىلىرىغا دىققەت قىلىپ قالماستىن، بەلكى بىر قەدەر ئاجىزراق قوشنىلىرىغىمۇ (ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەر) قىزىقىۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. دەل شۇ چاغلاردا سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى تۇرپان دۆلىتىگە قىلغان ئۆزىنىڭ مەشھۇر سەپىرىنى باشلىغان. سۇڭ دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى تاڭغۇتلارغا قارشى كۈرەشتە ئۆزلىرىنىڭ زاپاس ئىتتىپاقچىسى دەپ قارىشى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلارغا مانا مۇشۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا

---

① فېڭ جىياشېڭ، چېڭ سۇلۇە، مۇگۇاڭۇين: «ئۇيغۇرلار تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - نەشرى، 49 - بەت.

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق ۋە بىر قەدەر تەپسىلىي يازما خاتىرىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئويلاشمۇ تولۇق تەبىئىيدۇر، لېكىن بۇ ھەقتە خاتىرىلەر يوق. بۇ ئۇستىدە گەپ كېتىۋاتقان بەش خاقاننىڭ يۇرت سورىغان ۋاقىتلىرىمۇ ئېنىق ئەمەس، شۇنىسى قىزىقكى، بۇ خاقانلارنىڭ نامى ئۇيغۇرلار خاقانلىقىدا ھاكىمىيەت ئۇستىدە تۇرغان ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئېتنىك ئىسىم (ئېتنونىم — ئۇرۇق ۋە قەبىلە ئىسمى — ئۇ. س) نىڭ شەخسنىڭ فامىلىسىگە ئايلىنىپ كېتىشى — ئادەتتىكى ھادىسىدۇر. تارىخىي مەنبەلەردە، جۇڭگونىڭ «ياۋايىلار»غا بەرگەن ھۆرمەت ئۇنۋانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ تولۇق قانۇنىيەتلىك ئىش بولۇپ، بۇ ئۇنۋانلار بۇ يەردە خاقانلارنى بىر - بىرىدىن پەرق ئېتىشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. نەتىجىدە مۇرەككەپ بىر ئىسىم بىرلىكى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىسىم بىرلىكى فامىلە (ئېتنونىم) دىن ۋە ئىسىمدىن (جۇڭگونىڭ ھۆرمەت ئۇنۋانىدىن)ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن، «يىلوگې»، «گۇي - خۇا» خاقانلارنى بىر - بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، تېكىستتە «ياغلاقار» سۆزىنىڭ ھەر خىل ترانسكرىپسىيىسى قوشۇپ بېرىلگەن. ئاۋۋالقى ئىككى خاقاننىڭ ئىسىم - فامىلىسى ياغلاقار (يې - لو - خې دەپ ترانسكرىپسىيىلەنگەن)، كېيىنكىلىرىدە، يەنە شۇ ئىسىم يې - لو - گې دەپ ترانسكرىپسىيىلەنگەن. پەقەت ياغلاقار ئىچىدىكى بىرىنچى خاقاندىلا (جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە) ئۇنىڭ تۈركچە ھۆرمەت ئۇنۋانى «بىلگە» (پاراسەتلىك) قوشۇمچە يېزىلغان. بۇنىڭ تولۇق ئىسمى جۇڭگو ھۆججەتلىرىدە «ياغلاقار بىلگە» دەپ ئېلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدا، جۇڭگو مەنبەلىرىگە قارىغاندا، 52 يىل ئىچىدە (976 — 1028) بەش خاقان ئۆتكەن، ھەر بىر خاقاننىڭ يۇرت سوراپ تۇرغان يىل ۋاقىت

مەسىلىسى ئىنىقلانمىغان، مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە يۇرت سوراپ ئۆتكەن خاقانلارنىڭ سانى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن سانلارغا قارىغاندا ئازراقمىكىن، دېگەن گۇمان بار، ئەپسۇسكى، بۇ مەسىلە توغرۇلۇق مۇئەييەن بىر نەرسىنى ئۇزۇپ ئېيتىشقا هازىرچە ئىمكان بولماي تۇرۇپتۇ، بۇنىڭغا يەنە قوشۇمچە ماتېرىياللار لازىم. خاقان جىن چۇننىڭ ۋە ياغلاقار ئىسمىدىكى خاقانلارنىڭ مەسىلىسىنى هەل قىلىشتىمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال مەۋجۇت.

مۇشۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، گەنجۇدا ئۆتكەن خاقانلارنىڭ رويخىتىنى تۆۋەندىكىچە تۇزۇشكە بولىدۇ:

## گەنجۇ خاقانلىرى

| تەرتىپى | هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان يىللار | ئۇيغۇرچە ئىسمى | خەنزۇچە ئىسمى | ئۇنۋانى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | 924 —— (؟) | ئورموزد (؟) | رېن — مېي 仁美 | يىڭ يى (英义) |
| 2 | 940 —— (؟) | ئادۇرك | رېن — يۈي 仁裕 | شۇن خۇا (顺化) فېن - خۇا (奉化) |
| 3 | 976 —— (؟) | جىن — چۇن (خاقان) 景琼 | —— | —— |
| 4 | 976 — 1004(؟) | ياغلاقار بىلگە | —— | —— |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 5 | 1004——1016(؟) | ياغلاقار | —— | جۇڭ شۇن باۋدې 忠顺保德 |
| 6 | 1016——1023(؟) | ياغلاقار | گۇي — خۇا 归化 | خۇەيدى — ئىن شۇن — خۇا |
| 7 | 1023——1025(؟) | ياغلاقار | تۇڭ — شۇن 通 顺 | گۇيخۇا باۋشۇن 归化保顺 |
| 8 | 1023 — 1028 (؟) | ياغلاقار | باۋگو | —— |

جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ 976 ـ يىلىدىن 1028 ـ يىللار ئارىلىقىدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان يىل ۋاقتى سۇڭ ئىمپېراتورىنىڭ ساراي ھاياتىدىكى بەزى ۋاقىتلار بىلەن دەل توغرا كېلىپ قالغانلىقىنى قىزىقىش بىلەن كۆرۈش مۇمكىن:

| سۇڭ ئىمپېراتور سارىيى | ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى |
|---|---|
| 976 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ 2 - ئىمپېراتورى تەيزۇڭ (太宗) نىڭ ئىمپېراتورلۇق تەختكە ئولتۇرۇشى | 976 - يىلى ياغلاقار بىلگەنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتى |
| 1004 - يىلى جىڭدى (景德) يېڭى يىلنامىسىنىڭ باشلانغان ۋاقتى | 1004 - يىلى (؟) خاقان ياغلاقارجۇڭ شۇن باۋدېنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتى. |
| 1017 - يىلى تيەنشى يېڭى يىلنامە - سىنىڭ باشلانغان ۋاقتى | 1016 - يىلى خاقان ياغلاقار گۇيخۇانىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتى |
| 1023 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ 4 - ئىمپېراتورى رىن زۇڭ (仁宗) نىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتى | 1023 - يىلى (؟) خاقان ياغلاقار تۇڭشۇننىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتى |

يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىشىپ كېلىشى تاسادىپىي ئەھۋالمۇ ياكى بۇنىڭدا ئىمپېرىيىدىكى چوڭ ئەمەلدارلار ۋە خان سارىيىدىكى تارىخچىلار سەۋەب بولغانمۇ؟ بىز مۇشۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتنى ئىمپېراتور سارىيىدىكى ئەمەلدارلارغا قويۇش تەرەپدارىمىز. مەلۇمكى، يېڭى ئىمپېراتور تەختكە چىققان ۋاقىتلاردا ياكى ھاكىمىيەت يىلنامىسى ئالماشتۇرۇلغان چاغلاردا بيۇروكراتىك ئاپپاراتنىڭ پائالىيىتى دائىم كۈچەيتىلىپ تۇرۇلدى، بۇ مەمۇرىي ئاپپاراتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىدا، ئىمپېرىيە تېررىتورىيىسىنىڭ مەمۇرىي بۆلۈنۈشىنى ئىسلاھ قىلىشى، يېڭى ئىنئاملار بېرىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلەندى. ئېھتىمال، 3 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن يىللار ئىچىدە سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئىمپېراتورلىرى ئۇيغۇر خاقانلىرىغا ئىنئاملار ياكى باشقا «خەيرخاھلىقلار ھەققىدە پەرمانلار چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخچىلارنىڭ مۇشۇ ھۆججەتلەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئېنىق يازماسلىقى نەتىجىسىدە «ياۋايىلار» دۆلەتلىرىدە (بۇ يەردە ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) يېڭى ھۆكۈمدارلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىنغان پەرمانلار قاتارىدا مۇھاكىمە قىلىش خاتالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خاقانلارنىڭ ئالمىشىش يىلى، ۋاقىتلىرىدىكى تامامەن دېگۈدەك ئېنىقسىزلىقنى پەقەت مۇشۇ يول بىلەنلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن، پەقەت 1016 - يىلىدىكى خاقان ئالمىشىشى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. يىل، ۋاقىتلارنىڭ بىر - بىرىگە مۇشۇنداق ئۇيغۇن كېلىشى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن خاقانلار سانى ئەمەلىي ئەھۋالغا زادى توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. خاقانلارنىڭ سانى بەشكە يەتمەسلىكى كېرەك.

يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1028 - يىلى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى پەقەتلا كۈتۈلمىگەن تاسادىپىي ئەھۋال ئىكەنلىكى، ۋەقەلەر تەرەققىياتىدىن مۇقەررەر

هالدا كېلىپ چىقمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، خاقانلىقنىڭ كېيىنكى ئون يىلى ئىچىدە ئىچكى جېدەل-ماجىرالار پەيدا بولۇپ، شۇ تۈپەيلىدىن، خاقانلار پات - پات ئالماشقان بولسا كېرەك. مانا مۇشۇ ئەھۋال خاقانلار رويخېتىدىمۇ قىسمەن ئىنكاس قىلىنغان. رويخەتتە خاقانلىقنىڭ ئاخىرقى بەش يىلى داۋامىدا ئىككى خاقاننىڭ — ياغلاقار تۇغشۇن ۋە ياغلاقار باۋگولارنىڭ ئەمەل تۇتقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

# ئېدزىنغول دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلارنىڭ مانا مۇشۇ قىسمى جۇڭگو مەنبەلىرىدە «خېلوچۇەنلىكلەر» (川罗合) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قىسمى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن يىراق بولمىغان جايلارغا ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوقتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قىسمىنى ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنكى تەرەققىياتىدىكى ئايرىم بىر تارمىقى دەپ قاراش كېرەك.

بۇلار زادى قايسى ئۇيغۇرلار، ئۇلار قانداق قىلىپ ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاشقا تىرىشىشتا تەتقىقاتچىلار ئادەتتە شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس قىيىنچىلىقلىرىغا — مەنبەلەردە بۇ ئىشلارنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئىسپاتلىغۇدەك ماتېرىياللارنىڭ يوقلۇقىغا دۇچ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قولىمىزدا بار ئايرىم تېكىستلەر دېگەندەك ئېنىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەر خىل، بەزىدە بىر-بىرىگە زىت كېلىدىغان تەخمىنلەر قىلىشقىمۇ ئىمكان بېرىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پىكىردە مۇھىم ئوخشىماسلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىشقا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پىكىرلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشتىن ئاۋۋال، ئۇيغۇرلارنىڭ مانا مۇشۇ قىسمىغا مۇناسىۋەتلىك بىزگە مەلۇم تېكىستلەرنى خرونولوگىك تەرتىپ (يىللار تەرتىپى) بويىچە كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

«2.23 قىرغىزلار گېنېرال تابۇ — خېزۇ ۋە باشقىلارنى تىيەندە ۋىلايىتىنىڭ قەلئەسىگە ئەۋەتتى... بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ كونا تېررىتورىيىلىرىدە ياشاپ قېلىش ئۈچۈن خېلو (合罗) دەرياسى بويىغا كۆچۈپ بارىدىغانلىقلىرىنى خەۋەر قىلدى. يەنە ئۇلارغا بەش قەبىلە — ئەنشى (كۇچا)، بېيتىڭ (بېشبالىق)، دادا (تاتارلار) ۋە باشقىلار ئىتائەت قىلىپ تۇردى.»①

«2.24 تابۇ — خېزۇ قىرغىزلار خېلو دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كەلدى، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بۇرۇنقى تېررىتورىيىلىرىدە تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەنشى (كۇچا)، بېيتىڭ (بېشبالىق)، تاتار ۋە باشقىلار بولۇپ بەش قەبىلىگە ئىگە بولدى.»②
بۇ نەقىل خاقانغا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرىگە يېزىلغان مەكتۇپتىن ئېلىنغان، مەكتۇپنىڭ ئۆزىگە خۇيچاڭ 2 - يىلىنىڭ قىش پەسلىدىكى ئايلىرىدا يېزىلغانلىقى قەيت قىلىنغان (842 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 843 - يىل 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى).

«2.25 مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن باشقا خېلو دەرياسى يېقىنىدىكى ئۇيغۇرلار قارارگاھى تېخى تولۇق يوقىتىلمىغان، ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى سېغىنغانلىقىدىن قارىغاندا، شۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ئارزۇسى بارلىقىنى مۆلچەرلەپ بىلگىلى بولىدۇ. مۇشۇ رايوندىكى ئاۋۇللارنى بىرنىمۇ قويماستىن تېزلىكتە تىنچلاندۇرۇش (تولۇق يوقىتىش) لازىم» («خۇيچاڭ يىللىرىدا مەكتۇپ شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر توپلىمى»، لى دې-

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 246 - باب، خۇيچاڭ (会昌) نىڭ 2 - يىلى 10 - ئاي (842 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئارىلىق) 1956 - يىل نەشرى، 9 - توم، 7968 - بەت.

② «خۇيچاڭ يىللىرىدا مەكتۇپ شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر توپلىمى» 8 - باب، 64 - بەت.

يۈي)، مەزكۇر ھۆججەتكە خۇيچاڭ 3 - يىلىنىڭ 6 - ئېيى (843 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)، دېگەن ۋاقىت قويۇلغان (يەنە مورى ياسۇتاكائونىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كىتابىنىڭ 109 - بېتى D1 تېكىستىگە قاراڭ. مۇشۇ يەردە ئەسلى تېكىست «... زۆرۈر» دېگەن سۆزگە قەدەر ئېلان قىلىنغان).

«2.26 چيەنفۇ(乾符)نىڭ 2 - يىلى 9 - ئاي (875 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە قەدەر بولغان ئارىلىق) تا، ئۇيغۇرلار خېلوچۇەنگە قايتىپ كەلدى. (چيەنفۇنىڭ 2 - يىلى) 11 - ئاي ئىچىدە ئەلچى تۇنلو يۈيلۇنى ئولپان بىلەن ئەۋەتتى. ياردەم سۈپىتىدە 10 مىڭ توپ يىپەك ئىنئام قىلىندى»① (ئەسلى تېكىستىنى مورى ياسۇتاكائونىڭ ئۇيغۇر- لار توغرىسىدىكى ئەسىرىنىڭ 108 - بېتىدىكى C3 تېكىستىگە قاراڭ. بۇنىڭ تەرجىمىسىنى بولسا، مالىيەۋكىننىڭ: «9 - — 12 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىنىڭ رۇسچە نەشرى41 - بېتىدىن كۆرۈڭ. بۇيەردە 9 - ئاي دېگەن- نىڭ ئورنىغا 12 - ئاي دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن قاتار قويۇلغان شەمسىيە سىستېمىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن ئاي قەمەرىيە 9 - ئايغا توغرا كېلىدۇ).

«2.27 يېلى ۋاڭزى (ئەل ئۆگە) قەبىلىسىنىڭ يەرلىرىنى كېسىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردىن خېلو دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. مەزكۇر دەريا ياقىسىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەلىكىسى ياشىغان. بۇ يەردە شۇ چاغدىكى قەلئە خارابىلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.»②

«2.28 [يۈكشى 雍熙 نىڭ] 4 - يىلى (988·1-21 — 1 -

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»نىڭ 252 - جىلد 9 - بابى، 8181 - بەت.

② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 460 - جىلد 9a، 9b - بەتلىرى.

2 - 987) خېلوچۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۆت ئۇرۇقىنىڭ (مەنبەدە ئۇرۇقىنىڭ ئىسىملىرى كۆرسىتىلمەپتۇ — ئا. مالىيەۋكىن) رەھبەرلىرى سارايغا ئولپان بىلەن ئەلچىلەر ئەۋەتتى»① (بۇ يەردە تۈزىتىلگەن تەرجىمىسى نەقىل كەلتۈرۈلدى. بۇ تېكىست «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» كىتابىدا سەل ئېنىقراق قىلىپ كەلتۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئەلچىلەر 8 - ئاي ئىچىدە يەنى 987 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنلىرى ئارىسىدا يېتىپ كەلدى ۋە ئۆزلىرى سېرىق مىس ئالغاچ كەپتۇ، دەپ خەۋەر قىلىدۇ).

بۇ مەلۇماتلار خرونولوگىيە جەھەتتىن قارىغاندا ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ: (1) 2·23 -، 2·24 - ۋە 2·25 - تېكىستلىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولغانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يۇقىرىقى تېكىستلەر بۇ ۋەقەدىن 1 — 2 ئايلار كېيىنلا يېزىلغان. (2) 2·26 - تېكىستى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خېلو دەرياسى بويىغا قايتىپ كەلگەنلىكلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، قىرغىزلار كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن بولسا كېرەك. (3) 2·27 - ۋە 2·28 - تېكىستلىرى بولۇپ، بۇ 981 - يىللارغا (؟) (ۋاڭ يەندى ساياھىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى) ۋە 988 - يىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خېلوچۇەن ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئازلا كەم 150 يىل جەريانىدا يېزىلغان، لېكىن 875 - يىل بىلەن 981 - يىللار ئارىلىقىدا ئۇزاق بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان. بۇ چاغلار جۇڭگودىكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇزۇندىن بېرى شۇ مەلۇمكى، «خې»(合) + «لو»(罗) خەتلىرىنىڭ بىرىكمىسى تۈركچە «قارا» دېگەن سۆزنى ترانسكرىپسىيە قىلىش ئۈچۈن قوللىنىپ كەلگەن. دېمەك، خېلوچۇەن ياكى خېلو

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، 136 - بەت.

قارا دەريا دېگەن سۆزدۇر (بۇ دەريانىڭ ھازىرقى نامى ئېدزىنـ
غولدۇر). بۇ ئىسمىنىڭ ئەينەن خەنزۇچە تەرجىمىسى خېيخې
دېگەن ناممۇ يەرلىك ئاھالىدە مۇشۇ كۆنگىچە ساقلىنىپ كەلـ
مەكتە. بۇ سۆز بىلەن يەرلىك ئاھالە ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ
ئوتتۇرا قىسمىنى ئاتايدۇ.
بۇنى مۇشۇنداق چۈشەندۇرۇشكە كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار
باشقىچە پىكىردە ئەمەس، سىن جۇڭمىيەن دېگەن بىر ئادەم خېلو
دەرياسى ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق قىزىق بىر نۇقـ
تىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ پىكرىچە XIV–XIII ئەسىر-
لەردە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن خالاخېلىن (قاراقۇرۇم دەرياسى)
دېگەن جۇغراپىيىلىك نام تاڭ دەۋرىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن خېلو-
جۈيلۈن دېگەن جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بىلەن بىردۇر — بۇ ئىككى
ئاتالغۇ ئېھتىمال، بىر نەرسىنى ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.
شۇ چاغلاردىكى تېكىستلەردە يولۇقىدىغان خېلو دەرياسى(合罗川)
ۋە جۈيلۈن (جۈيلۈنچۈەن) ئەسلىدە بىر بولغان جۇغراپىيىلىك
ئىسىمدىن، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، خېلوجۈيلۈن دېگەن ئىسىمـ
نىڭ قىسقارتىلىپ ئېيتىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىرىنچى
خىل قىسقارتىلىشىدا سۆزنىڭ ئىككىنچى يېرىمى قالدۇرۇلغان،
ئىككىنچى تۈرلۈك قىسقارتىلىشىدا مەزكۇر سۆزنىڭ ئالدىنقى
قىسمى قىسقارتىلغان①.
يېقىندا خېلوچۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەسىلىسىگە ياپون تەتقىقاتـ
چىسى مورى ياسۇ تاكائو قايتا كىرىشتى. ئۇ بۇ مەسىلىنىڭ تارىخىنى باـ
يان قىلىپ كېلىپ: «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ قىسمىغا بىرىنچى قېتىم دىقـ
قىتىنى بۆلگەن ئادەم روكۇرۇ كوۋادا ئىدى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ
تەتقىقاتچىنىڭ پىكرىچە، خېلوچۈەن ئۇيغۇرلىرى خېيشى
(ئېدزىنغول دەرياسى بويى)دا ياشىغان. تاڭ ئىمپېراتور سارىيى
856 - يىلى ئۇنۋان تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆچۈن، مانا

① سىن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخى» 667 - بەت

مۇشۇ ئۇيغۇرلارغا ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەلچىلەر بۇ مۇراسىمنى ئۆتكۈزەلمىگەن. چۈنكى ئەلچىلەر كەلگەندە شۇ جايدا ئۇيغۇرلار بولمىغان. ئۇيغۇرلار تۇيغۇن ۋە ئۇمۇلار بىلەن سوقۇشۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، نامەلۇم تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتكەنىكەن.»

مورى ياسۇ تاكائو سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «2.26 - تېكىستتىكى لوچۇەن دېگەن جۇغراپىيىلىك ئىسىم ھەقىقەتەن خېلوچۇەن دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزىدۇر. لېكىن ئۇنى ئېدزىنغول دەرياسى ئىسمى بىلەن ئوخشاش نەرسە دەپ مۇقەررەرلەشتۇرمەسلىك كېرەك،» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تېكىستتە ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان رايون ئۈستىدە گەپ بولۇۋاتىدۇ. بۇ جاي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىي تېررىتورىيىسى بولۇپ، چۆلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىدۇر. بۇ نۇقتىئىنەزەرنى بىرىنچى قېتىم مائېدا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ كۆزقاراشنى ئابې تاكېئو قۇۋۋەتلىگەن.

مورى ياسۇ تاكائو خېلوچۇەن ئۇيغۇرلىرى زىكىر ئېتىلگەن ئۈچ تېكىستنى (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 2.23 ۋە 2.26 تېكىستلىرىگە قاراڭ). ئىمپېراتور پەرمانىنىڭ ئىككى تېكىستى بىلەن — «خاقانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە «خاقانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش دىپلومى»لىرىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرىدۇ. دىپلوم بېرىلگەنلىك توغرىسىدىكى پەرمانغا 857 - يىل دېگەن ۋاقىت يېزىلغان. بۇ پەرمانلارنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى مورى ياسۇغا ئۇلارنى تولۇق نەقىل كەلتۈرۈشكە پۇتلىكاشاڭ بولغان. مورى ياسۇ-تاكائونىڭ كۆرسىتىشىچە تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، 840 - يىلدىن كېيىنمۇ تاڭ دۆلىتى مەمۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي تېررىتورىيىسى ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسى، دەپ ھېسابلاپ كەلگەن، شۇڭلاشقا 2.26 - تېكىستتىكى (مورى ياسۇ تاكائو C3 بەلگىسى قويغان) «... گە قايتىپ كەلدى» دېگەن سۆزنى ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىغا قايتىپ كەلدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ت. مائېدا، ئابې تاكېئو ۋە مورى ياسۇ تاكائونىڭ كۆزقاراشلىرىنى

قەپەسلى قاراپ چىقىشتىن ئاۋۋال، بىز تاڭ دۆلىتى مەمۇرىيە-
تى ئورقۇننى خاقانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر-
لارنىڭ تېررىتورىيىسى دەپ داۋاملىق ھېسابلاپ كەلگەنلىكى
توغرىسىدىكى ھۆكۈم ئۈستىدە توختاپ ئۆتىمىز: بىزنىڭ كۆز
قارىشىمىز بويىچە بۇ بىر پاكىتتۇر، بۇنىڭ راستلىقىغا گۇمانلى-
نىشقا ھېچقانداق ئاساس يوقتۇر. بۇنى ئاسانلا چۈشەندۈرۈشكە
بولىدۇ. بۇ يەردە ھەممىدىن ئاۋۋال ساراي ئاپپاراتىدىكى
ئەمەلدارلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇتەئەسسىپلىكى ئۆز ئىپادىسىنى
كۆرسىتىپ، ئۇلار بۇرۇن قانداق ئويلىغان بولسا يەنە شۇنى
داۋاملاشتۇرىۋەرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ يەردىكى ئاساسىي
گەپ تاڭ دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇنىڭ خارجى ئىشلىرىنى
باشقۇرغۇچىلىرى ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن پاكىتلارنى ئېتىراپ
قىلىشقا ئالدىرىمىغانلىقىدا. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىنى
چوڭ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغانلىقىدا ھېچقانداق شۇبھە
يوق. سىياسىي سەھنىدىن قۇدرەتلىك بىر كۆچمەن دۆلەت
يوقالدى. بۇ دۆلەت جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جېنىغا تېگىپ
تۇرغان ھەمدە شۇ ھۆكۈمرانلار ئۆز خىيالىچە ئويلاپ چىققان
«ياۋايىلار» بىلەن بولغان «ئۆزئارا ماسلىشىپ كەلگەن مۇناسى-
ۋەت»لەرنى بۇزۇپ تۇرغانىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كونا
جايلىرىدا قىرغىزلارنىڭ جايلىشىۋېلىپ قۇدرەت تېپىشى، ئەمەلى-
يەتتە تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرا ياقىلىرىدا يېڭى كۈچلۈك كۆچ-
مەن دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. ۋەقەلەرنىڭ
مۇنداق تەرەققىياتى جۇڭگونىڭ ھاكىم دائىرىلىرىدە ئەندىشىسىز-
لىك پەيدا قىلدى ۋە ئالدىنئالا ئۆز لايىقىدا چارىلەر
كۆرۈش زۆرۈرلۈكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىرىنچى باسقۇچتىكى
مۇنداق چارە، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن
پاكىتلارنىڭ نەتىجىسىنى ئېتىراپ قىلماسلىق بولدى. جۇڭگو
ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىچە ۋەقەلەر جۇڭگوغا پايدىسىز

تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدىغان بولسا، بۇنداق ئېتىراپ قىلماسلىق بۇ
ئىشقا ئارىلىشىشقا ۋە ئەھۋالنى تاڭ دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە پاي-
دىلىق تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇنۇشقا ئىمكانىيەت بېرەتتى. تاڭ
دۆلىتىنىڭ پىلانلىرى توغرىسىدىكى بىزنىڭ بايانلىرىمىز ماددىي
مەنبەلەر بىلەن ئىسپاتلانماي، جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاكتىكى-
لىق ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممە يىغىندىسىنىڭ ئومۇمىي ئانالىزىغا ئاساس-
لانغاچقا، گۇمان ۋە شۈبھە كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن. يۇقىرىدا
سۈرەتلەنگەن، بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرىكەتلەر
سىخېمىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تارىخىي پاكىتلارنى
مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەزىيەت تۇغۇلۇپ قالغاندا، ھاكىمىيەت
ئورۇنلىرىنىڭ دەل شۇ خىلدا مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكىنى
ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، شەرقىي تۈرك خاقانلىقى تارمار قىلىنغان
ۋە بارلىق تۈركلەر سەددىچىن رايونىغا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن،
گوبى چۆلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە سىر - تاردۇش — ئۇيغۇر خانلىقى
تەشكىللىنىشكە باشلىدى. سىر - تاردۇشلار گوبى چۆلىنىڭ جەنۇب
تەرىپىدە تاشلىنىپ كەتكەن جايلارنى ئىشغال قىلىش ۋە ئۆز-
لەشتۈرۈشكە كىرىشتى، دەل شۇ چاغدا تاڭ ھاكىمىيىتى تۈركلەرگە
ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلدى (مالىيەۋكىن
جۇڭگو مەنبەلىرىدە «تۇجۇ» دەپ ئاتالغان قەبىلە
ئىتتىپاقىنى باشقا تۈركىي قەبىلىلەردىن پەرق ئېتىش ئۈچۈن،
«تۇجۇ تۈركلىرى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن - ئۇ. س). 745 -
يىلى تۈركلەر بىلەن سىر - تاردۇشلار ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا
بولۇپ، ئاخىرىدا مەزكۇر توقۇنۇش چوڭ سوقۇشقا ئايلىنىپ
كەتتى. تاڭ دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى تۈركلەر تەرەپتە تۇردى.
«ياۋايىلار» ئارىسىدا سوقۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان مانا مۇشۇ
تاكتىكىلىق ئۇسۇل ۋە سىر - تاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنى
بۇزغان مەخپىي دىپلوماتىيە ناھايىتى تېزلىكتە بۇ يېڭى كۆچمەن
دۆلەت — سىر - تاردۇشلار خاقانلىقىنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خانلىقى ھالاكىتىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ستراتېگىيىچىلىرى قانداق تاكتىكا قوللانماقچى بولغانلىقلىرى ھەققىدە بىر نەرسە ئېيتىش قىيىن، مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى باشقا يول بىلەن ماڭدى. تاڭ دۆلىتىنىڭ بارغانچە ئاجىزلىشىپ بېرىشى ۋە باشقا كۈچلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى جۇڭگونىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يوققا چىقاردى.

بىزنىڭ پىكرىمىزچە، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تاڭ مەمۇرىيىتى ستراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئاساسەن، ئورقۇننى ئۇيغۇرلارنىڭ تېررىتورىيىسى دەپ ھېسابلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇ ئىش ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن رايونىغا قايتىپ كەلگەنلىكلىرىگە ئىسپات بولالمايدۇ. تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ بايانلىرىنى خېلو (خېلوچۈەن) دەرياسىنى ئورقۇن ۋادىسىدىكى دەريالارنىڭ بىرى دەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن پايدىلىنىشقىمۇ ئاساسلار ئاز.

مۇشۇ جايدا ۋە مۇشۇ گەپ بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىچىدە شەكىللەنگەن ۋەزىيەت (خاقانلىقنىڭ ھالاك بولۇشى، قىرغىزلارنىڭ ئورقۇن رايونىنى ئىگىلىۋېلىش ئېھتىمالى) مۇناسىۋىتى بىلەن تاڭ ھاكىمىيىتى قوللىنىش ئېھتىمالى بار دەپ مۆلچەرلەنگەن ھەرىكەت ئەندىزىسىنىڭ توغرىلىقىنى بەزى كونكرېت پىلانلىرى بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بۇ پىلانلار تاڭ مەمۇرىيىتى ۋەكىللىرىنىڭ مەكتۇپلىرىدا ۋە ھەممىدىن ئاۋۋال ئىمپېراتورنىڭ ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلارغا يوللىغان خەتلىرىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ مەكتۇپلارنىڭ مەزمۇنلىرى سېلىشتۇرۇلۇپ كۆرۈلىدىغان بولسا، ئىمپېراتور سارىيىنىڭ پۈتۈن ھىيلە - مىكرىسى ئېچىپ تاشلىنىدۇ، تاڭ دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن «ياۋايىلار»نى ئۆزئارا ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن سوقۇشقا سېلىپ قويۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ئاشكارىلىنىدۇ. ئىمپېراتورنىڭ خېلوچۈەن ئۇيغۇرلىرىغا

ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي يوقىتىش تەكلىپى بېرىلگەن بىر مەكتۇپىدىن يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەنىدى (2・25 - تېكىستكە قاراڭ). لىدېيۇيىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلگەن قىرغىزلارغا قارىتا يېزىلغان مۇشۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا بىر قاتار خەت - چەكلەردە تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قۇتراتقۇلۇق پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان كۆپلىگەن قىممەتلىك مەلۇماتلار بار، مانا مۇشۇ ماتېرىياللارغا قارىغاندا، جۇڭگو ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنى تەلتۆكۈس قىرىپ تاشلاشقا ئىنتىلگەن. مۇشۇ توغرۇلۇق ن. يا. بىچۇرىن ئۆز ۋاقتىدا تۆۋەندىكىچە يازغان:

«IX ئەسىرنىڭ يېرىمىدا خاكاسلار شۇ چاغدا يۇرت سوراپ تۇرغان ئۇيغۇرلار سۇلالىسىنىڭ قۇدرەتلىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇردى، قىساسچى جۇڭگولۇقلار سەددىچىننى ئۆزىگە دالدا قىلىپ يوشۇرۇنۇۋالغان ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقاتتى.»

ئىمپېرىيىنىڭ سابىق دۈشمىنى — شەرقىي تۈركلەرنى مۇشۇ ئىمپېرىيىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سوقۇش قىلدۇرۇشتا مۇۋەپپەق بولغان تاڭ ئىمپېراتورى تەيزۇڭ (太宗)نىڭ «ياۋايىلار»غا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىدە خۇددى شۇ سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولغان ئۇرۇنۇشلىرىدا مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئىمپېراتور ۋۇزۇڭ (武宗) نىڭ سىياسىتىدىكى نەتىجىلىرىنىڭ پەرقلىرىنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ؟ سەددىچىن يېنىغا كۆچۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى چوڭ قىسمىغا بېغىشلانغان ماقالىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي يادروسى ئوجې خاقان باشچىلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىكى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىغا قەدەر كۆرەشتى ۋە مۇشۇ كۆرەشلەر نەتىجىسىدە بىر نەچچە قېتىم مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇپ تارقىلىپ كەتتى ۋە ھالاك بولدى. لېكىن جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە بويسۇنمىدى، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئوجې خاقان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇيغۇرلارنىڭ يالغۇز ھەربىيەتپەرۋەرلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى

تولاراق تاڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان دەرىجىگىمۇ يول قويمىغان ھەددىدىن ئوشۇق تەلەپلىرىدىن بولدى. تەتقىقاتچىلارغا تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى كۈتۈلمىگەن جىددىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە سەددىچىن يېنىغا بېرىپ قالغان بۇ كۆچمەنلەرنىڭ جۇڭگو ھاكىمىيىتى بىلەن ھەر خىل كېلىشىملەر تۈزگەنلىكى ياكى جۇڭگوغا ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىشىم شەرت ئاستىدا «خىزمەتكە» كىرگەنلىكلىرى مەلۇم. ئۇنىڭغا مىسال ئۈچۈن ئەگىرىقۇت قوشىشار ياكى يەنە شۇ شەرقىي تۈجۈ تۈركلىرىنى ئېلىش مۇمكىن. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ ھاكىمىيىتىگە بويسۇنغان كىچىككىرەك گۇرۇپپىلىرى بەك ئېغىر ئەھۋالدا قالغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنى يەنىمۇ كىچىككىرەك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، تۈرلۈك ئەسكىرىي قىسىملار ئىچىگە تارقىتىۋەتكەن. تاڭ دۆلىتىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ئارموزنىڭ قوشۇنلىرى توغرۇلۇق تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بار: «ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى پارچە - پارچە قىلىپ بۆلۈپ، چېگرا رايونىدىكى ئۆلكىلەر (ھىراۋۇللار 节度使) گە تارقىتىپ بېرىلدى. قۇللار تۈرلۈك ئۆلكىلەرنىڭ ھەربىي ۋە مۇلكىي باشلىقلىرىدىن بېقىندىلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن ئەندىشە قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋە خۇتۇخې دەرياسىنى ئىگىلىۋالدى، ليۇمېيەن 3000 ئادەمنى تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈردى.» بەلكىم ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى پارچىلاپ بۆلۈشنى، ئارموزد ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكىلەر تاڭ دۆلىتىگە «خىزمەتكە كىرگەندە»، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئەمما مۇنداق بولۇشنى ئۇيغۇر خەلقى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىمپېرىيىنىڭ چېگرىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا تۇتقان تاكتىكىسى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى، مۇشۇ تاكتىكىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىلاتتى. مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ

ھەممىسى قىرغىزلارنىڭ خاقانغا يېزىلغان مەكتۇپتىكى مەلۇماتقا ئۇيغۇن كېلىدۇ (225 ـ تېكىستكە قاراڭ).

شۇنداق قىلىپ تاڭ سۇلالىسى سىياسەتچىلىرى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاڭ تەيزۇڭنىڭ تەجرىبىسىنى تەكرارلاشقا ئۇرۇنىدى. بۇ تەجرىبە كۆچمەنلەرنى ئۆز تەرىپىگە كەڭ مىقياستا جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى تاجاۋۇزچىلىق سوقۇشلاردا ئاساسىي زەربە بەرگۈچى كۈچ قاتارىدا پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنداق قىلىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئىمپېراتور ۋۇزوڭ(武宗) نىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ـ بۇرۇن جەڭگىۋارلىق ئىقتىدارىغا ئىگە تۈرك ئاتلىق ئەسكەرلىرى ساقلىنىپ قېلىپ، كېيىن بۇ ئەسكەرلەر شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ قايتا تىكلىنىشىگە ئالدىنقى شەرت ھازىرلىغانىدى، دەپ مۆلچەرلەپ ئەمدى مۇنداق ئىشقا تەۋەككۈلچىلىك قىلماسلىق كېرەك، ئۇيغۇرلاردىن كېلىدىغان خەۋپنى تولۇق ۋە ئەبەدىلئەبەد يوقىتىش لازىم، دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ زەربىدار كۈچى — ئاتلىق ئەسكەرلىرى ساقلىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يېڭىباشتىن باش كۆتۈرۈپ ئەكسىگە كېلىشى تولۇق رېئال مەسىلە ئىدى ۋە بۇ توغرۇلۇق جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئايرىم مەلۇماتلار مانا مۇشۇ ئەھۋالنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

لى دېيۇي ليۇمىيەن نامىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرلىرىگە يازغان خېتىدە بۇنىڭغا تامامەن قارىمۇ قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ مەكتۇپ تاڭ ئىمپېراتور سارىيىغا بۇرۇنراق ئەۋەتىلگەن مەلىكە تەيخېنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش مەقسىتىدە تيەن دې قەلئەسىگە قىرغىزلار ئەلچىلىرىنىڭ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغانىدى (مەلىكە تەيخې تاڭ ئىمپېراتورى شيەنزۇڭنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇيغۇر خاقانىغا نىكاھلاپ بېرىلگەننىدى، خاقان مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندا، مەزكۇر مەلىكە قىرغىزلار قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى).

2.29 ھازىر قىرغىزلار ئۇيغۇر خاقانىغا بەك ئۆچمەنلىك قىلىۋا-

تىدۇ. مەلىكىنى ئىزلەش بىلەن بىر قاتاردا چوڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ، تۇزلۇك (ياۋايىلار) نىڭ بىرلەشمە قوشۇنى جەنۇبقا قارىتا چېگرىدىكى ئىستىھكاملارغا قەدەر ئىچكىرىلەپ كىرىش ئۈچۈن ھۇجۇم باشلايدۇ، ھازىر خاقاننىڭ خەلقى ئوزۇق-تۈلۈك يەتمەي ئاچارچىلىقتا تۇرماقتا، ئەسكەرلىرىنىڭ سانىمۇ كۆپ ئەمەس، ئەگەردە كۈچلۈك دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ قالسا ئۇلار بۇنى قانداق قايتۇرالايدۇ؟ بۇ ئېغىر ئەھۋالدا پەقەت ئۇلۇغ تاڭ ئۇلارغا ياردەم كۆرسىتەلىشى مۇمكىن.» ① مۇشۇ ئىككى مەكتۇپ (ئۇيغۇرلارغا ۋە قىرغىزلارغا يېزىلغان خەتلەر، 2.25 - ۋە 2.29 - تېكىستلەر) تىكى نەقىللەر سېلىشتۇرۇلۇپ كۆرۈلسە، تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك ئويۇن ئويناۋاتقانلىقى ئىنتايىن ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئورقۇنغا قايتىپ كەلدى، دېگەن سۆزنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاپتورلار كەلتۈرگەن ئىسپات ماتېرىياللار ئۈستىدە بىر قەدەر تەپسىلىي توختاپ ئۆتۈش زۆرۈر. مورى ياسۇتاكائو ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن پېشقەدەملەرنى تىلغا ئالغىنىدا ئۇ ئادەملەرنىڭ ئاساسلىرىنى نەقىل كەلتۈرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ن. مائېدانىڭ 840 - يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇندا بازىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال، دېگەن كۆزقاراشىنى — ئابې تاكېئونىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئاساسنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئابې تاكېئو ھەممىدىن ئاۋۋال يۇقىرىدا كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەن 2.25 - تېكىستنى نەقىل كەلتۈرىدۇ ۋە شۇنىڭدەك قىرغىزلار خاقانىغا ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك يېزىلغان باشقا بىر خەتتىنمۇ نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ تېكىستتە قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇرلار تېررىتورىيىسىگە كۆچۈپ كېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ

① لى دېيۇي: «خۇيچاڭ يىللىرىدا مەكتۇپ ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توپلىمى» 8 - جىلد، 64 - بەت.

يەردە خېلو دەرياسى تىلغا ئېلىنمايدۇ.

«2.30 يەنە شۇنى بىلدىلەركى، بۇ يىل كۈزدە [قىرغىزلار — ئابې تاكېئو] ئۇيغۇرلارنىڭ قاراگاھى جايلاشقان رايونغا كۆچۈپ بېرىشقا ھازىرلىق قىلىشۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ دۆلىتىنى يوقىتىپ [ئۇيغۇرلارنىڭ — ئابې تاكېئو] ئۇلار ياشاپ كەلگەن كونا جايلىرىنى ئىگىلىۋالماقچى.» مانا مۇشۇ مەكتۇپ خۇيچاڭ 4 - يىلىنىڭ (844 - 2-22 — 3 - 22) 2 - ئېيىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي يېزىلغان.

ئابې تاكېئومۇشۇ كېيىنكى مەلۇماتنى قىرغىزلارنىڭ خېلو دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كېلىشكە ئويلىشىۋاتقانلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان 2.24 - تېكىست بىلەن سېلىشتۇرۇپ، 2.30 - تېكىستتىمۇ خېلوچۇەن ئۇيغۇرلىرى ئۈستىدە سۆزلىنىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. كېيىن ئۇ ن. ما ئېيدانىڭ: «ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ كونا جايلىرىنى ئىگىلىۋالدى، «... كونا جايلىرى» دېگەن گەپ ئادەتتە ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىغا يېقىن جايلار دەپ چۈشىنىپ كېلىنگەنلىكىدە ھېچقانداق مەسىلە يوق». خاقانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىن ئۇرقۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار قاراگاھى رايونىدىن ئۇچې خاقان باشچىلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇب تەرەپكە — سوجەنشەن (سوزىشەن) تاغلىرى تەرەپكە، كېيىن تيەندى قەلئەسى ۋە جېنۋۇ قەلئەلىرىگە، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ چوڭ ئەگمىسى رايونىغا قېچىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئابې تاكېئو ئۇچې خاقاننىڭ ھەرىكەتلىنىپ بارغان مۇشۇ يولىغا نىسبەتەن ئېدزىنغول دەرياسى غەرب تەرەپتە — يىراق جايدا تۇرىدىغۇ، دەپ بەكمۇ ئادىللانە كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

خېلوچۇەن ئۇيغۇرلىرى توغرۇلۇق بىز ئۆزىمىزنىڭ كۆز قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئاۋۋال، ياپونىيىنىڭ باشقا

ئالىملىرىنىڭمۇ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى پىكىرلىرى ئۈستىدە توختاپ
ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ ھېسابلايمىز. مەسىلەن، كۆۋادارو كۇرۇۋ:
ئۇيغۇرلار باشتا خېلۇ دەرياسى (ئېدزىنغول) دەرياسى بويىدا
ئىدى، كېيىنچە چيەنفۇ يىلى (874 — 880) دىن
كېيىن گەنجۇنى ئىشغال قىلدى، چيەنفۇ يىللىرى
ۋاقتىدا مۇھاكىمىگە چۈشكەن ئۈنۋان بېرىش مەسىلىسى (2.7 -
تېكىستكە قاراڭ) پان - تېكىن (پان تېلى)نىڭ ۋارىسلىرىغا
مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. پان - تېكىننىڭ غەرب تەرەپتىن كۆچا
(ئەنشى) رايونىدىن شەرققە كۆچۈشى توغرۇلۇق ھازىرچە بۇنى
بىر تەخمىن قىلىنغان ئىش سۈپىتىدە سۆزلەشكە مۇمكىن،
لېكىن پان - تېكىننىڭ ئۆزىنىڭ گەنجۇنى ئىشغال قىلمىغانلىقى
بەك ئېنىق ئىشتۇر» دەپ يازىدۇ. ئا. فۇدزى ئېدانىڭ پىكرىچە:
«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىن ئېلىنغان
«ئۇيغۇرلار خېلو دەرياسى بويىغا قايتىپ كەلدى»
(2.21 - تېكىستكە قاراڭ) دېگەن گەپتىكى «قايتىپ كەلدى» سۆزىنى
ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى بازىسى — مەلىكە شەھىرى (ئېدزىن
غول دەرياسى بويىدىكى خاتۇن شەھىرى)نى خايتا ئىگىلىۋېلىشى
دەپ چۈشىنىش كېرەك. كېيىنچىرەك پان - تېكىن باشچىلىقىدىكى
ئۇيغۇرلار يېڭىدىن شەرق تەرەپكە كۆچۈپ كەلگەنىكەن
(ئا. فۇدزى ئېدا پان - تېكىننى خاقان خۇەي - جەن دەپ ئاتايدۇ).

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تارمار قىلىنىشى شۇنچىلىك ئۇشتۇمتۇت
بولدىكى، ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ شەرق تەرەپتىكى قىسمىنىڭ يېرىدىن
شەرقىي شىمالغا، شەرققە، جەنۇبقا ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەرگە —
ھەممىلا تەرەپلەرگە قېچىپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قىرغىزلار
ھۇجۇم قىلىپ كېلىشتىن ئاۋۋال، ئۇدا قاتار ئىككى قىش مەلىپ
كەت ئىچىدە قاتتىق جۇتچىلىق يۈز بەردى، جۇتچىلىق نەتىجىسى
ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن ئىگىلىكىگە قاتتىق زىيان - زەخمەت
يەتكۈزدى ۋە ئۇلارنى بەك ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى. شۇڭلاشقا

ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسى رايونىدا خېلىلا چوڭ تەشكىلىي قۇۋۋەتكە ئىگە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل گۇرۇپپىسىنىڭ قانداق قىلىپ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بۇ گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ چوڭ گۇرۇپپا بولغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى شۇنداق بولغاندىلا ئۇلار تاڭ ھاكىمىيىتىگە جىددىي ئەندىشە سالالايتتى. مانا مۇشۇ ئاساسىي ئەھۋال خېلو دەرياسى (ئەلۋەتتە خېلوچۇەن ئۇيغۇرلىرى-مۇ) ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسى رايونىغا جايلاشقان، دېگەن مۆلچەرگە سەلبىي قاراشقا مەجبۇر قىلىدى. 840 — 843 - يىللار ئارىلىقىدىكى بۇ گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار ئەھۋالىغا قارىغاندا، قىرغىز-لارنىڭ ھۇجۇمىغىمۇ ناھايىتى ئاز يولۇققان بولۇپ، خېلوچۇەن ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بولسا كېرەك. مەزكۇر ئۇيغۇرلار ئېدزىنغول دەرياسى (قارا دەريا — خېلو دەرياسى)نىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان، مەزكۇر رايون ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ماكانلىرىدىن چەتكىرەك جايلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايون ھەممىلا تەرەپتىن چۆللەر بىلەن قورشالغان بولۇپ، بۇ يەرگە كېلىش، بولۇپمۇ شىمال تەرەپتىن كېلىش ئاسان ئەمەس.

خۇيچاڭ (会昌) 3 - يىلىنىڭ 6 - ئېيى (843 - يىلى) دا قىرغىز خاقانىغا يوللانغان مەكتۇپتا (2·25 - تېكىستكە قاراڭ) تاڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خېلوچۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكىتىدىن جىددىي ئەندىشىدە قالغانلىقلىرى بەك ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ مەكتۇپتا، خېلوچۇەن ئۇيغۇرلىرىغا قارشى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى توغرۇلۇق ئوچۇقتىن - ئوچۇق قۇترىتقۇلۇق قىلغانلىقى بەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ۋە يۇرتىغا قايتىشقا بولغان ئارزۇلىرى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئەگەردە خېلو دەرياسى ئۇرقۇن رايونىغا—

ئۇيغۇرلار خاقانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان دەپ ھېسابلىغۇچى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان تەقدىردە ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋەتىنى قايسى بولىدۇ؟ بۇ يەردە، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىش ئارزۇسىدا يۈرگەن قايسى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار ئۈستىدە گەپ بولۇشى مۇمكىن؟ 843 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۈجې خاقان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ۋە رىقابەتتە تۇرغان ئارموزد باشچىلىقىدىكى گۇرۇھى بىرقاتار جىددىي مەغلۇبىيەتلەرگە يولۇقتى. بۇلارنىڭ بىرقىسمى تەسلىم بولدى، بىر قىسمى يوقىتىلدى، قالغان قىسمى بولسا پىتىراپ تارقاپ كەتتى.

شۇڭلاشقا مۇشۇ ئۇيغۇرلار تاڭ دۆلىتىگە تەھدىت سېلىپ تۇرغىنى يوق، 2.25 - تېكىستتە سۆزلىنىۋاتقان بايانلار بۇ ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئەمەس، كېيىن ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنى تەشكىللىگەن ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق شۇ چاغلاردا ھېچقانداق بىرەر مەلۇمات يوق ئورنىدا ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇلار نەزەردە تۇتۇلمىدى.

تۇرلۇك تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا، 840 - يىلدىن كېيىن، خاقانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تېررىتورىيىسىدىن تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان رايونلارغا (خۇاڭخېنىڭ چوڭ ئەگمىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئوتلاقلار ۋە قىسمەن نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىگە) جايلاشقان ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق تاڭ ھاكىمىيىتى ۋەكىللىرىنىڭ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. تېخىمۇ غەرب تەرەپتىكى رايونلار (قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا)دىكى ئەھۋال توغرۇلۇق پەقەت پارچە - پارچە مەلۇماتلارلا بولۇپ، بۇلارمۇ بىر - بىرىگە زىتتۇر. ئۇ يەرلەرگە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار كونفېدېراتسىيىسى تەركىبىدىكى باشقا تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئۇ يەرلەرگە بارغانلىقى ھەم شۇ رايوننى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى توغرۇلۇق تولۇق تەسەۋۋۇرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش تېخىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ئەھۋاللارغا

قارىغاندا جۇڭگو ھاكىمىيىتى IX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا بەكمۇ غەرب تەرەپتىكى رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ سابىق ئاھالىسىنىڭ كۆچلىرى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە بولمىغان بولسا كېرەك. «ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش» ئارزۇسىدا يۈرگەن ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئەسكەرتىلگەن سۆزلەرنى پەقەت تاڭ دۆلىتى چېگرا مەمۇرىيىتىنىڭ نەزەر دائىرىسىدىكى تېررىتورىيىلەردە تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارغىلا ئائىت گەپلەر دەپ قاراش كېرەك. تاڭ سارىيى بىلەن قىرغىزلار ئوتتۇرىسىدا مەكتۇپلار جىددىي ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلغان چاغلاردىكى مەزكۇر ئۇيغۇرلار پەقەتلا خېلۇچۇەن (ئېدزىنغول) ئۇيغۇرلىرى بولۇشى مۇمكىن. تەتقىقاتچىلار مۇشۇ يەرگە جايلىشىپ قالغان بۇ ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق بەك ئازلا مەلۇماتلارغا ئىگە. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ رايونلارغا دەسلەپ كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن بۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرمۇ نامەلۇم، خېلۇچۇەن ئۇيغۇرلىرى خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن قېچىپ كەلگەن ئادەملەر ھېسابىغا خېلى دەرىجىدە كۆپىيىپ كۈچىيىشكە تېگىشلىك ئىدى دەپ مۆلچەرلەشكىلا بولىدۇ. مۇشۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارغا ئاساسەن بىز تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرا ياقىلىرىغا يېقىن جايلاردا تاڭ ھاكىمىيىتىگە شۇ چاغلاردا ئەندىشە پەيدا قىلىدىغان ھېچقانداق باشقا ئۇيغۇرلار گۇرۇپپىسى يوق ئىدى دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ ھېسابلايمىز.

جۇڭگو مەنبەلىرى ئىمپېراتور سارىيىنىڭ خېلۇچۇەن (ئېدزىنغول) ئۇيغۇرلىرىنى يوقىتىش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپىگە قىرغىزلارنىڭ قانداق ئىنكاستا بولغانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ قۇتراتقۇلۇق 843 - يىلى قىلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېدزىنغولغا قايتىپ كېلىش ۋەقەسى

875 - يىلى يۈز بەردى. شۇڭلاشقا، قىرغىزلار مۇشۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا 843 — (؟) 844 - يىللار ئارىلىقىدا قاتتىق زەربە بەردى ۋە بۇ ئۇيغۇرلارنى ئاشۇ جايلارنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى، دەپ جۈرئەت بىلەن مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. مەنبەلەردىكى ۋاستىلىك ئىسپاتلار قىرغىزلارنىڭ خېلۇچۈەن ئۇيغۇرلىرىغا ھۇجۇم قىلىش مۇمكىنچىلىكى ۋە بۇ ھۇجۇملار نەتىجىسىدە ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى توغرۇلۇق سۆز ئېچىشقا ئىمكان بېرىدۇ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنكى 30 يىل داۋامىدا تا بۇ ئۇيغۇرلار يېڭىدىن قايتىپ كەلگۈچىلىك ئارىلىقتا قەيەردە تۇرغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر بۆلىكىنىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلىرىمۇ بىر تېپىشماق ھالىتىدە تۇرىدۇ. سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى مۇشۇ رايونغا كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، خېلۇچۈەن ئۇيغۇرلىرى سۇڭ دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. 988 - يىلى سۇڭ ھاكىمىيىتى سارىيىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىلىدى (2·28 — تېكىستكە قاراڭ). مانا مۇشۇ مەلۇمات، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، خېلۇچۈەن ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدىكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە مەلۇم بولغان ئەڭ ئاخىرقىسى بولسا كېرەك.

X ئەسىردە تاڭغۇت قەبىلىلىرى كۆچىيىپ كەتتى ۋە خېلۇچۈەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر تولۇق ئۈزۈلۈپ قالدى، تاڭغۇتلارنىڭ قانداق شەرت - شارائىت ئاستىدا ۋە قاچان مەزكۇر رايوننى ئىگىلىۋالغانلىقىدىنمۇ بىزگە ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس.

خېلۇچۈەن ئۇيغۇرلىرى توغرۇلۇق يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئۇيغۇرلارنىڭ غەرب تەرەپتىن (كۇچا ۋە قاراشەھەر رايونلىرىدىن) شەرق تەرەپكە — نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىگە ۋە ئېدزىنغول دەرياسى ۋادىسىغا تەشكىللىك ھالدا ئۆتۈپ كەلگەن-

لىك ئېھتىماللىقنى رەت قىلغۇچى تەتقىقاتچىلارغىمۇ پايدىلىق
مورى ياسۇ تاكائو: ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغاندىن
كېيىن، گوبى چۆلىنىڭ جەنۇبىغا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ چوڭ
ئەگمىسىنىڭ شىمالىغا ۋە مۇشۇ جايلارنىڭ خېلىلا غەرب تەرىپ-
دىكى رايونلارغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەتلەر
بولۇپ كەلدى، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ
بىر ئىكەنلىكى بەلگىلىگەن دەپ ھېسابلايدۇ. خېلوچۇەن ئۇي-
غۇرلىرى ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ئۇيغۇر
خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن چاغلاردىمۇ ياشاپ كەلگەن
ئىدى. بۇ ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت تەشكىللىي بىر
گۇرۇپپا ئىدى، تاڭ ئىمپېراتورى قىرغىزلارغا يازغان مەكتۇپىدا
مانا مۇشۇ بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت ئۇيغۇرلارنى تولۇق،
قەلتۆكۈس، بىر ئادىمىنىمۇ قويماي يوقىتىۋېتىشكە چاقىردى.

ھازىر، پايتەختنىڭ ئىسمى ھەققىدىكى مەسىلىگە قاراپ
چىقسىمىز، ئالدىن شۇنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇكى، جۇڭگو
ئېروگلىفلىق يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ مۇھىم
بىر كەمچىلىكى — جۇڭگو بىلەن بىر قاتاردا تۇرغان خەلقلەر-
نىڭ خاس ئىسىملىرىنى جۇڭگونىڭ خېتى نەمۇنىسىگە ئۇيغۇن-
لاشتۇرغانلىقىدۇر. بەزىدە بۇ ئىش ئاڭلىق قىلىنىدى، لېكىن كۆپىنچە
خاس ئىسىملار خەنزۇ تىلى نورمىسىغا مۇۋاپىق خەنزۇچىلاشتۇ-
رۇلىدى. خەنزۇچە يېزىلغان ئىسىملاردىن پايدىلىنىشتا مەجبۇر
بولغان ئاپتورلار چوڭ قىيىنچىلىقلار ھېس قىلىدۇ، لېكىن
بۇنىڭدىن چىقىشتا كۆپىنچە باشقا يول يوق. شۇڭلاشقا مىللىي
ئىسىملارنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى تېپىش ياكى خەنزۇچە
ترانسكرىپسىيە ئاساسىدا يېزىلغان خاس ئىسىملارنىڭ
ھەقىقىي ئېيتىلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش — ئىلمىي جەھەتتىنلا
چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتىمۇ
بۇنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يى. ئى.

كېچانوۋنىڭ گەنجۇ خانلىقىنىڭ ئاساسىي شەھىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆرگەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر تەتقىقاتچى تاڭغىت ئۇيغۇر ئۇرۇشلىرىغا بېغىشلانغان ماقالىسىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كەلتۈرۈلگەن بىر تۈركچە بېيىت پارچىسىدا خاتۇن - سېنى ناملىق ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. يې. ئى. كېچانوۋ: ئۇيغۇر خانلىقى هالاك بولغان چاغلاردىكى نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى تەپسىلىي ئانالىز قىلىپ كۆرۈپ، بۇ ماتېرىياللارنى بېيىتتا كۆرسىتىلگەن مەزمۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىپ «خاتۇن - سېنى شەھىرىنى گەنجۇ شەھىرى دەپ چۈشەنسە بولىدىغانغا ئوخشايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ①. كېچانوۋ ئۆزىنىڭ خۇلاسىسىنى تۆۋەندىكى ئاساسلار بويىچە چىقىرىدۇ:

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يېزىشىچە، خاتۇن - سېنى شەھىرى «خىتاي بىلەن تاڭغىتلار ئوتتۇرىسىغا» جايلاشقان. خىتاي دېگەن نام ئاستىدا بۇ يەردە قىتانلارنىڭ دۆلىتى (辽)نى چۈشىنىش كېرەك.

خاتۇن - سېنى شەھىرىنىڭ خەلقى تاڭغىت خەلقى بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرىدۇ. بېيىتتا تەسۋىرلەنگەن خاتۇن - سېنى شەھىرىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ۋە خاقانىنىڭ تەقدىرى جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلگەن گەنجۇ شەھىرىنى تاڭغىتلارنىڭ ئىشغال قىلغان ۋاقتىدىكى تەسۋىرى بىلەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق تەڭلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم يېتەرسىزلىكلىرى بار، تەنقىد ئالدىدا بىزەمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بىرىنچىدىن، گەنجۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئور-

---

①كېچانوۋنىڭ: «تاڭغىت — ئۇيغۇر ئۇرۇشلىرى تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 150 — 152 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئى بېيىتتا كۆرسىتىلگەن «خىتاي بىلەن تاڭغىت ئوتتۇرىسىغا» توغرا كەلمەيدۇ. تاڭغىت دۆلىتىنىڭ چېگرىسى گەنجۇدىن خېلىلا شىمال تەرەپتە، ئالاشەن چۆلىنىڭ خېلىلا شىمال تەرىپىدە، ئالاشەن چۆلىنىڭ شىمالىدا، گوبى چۆلىنىڭ جەنۇبى چەت ياقىسىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە تاڭغىتلار قىتانلار بىلەن چېگرىلىنىپ تۇراتتى. «خىتاي بىلەن تاڭغىتلار ئوتتۇرىسىدىكى» تېررىتورىيە ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى رايونىغىمۇ توغرا كېلىدۇ. مانا مۇشۇ يەرگە قەدىمكى ئۇيغۇر شەھىرى خاتون - سىنى جايلاشقانىدى. خەنزۇچە تېكىستلەردە بۇ شەھەرنى «كېدۇن» دەپ يازىدۇ. تۈرلۈك ئەسەرلەردە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. كېيىنرەك مانا مۇشۇ يەرگە تاڭغىتلار ئۆزلىرىنىڭ بىر شەھىرىنى سالغانىدى.

ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئۇيغۇرلار شەھىرى تىلغا ئېلىنغاندا، بۇ شەھەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە ھازىرغا قەدەر يېشىلمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇش زۆرۈر. بەزى تەتقىقاتچىلار ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ئۇيغۇرلار شەھىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالىنى رەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ئابې تاكېئو ئۆزىدىن ئاۋۋالقى ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ھەممە مەشھۇر مەلۇماتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى تەھلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ بولمىغانلىقى توغرۇلۇق يازىدۇ: بۇ بىر خىيال، «ھاۋا بوشلۇقىغا قۇرۇلغان ساراي» — ئۇنىڭ بايانىنى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلسىڭىز مۇشۇنداق بولىدۇ. ئابې تاكېئونىڭ پىكرىچە، ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا خاتۇن (قاتۇن) دېگەن بىرلا شەھەر بولغان، بىز ئۇچۇن ئابې تاكېئونىڭ بۇ دەلىللىرى كىشىنى دېگەندەك قايىل قىلالمايدۇ، يەنە بىرقانچە ئىسپات - دەلىللەر باركى، ئۇلارنى خاتا بولۇپ قالغان دەپلا تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ

ۋاڭ يەندېنىڭ دوكلاتىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ۋاڭ يەندېنىڭ تۇر-
پان ئويمانلىقىغا قىلغان سەپىرى ۋە سەپەردە ماڭغان يولىنى
ئۇرقۇن دەرياسى ۋادىسىدىن ئۆتكەن، دەپ زادى تەسەۋۋۇر
قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇرقۇن ۋادىسى ۋاڭ يەندې نىشان
قىلىپ كېتىۋاتقان جايدىن يىراق شەرقىي شىمال تەرەپتە تۇر-
دۇ. ئەگەردە خېلو دەرياسى ئۇرقۇن ۋادىسىدىكى دەريالارنىڭ
بىرى، دېگەن قاراشقا قوشۇلغان تەقدىردە، ۋاڭ يەندې شاجۇ
([illegible]) رايونى (هازىرقى ئوردوس رايونى) دىن ئۆتۈپ
توغرا شىمال تەرەپكە يۈرگەن بولاتتى. بۇ ئارىلىق
تۈز سىزىق بىلەن هېسابلىغاندا 1100 كىلومېتر كېلىدۇ. كېيىن،
غەربىي جەنۇب تەرەپكە — قۇمۇلنى نىشانلاپ مېڭىش لازىم
بولىدۇ، بۇ يەرنىمۇ تۈز سىزىق بويىچە هېسابلىغاندىمۇ 1000
كىلومېترغا يېقىن جاي. قۇمۇلغا — غەرب تەرەپكە قاراپ
گوبى - ئالتاي يولى بىلەن ماڭغاندا ئىككى هەسسە قىسقىراي-
دۇ. يۇقىرىقى يول بىلەن مېڭىلدى دېگەندە، ئۇرقۇنغا بېرىش-
نى مەقسەت قىلغاندىلا ئاندىن ماڭغان بولىدۇ. لېكىن مەنبە-
لەردە مۇنداق ۋارىيانتنىڭ مۇمكىن بولۇپ قېلىشىغا هېچقانداق
بىر بېشارەت يوق. سۇڭ دۆلىتى ئەلچىسىنىڭ شۇ چاغدىكى
سىياسىي ۋەزىيەتنى هېسابقا ئالغاندا، ئۇرقۇنغا سەپەر قىلىش
مۇمكىنچىلىكىنى زادى ئېتىراپ قىلغىلى بولمايدۇ. سۇڭ دۆلىتى
بىلەن قىتان ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا هەممىلا ۋاقىت دېگەن-
دەك دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلەر بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر خانلى-
قىنىڭ سابىق تېررىتورىيىسى — شۇ چاغدا قىتان ئىمپېرىيىسى-
نىڭ بىر چەت ئۆلكىسى بولغان جايغا — ئۇلارغا دۈشمەن
دۆلەتنىڭ ئەلچىسىنىڭ زىيارەت قىلىشى — ئادەتتە مۇمكىن بول-
مايدىغان ئىش. شۇڭلاشقا بىز ۋاڭ يەندى گوبى - ئالتايلارنى
بويلاپ تاڭغىت ۋە قىتانلار تەسىر دائىرىسىنىڭ چېگرىداش
يەرلىرى بويىچە ماڭغان، دېيىلگەن بۇرۇنقى تەخمىنىمىزدە قېلى-

ۋېرىمىز. قىتانلارنىڭ تەسىرى تۇرپان خانلىقىغا قەدەر كېڭەيگەنىدى. تاڭغۇت دۆلىتى تېررىتورىيىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە تۇرپان خانلىقىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالغان قەبىلىلەر كۆچۈپ يۈرگەن بولسا كېرەك.

مەھمۇد قەشقەرى نەقىل كەلتۈرگەن تۈركلەرنىڭ بېيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېدىزنىغول دەرياسى بويىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قوشۇمچە دەلىللىك رولىنى ئوينايدۇ. بېيىتتا، تاڭغۇتلار بىلەن قىتانلارنىڭ چېگرىسىدا «قاتۇن» دېگەن شەھەرنىڭ بارلىقىنى، تاڭغۇتلار بىلەن بولغان دۈشمەنلىكى ۋە تاڭغۇتلارنىڭ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغانلىقى توغرىسىدا بايان قىلىنىدۇ. ئېدىزنىغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن باشقا، مۇشۇ يەردىكى ھەممە شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشقا جاي يوق. ئابې تاكېئو مەھمۇد قەشقەرى نەقىل كەلتۈرگەن تۈركچە بېيىتنى ۋ. مىنورسكىنىڭ ئېلان قىلغان تېكىستىدىنلا بىلگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئابې تاكېئو ئۆزىنىڭ كىتابىدا «ئەگەر قەشقەرى خاتۇن - سىنى (قاتۇن - سان) (قاتۇن قەبرى — ئابې تاكېئو) تاڭغۇت بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا ئىدى» دەپ يازغان بولسا، مىنورسكى بۇنى ئېدىزنىغول دەرياسى بويىدا خاتۇن شەھرى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ دەيدۇ، دەپ يازىدۇ. ۋ. مىنورسكى ئۆزىنىڭ بايانلىرىدا مەھمۇد قەشقەرى كەلتۈرگەن بۇ تېكىستتە ۋە ئومۇمەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شەرق ئەللىرى تېكىستىدە «خىتاي» سۆزى زادى جۇڭگوغا قارىتىلغان سۆز ئەمەسلىكىگە، بۇنداق دەپ پەقەت قىتانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە ئېيتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغان. «خىتاي»، «قىتاي»، «قاتاي» ۋە بۇ سۆزنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرى موڭغۇل تىلى سىستېمىسىدىكى بىر خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشىدۇر. بۇ خەلق ھازىرقى بىزنىڭ

ئەدەبىياتىمىزدا قىتان نامى بىلەن مەلۇم. كىشىدە ئابىي تاكېئو ۋ. مىنورىسكىنىڭ خاتالىقىغا دىققەت قىلماستىن ئۆزىنىڭ «تاڭغىتۇ - تۇسىنا-نو ئايدا نى ئاتتا» دېگەن كىتابىدا مىنورىسكىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلىغانىكىن، دېگەن تەسىرات تۇغۇلىدۇ. ياپونچە «سىنا» سۆزى پەقەت بۈگۈنكى جۇڭگونى (ئوتتۇرا دۆلەتنى) كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنىسى يوق. مەھمود قەشقەرىنىڭ تېكىستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتۇن ئىسمى-لىك شەھىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە مۇھىم بىر ئىسپات بولا-لايدىغان پەقەت بىرلا سۆزنى خاتا مۇھاكىمە قىلغانلىق تۈپەي-لىدىن،مىنورىسكىۋە ئابىي تاكېئو بۇنىڭدىن ئەكسىچە مەزمۇن چىقار-دى، شۇنىڭ بىلەن ئەقلىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئەھۋال تۇغۇلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بېيىتىدىكى سيۇژىتنىڭ گەنجۇ قەلئەسىنى تاڭغىتلارنىڭ ئىشغال قىلىشى ۋە ئۇيغۇر خاقانىنىڭ تەقدىرىنى بايان قىلىش بىلەن ئۆزئارا ئۇيغۇن كېلىشى گەنجۇ پايدىسىغا چىقىدىغان مۇھىم دەلىل بولالايدۇ. لېكىن بېيىتتا تەسۋىرلەن-گەن كۆرۈنۈش بەك ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە ۋە ھەرقانداق بىر قاتتىق ھۇجۇم بىلەن دۈشمەن تەرەپتىن مۇداپىئەلەنگەن شەھەرگە توغرا كېلىدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنسا، ئۇ چاغدا بۇ مەلۇماتنى ئېدزىنغول دەرياسى تۆۋەنكى ئېقىمىنى رايونى — تا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ شىمال ۋە جەنۇبتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغان بۇ كەڭ ۋادىغا ئەكەلىسە قارشىلىق بولمايدۇ. بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئۇي-غۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغلاردىلا ياشاپ تۇر-غان، بۇ يەرگە تىبەتلىكلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنىڭ ھەربىي كۈچى قۇدرەت تاپقان ۋاقىتلىرىدا كېلىپ كەتكەن ۋە ئاخىرىدا بۇ يەر كېيىنكى تاڭغىت دۆلىتى تەركىبىگە كىرگەن. تەتقىقات-چىلار مۇشۇ ۋادىنىڭ VIII، X ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى تارىخى

ھەققىدە پەقەت پارچە ـ پۇرات مەلۇماتلارغا ئىگە.
بىزگە ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنى تاڭ ـ
غىتلارنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا ئىشغال قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.
يې. ئى. كىچانوۋنىڭ پىكرىچە، بۇ رايوننىڭ ئىشغال قىلىنىشى
تەنسەن ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلار شەھىرىنى ئىشغال قىلىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا (1028 — 1036 ـ يىللار ئارىلىقىدا) يۈز
بەرگەنىكەن. ئاپتور ئۆزىنىڭ «تاڭغىت دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن
ئوچېركىلار» دېگەن كىتابىدا خاتون ـ سېنى گەنجۇ شەھىرىنىڭ
ئەينى ئۆزى بولسا كېرەك، دېگەن پىكرىنى قايتا تەكرارلىماي ـ
دۇ. كىچانوۋ «جاراڭلاپ تۇرىدىغانلا خەت ـ چەكلەر» دېگەن
ئىلمىي ئەمگىكىدە «تاڭغىتلار قانغا بويالغان قىلىچلىرى بىلەن
قارا دەريا ياقىسىغا چىقتى، ئۇيغۇرلار قاتتىق قارشىلىق كۆرسەت ـ
تى». بۇ دەھشەتلىك يىللاردىكى ۋەقەلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلار
قوشاقلىرىدا: «قانلار شارقىراپ ئاققان دەريا سۇيىدەك ئاقتى»
دەپ بايانلاندى. تاڭغىتلار ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ ساھىلىدىلا
توختاپ قالمىدى، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى غەرب تەرەپكە قاراپ
ھۇجۇم قىلىنۋەردى، سۇجۇ ۋە شاجۇدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى
بويسۇندى. تاڭغىتلار بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ ئۇلۇغ مۇقەددەس
يېرى — مىڭبۇت غارلىرىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ ۋەقە 1035 ـ
يىلى يۈز بەردى ...» دەپ يازدى①. ئېدزىنغول دەرياسىنىڭ
تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى رايونلار دەل مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە ئىش ـ
غال قىلىنغانلىقى ئېھتىمال.

ئېدزىنغول ۋادىسىغا بېغىشلانغان ۋەتىنىمىز ئەدەبىياتىدا
پەقەت بىرلا ئەمگەك بار. بۇ بولسىمۇ، يې. ئى. لۇبو ـ لېسنى ـ
چېنكو ۋە ت. ك. شافرانوۋسكايا — ئىدىكىسى يازغان نامى ـ

① كىچانوۋ: «جاراڭلاپ تۇرىدىغانلا خەت ـ چەكلەر»، 1965 ـ يىل
موسكۋا نەشرى، 52 ـ بەت.

باب كىچىك بىر رىسالىدۇر. مەزكۇر كىتابتا بۇ رايون تارىخىنى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ بۇ يەرلەرنى 1372 – يىلى مىڭ سۇلالىسى دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى بېسىۋالغانغىچە بولغان ئارىلىقنى سخېما تەرتىپى بويىچە بايان قىلغان. مەزكۇر ئاپتورلار، ئېدزىنغول تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ هالاك بولغاندىن كېيىن ئۆتكەن 200 يىللىق تارىخى ئۈستىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق، دەپ يازىدۇ①. بۇ ئەھۋال مەنبە ماتېرىياللارنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ ۋە بۇ ئىش مەزكۇر كىتاب چىقارغان خۇلاسىلەرگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ پايتەختىنى نىمە دەپ ئاتىغانلىق مەسىلىسى يېشىلمىگەن پېتىچە قېلىۋەردى.

① لۇبولىنچېنكو ۋە شافرانوۋسكايا: «ئۆلۈك شەھەر قارا خوتو»، 1968 – يىلى موسكۋا نەشرى 12 – بەتكە قاراڭ.

# ئۈچىنچى باب

## تۇرپان خانلىقى

تۇرپان خانلىقى — ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، شۇ خاقانلىق تېررىتورىيىسىدە ياشىغۇچىلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان، بىرقەدەر چوڭراق ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن ئۇزۇنراق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۆلەت تەشكىلىدۇر. تۇرپان خانلىقى توغرۇلۇق ياۋروپا ۋە شەرق ئەللىرى تىللىرىدا يېزىلغان تەتقىقات ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ. مەزكۇر ئەسەرلەردە تۇرپان خانلىقى خەلقى تۇرمۇشىنىڭ كۆپ تەرەپلىرى ئەتراپلىق تەسۋىرلەنگەن. لېكىن تا ھازىرغا قەدەر تۇرپان خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى، راۋاجلىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردە — تۇرپان خانلىقىنى تىكلىگەن ۋە بۇ يەرلەرنى ئىگىلىگەن تېلى قەبىلىلىرىنىڭ رولى توغرىسىدىكى مەسىلىلەردە كۆپلىگەن پىكىر ئىختىلاپلىرى بار. بۇ مەسىلىلەر بۈگۈنگە قەدەر يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلىنىپ كېتىلمىگەن. ئەھۋالنىڭ مۇنداق بولۇشى — ھەممىدىن ئاۋۋال مەنبە ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش — ئورۇنلىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ، جۇڭگو مەنبەلىرى بۇ خانلىقنىڭ تارىخىنى بەك ئاز كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خانلىقنىڭ تىكلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ ئاخىرىدا ھالاك بولۇشى، شۇنىڭدەك «بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى ئۈزلۈكسىز ئىچكى ماجىرالار تۈپەيلىدىن جۇڭگودا كېلىپ چىققان چوڭ ۋەيرانچىلىق ۋەزىيىتى ئاستىدا ئۆتتى. بۇ ئۆزئارا نىزا-ماجىرا 100 يىلغا يېقىن

داۋام قىلدى (بۇ يىللار ئىچىگە تاڭ دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاخىرقى بىرنەچچە ئون يىلمۇ كىرىدۇ)، يېرىم ئەسىر يىراق ئەللەر بىلەن، شۇ جۈملىدىن تۇرپان، كۇچا ۋە قارا-شەھەرلەر بىلەن ئالاقە تامامەن دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قېلىپ تۇردى. شۇڭلاشقا، قەدىمكى تارىخچىلارنىڭ مۇشۇ ئەللەرگە مۇناسىۋەتلىك يازغانلىرى بەكمۇ ئۈزۈك - ئۈزۈك ۋە بىر نۇقتىغىلا قاراتقانلىق بىلەن پەرقلىنىپ تۇردى. بۇ ئەھۋال مەملىكەت سۇڭ دۆلىتى دائىرىسىدە بىرلىككە كېلىپ مەركەزلەشكەندىن كېيىنمۇ ياخشىلىنىش تەرىپىگە قاراپ ئۆزگەرمىدى. سۇڭ دۆلىتىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى، ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە قوشنىلىرى بىلەن بولغان كۆرەشلەردە دائىم مەغلۇپ بولۇپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، مەملىكەتنىڭ دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ (تاڭغۇتلار ۋە كېيىنرەك جۇرجىتلارنىڭ) ئارىغا كىرىۋېلىشى تۈپەيلىدىن شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۈشمەن دۆلەتلەر سودا - تىجارەت ۋە دىپلوماتىك ئالاقىلەرگىمۇ دەخلى يەتكۈزۈپ تۇردى.

تۇرپان خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، يەرلىك مەنبە ماتېرىياللار ۋە شۇنىڭدەك مۇسۇلمان جۇغراپىيونلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. لېكىن يەرلىك مەنبە ماتېرىياللىرى بەك ئاز ساندىدۇر. مۇسۇلمان ئەللىرى ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بەك چوڭ بىر كەمچىلىك ئىسلام دىنىدا بولمىغان ئەللەرنىڭ تارىخىغا بەك ئېتىبارسىزلىق بىلەن قارىغانلىقىدۇر. شۇڭلاشقا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۇ يەرگە ئىسلام دىنى يېتىپ كەلگۈچە بولغان تارىخى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەك شەرقىدىكى رايونلىرىنىڭ تارىخى مەزكۇر ئەسەرلەردە بەك قىسقا ۋە يارامسىز قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

تۇرپان خانلىقى تارىخىنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرىنى تەھلىل قىلىشقا كىرىشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىرقانچە ئەسكەرتىشلەرنى

بىرىپ ئۆتىمىز، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە جۈملىدىن،
ۋەتىنىمىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەمگەكلىرىدىمۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ
غەربكە كۆچۈشى» ياكى مەزمۇنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارىلەر
پات - پاتلا يولۇقىدۇ. مانا مۇشۇ ئىبارە ھەممىسىگىلا مەلۇم
ئادەتكە ئايلىنىپ قالغاندەك ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ ئىبارىنى مانا مۇشۇنداق قول-
لىنىشنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەر-
لىرىدىكى ئەنئەنىگە رىئايە قىلغانلىق دەپ قاراش كېرەك.
مەسىلەن، ۋاڭ رىۋى: «ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپكە يول ئالغاندىن
كېيىن، ئۇلار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندى: بىرىنچىسى، گەنجۇدا
تۇرۇپ قالدى. ئىككىنچى تۈركۈمى شىجۇ (تۇرپان — ئا. م)دا،
ئۈچىنچى قىسمى سۇڭلىڭ (كۆكئارت) تاغلىرىنىڭ غەرب تەرىپى-
دە ياشاپ قالدى» دەپ يازىدۇ①. مانا مۇشۇ نەقىلدىن شۇ
نەرسە ئوچۇق كۆرۈنىدۇكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق-
داشلىرىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى جۇڭگو پايتەختىنىڭ گېئوگرا-
فىيىلىك مەۋقەسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ كۆرسىتىلگەن، ئۇيغۇر خاقان-
لىقى پايتەختىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئورقۇن دەرياسى
ۋادىسىغا قاراپ كۆرسىتىلمىگەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيت-
قاندا، جۇڭگونى پۈتۈن ئالەمنىڭ مەركىزى قىلىپ كۆرسەتكۈچى
خەنزۇنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسى ئېنىق سىڭدۈرۈلگەن. ۋاڭ
رىۋىنىڭ مۇشۇ سۆزىدە سۇڭلىڭ (پامىر) تېغىنىڭ غەربىدە (ۋاڭ
رىۋى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان) ئۇيغۇرلارنىڭ گۇرۇپپىسى
ئورقۇن دەرياسىدىن غەرب تەرەپكە قاراپ ھەرىكەت قىلغان
بولىدۇ. لېكىن مانا مۇشۇنداق چوڭ ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە
ئوبدان تەشكىللەنگەن گۇرۇپپىنى باشقا مەنبەلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىمايدۇ.

① «تارىخ ئىلمى» پەسىللىك ژۇرنىلى، بېيجىڭ، 1936 - يىلى
نەشر قىلىنغان، 1 - سان، 19 - بەت.

ئايرىم تەتقىقاتچىلار جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «قار-
لۇقلارغا» كېلىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ
خېلى قىسمىنىڭ جۇڭغارىيە ۋە يەتتىسۇ تېررىتورىيىسىگە كۆچۈ-
شى، دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ يەرلەر شۇ چاغلاردا قارلۇقلار كۆچۈپ
يۈرگەن ئاساسىي تېررىتورىيىلەر ئىدى. مانا مۇنداق خۇلاسىلەر
خاقانلىقىنىڭ بىر قىسىم ئاھالىسىنىڭ قارلۇقلارغا كېتىپ قېلىشى
توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدىغان مەنبەلەرنىڭ ئېنىق يېزىلمىغان
تېكىستلىرىنىلا ئاساس قىلىدۇ. بۇ خۇلاسىلەر باشقا مەنبەلەردىكى
تېكىستلەرنىڭ تەھلىل قىلىنىشى بىلەن ياكى ۋاستىلىك ماتېرى-
ياللارغا ئاساسلانغان قوشۇمچە مۆلچەرلەر بىلەن ئىسپاتلانمايدۇ.

جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى «خۇيخې» (回纥)، خۇيگۇ (回鹘)
ئۇيغۇر ئېتنونىملىرىنىڭ (خەلق ئىسمىنىڭ — ت) ئوتتۇرا ئەسىر-
لەردىكى مەنىسى ئۈستىدە تەپسىلىي توختاپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدۇ. «خۇيخۇ» سۆزىنى ئۇيغۇر ئېتنونىمى بىلەن بىر، دەپ
قاراشنى ھەممىلا تەتقىقاتچى ئېتىراپ قىلغان. لېكىن بۇنىڭ
مەزمۇنى ھازىرغا قەدەر ئانچە روشەن ئەمەس. جۇڭگو تارىخچى-
لىرى «خۇيخۇ» ئېتنونىمىنى پۈتۈن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاھالىسى
دەپ چۈشىنىپ كەلگەن، بۇنىڭ شەكىللىنىشى ئۈستىدىكى ئۆز-
گە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ۋە ئۇنىڭدىكى ئۇرۇق - قەبىلە تەر-
كىبىگە چوڭقۇر چۆكمىگەن. ھۆكۈمران جەمەتنىڭ ئورنىنىڭ ئال-
مىشىشى، ئېدىز قەبىلىسىدىن بولغان خاقانلارنىڭ ھاكىمىيەت
بېشىغا چىقىشى، تارىخىي سالنامىلەرنىڭ تېكىستىدىگە ھېچقانداق
ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگىنى يوق، ھەتتا خاقانلىقتىكى سودا -
تىجارەتتە، ئەمدىلا گۈللىنىشكە باشلىغان دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا
ۋە بەلكىم تاڭ ئىمپېرىيىسى ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان
دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان سوغدى
خەلقىنىڭ كۆپلىگەن ۋەكىللىرىمۇ خۇيخېلار تەركىبىدىن ئايرىپ
كۆرسىتىلىدى. ئېتنونىم «خۇيخۇ»نى مۇشۇنداق چۈشىنىش ھازىرقى

تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپلىگەن ئەمگەكلىرىگىمۇ كۆچۈپ كەلدى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى نۇرغۇنلىغان ئۇقۇشماسلىقلارغا سەۋەب بولدى. مەسىلەن، خاقانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىن، خەلقئارا سودىدىكى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇيغۇرلار ھېسابىغا يېزىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، دېگەن تېپىشماقلارمۇ چىقىشقا باشلىدى (بەزى شەھەرلەر ئەتراپىدا سۇغىرىپ تېرىلىدىغان (!) دېھقانچىلىق ئىزلىرى كۆرۈلىدى)، بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزى كۆچمەنلەرگە نىسبەتەن ئالغاندا، تامامەن ئويغۇن كەلمەيدىغان ئىشلار.

شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ئۇيغۇر» ئېتنونىمىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇلنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئۇيغۇر» سۆزىنى پەقەت ئەسلى ئۇيغۇرلار دەپ چۈشىنىش كېرەك. مەزكۇر ئۇيغۇرلار تىپلىق قەبىلىلىرى ئىچىدىكى مۇستەقىل بىر قەبىلە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، يۇرت سوراپ تۇرغان ياغلاقار ئۇرۇقى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا بىرقانچە تىپلى قەبىلىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قۇدرەتلىك كۆچمەن دۆلەت — ئۇيغۇر خاقانلىقىنى بەرپا قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خاقانلىقىنى بەرپا قىلغان چاغلاردىكى ئىتتىپاقچىلىرى تۈرلۈك تىپلى قەبىلىلىرى بولغان، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەر خىل بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر سۆزىنى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆپىنچە، خاقانلىقنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخچىلىرى شۇنداق دەپ چۈشەنگەن. ئۇلارغا ئەگىشىپ باشقىلارمۇ شۇنداق دەپ كەلگەن. خاقانلىقنىڭ ئاھالىسى دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى يېتەكچى

ئورۇندا تۇرغان يەتتە تېلى قەبىلىسىنىڭ كونفېدېراتسىيىسىدىن ئىبارەت بولغان. ھازىرقى ۋاقىتتىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپچىلىكى، شۇ جۈملىدىن ياپونىيىلىك ئاپتورلارمۇ ئۇيغۇر ئېتنونىمىغا پەقەت مۇشۇنداق مەنە بېرىدۇ، بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى مۇشۇ مەنىدە قوللىنىشنىڭ قولايسىزلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكىلىق ۋ. سامولىن: «ئۇيغۇر دېگەن ئىبارە قەبىلە ياكى تېررىتورىيە تەبىرى دېگىنىگە قارىغاندا، ئادەتتە سىياسىي ئىبارە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭچە، كۆچمەن جەمئىيەت شارائىتىدا تۈرلۈك قەبىلىلەرنىڭ ھەتتا قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ بىر پۈتۈن خەلق بولۇپ بىرلىشىش، ئۇيۇشۇش جەريانى بەك ئاستا بولۇشى كېرەك ئىدى، كۆچمەن تۇرمۇش تولۇق ساقلىنىپ تۇرغان شارائىتتا خاقانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 100 يىلغا يېتەر - يەتمەس ۋاقىت ئىچىدە مانا مۇشۇ جەريان دېگەندەك راۋاجلىنىپ كېتەلمىدى. شۇ جۈملىدىن، بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلار بىلەن ئېدىزلار ئوتتۇرىسىدىكى 50 يىلغا سوزۇلغان ۋە خاقاناتنى ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ تۇرغان ئىككى قىسىمغا بۆلگەن ئىچكى ماجىرالارمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى كەڭ مەنىدە ئومۇمىي خاراكتېرلىك ئەمگەكلەردە قوللىنىشقا بەلكىم يول قويغىلى بولار. لېكىن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىنى بەك تەپسىلىي تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان مەخسۇس ئەسەرلەردە تۈرلۈك قەبىلىلەرگە ھەتتا قېرىنداش قەبىلىلەرگىمۇ بىر خىل ئېتنونىم قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان پەرقىنى يوققا چىقىرىشقا يول قويۇلمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز مۇشۇ كىتابتا بۇ مەسىلە ئۈستىدە بەك تەپسىلىي توختاپ ئۆتمەي، ئۆزىمىزنىڭ مۇھاكىمىمىزنى تۆۋەندىكى فورمۇلا ئاساسىغا قۇرۇپ ئۆتىمىز. تۈرلۈك تېلى قەبىلىلىرىنىڭ شۇ قەبىلىلەر ئىچىدىكى بىر قەبىلىنىڭ — تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ باشچىلىقىدا بىر

پۈتۈن خەلق بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانى كۆچمەن دۆلەت شارا-
ئىتىدا بەك ئاستا داۋام قىلدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بول-
غان ۋاقىتتا، مانا مۇشۇ ئۇيۇشۇش يولىدا پەقەت دەسلەپكى
قەدەملەرلا تاشلانغانىدى. شۇڭلاشقا خاقانلىق يىمىرىلگەندىن
كېيىن، ئۇيغۇرلار كونفېدېراتسىيىسى ئۆزىنىڭ تەركىبىي قىسىم-
لىرى بويىچە پارچىلىنىپ كەتتى.

كۆپلىگەن ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە
توختالمايدۇ. بەلكىم ئۇلار ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاھالىسى
پەقەت ئۇيغۇرلاردىنلا ئىبارەت ئىدى، يەنى بىر قەبىلىدىنلا ئىبا-
رەت دۆلەت ئىدى، قەبىلىلەر كونفېدېراتسىيىسى ئەمەس ئىدى، دەپ
ھېسابلىسا كېرەك. ئۇيغۇر خاقانلىقى تەشكىل قىلىنغان
چاغلاردا تۈرلۈك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى
نەزەردە تۇتۇپ كەلگەن ئالىملارمۇ بەزىدە مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ بىر
خەلق بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانىنىڭ نەتىجىلىرىنى بەك يۇقىرى
باھالاپ قويىدۇ. مىسال ئۈچۈن فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ ۋە مۇگۇاڭ-
ۋېنلارنىڭ بايانلىرىنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. بۇ كىشىلەرنىڭ بايان-
لىرىنى بەك چېكىگە يەتكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ: «خاقاناتتى-
كى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە بۇ
قەبىلىلەر تەدرىجىي ھالدا ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتتى ۋە ئۆزلى-
رىنىڭ مۇستەقىللىكىنى يوقاتتى. خاقانلىق يىمىرىلىشتىن ئاۋۋال-
مۇ ۋە ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئىسىملىرى
كۆزگە بەك ئاز چېلىقىدۇ.»① بۇ ئاپتورلار تېلى قەبىلىلىرىنىڭ
(توققۇز ئوغۇزلارنىڭ) بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى بولۇپ ئۇيۇ-

① فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلارنىڭ «جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىلەرنى تەتقىق
قىلىش» پەسىللىك ژۇرنىلى 1962 ـ يىللىق 5 ـ سانىنىڭ 37 ـ بېتىدىكى
«ئۇيغۇر تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈش مەسىلىسى» دېگەن ماقالى-
غا قاراڭ.

شۇش جەريانى خاقانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغدىكى دائىـ
رە ئىچىدىلا تاماملىنىپ بولغان، خاقانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن
بولسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى تېررىتورىيىلەرگە ئاددىيلا كۆچۈپ
بېرىشى يۈز بەردى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن
كەلتۈرگەن بىردىنبىر دەلىلى مەزكۇر ئەسەردە كونفېدېراتسىيە
تەركىبىگە كىرگەن باشقا قەبىلىلەرنىڭ جۇڭگو يىلنامىلىرىنىڭ
سەھىپىلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىك پاكىتىنى قەيت قىلىشتىن ئىباـ
رەت. لېكىن نېمە ئۈچۈن تەزكىرىچىلەر مەزكۇر قەبىلىلەر ئۈستىدە
بىرەر نەرسە يېزىشقا مەجبۇر بولىدى؟ ئۇيغۇر خاقانلىقىدا يېتەكچى كۈچ
ئۇيغۇرلار ئىدىغۇ، باشقا بارلىق قەبىلىلەرنىڭ كۆپلىگەن ئالاھىـ
دە ھوقۇقلىرى ھەممىدىن ئاۋۋال، قوشنا ئەللەر بىلەن ئۆز ئالـ
دىغا مۇئامىلە قىلىش ھوقۇقى يوقىتىلغانىدىغۇ؟ شۇڭلاشقا
جۇڭگونىڭ تارىخچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سالنامىلىرىگە بۇ قەبىلىلەرـ
نىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ قويۇشقا باھانە تاپالمىدى.
خاقانلىق ئىچىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىـ
نىڭ خاراكتېرىگە كەلسەك، بۇ جەھەتتە جۇڭگو مەنبەلىرىدە مەـ
لۇماتلار بەك ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاز مەلۇماتلارنىڭ كۆپچىلىـ
كى خاقانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتنىڭ ئىككىنچى يېرىـ
مىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر، خاقانلىقتا ھاكىمىيەت ئىدىز قەبىلىسىنىڭ
قولىغا ئۆتكەنلىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخچىلىرىغا ھېچقانداق
تەسىر كۆرسەتمىدى. ئۇلار شۇ ئۆگىنىپ قالغان ئادەت بويىچىلا
يەنىلا «خۇيخۇ» لار توغرۇلۇق گەپ سېتىۋەردى. تاڭ دۆلىتى ئۆزى
مالىمانچىلىق ئىچىدە تۇرغان چاغلاردا ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاـ
كەتكە يولۇقتى. شۇڭلاشقا تەزكىرىچىلەر مۇشۇ يۈز بەرگەن
ۋەقەلەرنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى
ۋە شۇنىڭ بىلەن خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن چىققان ھەر قانداقلىـ
كى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى «خۇيخۇ» دەپ يېزىۋەردى.
1962 - يىلى بىزنىڭ XIII ئەسىردىكى تۇرپان خانلىقى تاـ

رىخىغا بېغىشلانغان ئەسىرىمىزمۇ نەشىردىن چىققان ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر ئېتنونىمى بىز ئۈچۈن تەلتۆكۈس ئېنىق ئەمەس ئىدى ۋە بىز بۇ سۆزنى پەقەتلا كەڭ مەنىدە ئىشلەتكەنىدۇق. بۇ كىتابتا بولسا، بىز بۇ مەسىلىگە تامامەن باشقىچە مۇئامىلىدە بولدۇق. ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمنى پەقەتلا ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ئىشلەتتۇق. بۇ ئۇيغۇر قەبىلىسى ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا ھۆكۈم سۈرۈپ تۇردى. كونفېدېراتسىيە تەركىبىگە كىرگەن ۋە 866 - يىلى تۇرپان ۋادىسى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا تېررىتورىيىلەرنى ئىگىلىۋالغان تېلى قەبىلىلىرىنى بىز «تېلى قەبىلىلىرى» ياكى توققۇز ئوغۇزلار دەپ ئاتىدۇق. ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش، مەنبەلەردە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تەركىبى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇنىڭ بونداق بولۇپ قېلىشى، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ «خۇيخۇ» ئېتنونىمىنى بەكمۇ كەڭ مەنىدە، بەزى چاغلاردا ئانچە ئورۇنلۇق بولمىغان ھالدا قوللانغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

## تېلى قەبىلىلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىشى

تېلى (تۇرا) — (توققۇز ئوغۇز) لار تەرىپىدىن 866 - يىلى شەرقىي تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپتىكى رايونلىرىنىڭ ئىگىلىۋېلىنىشى تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر دېگەندەك تولۇق تەتقىق قىلىنمىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىدا ياشاپ كەلگەن قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈش مەسىلىسىگە «جۇملىدىن تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونلىرىغا كۆچۈپ كېلىش» مەسىلىسىگە ياپون تەتقىقاتچىسى موري ياسۇ تاكائو يېقىندا كۆڭۈل بۆلدى. موري ياسۇتاكائو ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى» دېگەن ماقالىسىدە جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ، گەردىزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرىدە نەقىل كەل-

تۇرۇلگەن ئەڭ مۇھىم مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن پىشۋالارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان باھالىرىنى تەپسىلىي ۋە دىققەت بىلەن تەھلىل قىلىپ تۇرۇپ، بەك قىزىق ۋە بەزىدە تامامەن يېڭى خۇلاسىلەر چىقاردى. تۆۋەندە بىز مانا مۇشۇ خۇلاسىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇر كونفېدېراتسىيىسىنىڭ پارچىلىنىشى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى. توققۇز ئۇرۇقنىڭ يۇرت سوراپ تۇرغان ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ بەگلىرى باشچىلىقىدا كۆچۈشى، كېيىنرەك كونفېدېراتسىيىنىڭ ئەزالىرى بولغان بۇكۇ، تۇڭرا، ئېدىز ۋە باشقا تېلى قەبىلىلىرىنىڭ كۆچۈشى تىبەتلىكلەرنىڭ ئىستېلاسىدىن ئەمدىلا ئازاد بولغان تېررىتورىيىدە يۈز بەردى. مانا مۇشۇ كۆچۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئاھالىسىنىڭ ئېتنوگېنېزى (كېلىپ چىقىشى) شەكىللىنىشتە ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىشتىراك قىلغانلىقلىرى ۋە باشقا مەسىلىلەر جىددىي ئىختىلاپلار كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇ مەسىلىلەرنى بىر قەدەر قانائەتلەنگۈدەك ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك كەسىپتىكى نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىنكى تارقىلىپ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى موري ياسۇتاكائونىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك سىخېما بىلەن بايان قىلىشقا ئىنتىلىپ كۆرىمىز. موري ياسۇتاكائو ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشىدە ئىككى ئاساسىي يۆنىلىش بولدى، دەپ ھېسابلايدۇ. بىرىنچى يۆنىلىش، جەنۇب تەرەپكە — سەددىچىنگە قاراپ ماڭغان. بۇ ئۇيغۇرلارغا ئۇجې خاقان باشچىلىق قىلغان؛ ئىككىنچى يۆنىلىش، غەرب تەرەپكە قاراپ ماڭغان. غەرب تەرەپكە ماڭغان ئۇيغۇرلارغا پان - تېكىن باشچىلىق قىلغان. بۇ مەشھۇر بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئون بەش ئۇرۇق (قەبىلە) تىن ئىبارەت

بولغان. مەنبەدىكى تېكىستلەردە «部» (قەبىلە) خېتى ئىشلىتىلگەن.
لېكىن ئۇرۇق سۆزى ئىشلىتىلگەن بولسا توغرىراق بولغان بولار
ئىدى. چۈنكى پۈتۈن ئۇيغۇر كونفېدېراتسىيىسىنىڭ تەركىبىگە
7 (8) قەبىلە كىرگەنىدى. موري ياسۇتاكائو ئۆزىنىڭ ماقالىسى-
دە پەقەت غەربىي يۆنىلىشتىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىلا توختىلىدۇ.
بۇ ئۇيغۇرلارنى تارقىلىپ جايلاشقان ئۇيغۇرلار دېگەن ئاتالغۇ
بىلەن ئىپادىلەيدۇ. جەنۇب تەرەپكە كەتكەن ئۇيغۇرلار توغرىسى-
دا ھېچنېمە يازمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: سەددىچىن بويىغا كەتكەن
ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش مەسىلىسى يېتەرلىك تەتقىق قىلىنغان
دەپ قارىغانلىقتىن ئىبارەت. سەپەرگە ئاتلانغان دەسلەپكى چاغ-
لاردىلا پان - تېكىندىن خېلى دەرىجىدە چوڭ بىر گۇرۇپپا
ئايرىلىپ چىقىپ جەنۇب تەرەپكە نەنسەن ئېتەكلىرى رايونىغا
ماڭىدۇ ۋە ئۇلار كېيىن كەلگۈسى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ
خېمىرتۇرۇچى بولۇپ قالىدۇ. پان - تېكىن باشچىلىقىدا غەرب
تەرەپكە ماڭغان ئۇيغۇرلار تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمى-
نىڭ شىمالىدىكى رايونغا جىلومەن تاغ تىزمىسى (بارىكۆل تاغ
تىزمىسى) نىڭ شىمالىدىكى تېررىتورىيىسىگىچە كېلىدۇ. بۇ يەردە
ئۇيغۇرلار يەنە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. كىچىكرەك بىر
گۇرۇپپا بارىكۆل تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ قۇمۇل رايونىغا چىقى-
دۇ ۋە بۇ يەردە ئورۇنلىشىپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭراق بىر
قىسمى غەرب تەرەپكە يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە بېشبالىق رايونىغا
كېلىدۇ ۋە بۇ گۇرۇپپىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇشۇ يەرگە
ئورۇنلىشىپ قالىدۇ. موري ياسۇتاكائو بېشبالىق رايونىدا قېپقال-
غان ئۇيغۇرلار ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ مۇشۇ رايوندىكى
مۇرەككەپ ۋە چىگىش ۋەزىيەتنى چۈشىنىۋېلىشقا بولغان ئۇرۇ-
نۇشتا ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە
تىرىشىپ باقىدۇ. موري ياسۇتاكائونىڭ پىكرىچە، ئۇيغۇرلار
كۆچمەن خەلق بولغاچقا، بېشبالىقنى ۋە مۇشۇ رايونغا جايلاشقان

باشقا شەھەرلەرنى دەرھاللا ئىگىلىۋالمايدۇ، بەلكى كىچىكرەك
گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كەڭ دالا - يايلاقلاردا كۆچۈپ يۈرىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئاۋۇللىرى باركۆل تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىچىدىكى
رايونلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. مورى ياسۇتاكائو ئۇيغۇرلار كۆچمەن
تۇرمۇش ھاياتىدا بولغاچقا، دەل شۇ چاغلاردا ئۇلار تۇرپان
ئويمانلىقى رايونىغا كىرىپ جايلاشمىغان، دەپ كۆرسىتىدۇ.
لېكىن نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ پان - تېكىن باشچىلىقىدىكى
باشقا بىر گۇرۇپپىسى ئۆزلىرىنىڭ سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ
ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇب تەرەپلىرىگە ئۆتۈپ، كۇچا ۋە قارا-
شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ؟ ئۇلارمۇ كۆچمەنلەر ئىدىغۇ؟
بۇنىڭدىن باشقا «بېشبالىق ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ ئىشغال قىلىن-
مىغانلىقى» پەقەتلا كۆچمەن ھايات كەچۈرگەنلىكى سەۋەب بولدى،
دېگەن گەپنىڭ ئۆزى كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ شەھەرلەرنى
تالىشىپ، تېبەتلىكلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان شىددەتلىك
كۈرەشلىرىگە زادى ماسلاشماي كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇنداق
قىلىق ھەممىلا كۆچمەنلەرنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ۋە
شەھەر مەركەزلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا ياكى ئۆزىنىڭ نازارىتى
ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن ئەزەلدىن كۆچ چىقىرىپ كەلگەن ئەھ-
ۋاللىرىغا زىت كېلىدۇ.

ئۇلار بېشبالىق رايونىدا يەنە بۆلۈنۈپ، بىرقىسمى شۇ يەرلەردە
ئورۇنلىشىپ قالدى. قالغانلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ سەپەرلىرىنى
پان - تېكىن باشچىلىقىدا غەربكە داۋام قىلدۇرىۋېرىپ، لۈنتەي
(ھازىرقى ئۈرۈمچىدىن يىراق بولمىغان جاي) غا كېلىپ
يەتتى. بۇ يەردە پان - تېكىن باشچىلىقىدىكى يەنە بىر گۇرۇپپا
تۇپتوغرا جەنۇبقا — يۇلتۇز دەرياسى ۋادىسىغا قاراپ
ماڭدى. باشقا بىر گۇرۇپپا يەنىلا غەرب تەرەپكە قاراپ ماڭدى
ۋە شۇ چاغلاردا قارلۇقلار ئىگىلەپ تۇرغان تېررىتورىيىلەرگە
كىرىپ كەلدى (ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ يەر جۇڭغارىيە ۋە

پەتتىسۇ بولسا كېرەك).

پان - تېكىن يۇلتۇز دەرياسى رايونىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى
ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قاراشەھەرنى ئىشغال قىلدى ھەمدە
بۇ يەردە ئۆزىنىڭ پايتەختىنى تىكلىدى. مورى ياسۇتاكائو: پان -
تېكىن تەڭرىتاغ رايونىدىكى (بۈگۈنكى تىيانشان تېغى سىس-
تېمىسىنىڭ شەرقىي قىسمى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) بارلىق ئۇيغۇرلار-
نىڭ خاقانى بولۇپ قالدى. رەسمىيەت جەھەتتىن شۇنداق
بولغان بولسا كېرەك. بېشبالىق، گاۋچاڭ (ئىدىققۇت) لارغا
ھاكىملار ئەۋەتىپ تۇردى، دەپ مۆلچەرلەيدۇ. كېيىنچە —866 -
يىلى تارىخ سەھنىسىگە بۇكۇچىن چىقتى. ئۇ تۇرپان ۋادىسىنى
ئىگىلىۋالدى. يەنە ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قۇمۇل ۋە
قاراشەھەر رايونلىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قارا-
شەھەر غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى بولۇشتىن قالدى.
مورى ياسۇتاكائونىڭ ئاساسىي خۇلاسىلىرى مانا مۇشۇنداق ①.

تۇرپان خانلىقىنىڭ تەشكىللىنىشتىكى باسقۇچلىرىنى ئېنىق-
لاش ئۈستىدە مەشغۇل بولۇۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ خۇلاسىلىرى-
نى تەھلىل قىلىش ۋە مەنبەلەرنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىشتىن ئاۋۋال،
مورى ياسۇتاكائونىڭ كۆز قارىشىدىكى ئىككى نەرسىگە دىققەت
قىلىش زۆرۈر. ياپون تەتقىقاتچىسى خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن
كېتىپ قالغان ئۇچى خاقان ۋە پان - تېكىن باشچىلىقىدىكى
ئىككى ئاساسىي گۇرۇپپا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ داھىيلىرى باشچىلىقىدا كېتىپ قېلىشى بىزگە گويا
بۇ بىر تەشكىللىك ھەرىكەتتەك كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بولۇپمۇ
بۇ پان - تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن شۇنداق.
مەزكۇر گۇرۇپپا ئۆز سەپىرى داۋامىدا يەنە ئايرىم كىچىك
گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن، بۇ گۇرۇپپىلار يا ئۇ، يا بۇ جايلارنى

---

① مورى ياسۇتاكائونىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى مەسىلىلىرى ھەققىدە»
دېگەن كىتابىنىڭ 122 -، 123 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئىگىلىۋالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىپ ئورۇنلىشىشىنى تەسۋىرلىگەن بۇ رەتلىك سخېما بىز ئۈچۈن مۇشۇ خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەك ئېغىر يىللاردا يۈز بەرگەن رېئال ۋەزىيەتنى ئىپادىلەپ بەرمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. مەزكۇر بايانىدا، مۇشۇ ئۇيغۇرلار كۆچۈشكە باشلىغان چاغنىڭ ئۆزىدىلا بىر تەشكىلىي ئىش بارلىقى ئالدىنئالا مۆلچەرلىنىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم بىر چەكلىك تېررىتورىيىدە ئۇيغۇرلار ئالدىنئالا توپلىشىپ يىغىلىۋالغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. قىرغىزلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆزئارا نىزا، داۋاملىق قاتار كەلگەن تەبىئىي ئاپەتلەر نەتىجىسىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان شارائىتتا، مۇنداق ئالدىنئالا توپلىشىۋېلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرىكەتنىڭ ستىخىيىلىك خاراكتېردە بولغانلىقى ئىشنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئۆزى بىر قېچىش بولغانلىقى روشەن ئىدى. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ سەددىچىنگە كۆچۈپ كەلگەنلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن ئۇيغۇرلار ئارموزد ۋە باشقا داھىيلار باشچىلىقىدا كەلدى. سەل كېيىنرەك ئۇجې خاقان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار كەلدى. سان جەھەتتىن قارىغاندا، ئارموزد باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇجې گۇرۇپپىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا ئاز ئىدى. لېكىن ئۇلار مۇستەقىل ئىدى، ئۇجېگە بېقىندى ئەمەس ئىدى. ئۇجېنى مۇشۇ رايوندىكى ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق داھىي دەپ ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشتى. مۇشۇ دۈشمەنلىشىش ئەھۋالى «ئۇيغۇرلار خەۋپى»نى يوقىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان تاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي پىلان تۈزگۈچىلىرىنىڭ ۋەزىيىتىگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، مورى ياسۇتاكائونىڭ يازغانلىرىدا 840 - يىلى خاقانلىقنىڭ قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا يولۇقى-

غان غەرب تەرەپ يېرىمىدىكى ئاھالىسىنى نەزەرگە ئالمىغانلىقىنى
ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرلەردىكى تېلى قەبى-
لىلىرى (ئۇيغۇرلاردىن باشقىلىرى) ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جايلى-
رىدا يەنە ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە كۆچۈپ يۈردى. بۇ قەبىلە
(ئېدىزلار ۋە باشقىلار) خاقانىنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ
كەلگەنلەر ئىدى. دەل شۇ چاغلاردا مەزكۇر قەبىلىلەر قىرغىزلار-
نىڭ ئىستېپاقچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنداق قىلىپ
موري ياسۇتاكائو ئۆزىنىڭ مۇھاكىمىلىرىدە پەقەت ئەسلى ئۇيغۇر-
لارنى ئىختىيارسىز ھالدا تىلغا ئېلىپ كەلدى. بەلكىم بۇ ئالىم
خاقانلىقنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى ئۆز ئورۇنلىرىدىن تەڭلا كۆتۈرۈ-
لۈپ كەتتى دەپ ھېسابلارمۇ؟ موري ياسۇتاكائو 1980 - يىلى
ئېلان قىلغان ماقالىسىدە قىرغىزلار ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىنكى
ۋەزىيەتنى تۆۋەندىكىچە بايانلايدۇ: «ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار
(ئۇيغۇرلار) 840 - يىلى موڭغۇلىيىنى تاشلاپ تۆت تەرەپكە تار-
قىلىپ كۆچۈپ كەتتى»①. موري ياسۇتاكائونىڭ مۇشۇ بايانىنى
ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار خاقانلىقىنىڭ ئاھالىسى بىرلا ۋاقىتتا يولغا
چىققان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى دەپلا ئىزاھلاشقا
بولىدۇ. موري ياسۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپ تەرەپكە قاراپ
ھەرىكەت قىلىش سىخېمىسى بايان قىلىنغان ماقالىسىنىڭ ئاخىر-
قى قىسمىنى ئوقۇغان چاغدا ئاپتورنىڭ جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى
ئانچە كۆپ بولمىغان دەلىللىرىنى پارس مەنبەلىرىدە گەردىزىنىڭ
بۇ خۇسۇستا ئېيتقانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن
تەرتىپلىك سىستېما قىلىپ چىقالىغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ.
ياپون تەتقىقاتچىسىنىڭ پىكرىچە «غەرب تەرەپكە» پان - تېكىن
باشچىلىقىدىكى 15 ئۇرۇق (قەبىلە) دىن ئىبارەت چوڭ بىر گۇرۇپپا
كۆچكەن. ئۇنىڭ تەخمىن قىلىشىچە، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن

---

① موري ياسۇنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە دۇڭخۇاڭ تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 1980 - يىل توكيو نەشرى، 2 - توم، 299 - بېتىگە قاراڭ.

چىققان غەرب تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتقان ئاساسىي قىسمىدىن ئايرىلغان نىسبەتەن كىچىكرەك گۇرۇپپىلار تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىدىن باشلاپ كۇچا ۋە بۈگۈنكى ئۈرۈمچى رايونىغا قەدەر بولغان كەڭ يەرلەرگە جايلاشقان. ئەڭ كېيىنكى بۆلۈنۈش ھازىر-قى ئۈرۈمچى رايونىدا يۈز بەرگەن. بىر گۇرۇپپا بولسا دەل جۇڭگو مەنبەلىرى كۆرسەتكەندەك غەرب تەرەپكە «قارلۇقلار»غا قاراپ مېڭىۋەرگەن. پان - تېكىننىڭ ئۆزى بولسا ئۆزى بىلەن بىللە قالغان ئۇيغۇرلارغا باشچىلىق قىلىپ قاراشەھەر ۋە كۇچا رايونلىرىنى ئىگىلىگەن. مانا مۇشۇ باياندا گەردىزىنىڭ مەلۇ-ماتلىرى پان - تېكىن بېشبالىق ۋە باشقا يەرلەرگە ھاكىملار بەلگىلىدى، دېگەن مۆلچەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. پارس تارىخچىسى گەردىزىنىڭ بۇ ھۆكمى پان - تېكىن تىيانشان تاغلىرى شەرقىي قىسمىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ كەڭ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى بولغان دەپ ھېسابلاشقا قوشۇمچە ئاساس بولغان بولسا كېرەك. پان - تېكىننى پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى دەپ ئېتىراپ قىلىشتىكى ئاساس، ئەلۋەتتە، جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى پان - تېكىن 15 قەبىلىگە (ئۇرۇققا) باشچىلىق قىلدى، دېگەن مەلۇماتتىن كەلگەن. تۆۋەندە بۇ مەسىلىنى بىز تېخىمۇ تەپسىلىيرەك چۈشىنى-ۋېلىشقا ئىنتىلىپ كۆرىمىز.

مەنبەلەرگە قاراپ چىقىشقا كىرىشىشتە بىز مۇشۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئاساسىي ۋە قىسمەن ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدىغان تېكىستلەرنى نەقىل كەلتۈرىدىغانلىقىمىزنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز. مەنبەدىكى تېكىستلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، جىددىي ئىختىلاپلار كۆرۈلگەندە تۈرلۈك كۆز قاراشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تەھلىلىنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن كۆچۈشى توغرۇ-

لۇق جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئاساسىي مەلۇماتلار تاڭ سۇلالىسى تارىخىدا كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە» لەردە يېزىلغان.

«3.1 ئۇيغۇرلار تۈرلۈك ياۋايىلار ئارىسىغا تارقىلىپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرى ساجى، (تاڭ ئىمپېراتورىنىڭ) جىيەنى پان - تېكىن ۋە ئۇنىڭ نەنلۇ، ئىنىسى قاتارلىق بەش ئاكا - ئۇكىسى 15 قەبىلە (部) بىلەن غەرب تەرەپكە قارلۇقلارغا قاچتى. بىر قىسمى تىبەتلىكلەرگە بويسۇندى، باشقا بىر قىسمى ئەنشىگە كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، خاقان ئائىلىسىغا يېقىن 15 ئۇرۇق تېكىن ئۇجى (ئۇشى) نى خاقانلىققا كۆتۈرۈپ جەنۇب تەرەپكە كەلدى ۋە خەن (تاڭ دۆلىتى ـــ ئا. مالىيەۋكىن) گە قوشۇلۇپ كەتتى.»①

بۇ تېكىستتە پان - تېكىننىڭ ئاكا - ئۇكىلىرى توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتقان جۈملە چۈشىنىشكە مەلۇم قىيىنچىلىقلار پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، د.ر. گامىلتون بۇ يەردە گەپ «ئوغلى ۋە بەش ئاكا - ئۇكىسى» ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداق دەپ تۇرۇپ پان - تېكىننىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى كۆرسەتمەيدۇ. تېكىستنىڭ مانا مۇشۇ قىسمىنى ئابې تاكېئو تامامەن باشقىچە چۈشىنىدۇ. ئابې تاكېئونىڭ قارىشىچە، «كونا تاڭنامە» دە خاتالىق يۈز بەرگەن ۋە ئۇ قارىماققا بۇ يەردە ھەقىقەتەن ئوشۇقچە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىلەن قاتار مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «بىڭ» (并) خېتى قۇدۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «جىڭ» (井) ئېروگلىفىغا ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە جىڭ (井) خېتىنى ترانسكرىپسىيە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن دەپ قارىغان. نەتىجىدە ئۆت بوغۇمدىن ئىبارەت «لۇجىن ئىي غىن» دېگەن ئىسىم پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، تېكىستنىڭ بۇ قىسمى: «... ۋە ئوغلى لۇجىن ئىي غىن ھەم باشقىلار بولۇپ

① «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد، 132 - بەت.

ھەممىسى بەش ئاكا ـ ئۇكا» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ①. فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، موگۇاڭۋېنلار مۇشۇ تېكستنى ئۆزلىرىنىڭ كىتابىدا كەلتۈرۈپ(جۇڭگو تارىخىي ئەسەرلىرىدە قوللىنىپ كېلىنگىنىگە ئوخشاش)بۇ ئىككى ئىسمنى يەنى نەنلۇ ۋە ئېخېننى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، بۇلار بۇ ئىسىملارنىڭ توغرىلىقىغا گۇمان قىلمىغان②. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، «يېڭى تاڭنامە»نىڭ «كونا تاڭنامە»گە قارىغاندا قىسقىراق بولغان تېكىستىدە (3.2 تېكىستىگە قاراڭ) پان ـ تېكىننىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى توغرىسىدا مەلۇمات يېزىلمىغان. ئېھتىمال، «يېڭى تاڭنامە»نى يازغۇچىلار تېكستنىڭ ئۇلارچە گۇمانلىق دەپ ھېسابلىغان مۇشۇ قىسمىنى ئېلىپ تاشلاپ ھۆججەتنى تېزلىك بىلەن ئاددىيلا قىلىپ مۇنداق «تەھرىرلىگەن» بولسا كېرەك.

«3.2 ۋەزىر ساجى پان ـ تېكىننىڭ 15 قەبىلىسى (بۇ 部) بىلەن قارلۇقلارغا قاچتى. باشقىلىرى تىبەت ۋە ئەنشىگە كەتتى. شۇ چاغلاردا خاقان قەبىلىسىنىڭ 13 ئۇرۇقى (姓) تېكىن ئۇجىنى خاقانلىققا كۆتۈردى ۋە جەنۇب تەرەپكە بېرىپ سوجىشەن تېغىدا پاناھلاندى.»③

بۇ يەردىمۇ كۆچكۈچىلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى «قارلۇقلارغا» كەتتى، دېگەن پىكىر تەكىتلىنىپ كۆرسىتىلگەن. لېكىن كۆچكۈچىلەرنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى كۆرسەتمىدىغان «غەرب تەرەپكە» دېگەن سۆز چۈشۈرۈپ قويۇلغان. بىز بۇ يەردە ئۇنى «باشقىلىرى ....

---

① ئابې تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 1955 ـ يىل توكيو نەشرى، 238 ـ بېتىگە قاراڭ.

② فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، 1958 ـ يىل بېيجىڭ نەشرى، 40 ـ، 41 ـ بەتلەر.

③ «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد، 22 ـ بەت.

كەتتى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق. لېكىن ئەھۋالغا قارىغاندا «خەلق-
نىڭ قالغىنى... كەتتى» دەپ ئېيتىلغاندا تېخىمۇ ئېنىقراق بول-
دىغان بولسا كېرەك. چۈنكى «تسەن» ئېروگلىيفى «ئازراقى،
ئانچە مۇھىم بولمىغىنى، لازىم بولمىغان قىسمى» دېگەن مەنىلەردە
ئىشلىتىلىدۇ. بىز تۆۋەندە شۇچاغلاردا قارلۇقلار ياشاپ تۇرغان يەتتە
سۇغا ئۇيغۇرلارنىڭ كېتىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەققىدە ۋە 3.1 -
ھەمدە 3.2 - تېكىستلەردە يولۇققان «قارلۇقلارغا
كەتتى» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ھەققىدە توختىلىمىز. بىز
بۇ يەردە پەقەت فىلىڭ جياشىلىڭ، چىڭ سۇلۇ، موگۇۋاگۋېنلارنىڭ
كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە» لەردىكى بۇ تېكىستلەرنىڭ توغرىلىقىغا
ھېچقانداق گۇمان كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇ تېكىستلەرنى
ئۇلارنىڭ ھەرپ مەنىلىرىگە تولۇق مۇۋاپىق ھالدا ئىزاھلىغانلىق-
لىرىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. مەسىلەن، «كونا تاڭنامە» تېكىست-
تىكى (3.1 - تېكىستتىكى) «غەرب تەرەپكە — قارلۇقلارغا قاچتى»
دېگەن گەپكە مەزكۇر ئاپتورلار چۆ دەرياسىنىڭ ياقىسىغا باردى،
كېيىن بۇ يەردە قاراخانىيلار دۆلىتىنى بەرپا قىلدى؟! دەپ
ئىزاھات بېرىشىدۇ.

مۇشۇ ھەر ئىككى مەنبە ئوخشاش بىر مەلۇماتنى بېرىدۇ،
بۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار تۆت يۆنىلىش بويىچە —
«قارلۇقلارغا» (؟)، ئەنشىگە (كۇچا)، تىبەتلىكلەرگە ۋە تاڭ دۆلە-
تى چېگرا ياقىلىرىغا كەتكەن، بۇ ئىككى مەنبەنىڭ بىر- بىرىگە
مۇنداق ئۇيغۇن كېلىشى كىشىلەرنى ئەجەبلەندۈرمەيدۇ، چۈنكى
«يېڭى تاڭنامە» ئۇنى تۈزگۈچىلەرنىڭ كۆزقارىشىچە «كونا تاڭ-
نامە»نىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ تولۇقلانغان نۇسخىسىدىنلا ئىبارەت. لېكىن
«تاڭنامە»نىڭ بۇ نۇسخىسى مەلۇماتلارنىڭ ئېنىقلىقى ۋە تولۇقلۇقى
جەھەتتىن قارىغاندا، «كونا تاڭنامە»گە يەتمەيدىغانلىقىدا ھېچ-
قانداق گۇمان يوق. باشقا مەنبەلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ
كەتكەنلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار، بۇ مەلۇماتلار تاڭ دۆلىتى

ئەزگىرىچىلەرنىڭ يۇقىرىدا كەلتۈرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن زىت كەلمەيدۇ. بەزى جەھەتلەردىن ئۇ ماتېرىياللارنى ئېنىقلايدۇ ۋە تۈزىتىدۇ. مەسىلەن، ئابې تاكېئو ئۆزىنىڭ كىتابىدا تۆۋەندىكى تېكىستلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە، خۇيچاڭنىڭ بىرىنچى يىلى (842، 2.13 — 841، 1.27) يۈز بەرگەن ئىش دەپ كۆرسىتىلگەن مەلۇماتتا ئارمۇزدنىڭ جۇڭگو پۇقرالىقىغا ئۆتۈش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا باش ۋەزىر لى دېيۈينىڭ مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ. لى دېيۈينىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىزنىڭ گەپ قىلىۋاتقان تېمىمىزغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

«3.3 ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ دۆلىتى تولۇق تەرتىپسىزلىك ھالىتىدە تۇرماقتا، دۆلەتنىڭ باشلىقى يوق؛ ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى (ئەسلى تېكىستتە جياڭ «將» خېتى قوماندان دەپ يېزىلغانىكەن. — ئا.م) ۋە ۋەزىرلەر تارقىلىپ كېتىپتۇ، بەزىلىرى تىبەتكە، بەزىلىرى قارلۇقلارغا كېتىپتۇ. پەقەتلا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇلۇغ مەملىكەتنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇ يەرگە كېلىپتۇ (تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغا — سەددىچىن رايونىغا كەلگەن — ئا.م)»①.

لى دېيۈينىڭ مەكتۇپ شەكلىدىكى ئەسەرلىرى توپلىمىدا بۇ تېكىست سەل باشقىچىرەك تۈزىتىپ بېرىلگەن.

«3.4 مۇشۇنىڭدىن كېيىن (ئالتۇن چېدىر يوقىتىلغاندىن كېيىن — ئابې تاكېئو) ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ رەھبەرلىرى ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بەزىلىرى غەربكە رۇڭلار (تىبەتلىكلەر — ئابې تاكېئو) غا، بەزىلىرى تۈرلۈك قەبىلىلەرگە بويسۇنۇپ كەتتى. پەقەتلا ئارمۇزد...»②.

① يۇقىرىقى كىتابنىڭ 246 - جىلد، خۇيچاڭنىڭ 1 - يىلى، 1956 - يىل نەشرى، 9 - توم، 7953 - بەت.

② لى دېيۈي: «خۇيچاڭ يىللىرىدا يېزىلغان مەكتۇپلار توپلىمى»، 2 - جىلد، 11 - بەت.

4. 3 ـ تېكىست ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇ شۇ ۋەقەلەرگە زاماندىش ئادەم تەرىپىدىنلا يېزىلماستىن، بەلكى بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى تەرىپىدىن يېزىلىۋاتىدۇ، لى دېيۋي تاڭ ئىمپېراتورىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتى توغرۇلۇق ھەممە ماتېرىياللار توپلانغان بولۇشى كېرەك، لى دېيۋي ئىمپېراتورغا ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق ۋاقىتلاردا قوللىنىشقا تېگىشلىك چارىلەر توغرۇلۇق تەكلىپلەر بېرىپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە، لى دېيۋي تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان ۋە دۆلەتكە رېئال خەۋپ بولۇپ تۇرغان ئۇچې خاقان قارىمىقىدىكى ئۇيغۇرلارغا ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى گۇرۇپپىلارغا ھەممىدىن ئاۋۋال قىزىقاتتى. نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى ۋە كۇچا رايونىدىكى ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئۇ ئېنىق ۋە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. تۇرپان ۋادىسى ۋە شەرقىي تيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى ۋەزىيەتلەرمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېنىق ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭ مەكتۇپ شەكلىدە يېزىلغان «خۇيچاڭ يىللىرىدا يېزىلغان مەكتۇپلار توپلىمى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان باشقا تېكىستلەرمۇ ئىسپاتلايدۇ.

مورى ياسۇتاكائو ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە كەيچىڭنىڭ 4 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ جايلىشىشى ھەققىدىكى بىر مەلۇماتنى كەلتۈرىدۇ. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ مەلۇمات ـــ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دىكى ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئەڭ بالدۇرقى مەلۇماتلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

«3.5 ئۇلارنىڭ ۋەزىرى ساجى، پان تېلىسى (پان ـ تېكىن ـــ ئا.م) ۋە باشقىلار (داھىيلار)، ھەممىسى بولۇپ 15 قەبىلە ھەربىكە ـــ قارلۇقلارغا كەتتى، بىر قىسمى تىبەتكە كەتتى، يەنە

بىر قىسمى ئەتىشكە كەتتى.»①

مۇشۇ يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تېكىستلەرنىڭ ھەرىپىگىلا ئېسىلىۋالىدىغان بولساق، ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىنى تاشلاپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ تۆت چوڭ يۆنىلىش بويىچە ماڭغانلىقلىرىنى جۇڭگو مەنبەلىرى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ، دېيىش ئالدىنئالا تەكىتلەشكە بولىدۇ. بۇ رايونلار تاڭ دۆلىتى چېگرىسىدىن يىراق بولىدىغان — خۇاڭخې دەرياسى چوڭ ئەگمىسىنىڭ يېنى، قاراشەھەر ۋە كۇچا «قارلۇقلار تەرەپ» ۋە تىبەت دۆلىتىنىڭ نەنسەن ئېتەكلىرى (خېشى كارىدورى) دۇر②. نەنسەن ئېتەكلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدا سۆزلەندى. ئۇيغۇرلار كۆچۈپ باردى دېيىلگەن باشقا ئىككى يۆنىلىش (قاراشەھەر بىلەن كۇچا ھەمدە جىددىي گۇمان تۇغدۇرۇۋاتقان «قارلۇقلار»غا كۆچۈپ بېرىش) مەسىلىسىگە قاراپ ئۆتىمىز.

ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ يۆنىلىش بويىچە كۆچۈشى، ئەگەردە قارلۇقلار تەرەپكە كەتتى، دېگەن گەپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلساق ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇرمايتتى. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ پىكرى شۇ ھەر بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ياغلاقار ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىگە مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇڭگو مەنبەلىرى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى توغرىسىدىلا ئىسپات ماتېرىياللىرى بېرەلەيدۇ، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەربىي تەرەپ يېرىمىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 246 - جىلد، كەيچىڭ (开城) نىڭ 4 - يىلى، 9 - ئاي (9• 11 — 839•10•11).

② سەددىچىنگە كېلىپ جايلاشقان ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق مەخسۇس ماقالىدە تەتقىق قىلىنغانىدى. بۇ يەردە ماليەۋكىننىڭ «... ئۇيغۇرلار ۋە جۇڭگو» دېگەن ماقالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — تەرجىماندىن.

قەدىرى ئۇستىدە بولسا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. غەرب
تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى خېلى كېيىنرەك — 866 -
يىلى باشلانغاچقا، تاڭ دۆلىتى تارىخچىلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسى-
نىڭ سىرتىدا قېپقالغان.

مەنبەلەردە، قۇمۇل رايونى پۈتۈنلەي كۆرسىتىلمىگەن. قۇمۇل
ۋادىسى رايونى ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىگە ئەڭ يېقىن
يەرلەرنىڭ بىرى ئىدى ۋە بۇ يەرگە ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
دۆلىتى پارچىلانغاندىن كېيىن كېلىشى تولۇق مۇمكىن ئىش ئىدى.
پان - تېكىن قاراشەھەر رايونىغا قاراپ ماڭغاندا، تۇرپان
ۋادىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئەگىپ جە-
نۇب تەرىپىدىن ئۆتكەن. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەلۋەتتە، ئۇ قۇمۇل
رايونى ئارقىلىق ئۆتۈشى لازىم بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللارغا
قارىغاندا بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان بىر
گۇرۇپپىسى قالغان بولۇشى كېرەك. مورى ياسۇتاكائونىڭ سىخې-
مىسى بويىچە مۇشۇ رايوندا پان - تېكىننىڭ قەبىلىسىدىن ئاي-
رىلىپ قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار قېپقالغان.

ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كەلگەنلەرنىڭ بېشبالىق
ۋە تۇرپان ۋادىسى رايونىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقى خېلىلا
مۇرەككەپ بىر مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خاقانلىقى
يىمىرىلگەندىن كېيىن، يېڭى دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىش مەسىلى-
سى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئايرىم تەتقىقاتچىلار تۇرپان ۋادىسىغا
ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى (گەرچە بۇ توغرۇ-
لۇق مەنبەلەردە مەلۇماتلار بېرىلمىگەن بولسىمۇ) ئۆز - ئۆزىدىن
چۈشىنىشلىك بىر ھادىسە، دەپ قارايدۇ. لېكىن باشقىچە كۆز
قاراشلارنىمۇ يولۇقتۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ۋ.ف.مىنورىسكىنىڭ
قارىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى گەنسۇغا كەتكەن
ۋە ئۇ يەردە يېڭى خانلىق قۇرغان.«ئەگەردە» ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى
بىر سىياسىي تېرمىن دەپ قارايدىغان بولساق، مۇنداق تەخمىن

ئەمەلىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەگەردە ئەسلى ئۇيغۇرلار ئۇستىدە سۆز بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بۇنداق خۇلاسە ئەجەبلىنىش پەيدا قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى نەنسەن ئېتەكلىرىدە ئەسلى ئۇيغۇرلارلا بىرەر يۈز يىلدىن ئوشۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خانلىق تۈزگەن.

«1. 3 — 3.5 كىچە بولغان تېكىستلەرنى قاراپ چىققىنىمىزدا تۇرپان ئويمانلىقى ۋە بېشبالىق رايونىغا خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن چىققان قەبىلىلەرنىڭ بىۋاسىتە تۇرپان رايونىغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى توغرۇلۇق مەلۇماتلار يوق ئىكەنلىكى دەرھال كۆزگە چېلىقىدۇ. بىز تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرمەكچى بولغان 4.8 - تېكىستتە 200 مىڭ ئادەم چامىسىدىكى بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار (خەنزۇ مەنبەلىرىدە خۇيخۇ)لارنىڭ بوغدا تېغى رايونىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇرپان ۋادىسى چېگرىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى بىردىنبىر يازما مەلۇماتتۇر. مەزكۇر تېكىست باشقا ھەرقانداق ماتېرىياللارغا قارىغاندا ئايرىم تۇرىدۇ، ئۇلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭلاشقا، ئۇنى بىر ھەقىقىي ئەھۋال دەپ مۇھاكىمە قىلىشقا ئىمكان بولماي تۇرىدۇ. موري ياسۇتاكائو ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ جايلىشىش تەرتىپلىرىنى چۈشەندۈرۈشلىرىدە بوغدا تاغلىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەھەللىلىرى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن يەنى بېشبالىققا يېقىنراق جايلاردىن كەلگەنلىك ئېھتىمالىغا يول قويىدىغانلىقى توغرىسىدا بىز يۇقىرىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتۇق.

بېشبالىق ۋە تۇرپان ۋادىسىنى ئىگىلىۋېلىشنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا بولغان ئۇرۇنۇشلەردە پەيدا بولغان ئاساسىي قىيىنچىلىق بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنىڭ يوقلۇقىدىن بولۇۋاتىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدا خاقانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇرۇن

كونفېدېراتسىيە تەركىبىگە كىرگەن باشقا تىلى قەبىلىلىرىنىڭ
ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. مۇنداق مەلۇ-
ماتلارنىڭ يوقلۇقىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇ ياكى بۇ ۋەقەلەرنى
يېزىشنى ئۇنتۇپ قالغان تارىخچىلارنىڭ ئۇنتۇغاقلىقىدا ئەمەس،
بەلكى ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇنىڭ سابىق
تېررىتورىيىسىدە يۈز بەرگەن ۋەزىيەتتىن بولغان. مۇنداق مەلۇ-
ماتنىڭ يوقلۇقى ۋاستىلىك ھالدا قىرغىزلار پەقەت ئەسلى ئۇي-
غۇرلارغىلا زەربە بەرگەنلىك پاكىتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەسلى ئۇي-
غۇرلار ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ياغلاقار ئۇرۇقى باشچىلىقى-
دىكى توققۇز ئۇرۇقتىن ئىبارەت ئىدى. ياغلاقار ئۇرۇقى ھاكى-
مىيەت ئورنىنى 795 - يىلى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغانىدى①.
795 - يىلى، خاقانلىق ئىچىدە سۇلالە ئالمىشىشقا سەۋەب بول-
غان ئۆزئارا ئىچكى كۈرەش ۋە ئېدىز قەبىلىسىدىن بولغان
خاقانلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى زىددىيەتلەرنى كۈچەيت-
تى، كۈرەشلەرنى كەسكىنلەشتۈردى ۋە ئاخىرىدا خاقانلىقنىڭ ئىچكى
ئىشىغا قىرغىزلارنىڭ ئارىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قىرغىزلار ئېدىز-
لارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان باشقا تۇرالارنى قوللىدى،
قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىلا تارمار كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە ئىتتىپاق-
داش بولغان باشقا قەبىلىلەرگە چېقىلمىغانلىقى بەكمۇ تەبىئىي
ئەھۋال. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى يەرلىرىدە — خا-

---

① د.ر. گاملتون «كونا تاڭنامە»نىڭ 195 - جىلد 2б - 3a
بەتلىرىدىكى ۋە قىسمەن «يېڭى تاڭنامە»نىڭ 217A - جىلد، 3a - بېتىدىكى
مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل
قىلغان توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئەسلى ئېتىلىشىنى خەنزۇ
ئىيروگلىفىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشىنى تۆۋەن-
دىكىچە بىر لىككە كەلتۈرىدۇ: ياغلاقار، ئۇتۇرقار، كىيۇر، بىر، بوقسىكىت،
ئاۋۇچاق، قازار (قاچار)، ئوغۇز، يابۇتقار، ئاياۋىر.

قاناتىنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆچۈپ يۈرۈپ مەئىشىتىنى داۋام قىلىۋەرگەن، باشقا قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈشلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلارنىڭ بولماسلىقى مانا مۇشۇ ئەھۋال بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تەركىبىدىكى خەلقلەرنىڭ قايسى قەبىلە - ئۇرۇقلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېدىزلارنىڭ رولى توغرىسىدا قىسقىچە توختاپ ئۆتىمىز. ئۇيغۇرلار بىلەن باسمىللارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقى بۇزۇلدى، ئاردىن كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ قارلۇقلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقىمۇ بۇزۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ كونفېدېراتسىيىسى ئەدەبىياتتا ئۇيغۇر خاقانلىقى (ئىككىنچى ئۇيغۇر خاقانلىقى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى، مانا مۇشۇ تېلى قەبىلىلىرى تەركىبىگە 740 - يىلى ئۇيغۇرلار ۋە بۇكۇ (بۇكۇت)، خۇن (كۇن)، بايىرقۇ، توگرا، سۆگىر (سۆكىر)، كىبىلەر كىرگەن①. ئېروگلېف بىلەن يېزىلغان بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئېيتىلىشىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈشكە بولغان ئىزدىنىشلەرنى گامىلتوننىڭ ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق يازغان كىتابىنىڭ 3 - بەتلىرىدىن كۆرۈڭ. مەنبەلەردە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ خاقانلىقىنى بەرپا قىلغان مەزگىللەردە، ئېدىز قەبىلىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغانلىقى توغرۇلۇق مەلۇمات بەرمەيدۇ. لېكىن 886 - يىلى ئېدىز قەبىلىسىنىڭ بىر ۋەكىلى تاڭ ئىمپېراتور سارىيىغا ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. دېمەك، مانا شۇ چاغدا، ئېدىزلار كونفېدېراتسىيە تەركىبىگە كىرگەن بولىدۇ. ئې. پۇللېي بلانكنىڭ مۆلچەرى بويىچە، ئۇلار باشتىلا كونفېدېراتسىيىنىڭ ئەزاسى بولغانىكەن، بۇنىڭ يەتتە قىسمىغا بۆلۈنۈشى سىياسىي مەنىدىكى بىر ئىش بولۇپ، ئېتنىك مەسىلە ئەمەستۇر. «مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابىمىزدا، ئېدىزلارنىڭ 647 - يىلدىن 727 - يىلغىچە بولغان تارىخىنى

① «يېڭى تاڭنامە» A 217 - جىلد، 3a - بېتى.

تەپسىلىي قاراپ چىقىشقا تىرىشتۇق، ئۇيغۇر خاقانلىقى تەشكىل بولغان كۈنلەردە، ئېدىزلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن دۈشمەنلىك ئەھۋالدا تۇرغانلىقى مەنبەلەردە بىۋاستە كۆرسىتىلمەيدۇ. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، دۈشمەنلىشىشنىڭ ئۆزىمۇ يوق بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىككىنچى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىدىكى تۈركلەرنىڭ ئېدىزلارغا قارىتا تۇتقان ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن كۆچۈپ يۈرگەن جايلىرىنى تاشلاپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان. بۇلار سەددىچىن بويىدىكى تاڭ مەمۇرىيىتىنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلە - نەيرەڭلىرى تۈپەيلىدىن ئېغىر چىقىملارغا دۇچ كەلگەن، ئېدىزلار ئاجىزلىشىپ كەتكەن، بىر پۈتۈن رەھبەرلىكى بولمىغان ۋەيرانە ئەھۋالدا شىمال تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولغان، ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر خاقانلىقىنى تەشكىللەشكە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلغان. لېكىن بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت تەشكىلىي تەرتىپتە بولمىغان. شۇڭلاشقا ئېدىزلار كونفېدېراتسىيىنىڭ ئاساسىي ئەزالىرىنىڭ رويخىتى ئىچىگە كىرمەي قالدۇ. كېيىن ئېدىزلار تەدرىجىي ھالدا بىر رەھبەرلىك باشچىلىقىدىكى بىر پۈتۈن قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشقان، قۇدرەت تاپقان ۋە كونفېدېراتسىيە تەركىبىگە كىرگەن باشقا تېلى قەبىلىلىرى ئىچىدىن ئىتتىپاقچى تاپقان ۋە خاقانلىق ئىچىدە سالماق رول ئويناشقا باشلىغان. خاقانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىن، كونفېدېراتسىيە تەركىبىدىكى ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىشىش ساقلىنىپ قېلىۋەرگەن. مەسىلەن، تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ پان - تېكىن بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا بولغان ئۇرۇنۇشى خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن قېچىپ چىققان باشقا بىر گۇرۇپپا ئادەملەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى سەۋەبىدىن باشقا چىقمىغان. بۇ گۇرۇپپا ئادەملەرنىمۇ تاڭ ئىمپېرىيىسى ھاكىمىيىتى تارىخچىلىرى شۇ چاغدىكى ئومۇمىي تېندېنسىيە بويىچە «خۇيگۇ» (ئۇيغۇر) لار دەپ ئاتىغان.

مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلار (؟)، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلى ئۇيغۇرلارغا قارشى چىقىشۋاتقان باشقا بىر تېلى قەبىلىسى ئەلچە لىكنىڭ كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئەلچىلىكنىڭ ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگەندەك يوقىتىدۇ.

866 - يىلى ئۇيغۇرلار كونفېدېراتسىيىسى تەركىبىگە كىرگەن تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىر ئىتتىپاقى تۇرپان ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، كېلىدۇ ۋە ئۇ يەرنى ئىگىلىۋالىدۇ. جۇڭگو مەنبەلىرى 866 - يىلغا قەدەر سابىق ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋەزىيەت توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. بېشبالىق ۋە تۇرپان رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشتىن ئاۋۋال، ئۇ يەرلەردە بۇ تېلى قەبىلىلىرى كۆچۈپ يۈرەتتى. تېلى قەبىلىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆچۈپ يۈرگەن جايلىرىنى تاشلاپ جەنۇب تەرەپكە يۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان سەۋەبلەر توغرۇلۇقمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ تېلى قەبىلىلىرى قىرغىزلار تەرىپىدىن بېسىمغا يولۇققانلىقى تۈپەيلىدىن بۇ يەرگە كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ مۆلچەرلەشكىمۇ بولىدۇ. بەلكىم تېلى قەبىلىرىنى بېشبالىق ۋە تۇرپانلارنىڭ بايلىقى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇر خاقانلىقى مۇشۇ تېررىتورىيىلەرنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن تىبەت بىلەن ئۇزاققا سوزۇلغان خوراتقۇچ سوقۇشلارنى ئېلىپ بارغان ئەمەسمىدى، لېكىن كۆچمەنلەر پەقەتلا بۇ رايونلاردىكى بايلىقنىلا دەپ ئۆزلىرىنىڭ جانىجان ئوتلاق - يايلاقلىرىنى تاشلاپمۇ كېتەرمۇ، جۇڭگونىڭ سالنامىلىرىدە تېلىلارنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى مەلۇماتلار بار:

«3.6 جاڭ يىچاۋ ساجۇدىن (شيەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى 10 - ئايدا (11.) — 12 - 11. 11. 866 - يىللار) ئۇيغۇرلارنىڭ داھىيسى بۆكۈچىننى تىبەتلىكلەرنىڭ باشلىقى زان كونبېزېرگە

قارشى سوقۇشۇش ئۈچۈن ئەۋەتتىم، ئۇ بۇلاڭچى تىبەتلىكلەرنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقتۇردى. زان كونبېزىرنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، ئۇنى پايتەختكە يوللاپ بەردى»①. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»(195 - جىلد) دە بۇ مەلۇمات يېزىلمىغان، «تاڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دا (97 - جىلد) مۇشۇ تېكىست ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەي قايتا ئېلىنغان.

«3.7. ئىمپېراتور يىمزۇڭ (859 — 873 - يىللار) ئىش باشقۇرۇپ تۇرغاندا، ئۇلۇغ داھىي بۆكۈچىن بېيتىڭ (بېشبالىق) دىن تىبەتكە ھۇجۇم قىلدى. زان كونبېزىرنىڭ كاللىسىنى ئالدى ۋە شىجۇ (تۇرپان)، لۈنتەي (ھازىرقى ئۈرۈمچى رايونى — ئا.م) ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى.»② مانا مۇشۇ مەلۇمات سەل باشقىچىرەك قىلىپ بەزى قىزىق تەپسىلاتلار بىلەن «يېڭى تاڭنامە. تىبەتلەر ھەققىدە قىسسە» دە تەكرارلانغان (3.8 تېكىستكە قاراڭ).

«3.8. (شيەنتۇڭنىڭ) 7 - يىلى (3.8. 86 — 2.7. 866 - يىللار) ئۇيغۇر بۆكۈچىن بېيتىڭدىن (بېشبالىقتىن) شىجۇغا (تۇرپانغا) ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇ يەرنى ئىگىلىۋالدى، بارلىق قەبىلىلەرنى ئىتائەت قىلدۇردى. شەنجۇ ۋىلايىتىدىكى (شەنچىڭ) قەلئەسىنىڭ باشلىقى جاڭ جيۇن زان كونبېزىر بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى، قولغا چۈشكەن قورال ۋە ھەربىي سەرەمجانلارنى چوڭ ھۆرمەت بىلەن ئىمپېراتور سارىيىغا يوللىدى. تىبەتلىكلەرنىڭ قالدۇقلىرى بىن [جۇ]نىڭ [جۇ] ۋىلايەتلىرىگە بېسىپ كىردى، ھىراۋۇل شۆخۇڭچۈن ئۇلارغا زەربە بەردى. دەل شۇ چاغدا بۆكۈچىن تىبەتلىكلەر بىلەن چوڭ بىر جەڭ قىلىپ (زان) كونبېزىرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇنى پايتەختكە

① «كونا تاڭنامە». A 19 - جىلد، 7Б - بەت.

② «يېڭى تاڭنامە». 217Б - جىلد، 3Б - بەت.

يوللاپ بەردى.»① «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دېگەن كىتابتا مۇشۇ تېكىستنى تەرجىمە قىلغاندا بىز تەرەپتىن جىددىي خاتالىق يۈز بېرىپتۇ، مۇشۇ تەرجىمىگە مورى ياسۇ تاكائودىققەت قىپتۇ. «خۇي» دېگەن خەنزۇچە خەتنى گامىلتوننىغا ئەگىشىپ گامىلتوننىڭ يازغىنىغا قاراپ «بىللە، بىرلىكتە» دېگەن مەنىدە دەپ چۈشىنىپ قاپتىمىز، دەل مۇشۇ تېكىستتە مۇشۇ يەردە «دەل شۇ چاغدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن.

«3·9 شىيەنتۇڭ (咸通)نىڭ 7 - يىلى 2 - ئاي باھاردا (866.2.19 — 3.20)، گۇيىي ھېراۋۇلى جاڭ يىچاۋ ئۇيغۇرلارنىڭ بېيتىڭ (بېشبالىق) لىق باشلىقى گۇجۈن (پۇگۇ ئۇجۈن/ بۆكۈچىن — ئا.م) شىجۇ (تۇرپان)، بېيتىڭ (بېشبالىق)، لۈنتەي (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى رايون — ئا. م)، چىنجېن (ماناس ياكى خارگوس رايونى — ئا.م) ۋە باشقا شەھەرلەرنى بويسۇندۇردى، دەپ ئىمپېراتورغا دوكلات قىلدى.»②

3·6 - تېكىستتىكى مەلۇمات جاڭ يىچاۋنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىنى تىبەتلىكلەر ئىستېلاسىدىن ئازاد قىلىشقا ئىشتىراك قىلغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تەكىتلەيدۇ. ھەتتا شىجۇ (تۇرپان) ۋىلايىتىنى جاڭ يىچاۋنىڭ ئۆزى ئازاد قىلغانلىقىنى بايان قىلىدىغان تېكىستلەرمۇ يولۇقۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، شياڭ دا: «شاجۇ، يىجۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» (沙州伊州地志) قوليازمىسىنىڭ قېپقالغان پارچىلىرىدا جاڭ يىچاۋنىڭ داجۇڭ 4 - يىلى (850.2.16 — 851.2.4)

---

① «يېڭى تاڭنامە» 216Б - باب، 90 - بەت.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 1956 - يىل نەشرى، 9 - توم، 250 - باب، 8113 - بەت.

شىجۇ ئايىمىقىنى قايتۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار، دەپ
كۆرسىتىدۇ①.
3.6 — 3.9 تېكىستلىرىنى ئوقۇغان چاغدا ۋە بۇ تېكىست-
لەرنىڭ مەزمۇنىنى شەرھلەپ شۇ چاغدىكى قوشنا تېررىتورىيىلەر-
دىكى ۋەزىيەت بىلەن باغلاپ قارىغىنىمىزدا، يۇقىرىدا بىز كۆر-
سىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇشۇ بەزى مەلۇماتلارنىڭ ئەھۋالىنى توغرا
ئىنكاس قىلغانلىقىغا گۇمان پەيدا بولۇپ قالىدۇ ۋە بۇلارنى
تۈزىتىش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، ئابې تاكېئو ئۆزى-
نىڭ يازغان كىتابىدا بۆكۈچىن بىلەن جاڭ يىچاۋ ئوتتۇرىسىدا
قاندا قتۇر خىيالىي مۇناسىۋەتلەرگە دائىر جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى
مەلۇماتلاردا بەك مۇھىم زىددىيەتلەر ۋە بىر - بىرىگە چوڭ
ئويغۇن كەلمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئۆزىنىڭ
دىققىتىنى بۆلدى. ئابې تاكېئو مانا مۇشۇ مەنبەدىكى بايانلاردا
تۇرغۇنلىغان يالغان مەلۇماتلار بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە مۇشۇنداق
يالغان مەلۇماتلار قاتارىغا بىرىنچى ئورۇنغا بۆكۈچىننىڭ تىبەت-
لىكلەر رەھبىرىي زان كونبېزېر ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى
ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈشى ھەمدە ئۇنىڭ كاللىسىنى تاڭ دۆلىتىنىڭ
پايتەختىگە ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى قويى-
دۇ. فودزىسېدا بىر - بىرىگە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق تۈر-

---

① بۇ توغرۇلۇق شياڭ دانىڭ: لوشۇيەن (لوجېگيۇي) نىڭ
«‹تاڭنامە. جاڭ يىچاۋنىڭ تەرجىمىھالى›غا قوشۇمچە» دېگەن كىتابىغا
«قوشۇمچە ۋە تۈزىتىشلەر»، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە
غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» — بېيجىڭ 1957 - يىل نەشرى، 418 -
بەتلەرگە قاراڭ. گۇاڭچى (光启) 1 - يىلى (885·3·20 — 886·2·7)
دەپ يىلنامە قويۇلغان مۇشۇ دۇڭخۇاڭ قولىيازمىسىنىڭ پارچىسى
(قولىيازما ئاپتورى جاڭ چىڭ) 26342 S نومۇر بىلەن ھازىر لوندون-
دا ساقلانماقتا.

لۇك ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئاخباراتتىن جاڭ يىچاۋ بىرلا ۋاقىت
ئىچىدە يۇقىرىنى خەۋەرلەندۈرگەچكە، سارايى تارىخچىلىرىنىڭ
ئىشخانىلىرىدا بۇ مەلۇماتلارنى ئۆزئارا قوشۇپ سىڭىشتۈرۈۋەتكەن
دەپ ھېسابلايدۇ. ئابې تاكېئو فۇدزىئېدانىڭ بۇ پىكرىگە تولۇق
قوشۇلىدۇ.

بېشبالىق ۋە تۇرپان ۋادىسىنىڭ تېلى قەبىلىلىرى تەرىپى-
دىن ئىگىلىۋېلىشىنىڭ ئاساسىي باسقۇچلىرىنى تەپسىلىي بىلىش
ۋە ئېنىقلاش ئۈچۈن، مۇشۇ ئىشتىكى ھەممە ئېنىقسىزلىقلارنى،
بەلكى بەزىدە ئاڭلىق قىلىنغان بۇرمىلاشلارنى بىرمۇ بىر تەھلىل
قىلىپ چىقىش زۆرۈر. بۇ ئىشنى جاڭ يىچاۋ «ئۇيغۇرلارنىڭ
داھىيسىنى... ئەۋەتتى» دەپ يېزىلغان 3.6 - تېكىستتىن باشلايمىز.
مانا مۇشۇنداق دەپ مۇقىملاشتۇرۇش باشقا ھېچقانداق يەردە
تەكرار قىلىنمايدۇ. مورى ياسۇتاكائو بۇ ھەقتە: «جاڭ يىچاۋ بۆ-
كۈچىننى ئەۋەتتى» دېگەن مەسىلىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرى-
سىدا بارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى بىردۇر» دەپ ئىزاھلايدۇ①.
مورى ياسۇتاكائو مۇشۇنداق دەپ مۇقىملاشتا كوۋادا روكۇرۇ، فۇزىئېدا
ئاكىرا، ئابې تاكېئو قاتارلىق مەركىزىي ئاسىيا تارىخى بويىچە
چوڭ مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە باشقىلارنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلىنىدۇ.
ئې. پېنكىسمۇ «جاڭ يىچاۋنىڭ تاپشۇرۇقى» يۈز بەرگۈدەك ئەھ-
ۋاللار تەرەققىياتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرىسىدا
گۇمان قىلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىچە يازىدۇ: «866 - يىلى ئۇيغۇرلار
بېيتىڭ (بېشبالىق — ئا. م) دىن ئۈگۈچۈن (بۆكۈچىن — ئا.م)
رەھبەرلىكىدە گويا جاڭ يىچاۋنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كۆتۈرۈلگەن-
مىش، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇيغۇرلار خەنزۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن
تىبەتلىكلەرگە قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق كۈرەشلەر ئېلىپ

① مورى ياسۇتاكائونىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ئەمگىكىنىڭ 129-
بېتىدىن ئېلىندى.

باردى ۋە تىبەتلىكلەرنى شەرقىي تۈركىستاندىن ھەممە گەنسۇنىڭ غەرب تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم قوغلاپ چىقاردى①. ئې. پىنكىس ئۆزىنىڭ بۇ خۇلاسىسىنى 3·5- — 3·7- تېكىستلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ چىقارغان. مۇشۇ ھۆججەتلەرگە غەرەزلىك ھالدا (ئوبيېكتىپ بولمىغان ئاساستا — ت) قارىمىغاندىمۇ بۇ يەردە «خەنزۇلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى»نى زادى كۆرگىلى بولمايدۇ. پىنكىسنىڭ بۇ يازغانلىرىدىن بۆكۈچىن ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغاندا تىبەت دۆلىتىنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىمۇ ئەينى بىر ۋاقىت ئىچىدە (ياكى ئەينى ۋاقىتتا دېگۈدەكلا) چەكلىك دەرىجىدە ھەربىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلغان، دېگەن مەنە چىقىدۇ. مۇشۇنداق ئۆزئارا كېلىشىپ قىلىنغان ھەرىكەت بارمىدۇ؟ بىز مۇشۇنداق كېلىشىپ قىلىنغان ھەربىي ھەرىكەت بولمىدى ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، دەپ مۇقىملاشتۇرۇش تەرەپدارىمىز. ھەممىدىن ئاۋۋال بىزنىڭ قولىمىزدا، تاڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن تۇرپان ۋادىسىنى ئىگىلىۋالغان تېلى قەبىلىلىرى گورۇپپىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا كېلىشكەن ھەرىكەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بىرەر مەنبە ماتېرىيال يوق، ئۇنداق بولۇشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدە دۈشمەنلىشىش بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدىغان مۇھىم ئاساسلار بار. مۆلچەرلەرگە قارىغاندا، كەلگۈسىدىكى تۇرپان خانلىقىنىڭ ئاساسىي مېغىزىنى تەشكىل قىلغان ئېدىزلار سەددىچىن بويىدا تاڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئېدىزلار ئۈستىدىن زوراۋانلىق ۋە نەسلىنى قىرىپ يوقىتىش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكىنى ئۇلار ئەسلىرىدە ئوبدان ساقلاپ كېلىۋاتقاندى، ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋات-

① پىنكىسنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى توغرۇلۇق 1960 - يىلى ۋىسبادېندا نەشر قىلىنغان كىتابىغا قاراڭ.

قان مەزگىللەردە، تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى ئەسلى ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. خاقانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ شۇنداق ۋەزىيەت تۇغۇلدىكى، بۇ خىل مۇناسىۋەتلەر داۋام قىلىۋەردى. تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرلار يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان كۇچادىكى گۇرۇپپىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئورۇنۇشلىرى تېلى قەبىلىلىرىگە ياقمايتتى. شۇ چاغدا، تاڭ ئىمپېراتور سارىيى پان - تېكىننى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا ھازىرلىنىۋاتاتتى. ئېھتىمال، مانا مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك، تاڭ دۆلىتىنىڭ ئەلچىلىكىگە ھۇجۇم قىلدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بۆكۈچىنىڭ ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلىنىشىدا ئالدىنئالا كېلىشىۋالمىغانلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟ بۆكۈچىنىڭ ھەربىي يۈرۈشى بىلەن تىبەت دۆلىتىنىڭ شەرقىي چېگرىلىرىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالغانلىقى تاسادىپىي ئەھۋال. تىبەت دۆلىتى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن بەك چۈشكۈنلۈك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. مانا مۇشۇ ئەھۋالدىن تاڭ دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى پايدىلىنىپ، تىبەتلىكلەرنى قىستاش ئۈچۈن، ئۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان ئورۇنۇشلارنى قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئى. پېنكىسنىڭ بۆكۈچىنگە خەنزۇلار تەرەپتىن ياردەملەر بولدى، دېگەن گەپ - سۆزلىرى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بەلكىم پېنكىس تۇرپان ۋادىسىدىكى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا تېررىتورىيىلەردە ياشىغۇچى خەنزۇلارنى دەمدىكىن يا؟ جاڭ يىچاۋ رەھبەرلىكىدە دۇڭخۇاڭدا ياشاپ كەلگەن خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۆكۈچىن ئىگىلىۋالغان تۇرپان ۋادىسى ۋە باشقا

رايونلارغا كەلسەك، ئۇ يەرلەردە خەنزۇ ئاھالىسى دائىم بەك
ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىپ كەلگەن، بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار
ھەممىلا شەھەرلەردە ياشىمىغان. تىبەت دۆلىتىنىڭ تاڭ ئىمپېرى-
يىسى بىلەن ئېلىپبارغان يۈز يىللىق كۈرىشى ۋە كېيىن ئۇيغۇر
خاقانلىقى بىلەن بولغان كۈرەشلىرى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ خېلى دەرىجە-
دە ئازىيىشىغا سەۋەب بولۇشى كېرەك ئىدى. ئايرىم خەنزۇلار-
نىڭ بۆكۈچىن تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلىشى بۇ
تولۇق رېئال گەپ، ئەمما ئې. پېينكىسنىڭ نەزەردە تۇتقۇۋاتقىنى
بۇلار ئەمەس.

پېينكىسنىڭ تىبەتلىكلەر «شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي
گەنسۇ» دىن سىقىپ چىقىرىلدى، دەپ مۇقىملاشتۇرۇشىمۇ ئەمە-
لىي ئەھۋالغا زادى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھەربىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ
بېرىلدى، دېگەن رايون خېلىلا دەرىجىدە تار بولغان. بۆكۈ-
چىن ئىگىلىۋالغان شەرقىي تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە
جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە جايلاشقان تېررىتورىيىلەر تەتقىقاتچى پېين-
كىسنىڭ مۆلچەرىدىن خېلى دەرىجىدە كىچىك ئىدى. غەربىي
گەنسۇنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەلىي
ئەھۋالغا زادى ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردا غەربىي گەن-
سۇدا ئايرىم قەبىلىلەر ئولتۇرۇشىدا ھاكىمىيەت تالىشىشى ھە-
مىشە دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى. تېلىلارمۇ بۇ رايونغا ئۇ چاغ-
لاردا تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى.

فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ ۋە موگۇاڭۋېنلار جۈڭگو مەنبە-
لىرىگە تەنقىدىي قارىماستىنلا پايدىلانغان. ئۇلارنىڭ ئۇي-
غۇرلار تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشىگە بېغىشلانغان ماقالىسىدە:
«ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپكە كۆچكەندىن كېيىن، ئارىدىن ئۇزۇن
ۋاقىت ئۆتمەي ... 864 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ داھىيسى
فۇگۇچۈن بېيتىڭ رايونىدىن تىبەتكە ھۇجۇم قىلدى. تىبەتلىك-
لەرنىڭ باشلىقى زان كونبېزېرنىڭ كاللىسىنى ئالدى. شىجۇ

(تۇرپان ـــ ئا. م)، لۇنتەي (ئۇرۇمتاي) نى ئىگىلىدى» دەپ يازىدۇ①.
بۇ ئادەملەرنىڭ مۇشۇ بايانى «كونا تاڭنامە»نىڭ تېكىستىنى (3-7 تېكىستكە قاراڭ) ئۇنىڭغا ھېچنېمە قوشماستىنلا ئۆزلىرىنىڭ تىلى بىلەنلا سۆزلەپ بېرىشىدۇ. پەقەت بۇ يەردە «ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي» دېگەن كىرىش سۆزلا قوشۇلغان. بۇ سۆزلەر بۇ يەردىكى خاتالىقنى تېخىمۇ چوڭايتىدۇ، چۈنكى بۆكۈچىننىڭ «غەربكە» كۆچكىنى ھېچقاچاندا بولغان ئەمەس. بۇ سۆزلەر مەزكۇر ئاپتورلارنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرنى پەرق ئەتمەستىن سۆزلەۋاتقانلىقىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. بۆكۈچىن مۇشۇ تېررىتورىيىلەرنى ئىگىلىۋېلىشنىڭ ئالدىدا، تۇرپان ئويمانلىقىنى ۋە شەرقىي تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگە جايلاشقان شەھەرلەرنى كىم ئىگىلەپ تۇرغانىدى؟ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۆكۈچىن كىم بىلەن سوقۇش قىلغانىدى، دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىشتا بەزى قىيىنچىلىقلار يۈز بېرىدۇ. پان - تېكىن خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن كەتكەن چاغدا تۇرپان ۋادىسى يېنىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئەھۋالغا قارىغاندا، تۇرپان ۋادىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئۆتسە كېرەك. چۈنكى پان- تېكىننىڭ ئالدىدا قاراشەھەر، كۇچا رايونىغا بېرىشتىن باشقا يول يوق ئىدى، پان - تېكىن شۇ چاغدا تۇرپان ۋادىسىنى ئىگىلىمىدى، مۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، ئۇنىڭ بۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىش پىلانىنىڭ يوقلۇقىدا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان چاغدا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ قالمايلى دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىدىن بولدى. مۇشۇ رايوندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ كېيىنكى راۋا-

① قېڭ جياشېڭ قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈش مەسىلىسى» دېگەن كىتابىنىڭ 42 - بېتىگە قاراڭ.

جى پان - تىبكىننىڭ ئىختىيارىدا شۇ چاغدا ھەربىي كۈچىنىڭ
چەكلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا
پان - تىبكىن (ياكى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى) تۇرپان خانلىقى
تەرىپىدىن قىلىنغان بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىدى ۋە كۇچا-
نىڭ مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالالمىدى. 4.8 - تىبكىستىنە، ئۇيغۇر
خاقانلىقىنى تاشلاپ چىقىپ بوغدا تاغلىرىغا كېلىپ پاناھ تاپقان
يەنە بىر بۆلۈك قەبىلىلەر ئۈستىدىمۇ گەپ بولۇۋاتقانلىقىغا
دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر گورۇپپا خەلق سىرلىق
بولۇپ تۇرىدۇ. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا،
ئۇلارنىڭ سانى 200 مىڭ ئادەمگە يېتىدىكەن، ئەگەردە مەنبەدى-
كى ماتېرىياللاردا بۇ گورۇپپا خەلقنىڭ سانى ئاشۇرۇپ كۆر-
سىتىلگەن دەپ قارىغاندىمۇ بۇ گورۇپپا خەلقنى ئەڭ چوڭ تۈر-
كۈم خەلقلەرنىڭ بىرى دەپ قاراشتا گەپ يوق. تۆۋەندە مۇشۇ
سىرلىق بىر گورۇپپا خەلقنى ئىمكان يار بەرگۈچە تەپسىلىي
قاراپ چىقىش مۆلچەرلەنمەكتە، يەنە مۇشۇ يەردە بۇ بىر قىسىم
ئادەملەرنىڭ تۇرپان ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشكە جۈرئەت
قىلالمىغانلىقىنى، بەلكى تۇرپان ۋادىسىنىڭ چەت ياقىلىرىدىكى
تاغلاردا توپلىشىۋالغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، خاقانلىق ھالاك بولغان چاغلاردا
بۇ يەردە خېلى مەھكەم ۋە دېگەندەك كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەت
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسا كېرەك.

تىبەت 790 — 791 - يىللاردا، ئەسلى يەرلىك خەلقنىڭ
ياردىمى بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارشى كۈرەشتە چوڭ مۇۋەپ-
پەقىيەتلەر قازاندى ۋە كۇچا - قاراشەھەر رايونى، تۇرپان
ئويمانلىقىنى ۋە بېشبالىق ئۆپچۆرىسىدىكى رايونلارنى ئۆز
كونتروللۇقىغا ئالدى. مۇشۇ تېررىتورىيىلەرنى ئىگىلىۋېلىش ئۈ-
چۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەشلەرگە شۇ چاغدىكى
شەرقىي ئاسىيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئۈچ دۆلەت دەپ ھېسابلان-

غان تاڭ ئىمپېرىيىسى، ئۇيغۇر خاقانلىقى ۋە تىبەت دۆلىتى قاتناشتى، بۇ سوقۇش بىر نۆۋەتتە ئۇ، يەنە بىر نۆۋەتتە بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئاخىرىدا تىبەتنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن تاماملاندى. بۇ مۇۋەپپەقىيەت تىبەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تىبەتتە ئىچكى زىددىيەتلەر چوڭقۇرلىشىپ، پىشىپ يېتىلىپ بېسىۋالغان تېررىتورىيىلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ يېتىش قولىدىن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇھىم رايونلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن بولغان سوقۇش، ماھىيەتتە، مۇشۇ تېررىتورىيىلەردىن ئۆتىدىغان غەرب تەرەپتىن شەرققە بارىدىغان بەك مۇھىم سودا يوللىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن بولغان كۆرەش ئىدى. بۇ كۆرەشلەر باشقىلارنىڭ تېررىتورىيىسىدە چوڭ قەتئىيلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. كىچىك دۆلەت بولۇپ بىرلەشكەن يەرلىك ئاھالە، مەسىلەن، ئىدىقۇت ياكى ۋادىلارغا جايلاشقان نۇرغۇنلىغان شەھەر دۆلەتلىرى بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارغا قارشى تۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى. بۇ قوشنا دۆلەتلەرنىڭ شۇ يەرلىك دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە كۈچلىرىگە دائىم بۇزغۇنچىلىق قىلىپ كەلدى، پارچە - پارچە كۈچلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ يەرلىك دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتى ئازراق زىيان تارتىش ھېسابىغا ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ساقلاپ قېلىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت بولدى. نەتىجىدە ئۇلار بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزسە، بىر تۇرۇپ باشقا بىرى بىلەن كېلىشىملەر تۈزۈپ تۇردى.

بېشبالىق رايونى ئۇيغۇر خاقانلىقى ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىملار ئۇرۇنۇپ كۆردى. لېكىن بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇۋەرمىدى. ئەمما بىزدە بۇ توغرۇلۇق

مەلۇماتلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە، بۇ رايون تا ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغۇچىلىك تىبەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرغان. مانا مۇشۇنداق مۇقىملاشتۇرۇشلاردا 840 - يىلىدىن كېيىن، خاقانلىق ئاھالىسىنىڭ كۆچۈشىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئېنىقسىزلىقلارنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. مەسىلەن، خ. ئېچېدى: «ئۇيغۇرلار ۋاقىتلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن تىبەتلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرالمىدى، ئۇيغۇرلار تىبەتلىكلەرنى، ئارىدىن بىر قانچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىرغىز ئەسكەرلىرىدىن قاچقان چاغدا (840 - يىلى ئەتراپىدا) ئۇ يەرلەردىن قوغلاپ چىقاردى.»①

ۋ. ئا. باگاسلوۋىسكىنىڭ بۇ ھەقتە يازغانلىرىمۇ يۇقىرىقى پىكىرلەرگە ئوخشاپراق كېتىدۇ: «شىمالدا تۈرك - قىرغىزلار تەرىپىدىن بېسىمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيانى ئىگىلەش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتلەر ئېلىپ باردى. 843 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلار تارىم، بېشبالىق، قاراشەھەر، كۇچالارنى ئىگىلىۋالدى.»②

خ. ئېچېدى ۋە ۋ. ئا. باگاسلوۋىسكى ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى مۇشۇ رايوندا كېلىپ چىققان ۋەزىيەتنى بەكمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى مۇھىم خاتالىقلارغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ رايونلارغا كەلگەن پان - تېبكىن باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەر يەنى خاقانلىق تېررىتورىيىسىنى تاشلاپ كەلگەنلەر كۇچا، قاراشەھەر رايونىنى ئىگىلىگەنىدى. تۇرپان ۋادىسى ۋە بېشبالىق رايونىنى 866 - يىلى بۆكۈچىن

---

① ئېچېدىنىڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق ئۈچۈن تىبەتلىكلەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشى» ناملىق 1969 - يىلى نەشر قىلىنغان ماقالىسىگە قاراڭ.

② ۋ.ئا. باگاسلوۋىسكىنىڭ: «تىبەت تارىخىدىن ئوچېرىكلار» دېگەن كىتابىنىڭ 69 - بېتىگە قاراڭ.

ئىگىلىۋالغانىدى. بۇ يەردە بۆكۈچىننى «خاقانات تېررىتورىيىسى-
دىن قاچقۇچى» دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۆكۈتېكىننىڭ كېلىشى
ئۇيغۇر خاقانلىقى يوقىتىلىپ 25 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بولۇ-
ۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بۆكۈتېكىننىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ كېلىشى-
دىكى سەۋەب، ئۇنىڭ خاراكتېرى بۈگۈنگە قەدەر دېگەندەك
تەتقىق قىلىنغان ئەمەس. باگاسلوۋسكى: ئۇيغۇرلار «... ئىگى-
لىۋېلىش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتلەر ئېلىپ باردى ...»
دەپ يازىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىشىنى
مۇنداق تەسۋىرلەش دېگەندەك جايىدا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇي-
غۇرلار شۇ چاغلاردا ئىستېلاچىلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئۇ يەرلەرگە بېرىشى تىنچلىق خاراكتېرىدە ئىدى. بۇنىڭغا
مىسال قىلىپ كۇچانىڭ ئىگىلىۋېلىنىشىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.
بەزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قاچقۇنلار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان
ۋاقىتلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىگە
كېلىشى شۇنداق بولغان. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى
تېررىتورىيىلەرگە كۆچۈپ جايلىشىشى ھەر خىل شەرت - شارا-
ئىت ئاستىدا يۈز بەرگەن (بۇ يەردە گەپ پەقەت ئەسلى ئۇي-
غۇرلار ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ). ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇن ئاساسەن،
تىبەت دۆلىتى تەركىبىگە كىرگەن يەرلەرگە كۆچۈپ كېلىپ جاي-
لاشقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ
يەردە تىبەتلىكلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئارانلا دېگۈدەك ئۆز-
لىرىنىلا ساقلاپ تۇرالىغان ياكى تامامەن يىمىرىلگەن بولۇپ،
يەرلىك ئاھالە تىبەتلىكلەرنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھۆكۈمرانلىقى
نەتىجىسىدە بەك ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا ئىدى. ئەگەر
ھازىرقى بۇرژۇئا سىياسەتۋازلىرىنىڭ تېرمىنى بويىچە ئېيت-
ساق، ئۇيغۇرلار «بوش قالغان ئورۇننى تولدۇرغان» بولدى.
تېلىلارنىڭ (توققۇز ئوغۇزلارنىڭ) تۇرپان ۋادىسىغا كېلىپ
جايلىشىشى باشقا خاراكتېردە بولدى. تۇرپان ۋادىسىدا ۋە

بۇكۈتېكىن بېسىپ كېلىشتىن ئاۋۋالقى بېشبالىق رايونىدا مەۋجۇت ئەھۋالنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشتىن بۇرۇن، بۇ يەرلەرنى تىبەتلىكلەر ئىگىلىۋېلىشنىڭ ھارپىسىدىكى (790 — 791) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىللىق ئەھۋالنى قىسقىچە بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تىبەت دۆلىتىنىڭ ئەسلى تېررىتورىيىسىدىن بەكمۇ يىراقتا جايلاشقان تۇرپان ۋادىسىنى بولۇپمۇ بېشبالىق رايونىنى تىبەتلىكلەرنىڭ بېسىۋېلىشىغا نېمە سەۋەب بولدى؟ ئاۋۋال مانا مۇشۇ مەسىلىنى قاراپ چىقىمىز. «كونا تاڭنامە»دە بەك قىزىق بىر مەلۇمات يېزىلغان. بۇ ماتېرىيال تىبەتلىكلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقلىرىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر قەدەر ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

«3·10 جېنيۈەن (贞元) نىڭ 6 - يىلى (790·2·7 — 791·1·20) تىبەت بىزنىڭ ۋىلايىتىمىز بېيتىڭنى بېسىۋالدى. بېيتىڭ (بېشبالىق) ۋە ئەنشى (كۇچا) ئوردىغا مەلۇمات يوللاشتا ئۇيغۇر دۆلىتى ئارقىلىق ئۆتىدىغان يولدىن پايدىلىناتتى، شۇڭلاشقىمۇ [ئۇيغۇرلارغا] بويسۇناتتى. بۇ ياۋايىلار ئاچكۆز ۋە ياۋۇز ئىدى. بىر نەرسە تەلەپ قىلىشتا چېكىنى بىلمەس ئىدى. بېيتىڭ چياڭ (羌 ياۋايى) لارغا يېقىن ئىدى. ئۇلار خەلقلەرنىڭ كىيىم - كېچەكى، يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ۋە باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملىرىنى زورمۇزور تارتىۋالاتتى. خەلقنىڭ قولىدا ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ھېچنېمە قالمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، 6000 ئاۋۇلدىن كۆپرەك چۆل تۈركلىرىمۇ بېيتىڭغا بەك يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى ۋە ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارغا بويسۇنۇپ تۇراتتى، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى خالىغانچە بۇلاپ - تالاپ تۇراتتى، خەلقمۇ نارازىلىقىنى ئىپادىلەيتتى. قارلۇقلار، ئاق كىيىملىك تۈركلەر ئۇيغۇرلار

بىلەن ئىناق ئۆتەتتى، لېكىن ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇلاڭچى-
لىقىدىن قاخشايتتى. تىبەتلىكلەر قىممەتلىك سوۋغا - سالاملار
بىلەن ئۇلارنى سېتىۋالدى ۋە قىزدىقتۇرۇپ ئۆزىگە
جەلپ قىلىۋالدى. ئۇلارمۇ [تىبەتلىكلەرگە] قوشۇلۇپ كەتتى.
شۇنىڭ بىلەن تىبەتلىكلەر قارلۇقلار ۋە ئاق تۇركلەرگە
باشچىلىق قىلىپ، ئىككىنچى يىلى بېيتىڭ (رايونى) غا ھۇجۇم
قىلىپ كىردى، ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى ئىل ئۆگەسى يار-
دەم ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ كەلدى، لېكىن بىر قانچە قېتىم
قاتتىق مەغلۇبىيەتكە يولۇقتى. تىبەتلىكلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە
[بېيتىڭنى] مەھكەم قورشىۋالدى. بېيتىڭنىڭ ئاھالىسى ئۇيغۇر-
لاردىن دەرد تارتىپ كەلگەچكە شۇ يىلى تىبەتلىكلەرگە تەسلىم
بولدى، چۆل تۇركلىرى قەبىلىلىرىمۇ تەسلىم بولدى. بېيتىڭنىڭ
نائىبى يان شىگو ئۆز قوماندانلىقىدىكى 2000 دىن ئوشۇق
ئادەم بىلەن شەھەرنى تاشلاپ شىجۇ (تۇرپان ۋادىسى)غا قېچىپ
كەتتى. ئىل ئۆگەسى مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇپ، [ئۇيغۇر دۆلىتىگە]
قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جېڭيۈەننىڭ 7 - يىلى
كۈزدە (791·8·5 — 10·31) ئەللىك - ئاتمىش مىڭ ئادەم (ئۇي-
غۇرلار توپلىغان) بېيتىڭنى ئازاد قىلماق بولدى، [يان] شىگوغا
بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق يەنە تەكلىپ قىلدى.
كۆتۈلمىگەن جايدىن تىبەتلىكلەر قارلۇقلار ۋە باشقىلارنىڭ
ھۇجۇمىغا يولۇقتى، قاتتىق مەغلۇپ بولدى، كۆپ قىسمى ھالاك
بولدى. ئىل ئۆگەسى [يان شىگو]نى كولدۇرلىتىپ: «ئەگەردە
مەن بىلەن خاقاننىڭ قارارگاھىغا بارسىڭىز سىز ئىمپېراتور
سارىيىغا قايتقىنىڭىزدا سىزنى ھىمايە قىلىپ ساقلاپ بارىدىغان
ئەسكەرلەر قوشۇپ بېرىدۇ» دەيدۇ. [يان] شىگو ئۇنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاپ خاقاننىڭ قارارگاھىغا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنى تۇتۇ-
ۋالىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە ئۆلتۈرىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەنشى
بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۇيەردە (نائىپلىق)

ھاكىمىيەت ساقلىنىپ قالغان ـ قالمىغانلىقى بىزگە نامەلۇم.»

«پەقەت شىجۇ ئاھالىسى شىددەت بىلەن قارشىلىق كۆرستىپ تۇردى. ئېل ئۆگەسى مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندىن كېيىن، قارلۇقلار ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئىستۇپ دەرياسىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىپ ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىلىرىنى، قوي ۋە يىلقىلىرىنى شىجۇدىن كۆچۈرۈپ، خاقان قارارگاھىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى رايونلار غابېرىپ پاناھلاندى.»①

مانا مۇشۇ تېكىستتە تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەر خىل مۇھاكىمىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋاللار بار. مۇنداق جايلار ھەممىدىن ئاۋۋال بىز تەكىتلىگەن ئورۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك. مانا مۇشۇ ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئورۇنلارنى تەھلىل قىلىش ئىشى بىلەن سېن جۇڭمىيەن، ئابې تاكېئو، خ. ئېچېدى، ك. ماككېراس ۋە باشقىلار شۇغۇللاندى. مورى ياسۇ يېقىندىلا مۇشۇ تېمىغا دىققەت قىلىپ قالدى②. تەتقىقاتچىلار مەزكۇر تېكىستنى ھەر خىل چۈشىنىپ بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى بولغان خۇلاسىلەرگە كېلىدۇ. مەسىلەن، خ. ئېچېدى تېكىستنىڭ بىز تەكىتلەپ ئاستىغا سىزىپ قويغان قىسمىنى تۆۋەندىكىچە تەرجىمە قىلغان: «ئۇلار بىزنىڭ ئۆلكىمىزگە مەنسۇپ ئىدى، تىبەتلىكلەردە ئاچكۆزلۈك ۋە تاش يۈرەكلىك خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەلىپى تولىمۇ يۇقىرى ئىدى. بېيتىنىڭ چىياڭ (قەبىلە)لەردىن يىراق ئەمەس ئىدى.

---

① «كونا تاڭنامە» 1966 ـ جىلد، «تىبەتلىكلەر ھەققىدە قىسسە» 100 ـ بەت، تەكىتلەش بەلگىلىرىنى بىز قويدۇق ـ ئا. م.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق ئۈچۈن تىبەتلىكلەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى»نىڭ 60 ــ 87 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

تىبەتلىكلەر بىيىتىڭدا تۇرۇشلۇق كىشىلەردىن تۇرمۇشقا كېرەك-
لىك كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى
مەجبۇرىي تارتىۋالاتتى، كىشىلەر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە چارىسىز
ئىدى.» بۇ تەتقىقاتچى مەزكۇر تېكىستنى مۇشۇنداق چۈشەنگەن-
لىكىگە ئاساسلىنىپ، تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كېلىدۇ: بىيىتىڭ
(بېشبالىق) ۋە ئەنشى (كۇچا) تاڭ دۆلىتى مەركىزىي قارىمىقىدا
بولغانىكەن. بۇ يەردىكى ئۆزىنىڭ ئىزاھلىرىدا ئې. چاۋانىس-
نىڭمۇ تېكىستنىڭ مۇشۇ قىسمىنى شۇنداق چۈشەنگەنلىكىنى
كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. «پەن» (番) ئىروگلىفىنى تىبەت سۆزىنىڭ
قىسقارتىلمىسى دەپ چۈشىنىش كېرەك. شۇڭلاشقا ھەممە بۇلاڭ-
چىلىقنى تىبەتلىكلەر قىلدى، دېگەن خۇلاسە كۈچكە ئىگە
بولىدۇ.

1968 - يىلى، ك. ماككېراس «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھە-
ققىدە قىسسە» نى، جۈملىدىن مۇشۇ كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن 3.10-
تېكىستنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى. تېكىست-
نىڭ مۇشۇ قىسمىنى — ئۇنىڭ كىتابىنىڭ ئىككى نەشرىدىكى
تەرجىمىسىنى نەقىل كەلتۈرىمىز: «بۇنىڭدىن بۇرۇن بىيىتىڭ بىلەن
ئەنشى خان سارىيىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندا ئۇيغۇر-
لار تېررىتورىيىسىدىن ئۆتىدىغان يول ئارقىلىق باراتتى. شۇڭ-
لاشقا، ئۇيغۇرلارغا تايىناتتى. تىبەتلىكلەر ئاچكۆزلۈك بىلەن
تەلەپلەر قوياتتى، بىيىتىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن يېقىن بولغانلىقى
ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى شۇ
يەردىن بۇلاپ تارتىۋالاتتى.»①

ك. ماككېراس تېكىستنىڭ بىرىنچى قىسمىنى بېشبالىق
ۋە كۇچا ئۇيغۇرلارغا بېقىنىپ تۇرغان دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ
ئىككىنچى قىسمىنى ئىزاھلىشى خ. ئېچېدىنىڭ پىكرىگە ئوخ-

---

① ماككېراسنىڭ 1968 - يىلى كانبېرادا نەشر قىلىنغان
«ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ‹740 — 744›» دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

شاش چىقىدۇ. ك. ماككېراس ئۆز تەرجىمىسىدىكى بېشبالىق رايونى ئاھالىسىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغانلىقى سۆزلىنىۋاتقان قىسمىنى يەنە قايتا قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كىتابىنىڭ بىرىنچى نەشرىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن تەرجىمىسىگە قارىغاندا، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ بەكمۇ ئاچكۆزلۈكى بايان قىلىنغان.

بىر مەنبەنىڭ ھەر خىل نەشرىدە ۋە ھەر خىل ئەسەرلەردە ئوقۇلۇشى ھەر خىل بولۇپ كەلگەنلىكتىن، تېكىستنى توغرا چۈشىنىشكە خېلىلا دەرىجىدە قىيىنچىلىقلار بولۇپ تۇرغان. بىزنىڭ مەزكۇر ئەسىرىمىزدە تېكىستتىكى ھەممە قارىمۇ قارشىلىقلارنى ۋە ھەر خىل ئوقۇلۇشلارنى تەپسىلىي تەھلىل قىلمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىزمەت مورى ياسۇتاكائوتەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بۇ ياپون تەتقىقاتچىسى ھەممە مەنبەلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن پىكىرلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، بېشبالىق ۋە كۇچا ئۇيغۇرلارنىڭ قارمىقىغا چۈشۈپ قالغانىكەن ۋە ئۇيغۇرلار بۇ شەھەردىكى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى تېررىتورىيىلەردە تۇرغۇچى ئادەملەردىن تۈرلۈك ناملار بىلەن نەرسە - كېرەك ئېلىپ تۇرغان، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

ئىمپېراتور سارىيىدىكى تارىخچىلار ئۆزلىرىنىڭ يىلنامىلىرىگە كېيىن كونا تاڭنامىدە سىستېمىغا سېلىنغان مەلۇماتلارنى يازغان چاغلاردا، ئۇيغۇر خاقانلىقى تاڭ دۆلىتىنىڭ بىردىنبىر كۈچلۈك ئىتتىپاقچىسى ئىدى ۋە تىبەتكە قارشى قاتتىق كۈرەشلەر ئېلىپ بارغانىدى. لېكىن بۇ ئىككى دۆلەت تىبەتكە قارشى ئۆز ئارا كېلىشىپ ھەربىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بارغان دەپ مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما تىبەتنىڭ ئىككى فرونتتا — تاڭ دۆلىتى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرىشى ئۇيغۇرلارنى جۇڭگونىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقچىسى قىلىپ قويىدى. تاڭ دۆلىتى تارىخچىلىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئالدىنئالا بىر پىكىر توقۇپ

چىقىشى ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبەتەن كىچىك بولغان ۋە بېشبالىق
رايونىغا جايلىشىپ قالغان گۇرۇپپىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا
مۇناسىۋەتلىرىدىكى ھەرىكەت ئوبرازلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئال-
دىنئالا بۇرمىلىغانلىقى ۋە دەل مۇشۇ ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە
تىبەتلىكلەرگە نىسبەتەن پەقەت ئورۇنسىز كۆڭۈل يېقىنلىقىنى
ئىپادىلىشى بەك شۈبھىلىكتۇر. تاڭ دۆلىتىنىڭ رەسمىي ۋەكىللى-
رى ئۇيغۇرلارنىڭ رولىغا توغرا باھا بەرگەنىدى. ئىپپى كەلگەندە
ئۇيغۇرلاردىن يەنە قوشۇمچە پايدا ئېلىش ئارزۇسىدا جۇڭگونىڭ
ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئوبدان مۇناسىۋەتتە بولغانلىقلىرىنى ئوچۇق
بايان قىلىپ تۇردى. مەسىلەن، تاڭ دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى
ليۇيۈەندىن تىنچلىق توغرىسىدا گەپ - سۆز بولۇپ تۇرغان
چاغلاردا تىبەت باش قوماندانى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىدە
مانا شۇنداق قىلغان (3•12 - تېكىستكە قاراڭ). ئابې تاكېئوتىبەتلىك-
لەرنىڭ چۆل تۈركلىرى، قارلۇق ۋە ئاق كىيىملىك تۈركلەردىن
خېلىلا چوڭ ياردەملەر ئالغانلىقىنى بايان قىلىپ تۇرۇپ، شۇ
چاغلاردا بېشبالىق رايونىدا ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن دۈشمەنلىك
مەۋقەدە تۇرغان خېلىلا نۇرغۇن باسمىللار ياشاپ كەلگەنلىكىنى،
مۆلچەرلەشكە ئىمكان بېرىدىغان مەلۇماتلارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.①
مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار باسمىللارنى 750 — 753 - يىللاردا تارمار
كەلتۈرگەنىدى، مانا شۇ باسمىللار بېشبالىق رايونىدا ئولتۇراق
تۇرمۇش كەچۈرەتتى. باسمىللار ئولتۇراقلىق تۇرمۇش كەچۈرۈش-
كە ئۆتكەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرىنچىسى ئىدى ۋە يەرلىك
ئاھالە بىلەن (تۈركلەر ئەمەس) خېلىلا دەرىجىدە ئارىلىشىپ
كەتكەنىدى. بۇ توغرۇلۇق ئۆز ۋاقتىدا مەھمۇت قەشقەرىمۇ ياز-

① ئابې تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇرلار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 1965 - يىل كيوتو نەشرى. 163 - بەتكە قاراڭ.

قانىدى①. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن 3.10 - تېكىستتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ يەرلىك ئاھالىگە قارىتا تىبەتلىكلەرنىڭ قوللانغان نىسبەتەن ئەقىلگە مۇۋاپىق سىياسىتى تىبەتلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارشى كۈرىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى ئېنىق ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مۇشۇ رايوندا تىبەت ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن تەپسىلىي ئەھۋاللار تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىسپات ماتېرىياللىرى، بولۇپمۇ خەنزۇچە ماتېرىياللار تەتقىقاتچىلارنىڭ قوللىرىدا بەك ئاز. ئۇيغۇر خاقانلىقى تىبەتلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئورۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقتى. ئابې مۇشۇ مەسىلىدە بەك كۆپ ئېنىقسىزلىقلار بارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مۇشۇ يەرلەردە تىبەت ئىستېلاسى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئېدىزلار يېڭى سۇلالىسىدىن بولغان بىرىنچى خاقان پەقەت قۇتلۇقار (795 — 805) تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە بېشبالىقنى قايتا قولغا كەلتۈرەلىدى②.

مورى ياسۇتاكائو جۇڭگو مەنبەلىرىدە مۇشۇ سوقۇشنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىدىغان پەقەت بىرلا ماتېرىيال بار، دەپ مۇنداق يازىدۇ:

«3.11. جېڭيۈەننىڭ (贞元) 7 - يىلى 8 - ئايدا (791.6.3)

---

① بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە» دېگەن كىتابىغا قاراڭ، 1968 - يىل موسكۋادا نەشر قىلىنغان «بارتولد ئەسەرلىرى» 5 - تومىنىڭ 44 - بېتى.

② ئابې تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 200 — 201 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئۇيغۇرلار تىبەتلىكلەر ۋە قارلۇقلارنىڭ بېيىتىگەندا
(بېشبالىق يېنىدا) مەغلۇپ بولغانلىقلىرى ۋە قولغا چۈشكەن
ئەسىر، چارۋا ماللار ھەققىدە [دوكلات] بېرىشكە [سارايغا] ئەلچى
ئەۋەتتى»①. «يېڭى تاڭنامە»نىڭ مۇشۇ پاراللېل تېكىستىدە غەلىبە
توغرىسىدىكى يەنە مۇشۇ خەۋەرنى سەل باشقىچىرەك بايان
قىلىدۇ②.
خانىدا تورۇ ۋە ئابې تاكېئو قاتارلىق چوڭ تەتقىقاتچىلار
بۇ مەلۇماتنىڭ راستلىقى توغرۇلۇق گۇمان قىلغان ئەمەس ۋە
مەلۇماتنىڭ مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ھەربىي توقۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسى
توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان. ئوتادزاكا: ئۇيغۇرلار-
نىڭ غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇمات ئوپئوچۇقلا
بىر ئويدۇرما، بېشبالىق ئۇچۇن بولغان كۈرەشتە غەلىبە تىبەتلىك-
لەرگە مەنسۇپ دەپ قاراپ، پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى كۆز قا-
راشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مانا مۇشۇ كۆز قاراشنى خ. ساتو قول-
لىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئۇنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، بېشبا-
لىق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردىن كېيىن، ئۇيغۇر خاقانلىقى
تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلاپ بارغان، تىبەتلىكلەر بولسا، ئەكسىچە
مەركىزىي ئاسىيادا ئۆز تەسىرىنى بارغانچە كۈچەيتىپ بارغان.
ئو تادزاكا ۋە خ. ساتونىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئومۇمەن ئالغاندا
خ. ئېچچېدىمۇ قوشۇلىدۇ.
موري ياسۇ تاكائو بۇلارغا جۈملىدىن، خ. ئېچچېدىغا قار-
شى چىقىپ، ئەگەردە بېشبالىق ۋە كۇچا 846 - يىلىغا قەدەر
تىبەتلىكلەرنىڭ قولىدا بولغان بولسا، ئۇ چاغدا بىر قەدەر ئاز
ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىقنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە كۈچ-

① «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» 195 - جىلد،
11a - بەت.
② «يېڭى تاڭنامە» A 217 - جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە
قىسسە» 10a - بەت.

لمۆك دۈشمىنى بېسىپ ياتقان جايلارغا كۆچۈپ كېلىشى غەيرىي تەبىئىي بىر ئەھۋال ۋە ئەقىلگە سىغمايدۇ. بېشبالىق ئۈچۈن بولغان سوقۇشتىن كېيىن بۇ شەھەر بىلەن كۇچا بۇرۇنقىدەك ئۇيغۇرلارنىڭ كونتروللۇقىدا قېلىۋەردى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى بەزىدە مەھكەم، بەزىدە ئاجىز بولۇپ تۇردى، شۇڭلاشقا بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشى تولۇق قانۇنىي بىر ئىشتۇر ①. موري ياسۇ تاكائو «ئۇيغۇر» ئېتنونىمىنى كەڭمەنىدە قوللىنىدۇ. يەنى خاقانلىقنىڭ پۈتۈن ئاھالىسىگە شۇ نامنى ئىشلىتىدۇ. يۇقىرىدىكى كەلتۈرۈلگەن پىكىرلەر (موري ياسۇتاكائونىڭ) بەزى ياپون تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تامامەن قارشى بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ رايوندىكى ۋەقەلەرنىڭ راۋاجىغا ئۆز پوزىتسىيىمىزنى ئاساسلاپ كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز. بىزنىڭ بۇ قاراشلىرىمىز يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان كۆز قاراشلارنى تەتقىق قىلغاندا كېلىپ چىقىدىغان قارىمۇ قارشىلىقلارنى يېشىشكە ئىمكان بېرىدۇ.

ئابې تاكېئونىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، خاقانلىقتا يېڭى سۇلالىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەربىي جەھەتتە قۇدرەت تېپىشى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن. بۇ ئۆزىنىڭ ئىپادىسىنى بېشبالىق ۋە كۇچا رايونلىرىدىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ھەممىدىن ئاۋۋال مۇشۇ يەرلەرنىڭ غەربىدىكى رايونلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. كۆپلىگەن ئاپتورلارنىڭ تەكىتلەپ كۆرسىتىشىچە، ئېدىزلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆز تېررىتورىيىلىرىنى غەربىي تەرەپ يۆنىلىشىدە كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان. ئابې تاكېئو مۇشۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆپ

① موري ياسۇتاكائونىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق ئۈچۈن تىبەتلىكلەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشى ۋە غەربىي يورتنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيىتى» دېگەن كىتابىنىڭ 71 — 72 - بەتلىرىگە قاراڭ.

كۆڭۈل بۆلگەن. ئابې تاكېئوغەرب تەرەپكە مايىل بولغان بول-
سىمۇ، IX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغىچە كۇچا ۋە بېشبالىق
يەنىلا ئۇيغۇر خاقانلىقىغا تەۋە بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئالاھىدە
تەكىتلەيدۇ①. جۇڭگو مەنبەلىرى مۇشۇ رايونىدىكى IX ئەسىرنىڭ
ئاۋۋالقى يېرىمىدىكى ۋەزىيەت ھەققىدە بەك ئاز مەلۇمات بېرى-
دۇ،IX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى بۇ يەردە تىبەتلىكلەر ئۆزلىرى-
نىڭ مەۋقەسىنى يېڭىدىن مۇستەھكەملىۋالغانلىقى بەك ئېھتىمال.
لېكىن بۇ ئەھۋالنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكى ۋە بۇنىڭدا يەر-
لىك ئاھالىنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقى بىزگە نامەلۇم. بەزى
ۋاستىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىقى
ھالاك بولغان چاغلاردا مۇشۇ رايوندا شەكىللەنگەن ۋەزىيەتنى
كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ ئۆتەيلۇق،شەرقىي تىيانشان تاغلىرىنىڭ
جەنۇب تەرىپىدىكى رايونلارنىڭ ۋەزىيىتى توغرۇلۇق بەزى تە-
سەۋۋۇرلارنى 822 - يىلى تىنچلىق توختامى تۈزۈش مۇناسىۋىتى
بىلەن تىبەتكە كەلگەن تاڭ دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى ليۇيۈەندىنىڭ
تىبا تىلىكلەرنىڭ باش قوماندانى ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ
بىرى — شان تىسسرا بىلەن قىلغان سۆھبىتىنىڭ تۆۋەندىكى بىر
قىسمىنى ئانالىز قىلىپ تۇرۇپ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

«3.12. ئۇيغۇرىيە — كىچىك بىر دۆلەت. بىز بىڭشىن
(丙申) يىلى (816 - يىلى) چۆلدىن ئۆتۈپ [ئۇيغۇرلارغا] ھۇ-
جۇم قىلدۇق ۋە ئۇلارنى شەھىرىگە يەتكۈچە 200 كۈن② قوغلى-

① ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرلار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»
1955 - يىل كيوتو نەشرى، 217 - بەت.

② 200 كۈن — مورى ياسۇتاكائو XVIII - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا
ساراي تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابتا «2 - كۈن» دەپ كۆرسىتىل-
گەن، «يېڭى، تاڭنامە» دە بولسا «3 كۈن» دەپ ئېلىنغان، دەپ كۆرسىتىپ، 200
كۈن بولۇشى خاتا، يۇقىرىقى ئىككى سىفىرنىڭ بىرى توغرىراق، دەپ

دۇق، تارمار قىلدۇق ۋە يوقاتتۇق. شۇ چاغلاردا ئۆز دۆلىتىمىزدە يۈز بەرگەن مۇسىبەتلىك ئەھۋالنى ئۇقتۇق ۋە شۇڭا قايتتۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجىزلىقى مانا شۇنچىلىك، لېكىن نېمە ئۈچۈن تاڭ دۆلىتى ئۇيغۇرلارغا بىزگە قارىغاندا كۆپ كۆڭۈل بۆلىدۇ؟ (لىۇ) يۈەندى: «ئۇيغۇر دۆلىتى قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتلىرىمىزدا ياردەم كۆرسىتىپ تۆھپە قوشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ھېچقاچاندا بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كىرمىدى ۋە بىزنىڭ بىر سۈك يېرىمىزنى بېسىۋالمىدى. بۇنى قەدىرلىمىسەك بولامدۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن.»① يېڭى تاڭنامىنىڭ پاراللېل تېكىستىدە مۇشۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنىڭ يىللىرى كۆرسىتىلمىگەن②.

موري ياسۇتاكائو ئاساسلىق دەلىللەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە كەلتۈرۈپ، ئوتادزاكا ۋە خ. ساتولارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى مەزكۇر ئادەملەر 3.12 تېكىستە قىلىنىۋاتقان گەپلەر تىبەتلىكلەرنىڭ خاقانلىقنىڭ مەركىزى ئوردۇبالىق شەھىرى (قارا بالغاسۇن) غا گوبى چۆلىنىڭ غەرب تەرىپىدىن قىلغان ھۇجۇمىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدىكەندۇق. موري ياسۇنىڭ پىكرىچە، مەزكۇر تېكىستتە زىكرى ئېتىلگەن چۆل لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ياكى لوپنۇر بىلەن قارا شەھەر ئوتتۇرىسىدا جايلاشقان چۆل ئىكەن. موري ياسۇتاكائو بېشبالىق

---

ھېسابلايدۇ (موري ياسۇتاكائونىڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق ئۈچۈن تىبەتلىكلەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيىتى» دېگەن كىتابىنىڭ 76 — 86- بەتلىرىگە، 46 - ئىزاھاتىغا قاراڭ).

① «كونا تاڭنامە» 196- جىلد «تىبەتلىكلەر ھەققىدە قىسسە» 15- بەت

② «يېڭى تاڭنامە»نىڭ 216 - جىلد، «تىبەتلىكلەر ھەققىدە قىسسە»، 7a - بەت.

ئۆچۈن سوقۇش بولغان چاغلاردا (VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا) تىبەت ئەسكەرلىرى تۇرپان ۋادىسىنى چەتلەپ ئۆتۈپ، بېشبالىق رايونىغا چىققانىكەن. بۇ يەردە تىبەتلىكلەر قارلۇقلار ۋە ئاق كىيىملىك تۈركلەر بىلەن بالدۇرلا يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بېشبالىق ئۈچۈن سوقۇش بولغان ۋاقىتلاردا تۇرپان ۋادىسى رايونى بىلەن قاراشەھەر تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنمىغانىكەن. بۇ رايونلار شۇ چاغلاردا ئۆزىنىڭ چۈشكۈنلۈك دەرىجىدە تۇرغان ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تەۋەلىكىگىمۇ كىرمىگەن. بۇ رايونلاردا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىلاسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئانچە مۇقىم بولمىغان ۋەزىيەتنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ئېھتىمالغا كۆپرەك يېقىن. 763 - يىلدىن كېيىن، خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىتقىچە كۇچا بىلەن بېشبالىقتا تاڭ دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ ھېچقانداق مۇناسىۋەت قىلالمىغان ئەسكەرلىرى ساقلىنىپ قالغان. مۇنداق ۋەزىيەتنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشى بۇ قوشۇنلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا تولۇق بويسۇنۇپ، شۇلارنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. باشقا شەھەرلەردە بولسا يەرلىك ئاھالىنىڭ ھاكىمىيىتى تەشكىللەندى. بۇنداق ھاكىمىيەتنى تەشكىللەشتە، شۇ يەرلەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان باي سوغدىلىقلار يېتەكچى رول ئوينىغان، كۆچمەنلەر بىلەن ئولتۇراقلاشقان خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا تىجارەت ۋە شۇنىڭدەك دۆلەتلەر ئارا ئۆتىدىغان سودا يولىنىمۇ سوغدىلىقلار باشقۇرۇپ تۇراتتى. VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قوشۇنلىرى يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ ۋەزىيەتتە مۇھىم ئۆزگىرىش بولمىدى، IX ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇشۇ رايوندىكى ۋادىلارغا جايلاشقان شەھەر - دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا تۇردى. بۇ شەھەر - دۆلەتلىرى تىبەت بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقى ئوتتۇرىسىدا ماھىرلىق

جىلەن جانلىق سىياسەت قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىكىنى
ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن 816 - يىلى تىبەت-
لىكلەرنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشىدىكى مەقسەت، ئۇ يەردىن ئۇي-
غۇرلارنى قوغلاپ چىقىرىش بولماستىن، بەلكى شۇ رايونلاردا
ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچىيىپ كەتكەن تەسىرىنى يوقىتىپ، تىبەتلىك-
لەرنىڭ نازارىتىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىدى (3.12 - تېكىستكە
قاراڭ)، سودا يوللىرىغا ئىگە بولۇۋېلىش، ھېچ بولمىغاندا سودا
يوللىرى ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزۈش ئۇلارغا كۆپلىگەن مەنپەئەت
بېرەتتى. شۇڭلاشقا چوڭ دۆلەتلەر مۇشۇ رايوندىكى
شۇ يوللارنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوقۇش-
لار ئېلىپ باردى. زان كونبىزبىرنىڭ 849- ۋە 851 - يىللار ئارى-
لىقىدا ئېلىپ بارغان ھۇجۇمىمۇ سەل باشقىچىرەك ۋەزىيەت ئاس-
تىدا يەنىلا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەقسەتنى (يەنى تىبەتلىكلەرنىڭ
نازارىتىنى ئورنىتىشنى) كۆزلىگەنىدى (2.2 - تېكىستكە قاراڭ).

قىرغىزلار ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىگە ھۇجۇم قىلغا-
نىدىن كېيىن، تاڭ ھاكىمىيىتى خاقانلىقتىكى ئەھۋال توغرۇلۇق
خېلىلا دەرىجىدە ئېنىق بولمىغان تەسەۋۋۇردا بولدى. مەسىلەن،
خۇيچاڭنىڭ (会昌) 3 - يىلى 2 - ئايىدا (843.3.5) سارايغا
قىرغىزلارنىڭ بېشبالىق ۋە كۇچا رايونىغا ھۇجۇم
قىلغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلگەنىدىن كېيىن، مەزكۇر شەھەر-
لەرگە ياردەم ئەۋەتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرۇلۇق پىكىرلەر بايان
قىلىنغانىدى. لېكىن ئېھتىياتچان ۋە تەجرىبىلىك سىياسى-
ئون، ۋەزىر لى دېيۈي بۇ خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە گۇمان
قىلىپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇنداق ياردەم زۆرۈر بولۇپ
قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ۋەزىيەتتە ئۇنداق ياردەم قىلىشنىڭ
مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئەمەلىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا
قويدى. چۈنكى تاڭ دۆلىتى مۇشۇنداق ياردەمنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇش ئۈچۈن بەك زۆرۈر بولغان ئارىلىقتىكى تايانچ بازىلار-

نى قوۋادىن كەتكۈزۈپ قويغانىدى. لى دېيۈينىڭ بۇنداق
مۇھاكىمىلىرى ئىمپېرىيىدىكى ئايرىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل-
دارلارنىڭ مەۋجۇت ۋەزىيەتنى سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلەشكە
قادىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ كۆرسەتتى. لى دېيۈينىڭ
پىكىرلىرى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدا بايان قىلىنغان. تەرجىمىھالى-
نىڭ مۇشۇ قىسىملىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئىمپېراتور سارىيىدىكى
ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ تالاشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى
سەۋەبلەر توغرىسىدىكى مەسىلە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئەگەر
مۇشۇ تېررىتورىيىلەر شۇ چاغدا تىبەتكە
تەۋە بولغان بولسا، تاڭ ھاكىمىيىتى ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي
دۈشمەنلىرىگە ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى ھېچقاچاندا ئوتتۇرىغا
قويمىغان بولاتتى. تاڭ ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىش
ئۈچۈنمۇ ئانچە ئالدىراپ كەتكىنى يوق. دېمەك، مەزكۇر تېررى-
تورىيىلەر تىبەتنىڭ نازارىتىدە بولمىغان بولىدۇ (كۆپچە شۇ
چاغدا پان تېكىن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ بولۇنغانىدى).
شەرقىي تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا جايلاشقان بېشبالىق
ۋە باشقا شەھەرلەر بولسا تېخى ئۇ چاغلاردا تېلى قەبىلىلىرى
(توققۇز ئوغۇزلار) تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنمىغانىدى. ئۇ يەردىكى ۋادى-
لاردا مۇستەقىل، تېخى بىرلىككە كەلمىگەن جامائەلەرنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ كەلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن. جۇڭگو ستراتېگلىرى
ئۆز قوشنىلىرىنىڭ مۇشۇنداق پارچىلىنىپ تۇرۇشىنى دائىم بەكمۇ
ئالقىشلاپ كەلگەن ۋە مۇشۇنداق پارچىلىنىشنى ساقلاپ قېلىش
ئۈچۈن «ياردەم» كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىدى. «كونا تاڭنامە» دىكى
لى دېيۈينىڭ تەرجىمىھالىدا، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان
مەۋجۇت بولۇشتىن قېپقالغان ئەنشى ۋە بېيتىڭ نايىپلىكىگە
ھۇجۇم بولغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى تەئەججۈپ بىلەن
تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ كۈچىيىشى تىبەت دۆلىتىنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە جايلاردىكى ھەربىي ئۈستۈنلۈكىنىڭ يوقىلىشى تۈپەيلىدىن، ۋادىلاردىكى ھاكىمىيەت يەرلىك خەلقنىڭ قولىغا تەدرىجىي ئۆتۈپ قالدى. يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى (مەسىلەن، ئەڭ قەدىمكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنى ۋە كىچىكرەك ۋادىلاردا شەكىللەنگەن شەھەر دۆلەتلىرىنى) قۇرۇشتا قەدىمدىن بۇيان كېلىۋاتقان مۇستەھكەم ئەنئەنىلىرى بار ئىدى. مانا مۇشۇ جەريان ئەھۋاللارغا قارىغاندا XI ئەسىرنىڭ 1 - ئون يىللىقىدا باشلانغان بولسا كېرەك. تىبەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يوقىتىلىشى ھەر جايدا ھەر خىل بولدى. بەزى ئورۇنلاردا تىبەتلىكلەر يەرلىك يۇقىرى قاتلام فېئوداللار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ھاكىمىيەتنى شۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۆزلىرىمۇ شۇ جايلاردا قېلىۋەردى. بەزى رايونلاردا تىبەتلىكلەرنى قوراللىق كۈچ بىلەن قوغلاپ چىقاردى. بەزى ئورۇنلاردا تىبەتلىكلەر ئۆزلۈكىدىن ئالدىن كېتىپ قالدى. مۇشۇ بايان قىلىنغان ئەھۋاللار تىبەت دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى خېلى بىر مەزگىل داۋام قىلىپ تۇرغان رايونلاردىمۇ يۈز بەرگەن. يەنە بىرمۇنچە خېلى كەڭ يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەر تىبەت ھاكىمىيىتىمۇ، ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتىمۇ مۇقىم ھالدا تەرەققىي قىلمىغان يەرلەر ئىدى، بۇ يەرلەردە ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئورۇنلىرى بولغان. مۇنداق يەرلەردە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن شەھەر دۆلەتلىرى شىمال ۋە جەنۇبتىكى ئىستېپلاچىلار ئوتتۇرىسىدا ماھىرلىق بىلەن جانلىق سىياسەت يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تىبەتلىكلەرگە قاراشلىق خېلىلا جايلاردا ۋە مۇناسىۋەتلىك رايون تېررىتورىيىلىرىدە 840 - يىلىغا كەلگەندە، ھاكىمىيەت يەرلىك خەلقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى. بۇ يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئاساسەن، كىچىك، مۇستەقىل، ھەربىي جەھەتتە بەك ئاجىز دۆلەت شەكىللىرى ئىدى. پەقەت تۇرپان ۋادىسىلا بىرقەدەر قۇدرەتلىك

دۆلەت تەشكىلى شەكىللەنگەن بولسا كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭى تاڭنامىدىكى زان كونبېزېرنىڭ نەنسەن بويلىرى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم رايونلىرىغا 849 - ۋە 851 - يىللار ئارىلىقىدا ئىچكىرىلەپ كىرىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلايدۇ (2.2 - تېكىستكە قاراڭ). مەنبەلەردە زان كونبېزېرنىڭ شۇ جايلاردا يۈرگۈزگەن خانىۋەيرانچىلىقى ئۈستىدە مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. تۇرپان ۋادىسى شۇ تېكىستكە قارىغاندا شۇ چاغلاردا يەرلىك تىبەت ھاكىمىيىتىنىڭ بەزى تەسىرلىرى ئۇيەر - بۇيەردە ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، تىبەتنىڭ مەركىزىدىكى ئۆزئارا ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان چوڭ فېئوداللارغا بويسۇنمىغان. زان كونبېزېرنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشى جايلاردىكى ۋەزىيەتكە ھېچقانداق ئۆزگىرىش كىرگۈزەلمىدى. شۇڭلاشقا، بۆكۈچىن يېڭى دۆلەت تەشكىللىنىۋاتقان تېررىتورىيىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن، دەپ جۈرئەت بىلەن مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. كەلگۈچىلەرنىڭ كۈچى يەرلىك ئولتۇراقلىق ئاھالىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى. تۇرا قەبىلىلىرى بۇ رايونلارنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇردى ۋە مەزكۇر دۆلەت XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

تۇرپان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار ئازراق ساقلىنىپ قالغان. مۇشۇ ئەھۋاللار بەكمۇ ھەر خىل پەرەزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. پېنكىس بۇ جەرياننى تۆۋەندىكىچە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ: «... شىجۇ دۆلىتى ( تۇرپان خانلىقى — ئا. م. ) نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئىپتىدائىي تارىخى توغرۇلۇق مەلۇماتلار بەك ئاز. ئېھتىمال، ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا كىرگەن چېغىدىلا ( 840 - يىلى ) شىجۇنى بويسۇندۇرغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ئارىدىن

ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە سىقىپ چىقىرىلدى. پەقەت شىجۇدا 20 يىل
جىددىي كـــۈرەشلەر ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنلا ئۇيغۇرلار بۇ
يەردە ئۇزۇل ـ كېسىل مۇقىملاشتى ①. پېنكىس ئۆزىنىڭ بۇ خۇلا-
سىلىرىنى مەنبەلەردىكى كـونكرېت ئاساسلار بىلەن ياكى ۋاستى-
لىك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ خۇلاسىلەر ئەي-
نى ۋاقىتتا تەنقىدكە موھتاج. ئې. پېنكىس ھەممىدىن ئاۋۋال شۇ
چاغدىكى تىبەتلىكلەرنىڭ كۈچى ۋە رولىنى بەك يۇقىرى مۆلچەر-
لەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىدىن گەپ
ئېچىپ شـەرقىي تـۈركىستانغا ئـۇيغۇرلارنىڭ كىرگەن چېغىدىكى
كـۆلىمىنى كېڭەيتىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ رايونغا
كىرىشى شۇ چاغلاردا پەقەت ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىدىلا ئىدى. نەقىل-
دە پەقەت خەنزۇچە ئاتالغۇلارنىلا مۇقامغا توغرا كەلمىگەن ھال-
دا ئىشلىتىدۇ. ئې. پېنكىس ئۇيغۇر خـاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن
كەلگەنلەر تەرىپىدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەشكىل قىلىنىشىدىمۇ بۆ-
كۈچىنىڭ رولىنى خېلى دەرىجىدە چوڭايتىدۇ. تۇرپان ۋادىسىدىن
چىققۇچىلارنىڭ مانا مۇشۇ جەريانغا ھېچقانداق ئىشتىراك قىلمىغانلىقى
مەلۇم ئىدى. لېكىن ئې. پېنكىس ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا
بۆكۈچىن ئۇيغۇرلىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئې.
پېنكىس: «...شۇبھىسىزكى، بۆكۈچىن (بۆكۈتېكىن ـــ ئا.م.) ئىستېلاسى
نەتىجىسىدە خېلىلا مىقداردىكى ئۇيغۇرلار گەنسۇغا كېلىپ ئورۇنلاشتى »
دەپ يازىدۇ②. مەزكۇر تەتقىقاتچى ئايالنىڭ يەنە بىر باشقا مۆلچە-
رىنىمۇ شۇ كىتابىنىڭ داۋامىدا كۆزگە چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ:
«گەنجۇدا يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن دۆلەتنىڭ ئاساسچىسىنىڭ
كىم ئىكەنلىكى مەنبەلەردە ئانچە ئېنىق ئەمەس. لېكىن بۇ يەردە

① ② پېنكىسنىڭ: « گەنجۇ ئـۇيـغۇرلىرى » ناملىق كىتابىنىڭ
62 ، 63 ـ بېتىگە قاراڭ.

گەپ بۆكۈچىن ( بۆكۈتېكىن — ئا . م. ) ئۈستىدە بولۇۋاتقانلى-
قىنى يەنى خەنزۇلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىرىنچى
خاقانمۇ ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسچىسىمۇ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى
تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن بىز بۆكۈچىننىڭ گەنجۇ دۆلىتى
تەشكىل قىلىنغان چاغدا پان تېلى ياكى ئەنشى بىلەن قانداق
مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى بىلمەيمىز.»①

ئې. پېنكىسنىڭ بايانلىرىنى بۇ يەردە كەلتۈرۈپ ئولتۇ-
رۇشىمىز مۇشۇ مەسىلىگە يەنە قايتىپ كېلىش بولماستىن، بەلكى
بۇ مەسىلىنىڭ ئايرىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگىكىدە قانچىلىك
دەرىجىدە چىگىشلىشىپ گادىرماش بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە-
تىش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن، ل. ن. گومىلىيوۋ بۆكۈچىننىڭ
ھۇجۇمى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە يازىدۇ: «كۇچادا 856 - يىلى
جۇڭگو بىلەن ئالاقىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ
تۇرغان يېڭى خان مانلى يۇرت سوراپ تۇرغانىكەن، لېكىن
بىر يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرىيىگە بارىدىغان يوللار ئۈزۈلۈپ
قالدى. ئەھۋاللارغا قارىغاندا تىبەتلىكلەر قايتۇرما ھۇجۇمغا
ئۆتكەن بولسا كېرەك. شۇ چاغدا بۇ ئىشقا جۇڭغارىيىلىك
ئۇيغۇرلارمۇ ئارىلىشىپ قالدى. بېشبالىقنى ئۆزىگە ئاساس
قىلىپ تۇرغان خان بۆكۈچىن (بۆكۈتېكىن) ۋە تىبەت بۇددىست-
لىرىنىڭ باشلىقى شان بىبىنىڭ ياردەمچىسى، تىزىيغۇنلارنىڭ
سەركەردىسى تۇبا خۇەيگۇەن رەھبەرلىكىدىكى بۇددا دىنىنى
قوللىغۇچى تىبەت ھۆكۈمىتىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم بېرىپ
ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۆزلىرىگە تەھدىت سېلىۋاتقان بۇددا دىنىغا قارشى
مانى دىنىدىكىلەر بۇددىستلار، كۇڭزىچىلار بىلەن ئۆزئارا ئىختىلاپ-
لىرىنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىتتىپاقلاشتى ۋە ئۆزئارا

① پېنكىسنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 65 - بېتىگە قاراڭ.

باتۇرلۇقتا رىقابەتلەشتى.»① «ئۆزئارا ئىختىلاپلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىتتىپاقلاشتى ۋە ئۆزئارا باتۇرلۇقتا رىقابەتلەشتى» دېگەن جۈملە شەكلەن چىرايلىق، لېكىن بۇنىڭدا ھېچقانداق مەزمۇن يوق. (ئا.م) بۇ يەردە ئۇيغۇرلار، بۆكۆچىن ۋە ئۇيغۇرلاردىن باشقىلار توغرۇلۇق يازغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رېئاللىقنى ئىپادىلەپ بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۆكۆچىن پەقەت ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ھەرىكەت قىلغان. يۇقىرىدا بىز بۆكۆچىننىڭ تاڭ دۆلىتىگە نىسبەتەن دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتتۇق، پان-تېكىننىڭ خانلىقىنىمۇ ئۇنىڭ يوقاتقانلىقىنى ۋە شۇنىڭدەك تىبەتلىكلەرگىمۇ قارشى تۇرغانلىقىنىمۇ كۆرسەتتۇق.

ھازىر، مەنبەلەردىكى ئانچە كۆپ بولمىغان مەلۇماتلارغا ۋە شۇنىڭدەك بىر قاتار تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تۇرپان خانلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىمىز. يۇقىرىدا بىز كەلتۈرۈپ ئۆتكەن 3.6 - 3.8 - تىكىستلىرى بۆكۆتېكىننىڭ 866 - يىلى تۇرپان ۋادىسىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا تېررىتورىيىلەرنى ئىگىلىۋېلىشقا كىرىشكەنلىكىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن ئابې تاكېئو 851 - يىللار ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارنىڭ داھىيلىرى شىجۇنى (تۇرپان ئويمانلىقىنى) تىزگىنلەپ تۇرغانىدى، دەپ تەخمىن قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 851 - يىلى بىلەن 866 - يىللار ئارىلىقىدا تۇرپان ئويمانلىقى يېڭىباشتىن تىبەت

① گومىليوۋنىڭ «قەدىمكى تۈركلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 433-بېتىگە قاراڭ، 1967 - يىل موسكۋا نەشرى، بۇ ئەمگەكتە گومىليوۋ د. ر. گامىلتونغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ داھىيسىنى مانلى دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئىسىم ئەسلى پان-تېكىن بولۇشى كېرەك.

ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان①. مورى ياسۇتاكائو
851 — 866 - يىللار ئارىلىقىدا تىبەتلىكلەرنىڭ تۇرپان رايونىغا
كىلىشىنىڭ پەقەت مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئادىللىق بىلەن تەكىتلەپ
كۆرسىتىدۇ. چۈنكى دۇڭخۇاڭ ۋەگۇاجۇلار شۇ چاغلاردا جاڭ يىچاۋنىڭ
قولىدا بولغان، قاراشەھەر بولسا 851 - يىلغا قەدەر پان - تىب-
كىنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا نەنسەن ئىپ-
تەكلىرى ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول ئۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ،
خوتەن، كۇچا ۋە تىيانشاننىڭ ئۆتكەل - داۋانلىرى ئارقىلىق
ئۆتىدىغان يوللاردىن تىبەتنىڭ ئۆزىدە مۇستەھكەم قاتتىق مەر-
كەزلەشكەن ھاكىمىيەت بولغان شارائىت ئاستىدىلا ئۆتكىلى
بولاتتى②. شۇنداق قىلىپ، 851 — 866 - يىللار ئارىلىقىدا
تىبەتنىڭ مەركىزي قىسمىدىن كەلگەن تىبەت ئەسكەرلىرى
تۇرپان ۋادىسىنى بىسىۋالغان دىگەن رىۋايەت تولۇق رەت قىلى-
نىدۇ. مۇشۇ چاغلاردا بۇ يەرلەردە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ گۇرۇھلار-
غا بۆلۈنۈپ ئۆزئارا ھاكىمىيەت ئۈچۈن بولغان كۈرە-
شى قانات يىيىۋاتقانىدى. بۇ كۈرەشكە ئەسلى يەرلىك
ئاھالىنىڭ (شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر) ئەۋ-
لادلىرى، بۇ يەرلەرگە مۇشۇ ۋەقەلەر يۈز بىرىشتىن خىلىلا
بالدۇر كىلىپ قالغان سوغدىلار، ھەر خىل تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ
گۇرۇپپىلىرى ۋە ئېھتىمال بۇ يەرلەرنى تىبەتلىكلەر بىسىۋالغان
چاغلاردا كىلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان تىبەتلىكلەر قاتناشقان بو-
لۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ سانغىچە كۆرسىتىلگەن خەلقلەرگە

① ئابې تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇرلار تارىخى توغرى-
سىدا تەتقىقات» ناملىق ئەسىرى، كيوتو شەھىرى، 1955 - يىلى نەشرى
248 — 253 - بەتلىرىگە قاراڭ.

② مورى ياسۇتاكائونىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈش
مەسىلىسىگە دائىر» ناملىق كىتابىنىڭ 120 - 123 - بەتلىرىگە قاراڭ.

قارىغاندىلا تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئاھالىسى تەركىبىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە بۇلار ئوتتۇرىسىدا تۇقۇنۇش بولۇش ئۈچۈن سەۋەبلەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى مەلۇم.مورى ياسۇ تاكائو تىبەت لىكلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بۇ يەردە قايتا تىكلىنىش مۇمكىنلىكى گە قەتئىي قارشى پىكىردە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئابې تاكېئونىڭ 851-يىلى ئۇيغۇرلار تۇرپاننى ئىگىلىۋالغان، دېگەن مەسىلىدىكى كۆز قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەگەردە ھەقىقەتەنمۇ ئەھۋال شۇنداق بولغان بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن 866 – يىلى ئۇيغۇرلار (؟) يېڭىدىن تۇرپاننى ئىشغال قىلىۋالىدۇ؟ مەنبەلەردىكى قانداق مەلۇماتلارغا ياكى مەنتىقىي خۇلاسىلەرگە ئاساسەن، ئابې تاكېئو 851 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ داھىيلىرى ئابې تاكېئو بۇلارنى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ باشلىقى «مۇشۇ» دەپ ئاتايدۇ) تۇرپاننى تىزگىنلەپ تۇردى دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ؟

ئابې تاكېئونىڭ ھەممە مۇھاكىمە ۋە خۇلاسىلىرىدە شۇنداق بىر خىل ئالدىن قىلىنغان، لېكىن ئۇنى ئىسپاتلاشقا پاكىت كەلتۈرمىگەن بىر تەسەۋۋۇر باركى، ئۇ بولسىمۇ، بېشبالىق ۋە كۇچا 795 – يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان يېڭى سۇلالىنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغاندىن كېيىن، دائىم خاقانلىققا قاراشلىق يەرلەر بولۇپ كەلدى، دېگەندىن ئىبارەت. تۇرپان ۋادىسىدا 851 – يىلغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن دېگەن ئىشەنچ پەقەت ئىمپېراتورنىڭ بىر پەرمانىغىلا ئاساسلانغان. بۇ پەرماندا داجۇڭ (大中) 5 – يىلى (5·11· 851 — 24· 1· 852) تەخمىنەن قىش ئېيى دېگەن ۋاقىت يەنى 851 – يىلى نويابىر بىلەن 852 – يىلى يانۋار ئېيىنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدىغان ئاي، كۈنلەر ئىمزا قىلىنغان. پەرماننىڭ تېكىستى دۇمۇ① تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە شىجۇ (تۇرپان)

① دۇمۇ (803 — 852) تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر بولۇپ، ئىمپېراتور سارىيىدا يۇقىرى مەنسەپلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۆلكىلەرنىڭ مەمۇرىيەتلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇ خاقان ئۇجې باشچىلىقىدىكى

ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقىغا «جەسۇر قوغدىغۇچىلارنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى» دېگەن پەخرى نام بېرىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىنغان. ئابې تاكېئو ئۆزىنىڭ كىتابىدا مەزكۇر پەرماندىن تۆۋەندىكى نەقىلنى كەلتۈرىدۇ:

«3·13 سې يۈي (ئەسلى نۇسخىسىدا سىېگان دەپ يېزىلغان — ئابې) جاسى جۈيۈي خې مىشې موخې دۇدۇ — كۆچمەنلەر داھىيسى مۇشۇ (ئەسلى تېكىستتە پەن شۇ دەپ ئېلىنغان — ئابې) بىرىنچى ۋەزىر ئەنىمن ۋە باشقىلار ۋىجدانلىق، جەسۇر، باتۇرلۇق، سۇرلۇك قىياپەتتە ئىدى. غەربتىكى ياۋايىلار شى رۇن (تىبەتلىكلەر — ئابې تاكېئو) ساداقەتلىككە رىئايە قىلماقتا. بۇنىڭ ئۆزى جۇڭگو(؟) نىڭ ... ئەمىنلىكىگە كاپالەتتۇر... ھازىر ئۇلار ناھايىتى ئىتائەتمەنلىك بىلەن سارايغا يېتىپ كەلدى. ۋەزىپىگە تەيىنلەش پەرمانىنى ئېھتىرام بىلەن ئىلتىماس قىلماقتا. يىراقتىكى مەملىكەتلەر، يېقىن چېگرا ياقىلار گۈللەنسۇن دەپ بىر سۈك چوڭلۇقتىكى تۆت بۇرجەكلىك مۆھۈر تەقدىم قىلىندى. يۇقىرى ئەمەللەر بېرىلدى».①

مورى ياسۇ تاكائو ئۇنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان گۇمانىنى ۋە ئابې تاكېئونىڭ يازغانلىرىدىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان زىددىيەتنى XI ئەسىردىكى پارس تارىخچىسى گەردىزىنىڭ يازغان

---

ئۇيغۇرلار سەددىچىنگە كەلگەندە ئالدىنئالا قىلىنغان ھەربىي ھازىرلىقلارغا قاتناشقان، بۇ توغرۇلۇق «يېڭى تاڭنامە»نىڭ 166 — جىلد $7_{\alpha}$ — $10_{\alpha}$ - بەتلىرىگە قاراڭ.

① ئابې تاكېئونىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ 249 - بېتىگە قاراڭ. مەزكۇر پەرمان دۇمۇ تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ «پەن چۈەنجى» ناملىق ئەسەرلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەنىكەن.

ئەرسىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە گەر-
دىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» («گۈزەل خەۋەرلەر») دېگەن كىتابىدىن
ئۆۋەندىكى نەقىلنى كەلتۈرىدۇ: «توغۇز — غۇزلارنىڭ (ئۇي-
غۇرلارنىڭ — مورى ياسۇتاكائو) خاقانى ئارىق (قاراشەھەر) تا
ئۆزىنىڭ كىچىك ئۇكىسىنى پەنجىكەنتكە (بېشبالىق — مورى
ياسۇتاكائو) ھاكىم قىلىپ بەلگىلىدى. كىچىك ئۇكىسى شۇ يەردىكى
ئاھالە بىلەن ئوبدان مۇناسىۋەت ئورناتتى، كۈچ توپلىدى
ۋە قىزغىنلىق كۆتۈرۈشكە پەيت كۈتۈپ تۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا
ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى ۋە ئۆزى خاقان بولدى».①
ئۇنىڭدىن كېيىن، مورى ياسۇتاكائو تېكىستتە كەلتۈرۈلگەن ۋەقە-
لەر (ئۇنىڭ پىكىرىچە بۇ ۋەقەلەر IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا
يۈز بەرگەنىكەن) بىلەن ۋە بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقىت XI
ئەسىر ئوتتۇرىسىدا 200 يىل ۋاقىت ئۆتكەن. مانا مۇشۇ ئەھۋال-
نىڭ ئۆزى بەزى سەۋەنلىكلەرگە ۋە قوشۇمچىلارغا ئېلىپ كېلىدۇ،
دەپ كۆرسىتىدۇ. مورى ياسۇتاكائو مانا مۇشۇنداق خاتالىقلارغا
گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە پەيدا بولۇپ قالغان بېشبالىققا ھاكىم
قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر خاقانىنىڭ ئۇكىسىنى كىرگۈزىدۇ.
ياپون ئالىمى مۇنداق خاتالىقلارنىڭ بولۇپ قېلىشىنى چوقۇم
دېگەن مۆلچەر بىلەن گەردىزىدىن ئېلىنغان مۇشۇ تېكىستنى
$J_1.J_4$ تېكىستلىرى (مۇشۇ كىتابتىكى 3·5 — 3·8 - تېكىست
بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ ۋە مۇ-
شۇنداق سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا 851 - يىلغا قەدەر تۇرپان
ۋادىسى پان - تېكىنىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلدى. 866 - يىلى
بولسا بۆكۈتېكىن باشچىلىقىدىكى بېشبالىقتىكى گۇرۇھ تەرىپىدىن
ئىشغال قىلىنغان، دەپ ھېسابلايدۇ. بۆكۈتېكىننىڭ تۇرپان ئوي-

① مورى ياسۇتاكائو نىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسىلىسى-
گە دائىر» ناملىق كىتابىنىڭ 121 - بېتىگە قاراڭ.

مانلىقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشى پان - تېكىننىڭ سۈيىقەست
بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى پان - تېكىن ۋاپات بولغاندىن
كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل تۈپەيلىدىن
ئۇغۇشلۇق بولدى دېگەن تەخمىنلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ت.
مورى ياسونىڭ تەكىتلەپ كۆرسىتىشىچە، بۆكۈتېكىن باشچىلىقى-
دىكى بېشبالىقتىكى ئۇيغۇرلار پان - تېكىن رەھبەرلىكىدە ئۇي-
غۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كۆچكەن 15 قەبىلىنىڭ تەركىبىدە
بار ئىكەن. بۆكۈتېكىن پان تېكىننىڭ ئىتائىتىدىكى ئادەم
ئىكەندۇق. يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن پان - تېكىن رەھبەرلى-
كىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ (ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ) كۆچۈپ جايلىشىشى
توغرىسىدىكى رەتلىك سخېمىغا يەنە بىر قېتىم مۇھىم تەپسىلات-
نى قوشۇپ قويۇشقا مۇمكىن بولۇپ قالدى. مورى ياسۇ
يۇقىرىدا بۆكۈتېكىننىڭ پان - تېكىنگە نىسبەتەن بېقىندىلىق ئەھ-
ۋالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ 15 قەبىلىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ
تارقىلىپ جايلىشىشى پان - تېكىننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن
تەشكىللىك ھالدا يۈز بەرگەن ۋە پان - تېكىن مۇشۇ ئايرىلىپ
چىققان گۇرۇھنىڭ ئېھتىمال پەقەت شەكلەن جەھەتتە بولسىمۇ
باشلىقى بولۇپ كەلگەن. دېمەك، مۇشۇ كۆز قاراشقا بىنائەن
840 - يىلدىن كېيىن، تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىي
قىسمىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب ئېتەكلىرىدە تا قۇمۇلدىن باشلاپ
كۇچاغىچە بولغان ئارىلىقتا بۈيۈك ئۇيغۇر دۆلىتى تەشكىللەن-
دى. مورى ياسۇ خاقانلىقنىڭ غەربىي تەرەپ يېرىمىدى-
كى ئاھالىنى خاقانلىق ئىچىدىكى ئۇرۇق - قەبىلىلەر تەركىبىنى-
مۇ ۋە ئېدىزلارنىڭ يېڭى سۇلالىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن،
ھەكمۇ كۆچۈپ كەتكەن ۋە ئاخىرىدا خاقانى ھالاكەتكە ئېلىپ
كەلگەن ئۆزئارا ئۆچمەنلىكنى بولسا زادىلا دىققەت نەزەرىگە ئالمايدۇ.
مورى ياسۇ تاكائونىڭ بۇ مۆلچەرىنى قاراپ چىقىشقا كىرىشكى-
نىمىزدە ۋ. ۋ. بارتولد گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلغان

ئۇزۇن بىرپارچىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. چۈنكى ياپونىيىلىك
ئالىم بۇ پارس ئاپتورىنىڭ تېكىستلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم نەر-
سىلەردىن پەقەت بەك قىسقىلا مەلۇمات بېرىدۇ: «... كۆل -
تېكىننىڭ قېرىندىشى خاقان ئىدى... قېرىندىشى كۆل - تې-
كىننى ئۆلتۈرمەك بولدى ۋە ئۇنىڭ كېكىردىكىنى كېسىۋېتىپ
ئۇنى جەسەت قويۇلىدىغان جايغا تاشلاپ قويدى. كۆل -
تېكىننىڭ ئۆيىدە بىر خىزمەتچى موماي بار ئىدى. بۇ موماي ئۇنى
ھانى دىنىدىكىلەرگە ئاپىرىپ ساقايتىپ بېرىڭلاردەپ دىندارلارغا
بەردى. دىندارلار ئۇنىڭ يارىسىنى داۋالاشقا كىرىشتى. نەتىجىدە
ئۇ خېلىلا ئوبدان ساقىيىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توغۇز -
غۇزلارنىڭ خاقانىنىڭ پايتەختى ئازال ① دېگەن شەھەرگە كەلدى
ۋە ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇردى؛ كۆل - تېكىننىڭ دوستلىرى
ئۇنىڭ قېرىندىشىنى ئالداپ تۇردى، ئەڭ ئاخىر بۇ توغرۇلۇق
توغۇز - غۇزلارنىڭ خاقانىغا ئېيتتى ۋە خاقانىنىڭ غەزىپىنى
باستى. نەتىجىدە قېرىندىشىنىڭ كېلىشىگە رۇخسەت قىلدى ۋە
ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. ئۇنى ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا
رۇخسەت قىلمىدى. لېكىن پەنجىكەنت (بېشبالىق) شەھىرىنىڭ
باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى بەردى. كۆل - تېكىن ئۇ يەردە قۇدرەت
تاپتى. ئۆز تەرىپىگە يەرلىك ئاھالىلەرنى قارىتىۋالدى ۋە خەيرى-
خاھلىق قىلىپ تۇرۇپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇردى. ئاخىردا ئۇ
توغۇز- غۇز خاقانى ئوۋغا چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى، كۆل -
تېكىن تۇرغۇن قوشۇن توپلىدى ۋە توغۇز - غۇز خاقا-
نىغا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە دۈچ كەلگەندە جەڭ
باشلىنىپ كەتتى. كۆل - تېكىن خاقان ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن

① ئازال — بۇنى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا «ئارال»
دەپمۇ ئوقۇيدىكەن. بارتولد ئەسەرلىرى 8 - توم 54 - بېتىدىكى 44 -
ئىزاھاتقا قاراڭ. بۇ يەردە «زەينۇل ئەخبار»دىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل-
لەرمۇ بار.

غەلىبە قىلدى؛ توغۇز - غۇز خاقانى قېچىپ قەلئە ئىچىگە كىرىۋالدى. كۆل - تېكىن قەلئە سېپىلىغا سۇ قۇيۇۋېتىشكە بۇيرۇدى. تاملار ئۆرۈلۈپ چۈشتى. كۆل - تېكىن ھەممىگە رەھىم قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. قەلئە ئىچىدىكى ئاھالىلەر ئاچارچىلىقتىن بەك قىيىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھەممىسى چىقىپ رەھىم قىلىش توغرۇلۇق ئىلتىماس سۇندى. ھەممىگە رەھىم قىلىندى. توغۇز - غۇز خاقانى قەلئەدىن چىقمىدى. كۆل - تېكىن خاقاننى بوغۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئادەملىرىنى قەلئە ئىچىگە ئەۋەتتى، كۆل - تېكىن خاقانلىق تەختىگە ئىگە بولدى.»①

مۇشۇ يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تېكىست تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى بىر ھېكايىنى قايتا سۆزلەپ بەرگەنلىكتۇر، مورى ياسۇتاكائونىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنى بولغان تارىخى ئىشتەك كۆرۈنىدۇ. ئا. يۇ. ياكوبوۋىسكى ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە گەردىزى ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، بايانىنىڭ مۇشۇ قىسمىنىڭ ئەپسانىۋى خاراكتېرىدە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. شاھزادە كۆل - تېكىننىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى بايانىدىكى ئەپسانىۋى قىسمىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى②. مورى ياسۇ

① بارتولد ئەسەرلىرى 8 - توم 52 - بېتىگە قاراڭ. گەردىزىنىڭ «زەينول ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدىكى تۈركلەر توغرۇلۇق يېزىلغان قىسمى 1897 - يىلى بارتولدنىڭ «1893 — 1894 - يىللاردا ئىلمىي مەقسەت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىنغان سەپەر توغرىسىدىكى دوكلات»قا قوشۇمچە سۈپىتىدە ئېلان قىلىنغانىدى.

② ئا. يۇ. ياكوبوۋىسكى:«IX — X ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىرىدىكى ماتېرىياللار» 1947 - يىل لېنىنگراد نەشرى، شەرق تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگە ئائىت ئەسەرلەر توپلىمى، 4 - توم، 429 - بېتىگە قاراڭ.

كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئارىق شەھرى توغرىسىدا جۇغراپىيىگە ئائىت باشقا بىر ئەسەردىمۇ سۆزلىنىدۇ. بۇ «ھۇدۇدۇلئەل ئالەم» دېگەن كىتاب بولۇپ، مىنورىسكى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. مۇشۇ ئەپسانىدە بۆكۈتېكىننىڭ تۇرپان ۋادىسىنى ئەمەلىيەتتە بېسىۋالغانلىقى ئۈستىدە گەپ كېتىۋاتقانلىقى تولۇق مۇمكىن ئىش. لېكىن بۇ تارىخىي ۋەقە ئۈستىدە توقۇلغان چۆچەك تەرىقىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ نۇرغۇنلۇقى ھەقىقىي ئەمەلىي ۋەقە-لەرنى ئەينەن ئىپادىلەشنى بەكمۇ مۇشكۇللەشتۈرۈۋەتتى. ئەگەردە خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن يۆتكەلگەن ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن كۈچ سىلىشتۇر-مىسىنىڭ ۋە ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق، مۇشۇنداق چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا باھانىلەر يېتىپ ئاشاتتى. مۇنداق چۆچەكلەرنىڭ توقۇ-لۇشىغا بۆكۈتېكىننىڭ تۇرپان ۋادىسىنى بېسىۋالغانلىقىغا ئوخشاش چوڭراق بىر تارىخىي پاكىتنىڭ ئاساس قىلىنىشى زۆرۈر دەپ ھېسابلانمىدى. «يېڭى تاڭنامە» دە بوغدا تاغلىرىغا جايلىشىپ بېكىنىۋالغان 200 مىڭغا يېقىن چوڭ بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار ئۈستىدە مەلۇمات بار. بۇ بىر قىزىقارلىق ئىش ۋە خېلى دەرىجىدە تېپىشماقلىق ھالەتتىكى بىر مەلۇماتتۇر (4·8 - تېكىست-كە قاراڭ). ئەپسۇسكى، بۇ مەلۇمات ئايرىم چىقىپلا قالغان بىر ئىش بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدا بۇنى ئىسپاتلايدىغان باشقا ھېچقانداق ماتېرىيال يوق. مۇشۇ ئىش تەكرارلىنىپ يېزىلغان بىرەر ئەسەرمۇ يوق. شۇنداق قىلىپ ھازىر مۇشۇ گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنى ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرەر گۇرۇپپىسىغا مەنبەدىكى ماتېرىياللار ئارقىلىق باغلاشقا ھېچقانداق ئىمكان بولماي تۇرىدۇ. شۇنچىلىك كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار گۇرۇپپى-سىنىڭ بىرى ئۈستىدە گەپ بولۇۋېتىپ يەنە بۇ توغرۇلۇق قوشۇمچە مەلۇماتلارنىڭ بولماسلىقى يۇقىرىدىكى مەلۇماتقا قىس-

مەن ئىشەنچسىزلىك ۋە ئېھتىياتلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا
مەجبۇر قىلماقتا. مۇشۇ مەلۇماتنى خاتا دەپ ئېلان قىلىشقا
مۇمكىن بولاتتى. بۇ يەردىكى مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋاتقان
نەرسە 4·8 - تېكىستتىكى شۇ يۇقىرىقى مەلۇماتتىن باشقا مەلۇمات-
لارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولۇپ تۇرغانلىقىدۇر.
موري ياسۇتاكائونىڭ ماقالىسىگە قارىغاندا، ئۇ مۇشۇ گۇرۇپپا
ئۇيغۇرلارنى بۆكۈتېكىن قەبىلىسى تەركىبىدىكى ئۇيغۇرلاردۇر
دەپ ھېسابلايدىكەن. بۆكۈتېكىن باشچىلىقىدىكى بېشبالىق
گۇرۇپپىسىدىكى قەبىلىلەر خاقانات تېررىتورىيىسىنى تاشلاپ
چىققان 15 قەبىلىنىڭ ئىچىدە بار ئىدى، دەپ سۆزلەپ كېلىپ
مۇشۇ يەردە ئالىم تۆۋەندىكىچە ئىزاھات بېرىدۇ: «تېكىستتىكى
(مۇشۇ كىتابنىڭ 4·8 - تېكىستىدىكى) ‹قالغان قەبىلىلەر جىن سۇ
تېغىغا (بوغدا تېغى ئا. م) جايلىشىپ بېكىنىۋالدى. ئۇلارنىڭ
سانى 200مىڭ جانغا يېتەتتى› دېگەن مەلۇمات مانا مۇشۇ تۇغرۇ-
لۇق (پان - تېكىن بىلەن بۆكۈتېكىننىڭ بىر ۋاقىت ئىچىدە ۋە
بىرلىكتە يۆتكەلگەنلىكى توغرۇلۇق — ئا. م) بەكمۇ ئوبدان
كۆرسىتىپ تۇرماقتا.»① بۇ تېكىستنىڭ ئۆزىنىڭ بەزى ئالاھىدى-
لىكلىرىگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بۇ تېكىست نىسبەتەن
خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىت (تەخمىنەن 100 يىل) ئىچىدە يۈز بەر-
گەن مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ يىغىنچاقلانغان ئاخباراتى ئىكەن. شۇڭ-
لاشقا تېكىستكە ئېنىق يىل، ئايلىرى يېزىلمىغان. مانا مۇشۇ
ئەھۋال بوغدا تېغىغا خاقانلىق ھالاك بولغاندىن خېلىلا كېيىن
«باشقا قەبىلىلەر» پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدى-
كى پىكرىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىغا يول قويىدۇ. بۇنىڭدىن
باشقا مۇشۇ گۇرۇپپا ئادەملەرنىڭ «200 مىڭغا يېتىن كىشى

① موري ياسۇتاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسى-
لىسىگە دائىر» ناملىق كىتابىنىڭ 129 - بەت 66 - ئىزاھاتىغا قاراڭ.

مىدى» دېگەن سانى بەك قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ. بۇ سان بەكمۇ چوڭ. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ شەرقىي ئېرىمىسىدىكى ئاھالىسىنىڭ مۆلچەرلىشىچە مۇمكىن بولىدىغان ئومۇمىي سانىغا زادى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ۋە مەزكۇر خاقانلىق تېررىتورىيىسىنىڭ جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب يۆنىلىشلەرگە يۆتكەلگەن ئاھالىلەرنىڭ مۆلچەر سانىغىمۇ زادى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

مانا مۇشۇ گۇرۇپپا ئاھالە ئۇستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە كېلىپ چىقىدىغان زىددىيەتلەرنى تۆۋەندىكىچە ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مورى ياسۇتاكائونىڭ بوغدا تېغىدىكى بىر گۇرۇپپا ئاھالە ۋە بۆكلۈچىن گۇرۇپپىسى دېگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر خەلق، ھەممىسى بىر گەپ، دېگەن پىكرىگە تولۇق قوشۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇ بىر گۇرۇپپا خەلق تىيانشان تېغىنىڭ شىمال تەرەپ ئېتەكلىرىدىكى بېشبالىق رايونىغا ۋە بوغدا تېغىغا سابىق ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىن خېلىلا كېيىن كەلگەن. مۇشۇ كەلگۈچىلەر تەركىبىگە ئەسلى ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ئۇيغۇر كونفېدېراتسىيىسىنىڭ سابىق ئەزالىرى — تېلى قەبىلىلىرىمۇ كىرگەن. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئىگىلىۋېلىنىشى ۋە ئۇيغۇر كۇچا خانلىقىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بەكمۇ چۈشىنىشلىك ۋە گۇمان پەيدا قىلمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى.

مورى ياسۇ تاكائو ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش ئەھۋالىنى بەك تەرتىپلىك قىلىپ كۆرسەتكەن، بۇ كۆچۈش ئومۇمىي بىر رەھبەرلىك ئاستىدا كۆڭۈلدىكىدەك تەرتىپ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپكە يۆتكەلگەنسېرى پىلانلىق ھالدا تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە يېيىلىپ ئورۇنلاشقان. لېكىن ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن چاغلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ يۇقىرىدا ئېيتقانلارغا تامامەن زىت كېلىدىغان

يۈنىلىشلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان مەلۇماتلارنى مەنبەلەردىن كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. مۇشۇ كىتابتا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار (مەسىلەن، 3·3-تېكىست) خاقانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا قىرغىزلارنىڭ زەربە بېرىش ھارپىسىدا ۋە بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىپ چىققان تەرتىپسىزلىكلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ دەلىللەش ئۈچۈن تۆۋەندە خاقانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا يۈز بەرگەن ۋەيرانچىلىق ۋە تەرتىپسىزلىكلەرنى بەك ئېنىق تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدىغان بىر نەچچە تېكىستنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

«3·14 ئۇيغۇرلار بىر بەختسىز ۋاقىتقا دۇچ كەلدى، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا بىرنەچچە يىل مەھسۇلات چىقمىدى، چارۋا ماللار چوڭ جۇتچىلىققا ئۇچرىدى. يېزا - كەنتلەر بوشلا قالدى، ئۆي - ماكانسىز قالغان ئادەملەر چۆل - جاڭگاللارغا كەتتى، يولدا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتى چۆللەرنى قاپلىدى.»① بۇ تېكىست «چەت ئەللەردىن كەلگەن سادىق ئادەملەرنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن بابقا يېزىلغان كىرىش سۆزدىن ئېلىنغان.

«3·15 ئاغرىق - سىلاق بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. قېلىن قار ياغدى، قوي ۋە يىلقىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈپ قىرىلىپ كەتتى.»②

«3·16 ئۇيغۇرلار قاتتىق ئاچارلىقتا قالدى، ئاۋۋال يېزىلار تارقاپ كەتتى»③. مۇشۇ كىتابتا كەلتۈرۈلگەن ۋە شۇنىڭدەك باشقا

---

① لى دېيۇي: «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى مەكتۇپلار توپلىمى» نىڭ 2 - جىلد، 11 - بېتىگە قاراڭ.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 246 - جىلد، كەيچېڭنىڭ 4 - يىلى (839·1·19 — 840·2·6) 1956 - يىل نەشرى، 9 - توم 7942 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 246 - جىلد، «تاڭنامە» 62 - جىلد، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»گە ئىزاھ» 21-جىلدقا قاراڭ، بۇ يەردە قوشۇمچە مەنبەلەردىنمۇ نەقىل كەلتۈرۈلگەن. 3·14 — 3·16 تېكىستلىرى.

بىر قاتار ئاساسىي ۋە ئىككىنچى مەنبەلەردىكى باشقا تېكىستلەر خاقانلىقىنىڭ بەك دەھشەتلىك ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ۋە خاقانلىقنىڭ قىسمەن كىچىك ئۇرۇق - گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەنلىكىنى ۋە چۆل - گوبى ئارقىلىق ستىخىيىلىك ھالدا جەنۇبقا كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلغان ۋەقە ئۇيغۇر كونفېدېراتسىيىسىنىڭ پارچىلىنىشى ئەمەس، ئۇنىڭ پارچىلىنىشى ئېدىزلار قەبىلىسىدىن چىققان ئادەملەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەن خېلىلا بالدۇر باشلانغانىدى. ئېدىزلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى ئۇيغۇرلار بىلەن ئېدىزلار ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش ئۈچۈن جىددىي كۈرەشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان، بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلغان نەرسە ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ پارچىلىنىشى بولۇۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشتا ساداقەتلىكىنى ساقلاپ كەلگەن باشقا ئۇرۇق قەبىلىلەرنىڭمۇ ۋەيرانچىلىققا دۇچ كېلىشى تولۇق مۇمكىن ئىش. مۇشۇ قالايمىقان ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئۇ يا بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ بۇرۇنراق ئېلان قىلغان ئەمگەكلىرىمىزنى خاقانلىق تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەسلى ئۇيغۇرلارنى (ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنى) تولۇق پارچىلىنىپ كەتتى ۋە تەرتىپسىز ھالدا قاچتى دېگەن پاكىتنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ يازغانىدۇق، لېكىن بۇ پارچىلىنىش ئايرىم - ئايرىم ئاۋۇللارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەلۋەتتە، يا ئۇنداق، يا مۇنداق چوڭراق گۇرۇپپىلارمۇ بولغان، لېكىن پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا بۇنى تەشكىللىگەن مەركەز بولمىغان. ئايرىم گۇرۇپپىلار ستىخىيىلىك ھالدا ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ۋە دەسلەپكى چاغلاردا باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات ئالالمىغان. باشقا بەزى تەتقىقاتچىلارمۇ مۇشۇ كۆز قاراشتا تۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ئابېتاكېنو ئۇيغۇرلارنىڭ تارقىلىپ جايلىشىشىنى: «بوران

ئۇچۇرۇپ تاشلىۋەتكەن تېكىنلەر»① دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ يەردە شۇنى نەزەردە تۇتۇش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىدىكى بۇ ئېغىر ۋاقىتلاردا دۆلەت باشلىقىنىڭ ئورغۇنلىغان تۇغقانلىرىنىڭ ئايرىلىشقا بولغان خاھىشىمۇ سەلبىي رول ئوينايدۇ (تېكىن — ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئۇلۇغ باشلىقلىرىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، بەگلەرگە ئېيتىلىدۇ). مەلۇمكى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاھىشلار كۆچمەن دۆلەتلەرنى دائىم ھالاكەتكە ئېلىپ كەلگەن.

كېيىنرەك يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردە ۋە شۇنىڭدەك ئويما خاتىرىلەرنىڭ ئايرىم تېكىستلىرىدە تاڭنامىلەردىن تاپقىلى بولىدىغان خاقانلىق ھالاكىتى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار يېزىلمىغان. ئاپتورلار بۇ يەردە ئومۇمىي ئەھۋالنىلا بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەقەلەرنىڭ ئەسلىدە قانداق راۋاجلانغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس، مىسال ئۈچۈن ئىدىقۇتتىكى خانلارنىڭ تۆھپىسى شەرىپىگە قويۇلغان يادا تاشتىكى تېكىستلەردىن ئېلىنغان نەقىلنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، بۇ يەردە ئەپسانىۋى بۆكۈخاندىن تاكى تۇرپان خانلىقىنىڭ ھالاك بولغان ۋاقتىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ قىسقىچە بايانى بېرىلگەن. شۇنىسى قىزىقكى، ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغاندا مۇشۇ قىسقىچە تارىخ ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇلغان. ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن ۋاقتىدا تۇرپان خانلىقى چىڭگىزخانغا بويسۇناتتى②.

① ئابېي تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» 234 - بەت.

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 122 - جىلد، 1a — 5a - بەتلىرىگە قاراڭ.

«17. 3 يەتتە كۈندىن كېيىن، يۈيلۈن① تېكىن ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇنلىغان تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەردى. خەلقنىڭ تىنچ ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى. تەختكە چىققانلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلۈپ تۇردى. شۇ چاغلاردا ئۇلار جاۋجۇ (تۇرپان — ئا. م) غا كۆچۈپ كەلدى ۋە شۇ يەردە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى.»②

بۇ يەردە تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسىم رايونىغا كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنەن سانى مەسىلىسىگە يەنە بىر قېتىم توختاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئابې تاكېئو «غەربكە كەتكەن» دېگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەلۋەتتە نامەلۇم» دەپ بەكمۇ ئادىللا كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئابې تاكېئو سەددىچىنگە كۆچۈپ كەتكەن قەبىلىلەرنىڭ سانى ۋە ئۇلار ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىن قىلىنىۋاتقان سانىنى «غەربكە» كەتكەن قەبىلىلەرنىڭ سانى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ، سەددىچىن رايونىدا ئۇجې خاقان بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان گۇرۇپپىدا 7000 ئائىلە بار ئىدى، دەپ كۆرسىتىپ، ئومۇمىي ئادەم سانىنى (باللار ۋە قېرىلارنى قوشۇپ) 90 مىڭ جان دەپ

---

① يۈيلۈن — ئۇيغۇر خاقانلىقىدا 808 - يىلدىن 821 - يىللار ئارىلىقىدا ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان خاقاننىڭ شەخسىي ئىسمىنىڭ خەنزۇ ئىروگلىفى بىلەن بېرىلگەن تەلەپپۇزىدۇر. بۇ ئادەمنىڭ نامى جۇڭگونىڭ مەنبەلىرى ۋە ئەدەبىياتىدا جۇڭگو تەرەپتىن بېرىلگەن «باۋ — يى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن بەك مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ تۈركچە ئۇنۋانى «كۈن تەڭرىدە بولمىش بىلگە خاقان» دۇر. — ئا. م.

② ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ تۆھپىسى شەرىپىگە قويۇلغان يادىكار تاشتىكى تېكىست «يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن. 1958 - يىل، بېيجىڭ نەشرى.

ھېسابلايدۇ. بۇنىڭدا «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتابقا ئاساسلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «3·18 لۇلۇن① ئۆلكىسىنىڭ گېنېرال گوبېرناتورى جىياڭجۇن ۋۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ئوكىسى [جاڭ] جۇن جى باشچىلىقىدىكى 30 مىڭ ئەسكەرنى قارشى جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى؛ ئۇلار قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. كاللىسى ئېلىنغانلار ۋە ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىڭ سانى يوق. 7000 ئاۋۇلنى قولغا چۈشۈردى ۋە ئۇلارنى تۆرلۈك ھەربىي قىسىملار ئارىسىغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى.»②

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ مۇشۇ نەشرىدە نۇرغۇنلىغان نەقىللەرنى باشقا مەنبەلەردىن ۋە تۆرلۈك ئىزاھلىق ئەسەرلەردىن ئەسلى تېكىستكە كەلتۈرىدۇ. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دىكى 3·18- تېكىستكە قىلىنغان چۈشەندۈرۈشلەردىكى تۆۋەندىكى ئىككى ئىزاھات كىشىنى بەك قىزىقتۇرىدۇ:

«3·19 [جاڭ] جۇن ۋۇ نايسىرچورنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، 7000 ئاۋۇلنى قولغا چۈشۈردى، قېرى ۋە باللار بولۇپ ئۆلتۈر-

---

① لۇلۇن ئۆلكىسى — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. كونا مەمۇرىي بۆلۈنۈش بويىچە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى، رېخې ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۆلكىنىڭ نامى لۇلۇن تېغىدىن كېلىپ چىققان. ھازىرقى سىلاۋتۇ ۋە سۆگلىن تاغلىرى شۇنداق ئاتىلاتتى. بۇ تاغ سەددىچىن رايونىغا جايلاشقان — ئا. م.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 248 - جىلد، خۇيچاڭنىڭ 2 - يىلى 5 - ئاي، 1956 - يىل بېيجىڭ نەشرى، 9 - توم 7962 - بەت.

رۇلگەنلەر ۋە ئەسىرگە ئېلىنغانلار جەمئىي 90 مىڭ ئادەمدۇر.»①

«3.20 كاۋئىي «ئىسيانچى ۋاسساللارغا قارشى جازا يۈرۈشىنىڭ خاتىرىلىرى»(罚蕃集) دە تۆۋەندىكى نەرسىلەر يېزىلغانلىقىنى مەلۇمات قىلىدۇ: [جاڭ] جۇن ۋۇغا چى شىننىڭ پىتراپ كەتكەن ئەسكەرلىرى ۋە خاقانغا ئىتائەت قىلىپ كەلگەن قەبىلىلەرى بولۇپ ھەممىسى 30 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم تەسلىم بولدى. بۇ ئادەملەرنى تۆرلۈك ھەربىي قىسىملار ئارىسىغا بۆلۈپ جايلاشتۇردى. مۇشۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقى تۈگەپ كېتىش دەرىجىسىگە يەتتى»، مەزكۇر تېكىست سىماگۇاڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»گە ئىزاھ» ناملىق ئەسەردىن ئېلىنغان.

«3.19 تېكىستكە قاراپ بىر ئاۋۇلدا ئوتتۇرا ھېسابتا 13 جان بار بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، لېكىن نايىرچۇرنىڭ قولىدا چى شىنغا قاراشلىق 7000 ئاۋۇلدىن باشقا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاۋۇللىرى بارلىقىنىمۇ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنبەلەردە كەلتۈرۈلگەن سىفىرلار ئومۇمىي ئاۋۇلنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىقىرىشقا ياردەم بېرەلمەيدۇ.

ئابې تاكېئونىڭ كۆرسىتىشىچە، خاقان ئۇچېغا قاراشلىق 13 قەبىلىنىڭ سانى ھېچ يەردە كۆزگە چېلىقمايدۇ، لېكىن تەخمىنەن مۆلچەرلەپ ئۇلارنى 200 مىڭ ئادەم ئىدى دېگىلى بولىدۇ. دېمەك، سەددىچىننىڭ يېنىدىكى ئومۇمىي ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 290 مىڭ ئادەم بولغان بولىدۇ. مۇشۇ سانلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تەتقىقاتچى «غەربكە كەتكەن» 15 قەبىلە تەخمىنەن 300مىڭ ئادەمگە يېتىدۇ، دەپ مۆلچەرلەيدۇ.»②

ئەگەردە مۇشۇ ئىككى چوڭ گۇرۇپپىنىڭ ئومۇمىي سانىغا

---

① «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد، 136 ـ بەت.

② ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 209 ـ بېتىگە قاراڭ.

نەنسەن ئېتەكلىرى بويىغا بېرىپ جايلاشقان 100 مىڭدىن
ئارتۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 700 مىڭغا يېقىن ئادەمگە
توغرا كېلىدۇ (بۇ سانلارنىڭ ئىچىگە خاقانلىقنىڭ بۇرۇنقى
تېررىتورىيىسىدە ئۆز ئورۇنلىرىدا قېپقالغانلار، شىمال تەرەپكە
ۋە شەرقىي تەرەپكە يۆتكىلىپ كەتكەنلەر ھەمدە ئاچارچىلىق
يىللىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋەشۇ مالىمانچىلىقتا ئۇيان-
بۇيان قېچىش نەتىجىسىدە مۇقەررەر ھالدا بولىدىغان خېلى
چىقىملار بۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىدى). بۇ سان بەك چوڭ، بۇ سان-
نى خاقانلىقنىڭ ھەممە ئاھالىسى (ئۇنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي
تەرىپىدىكى تېررىتورىيىلىرى قوشۇلۇپ) ئۆز ئورۇنلىرىدىن
كۆتۈرۈلۈپ ھەرقايسى تەرەپلەرگە كەتكەن، دېگەن ئالدىنقى
شەرت ئاستىدىلا بۇ ساننى ھەقىقەتكە ئوخشاپراق تۇرىدۇ، دەپ
قاراشقا بولىدۇ، ئەھۋالغا قارىغاندا، ئابېي تاكېئو ئۆزىمۇ
مۇشۇنداق مۆلچەرلىگەن بولسا كېرەك. ياپون ئالىمى پان -
تېكىننىڭ قول ئاستىدىكى 300مىڭ ئادەم تەركىبىگە بوغدا
تېغىغا جايلاشقان 200 مىڭ ئادەمنىمۇ كىرگۈزگەن بولسا كېرەك
(لېكىن بوغدا تېغىدىكىلەر ئەسلى ئۇيغۇرلارغا بىۋاستە مۇنا-
سىۋەتتى بولمىغان تېلى قەبىلىلىرىدۇر). ئەگەردە ئابېي تاكېئو ئوت-
تۇرىغا قويغان مۇشۇ ساندىن بوغدا تېغىغا جايلاشقان 200 مىڭ
ئادەمنى چىقىرىۋەتسەك ۋە سەددىچىننىڭ يېنىدىكى گۇرۇپپىنىڭ
ساننى بىرئاز ئازايتساق، ئۇ چاغدا خاقانلىقنىڭ شەرقىي
قىسمىدىكى تېررىتورىيىلەردىن يۆتكەلگەن ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ
ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ تولۇق رېئال سانى 400مىڭ
ئادەم ئەتراپىدا بولىدۇ.

ئابېي تاكېئونىڭ مۇشۇمۇ ھاكىمىسىدە ئاجىز نۇقتىلار بار-
لىقىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ ساننى ئېنىقلاشتا ئۇجې
خاقان قارىمىقىدىكى قەبىلىلەر بىلەن پان - تېكىن قارىمىقىدىكى
قەبىلىلەرنى سېلىشتۇرىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق پان - تېكىننىڭ قول

ئاستىدىكىلەرنىڭ سانىنى چىقىرىدۇ. ئۇچىنىڭ قول ئاستىدىكى
ئادەملىرىنىڭ سانى ھېچنەرسىن چىقمىغان، ئاپتور بۇ سانى
ئۆزىچىلا 200 مىڭ ئادەم دەپ ھېچنېمىگە ئاساسلانمايلا ھېساب-
لايدۇ. ئارمۇزنىڭ ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ قول ئاستىدىكىلەرى
بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 290 مىڭ ئادەم بولىدۇ. بۇ سانلار
ئابىي تاكېئوغا قەبىلەسانى ئازراق بولغان پان تېكىننىڭ قول ئاس-
تىدىمۇ 300 مىڭغا يېقىن ئادەم بار ئىدى، دەپ مۆلچەرلەشكە
ئىمكان تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ساناش
بەكمۇ ئىشەنچسىز. چۈنكى ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئىچىدىكى ئادەم-
لەرنىڭ سانىمۇ ئوخشاش بولۇپ كېلىۋەرمەيدۇ، خېلى ئېگىز-
پەسلىكلەر بولىدۇ. روشەنكى، ئابىي تاكېئونىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك
ئەھۋاللارنى-ۋە ئىگىلىك ئامىللىرىنى ھېسابقا ئالماي تۇرۇپ
كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ئاخىرقى نەتىجە ھېسابىنى خېلى
ھەرىجىدە كۆپەيتىۋېتىلگەن سان، دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.
كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاشقا كىرىشكىنىمىزدە، كۆچ-
مەن ئىمپېرىيە ئاھالىسىنىڭ ھايات كەچۈرۈشىنىڭ بىردىن-
بىر ئەمەلىي مەنبەسى چارۋىچىلىق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇش
كېرەك. ئارخېئولوگلار سانى ئانچە كۆپ بولمىغان شەھەرلەر
ئەتراپىدا بەك ئاددىي ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن دېھقانچىلىقنىڭ
ئىزلىرىنى كۆرەلىگەن. ئەھۋالغا قارىغاندا، مۇشۇ دېھقانچىلىق
بىلەنمۇ سوغدىلار شۇغۇللانغان بولسا كېرەك. كىسلىيوۋ-
س. ۋ. نىڭ 1957 - يىلدىكى «سوۋېت ئارخېئولوگىيە-
سى» دېگەن ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «موڭغۇلى-
يىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر» دېگەن ماقالىسىدە ۋە پېرلېئې.
خ. نىڭ 1957 - يىلى 3 - سانىدىكى «سوۋېت ئارخېئولوگى-
يىسى» دېگەن ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى
شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» دېگەن
ماقالىسىدە قەدىمكى زاماندىكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى

بۈگۈنكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى دېھقانچىلىق
مەسىلىلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ماتېرىياللار ئوتتۇرىغا
قويۇلدى. بۇ ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە
ئانچە چوڭ بولمىغان ۋە سۇ باشلاپ سۇغىرىدىغان ئېتىزلار
بولغانىكەن. بۇ ئېتىزلاردا ئاساسەن، تېرىق، بۇغداي
قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدىكەن. بۇ يەردە بىر - بىرى بىلەن
تۇتىشىپ كەتكەن كەڭ ئېتىزلار بولماستىن، ئايرىم - ئايرىم
كىچىكرەك ۋە سۇ باشلاپ سۇغىرىدىغان ئېتىزلار بار ئىكەن.
دېمەك، مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، دېھقانچىلىق كەڭ كۆلەمدە تارالمى
غان بولسىمۇ ئېتىز سۇغىرىدىغان ئېرىقلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى
بۇ يەردە دېھقانچىلىقنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدۇ (بۇ خىلدىكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇ چاغلاردا
سوغدىلار شۇغۇللىناتتى). ھازىرقى زامان تارىخ
چىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاھالىسىنىڭ
مۇمكىن بولۇش ئېھتىمالى بولغان سان مەسىلىسىگە خېلى ئېنىق
جاۋاب بېرىشكە مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرىدۇ. بىزنىڭ چېۋەر ئالى
مىمىز ۋە دىپلوماتىمىز ئى. م. مايىسكى تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كەلگەنى
دى: «...ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق سىستېمىسى يۈرگۈزۈلۈۋاتقاندا،
ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئوتلاقلار بۈگۈنكى چارۋا سانى
دىن خېلى ئوشۇق بولغان چارۋىلارنى بېقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. ئېھتىمال، مۇشۇ ئوت - چۆپلەر بايلىقلىرىنى قاتتىق
تېجەشلىك بىلەن ئىشلەتكەندە بۇ ئوت - چۆپلەر ھازىرقى
چارۋا سانىغا قارىغاندا بىرىم ھەسسىدىن ئوشۇق چارۋىغا
يېتىشى مۇمكىن (يەنى ھازىرقى 13 مىليونغا ئەمەس، بەلكى
20 مىليونغا يەتكەن بولىدۇ).»①

① مايىسكىنىڭ «بۈگۈنكى موڭغۇلىيە» دېگەن كىتابىنىڭ 134-
بېتىگە قاراڭ، ئىركۇتسكى شەھىرى، 1921 - يىل نەشرى.

ۋ. س. تاسكىن ياپون ئالىمى ئېگامى نامىئو ھېسابلاپ چىقارغان ھۇنلارنىڭ بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېسابتا توغرا كەلگەن چارۋىنىڭ سانىنى (19 تۇياق) ئى. م. مايسكى ھېسابلاپ چىققان بىر ئادەمگە توغرا كەلگەن چارۋا سانىغا (17.8 تۇياق) سېلىشتۇرۇپ ۋە شۇنىڭدەك ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ تۈرلۈك رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇشۇ توغرۇلۇق تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىنى (65، 14 تۇياق ۋە 6، 19 تۇياق) سېلىشتۇرۇپ كۆتۈلمىگەندە شۇنداق نەتىجىگە ئىگە بولدىكى، بۈگۈنكى موڭغۇل دالالىرىدا بۇنىڭدىن 2000 يىل ئاۋۋال ياشىغان بىر كۆچمەن ئىگە بولغان چارۋىنىڭ سانى XX ئەسىرنىڭ بېشىدا بىر موڭغۇل ئىگە بولغان چارۋىنىڭ سانىغا تەڭ كېلىدىكەن ①. ئادەم بېشىغا توغرا كەلگەن چارۋىنىڭ مۇشۇ سانى كۆچمەن جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان مىنىمۇم (ئەڭ كىچىك) ساندۇر. مۇشۇ يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىقى ئاھالىسىنىڭ سانىنى ئاسانلا ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. مۇشۇ ئۇيغۇرلار خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدە چارۋىلارغا لازىم يايلاق - ئوتلاقلار ناھايىتى قولاي شارائىتتا كېڭەيتىپ راۋاجلاندۇرۇلدى، دېگەندىمۇ ئۇنىڭ ئاھالىسى 800 مىڭ ئادەمدىن ئانچە ئېشىپ كېتەلمىدى. مەلۇمكى، قىرغىزلارنىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن پەقەت خاقانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر ئورنىنى تاشلاپ يۆتكەلدى، يەنى ئەسلى ئۇيغۇرلار يۆتكەلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇدا ئىككى يىل داۋام قىلغان

① ۋ. س. تاسكىننىڭ «جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ يېزىلغان ھۇنلارنىڭ چارۋىچىلىقى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. «جۇڭگو تارىخى ۋە تارىخ ئىلمىي مەسىلىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 43 - بېتىگە قاراڭ، 1963 - يىل موسكۋا نەشرى.

جۇتچىلىق، ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ئاھالە ئىچىدە ئۆلۈم - يىتىملەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۈبھىسىزكى، خاقانلىق ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى قىرغىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلار ياكى شۇ بۇرۇنقى ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ قالدى، ياكى شىمال تەرەپكە قوغلاندى. ئەگەردە مۇشۇ يۇقىرىدا ساناپ كۆرسىتىلگەن بولۇش ئېھتىماللى بولغان چىقىملارنى نەزەرگە ئالىدىغان بولساق، خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەنلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى (ماكسىمۇم) سانى 300 400 مىڭدىن ئاشمايدۇ. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى خاقان ئۆجىننىڭ قول ئاستىدىكى 100 مىڭغا يېقىن ئادەم تاڭ دۆلىتى چېگراسىغا يېتىپ كەلدى، دېگەن مەلۇماتلار مۇشۇ گۇرۇپپا ئاھالىنىڭ چوڭ بىر توپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مۇشۇ سانىنىڭ ئۆزى قارىماققا بىر ئاز ئاشۇرۇۋېتىلگەندەك تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ رايونغا ئارموزنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرمۇ كۆچۈپ كەلگەنىدى، ئەمما، بۇنىڭدا بۇلارنىڭ سانى كۆرسىتىلمەيدۇ. ۋاستىلىك ھۆججەتلەر مانا مۇشۇ گۇرۇپپا ئاھالە ئۇستىدىمۇ خېلى چوڭ توپ ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە ئىمكان بېرىدۇ. مەلۇمكى، مۇشۇ گۇرۇپپا قىسمەن ھالاك بولدى، قىسمەن تاڭ دۆلىتىنىڭ شىمالى تەرەپ ئۆلكىلىرىگە تارقىلىپ جايلاشتى ۋە بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تارىخىغا ئىشتىراك قىلىدى. بۇ توپنىڭ پەقەت پارچىلىنىپ كەتكەن بەك ئۇششاق گۇرۇپپىلىرىلا غەرب تەرەپكە كېلىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن بايقال كۆلى رايونىغا، شەرق تەرەپتە مانجۇرىيىگە كەتكەن ئۇيغۇرلارنىمۇ ھېسابقا ئالماي بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، نەنسەن ئېتەكلىرىگە ۋە كۇچا، قاراشەھەر رايونىغا 200 مىڭدىن ئارتۇقراق ئادەمنىڭ كۆچۈشى مۇمكىن ئەمەس، بىزدە مۇشۇ ئىككى مەركەز ئوتتۇرىلىقىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ جايلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى

قوغرىسىدىكى مەلۇماتلار ھازىرچە يوق، خاقانلىقنىڭ غەرب تەرەپتىكى ئاھالىسىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە قارىغىنىمىزدا، ئۇ يەرلەردە (ئۇيغۇرلاردىن باشقىمۇ) تېلى قەبىلىلىرىنىڭ كۆچۈپ يۇرگەنلىكلىرىنى ۋە بۇلارنىڭ تېلى قەبىلىلىرى كونفېدېراتسىيە تەركىبىگە كىرگەنلىكلىرىنى ۋە كونفېدېراتسىيىنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقى، دېگەن نام بىلەن داڭقى چىققانلىقىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. بۇ خاقانلىقنىڭ غەربىي تەرەپتىكى ئاھالىسى ئۆز ئورۇنلىرىدىن خېلىلا كېيىنرەك — 866 - يىلى قوزغالدى ۋە تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونغا يۆتكەلدى ۋە بۇ يەرلەردە تۇرپان ۋادىسى تىيانشان تېغىنىڭ شىمال تەرەپ ئېتىكىدىكى بىر قانچە شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى. بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 200 مىڭ ئادەمگە يېتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ سانى يۇقىرىقى كۆرسىتىلگەن سانغا كىرگۈزۈلمىدى.

كۆچۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاشقا، قارا شەھەر، كۇچا رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئورۇنلاشقان تېلى قەبىلىلىرى بولسۇن، بۇرۇن ئادەم ياشىمىغان بوش يەرلەرگە كەلگەن ئەمەس، ئۇلار ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ۋە ۋادىلىرىدا دېھقانچىلىق مەيدانىغا پۇختا ۋە ئىنچىكە ئىشلەيدىغان ۋە خېلىلا ئاھالىسى بار ۋادىلارغا كېلىپ ماكانلاشتى، مۇشۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار مەزكۇر تېررىتورىيىلەرنى ئىگىلىۋالغاندا، يەرلىك ئاھالىنى خانىۋەيران قىلغانلىقى ۋە قىرغانلىقى توغرىسىدا بۇلارنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق مەلۇمات يوق، بۇ كۆچۈپ كەلگۈچىلەر ۋادىلارنى ۋە شەھەر مەركەزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نازارىتىگىلا ئالدى، چۈنكى بۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتلارغا كۆچمەنلەر ئېھتىياجلىق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى چارۋىلىرى بىلەن بىللە، كۆلىمى چەكلىك بولغان شەھەر ئەتراپىدىكى بوش ئوتلاقلاردا

ۋە يېرىم چۆل يەرلەردە كۆچۈپ يۈردى. پەقەتلا تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىلا كەڭ مۇنبەت يايلاقلار بار ئىدى. كۆچمەنلەر ئاھالىلىك پونكىتلارغا كېلىپ دەرھاللا ئورۇنلاشقىنى، يېزا ئىگىلىكى ۋە قول ھۈنەرۋەنلىكى بىلەن شۇغۇللانغىنى يوق. مانا مۇشۇ جەريان بەك ئاستا بولدى. بۇ جەريان مۇشۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن ھەممىلا ئۇيغۇرلار ۋە تۇرا قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنى يوق. بۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تۇرپان خانلىقىغا خاتىمە بېرىلگۈچە كۆچمەن پېتىچە قېلىۋەردى. بۇ مەسىلىلەرنى تۆۋەندە بىز تەپسىلىي قاراپ چىقىمىز. بۇ يەردە بولسا، بۇ رايونلارنىڭ قوشۇمچە ئاھالىنى ئۆزىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتىش ئىمكانىيىتىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدا تۇرپان خانلىقى ئاھالىسىنىڭ سانىنى كۆرسىتىدىغان مەنبەلەردە ئېنىق ماتېرىياللار بار. بۇ مەلۇماتقا 1073 - يىلى دەپ ئىمزا قويۇلغان.

«3.21 [شىنىڭ (熙)] 6 - يىلى (1073 — 10.2. — 1074 1.29.) [ئەلچىلەر سارايغا] يەنە كەلدى ... ئىمپېراتور شېنزۇڭ (神宗 1068 — 1085) ئۇيغۇر دۆلىتىدىكى قەبىلە ۋە ئۇرۇقلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ سانى توغرۇلۇق سورىدى. [ئۇنىڭغا] 300 مىڭدىن ئارتۇقراق ئادەم بار، دەپ جاۋاب بەردى. [ھەربىي ئىشلاردا؟] پايدىلىنىشقا بولىدىغان يارامىلىق ئادەملەرنىڭ سانى قانچىدۇر، [دېگەن سوئالغا] 200 مىڭ ئادەم بار [دېگەن جاۋابنى ئالدى]»①.

نەقىل كەلتۈرۈلگەن مۇشۇ تېكىستتە «پايدىلىنىشقا بولىدىغان يارامىلىق» دېگەن جۈملە قىسمەن گۇمان تۇغدۇرىدۇ، بىز بۇ جۈملىنى «ھەربىي ئىشلاردا پايدىلىنىشقا بولىدىغان» دەپ چۈشەن-

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» 165 - بەت.

گۆچىلەر تەرەپدارىمىز. ئۇنداق بولغاندا «300 مىڭدىن ئوشۇق-راق» دېگەن سان ئاھالىنىڭ ئەرلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مۇنداق بولغاندا ئاھالىنىڭ ئومۇمىي سانى 600 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم بولىدۇ. شۇ چاغلاردا تۇرپان خانلىقىنىڭ تېررىتو-رىيىسى بەك كەڭ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سان بەك ئوشۇق-لۇق قىلمايدۇ.

ئىنقىلاش خېلىلا قىيىن بولۇپ تۇرغان مەسىلە ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىنلا يەنى 840 - يىلدىن كېيىن بېشبالىقنى كىم ئىگىلەپ تۇردى؟ دېگەن مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك-تۇر. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلاردا مۇشۇنىڭدا زىددىيەت بار، جۇڭگو مەنبەلىرى بىر تەرەپتىن بېشبالىق بۆكۈچىننىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ئىدى، دەپ مەلۇمات بېرىدۇ (3.7-، 2.8- تېكىستلەرگە قاراڭ). ئىككىنچى تەرەپتىن، بۆكۈچىن بېشبالىقنى تىيانشان تاغلىرىنىڭشەرقىي قىسمىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان باشقا شەھەرلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىگىلىۋالدى، دەپ كۆرسىتىدۇ (3.9 تېكىستكە قاراڭ). ئابې تاكېئو مانا مۇشۇ بىر - بىرىگە زىت مەلۇماتلارنى تەتقىق قىلىپ تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كەلگەن:

«بېيتىڭ (بېشبالىق — ئا. م.) خۇيچاڭ (841 — 846) يىللىرىدىن باشلاپ ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىنلا غەربتىكى ئۇيغۇرلار دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلەرنىڭ بازىسى بولۇپ قالدى. ھېچ بولمىغاندا شۇلارنىڭ بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. كېيىن ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پەقەت شەنتۇڭنىڭ 7 - يىلى (مىلادى— 866 - يىلى) تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ سەھىپىلىرىدە بېيتىڭ (بېشبالىق — ئا.م.) ئۇيغۇرلىرىنىڭ داھىيسى بۆكۈچىن (بۆكۈتىكىن — ئا. م.) توغرۇلۇق مەلۇماتلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

840 - ۋە 860 - يىللار ئارىلىقىدىكى تىيانشان تاغلىرى شەرقىي قىسمىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ۋەزىيەتنى تۆۋەندىكىچە

بايان قىلىشقا بولىدۇ: ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىق تېررىتورىيەسىدىن كۆچۈشى بۇ رايونلارغا تەسىر كۆرسەتمىسىدى، چۈنكى پان - تېكىن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تۇرپان ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەرلەردە ئۇ چاغلاردا ئانچە چوڭ بولمىغان پارچە - پارچە قەبىلىلەر بىلەن شەھەر - ۋادىلاردىكى ئولتۇراقلاشقان دېهقان ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئانچە مۇقىم بولمىغان كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ساقلىنىپ تۇرغان بولۇشى كېرەك. سابىق ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شىمال، شەرقىي شىمال ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە كۆچۈپ يۈرگەن چوڭ بىر گۇرۇپپىسى خاقانلىق ھالاكەتكە يولۇققاندىن كېيىن، ئۆز ئورۇنلىرىدا قېلىۋەرگەن بولسىمۇ، سىرتقا قارىتا مەلۇم بىر ۋاقىتقىچە بىرەر ھەرىكەت قوللانمىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى — قەبىلىلەرنىڭ يېڭى ئىتتىپاقىنى قۇرۇش، يېڭى رەھبەرلىك يادروسىنى تەشكىللەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. مانا مۇشۇ ئىشلار تاماملىنىپ، يېڭى ئىتتىپاق تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇلار بېشبالىق رايونىغا بولغان قىزىقىشلىرىنى يەنە باشلىدى ۋە 866 - يىلى ئۇلار ئومۇمىي ھالدا جەنۇبقا كۆچۈشتىن سەل ئاۋۋالراق بېشبالىقنى ئىگىلىۋالغانلىقلىرى تولۇق ئېھتىمالغا يېقىن، مۇشۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئابې تاكېئو ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشقا زىت كەلمەيدۇ، لېكىن بۇ يەردە بۆكۈتېكىن ئەسلى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ ئەمەس ئىكەن دېگەن بىر ئىشلا ئېنىقلىنىدۇ.

يېڭى تەشكىللەنگەن بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى بېشبالىق بولۇپ قالدى. ئابې تاكېئو تۇرپان خانلىقىنىڭ جەنۇب ۋە غەرب تەرەپلىرىگە خېلىلا دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، بۇ ئىش ھېچقاچاندا پايتەختنىڭ ئىدىقۇتقا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىمايدۇ، دەپ بەكمۇ كەسكىن تەكىتلەيدۇ، ياپونىيە ئالىمىنىڭ تۇرپان خانلىقىنىڭ دائىمىي پاي-

تەختى بېشبالىق دېگەن كۆز قارىشى يېتەرلىك دەرىجىدە تولۇق
ئاساسلار بىلەن كۆرسىتىلمەيدۇ. ليۇ ماۋسەي ئابې تاكېئو ئوتتۇ-
رىغا قويغان ئىسپاتلار سىستېمىسىنى تەنقىد قىلىپ، بۇنىڭغا
تامامەن قارىمۇ قارشى بولغان بېشبالىق تۇرپان خانلىقىنىڭ
داۋاملىق دائىمىي پايتەختى بولغان ئەمەس، دېگەن خۇلاسىگە
كېلىدۇ①.

يولباشچى بۆكۈتېكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تىيان-
شان تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى رايونىنى ئىگىلىۋېلىشىغا مۇناسىۋەت-
لىك ۋەقەلەرنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك
بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ غەرب تەرەپتىكى تېررىتورىيىسىدە يۈز
بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىۋېلىش زۆرۈر. ئەپسۇسكى،
جۇڭگو مەنبەلىرىدە بولسۇن ياكى غەرب مەنبەلىرىدە بولسۇن
بۇ ۋەقەلەر توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. خاقانلىق
پارچىلانغاندىن كېيىن قىرغىزلار ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان
ئۇيغۇر كونفېدېراتسىيىسىنىڭ سابىق ئەزالىرى — ئېدىزلار ۋە
باشقا تۇرا قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئۆزئارا
مۇناسىۋەتلەر خاراكتېرى توغرىسىدا ئازدۇر - كۆپتۇر ھەقىقەتكە
ئوخشاپراق كېتىدىغان مۆلچەرنى قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما ئەپسۇس-
لىنىدىغان بىر ئىش — بۇخىل مۆلچەرلەرنى مەنبە ماتېرىيال-
لىرى بىلەن ئىسپاتلاشقا بولمايدۇ. ئاجىزلىشىپ قالغان تاڭ
دۆلىتى مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىشلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاش-
تى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو مەنبەلىرىدە مۇشۇ رايوندىكى خەلق-
لەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى بەك ئاز ئۇچرىتىمىز. مۇسۇلمان
ئاپتورلىرىنىڭ بۇ ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنىڭ خاراك-

① ليۇ ماۋسەينىڭ 1955 - يىلى توكيودا نەشر قىلىنغان مۇشۇ
مەسىلىگە ئائىت ماقالىسىگە قاراڭ، بۇ «مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق ژۇر-
نالنىڭ 1958 - يىلى نەشر قىلىنغان توپلامىنىڭ 73 — 81 - بەتلىرىدە.

تېرىنى ۋ. ۋ. بارتولد تۆۋەندىكىدەك بەك ئوبدان تەسۋىرلەپ كۆرسەتتى: «ئەرەبلەر تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئارىسىدىكى يۈز بەرگەن سوقۇشلارغا ۋە بىر كۆچمەن ھۆكۈمراننىڭ ئورنىغا ئىككىنچى بىر كۆچمەن ھۆكۈمران ئولتۇرغىنىغا ئوخشاش ئىشلارغا ئانچە قىزىقمىدى؛ ئەگەردە جۇڭگو مەنبەلىرىدە، قىسمەن يۇنان مەنبەلىرىدە بۇ ۋەقەلەر بايان قىلىنمىغان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ جەريانى توغرىسىدا بىز ھېچقانداق تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولالمىغان بولاتتۇق. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىزگە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قارىغاندا، شەرق تەرەپتە — موڭغۇلىيە ۋە جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى تۈركىستان دائىرىسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر خېلىلا دەرىجىدە مەلۇم.»①

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قاراشەھەر، كۇچا رايونلىرىدا 840 — 866 - يىللار ئارىلىقىدا ھېچقانداق چوڭراق بىر ئۆزگىرىش بولمىدى. تىبەتلىكلەرنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن بۇ يەردىكى ئاھالىلەر — شەرقىي ئىرانلىقلار، خېلى كېيىن پەيدا بولۇپ قالغان سوغدىلار ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى باسمىل، قارلۇق، چۆل تۈركلىرى ② نىڭ خېلىلا كۆپ ساندىكى گۇرۇپپىلىرى تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالدى. سابىق ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى (بۈگۈنكى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي يېرىمى ۋە جۇڭغارىيەنىڭ شۇ يەرلەرگە ئۇلىنىپ كەلگەن تېررىتورىيىلىرى) قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا يولۇقمىدى. لېكىن بۇنىڭدىن بۇ جايلاردا ھېچ-

---

① ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا ئائىت 12 لېكسىيە» ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

② بارتولدنىڭ كۆرسىتىشىچە، چۆل تۈركلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى IX ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا شەرق تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەنىكەن.

قانداق ئۆزگىرىشلەر بولمىدى، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. بۇرۇن ئۇيغۇر كونفېدېراتسىيىسىگە كىرگەن ۋە مۇشۇ جايلاردا كۆچۈپ يۈرگەن تېلى قەبىلىلىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشىنىڭ كېلىپ چىقىشى چوقۇم ئىدى. بۆكۈتېكىننىڭ بېشبالىقنى ئىگىلىۋېلىشىنى مانا شۇ كۈرەشلەرنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يېڭى ھۆكۈمران قەبىلىگە (قايسى قەبىلە ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم) ئىتائەت قىلىشنى خالىمىغان قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى رايونلىرىغا كۆچۈپ كەتتى ۋە شۇ يەردە ئورۇنلىشىپ قالدى. لېكىن بۆكۈتېكىننىڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇب تەرەپكە قىلغان يۈرۈشىنىڭ مەقسىتى قىرغىزلارنىڭ بېسىمىدىن بولغان، دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. بەلكىم مۇشۇ تەخمىن قىلىنىۋاتقان قىرغىزلارنىڭ بېسىمى قىرغىزلارنىڭ غەرب تەرەپكە — ھازىرقى قىرغىزىستانغا كۆچۈشى بىلەن باغلاشقا مۇمكىنچىلىك بولۇپ قالار، ئەمما ھازىر مەنبەلەردىكى بىۋاستە ماتېرىياللار بىلەن بۇنى ئىسپاتلاشقا بولماي تۇرىدۇ. مۇشۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەخمىننى ئۆزئارا باغلاشقا بولىدىغان بىردىنبىر مەلۇمات تۇمانىسكىنىڭ قول يازمىسىدىن چىقىدۇ. مانا مۇشۇ مەسىلە مۇناسىۋىتى بىلەن بارتولد تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «... تۇمانىسكىنىڭ قول يازمىسىدا مانا مۇشۇ شەھەر (پىنچۇل — بۆگۈنكى ئاقسۇ — ئا. م.) قارلۇقلار ئېلىدا ئىكەن، لېكىن بۇ شەھەرنىڭ باشلىقى توغۇز - غۇزلارغا بويسۇنىدىكەن، كېيىن بۇ يەرنى قىرغىزلار قولغا كىرگۈزۈۋالغان. تۇمانىسكىنىڭ قول يازمىسىغا قارىغاندا، قارلۇقلار، توغۇز - غۇزلار ۋە قىرغىزلارغا تېگىشلىك ۋىلايەتلەر چېگرىسىدا قەشقەرمۇ بولغانىكەن. تۇمانىسكى قول يازمىسىدىكى قىرغىزلار توغرۇلۇق بۇ مەلۇمات كىشىنى بەكمۇ قىزىقتۇرىدۇ: بۇنىڭدىن قىرغىزلارنىڭ جەنۇب تەرەپكە — بۆگۈنكى كۈندە ياشاپ تۇرغان جايلىرىغا بولغان كۆچۈشى X ئەسىرنىڭ مابەي-

نىدە باشلانغان، دېگەن خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ توغرۇلۇق گەردىزى ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ياكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يازغانلىرىدا بولسۇن، ياكى بۇنىڭدىن باشقا مەنبەلەردە بولسۇن، ھېچقانداق مەلۇمات يوق.»

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تارىخىدا پاجىئەلىك رول ئوينىغان ئېدىزلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولغاندۇ؟ ئېدىزلار بۆكۈتېكىن رەھبەرلىكىدە بېشبالىقنى بېسىۋالغان ۋە كېيىن تۇرپان ئويمانلىقىنى ئىگىلىۋالغان قەبىلىلەر ئىچىدە بارمىدى - يوقمىدى؟ مەنبەلەردە بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇماتلار بېرىلمەيدۇ. بۇ يەردىكى يولباشچىنىڭ نامىغا قاراپ مۆلچەرلىگەندە مۇشۇ گۇرۇپپا ئىچىدە يېتەكچى رولنى تېلى قەبىلىلىرىدىن بولغان بۆكۈ (بۆكۈت) قەبىلىسى ئوينىغان بولسا كېرەك.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپ تېررىتورىيىلىرىدە بىر قەدەر مەركەزلەشكەن مۇستەھكەم ھاكىمىيەت بولمىغان. 866 - يىلى مانا بۇ رايونلارنى بۇرۇن ئۇيغۇر كونفېدېراتسىيىسى تەركىبىگە كىرگەن تېلى قەبىلە ئىتتىپاقى (يالغۇز بىر قەبىلە ئەمەس) ئىگىلىۋالدى. تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدا مۇشۇ ئىتتىپاق تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەر قايسى قەبىلىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماتېرىيال يوق، تەتقىقاتچىلار بېشبالىق رايونىنىڭ ۋە تۇرپاننىڭ قانداق بويسۇندۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلىي ئەھۋاللاردىنمۇ خەۋەرسىز. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىش نىسبەتەن تىنچ ئۇسۇللار بىلەن بولغان بولۇشى كېرەك. تېلى تۈركلىرى كەڭ، بوش يايلاق رايونلىرىنى ئىگىلىۋالغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىغا ۋادىلارنى ۋە ئاھالىلىك پونكىتلارنى ئالغان. دەسلەپكى چاغلاردا تېلىلارنىڭ بەك ئاز قىسمى ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر جايلاشقان يەرلەرگە كىرگەن، ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بولسا شۇ چاغلاردا خېلى

ھەرىجىدە تۈركلىشىپ كەتكەن شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ تۈركلىشىش جەريانى تەدرىجىي ھالدا بارغان. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ يەرلەردە بۆكۈچىن رەھبەرلىكىدىكى تىبلى تۈركلىرى پەيدا بولغانغا قەدەر شەرقىي ئىرانلىقلارنىڭ تۈركلىشىشىدە ئاساسىي رولنى باسمىللار ئوينىغان. بارتولد باسمىللارنى بۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغان ئەڭ بىرىنچى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلق دەپ ھېسابلايدۇ (بارتولدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 44-، 86-بەتلىرى). تۈركلىشىش جەريانىنىڭ تەرەققىياتىدا مەلۇم رولنى قارلۇقلارمۇ ئوينىدى ۋە شۇنىڭدەك خەنزۇ مەنبەلىرىدە چۆل تۈركلىرى دەپ نام ئالغان تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقىمۇ مەلۇم رول ئوينىدى. بارتولد تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «بۇ ئوبلاستىنىڭ شەرقىي قىسمىدا خەلقلەر ئارىلاشقان بولسىمۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، ئەڭ بىرىنچى قېتىم كېلىپ ئورۇنلاشقان باسمىل تۈركلىرى تەرىپىدىن تىكلەنگەن ئەنئەنىلەر ساقلاپ قېلىنغان. ئۇرقۇن ئابىدىلىرىدە باسمىل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «ئىدىقۇت» دېگەن ئۇنۋانى بارلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «مۇقەددەس بەخت» ياكى «شانۇ-شەۋكەت» دېگەنلىك بولىدۇ... ئەينەن مۇشۇ ئۇنۋانىنى XIII ئەسىردە يەنە مۇشۇ جايدا يۇرت سوراپ تۇرغان ئۇيغۇر ھۆكۈمرانىمۇ «ئىدىقۇت» شەكلىدە قوللانغان.» باسمىللارنىڭ شۇنچىۋالا قاتتىق تەسىرى ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ بۇ جايلاردا مۇستەھكەم يىلتىز تارتىشى ۋە يەرلىك ئاھالە بىلەن سىڭىشىپ كېتىش شەرتى ئاستىدىلا بولۇشى مۇمكىن. بارتولدنىڭ «XIII ئەسىردە يەنە مۇشۇ جايدا يۇرت سوراپ تۇرغان ئۇيغۇر ھۆكۈمرانى» ئىدىقۇت ئۇنۋانىدا بولغان دېگەن ئىزاھاتىنى پەقەت XIII ئەسىردىلا شۇنداق بولغانىكەن دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. مەلۇمكى، دۆلەت باشلىقىغا مەنسۇپ بولغان مەزكۇر ئۇنۋانىنى يېڭى تۇرپان خانلىقى قۇرۇلغان چاغ-

دىكى خانلارمۇ قوللانغان. ئىككىنچى بىر جايدا بارتولد تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ: «... باسمىللارنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدىقۇت ئۇنۋانىدا بولغان، كېيىن بۇ يەرلەرنى سوراپ تۇرغان ئۇيغۇر ھۆكۈمرانىمۇ شۇ ئۇنۋاندا بولغان» دەپ يازغان①. بارتولدنىڭ ئايرىم سۆزلىرى باسمىللار ئەنئەنىسىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئۆزىنىڭ تىزىسىغا زىت كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ پىكرىچە، IX ئەسىرنىڭ بېشىدا تۈركلەر بېشبالىق رايونىدىن تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن «ئەسلى جۇڭگو دائىرىسىگە» (؟) سىقىپ چىقىرىلغان. ئىككىنچى بىر يەردە بارتولد «باسمىللار بېشبالىق ئەتراپىدا يوقىتىلدى» دەپ يازىدۇ②. بارتولدنىڭ بۇ سۆزلىرىنى پەقەت ئېنىقلاش ئارقىلىقلا چۈشىنىشكە بولىدۇ — سىقىپ چىقىرىلغانلار تۈركلەر — جۈملىدىن كۆچمەن ھاياتىنى ساقلاپ كەلگەن باسمىللاردۇر. ئۇيغۇرلار ئىككىنچى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىغا قارشى مۇستەقىللىكى ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بارغان چاغدا باسمىللار ئۇيغۇر - باسمىل ئىتتىپاقى ئىچىدە يېتەكچى رول ئوينىغان ئەمەسمىدى؟ ئۇيغۇر - باسمىل ئىتتىپاقى ئىچىگە باشقا ئۇششاق تېلې قەبىلىلىرىمۇ كىرگەنىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئىناقلىق ئۇزۇن داۋام قىلمىدى ۋە

① بارتولد: «تۈرك - موڭغۇل خەلقلىرى تارىخى» 5 - توم، 1968 - يىل موسكۋا نەشرى، 207 - بەت.

② بارتولد: «قىرغىزلار تارىخىدىن ئوچېرك» «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 - توم، 2 - قىسىم، موسكۋا 1960 - يىل نەشرى، 491 - بەت، «بارتولد ئەسەرلىرى» 5 - تومىنىڭ (1968 - يىلى نەشر قىلىنغان) 304 - بېتىدىكى «قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرى ۋە ئەرەب مەنبەلىرى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

ئۇيغۇرلار قارلۇقلارنىڭ ياردىمى بىلەن باسمىللارنى تارمار كەلتۈردى①.

نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر كونفېدېراتسىيە تەركىبىگە كىرگەن تېلى قەبىلىلىرى بېشبالىق - تۇرپان رايونىنى ئىگىلىۋېلىپ ئۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئادەتتە تۈركىي تىللىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ دۆلەت باشلىقى قوللىنىپ كەلگەن «خاقان» دېگەن ئۇنۋانىنى قوللانماستىن، بەلكى باسمىللارنىڭ «ئىدىققۇت» ئۇنۋانىنى قوللانغان؟ قارىماققا ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ مەسىلىنىڭ توغرا يېشىلىشى مۇشۇ رايوندىكى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ ئېنىقراق بىلىۋېلىش ئۈچۈن تەتقىقاتچىلارغا ياردەم قىلغان بولاتتى. ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەن ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ دۆلىتى چېگرىلىرىغا كېلىپ جايلاشقانلىرى بولسۇن، نەنسەن ئېتەكلىرىگە كېلىپ جايلاشقانلىرى بولسۇن، ياكى قاراشەھەر ۋە كۇچا رايونلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىرى بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ داھىيلىرىدا خاقان دېگەن ئۇنۋانىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشمۇ ئورۇنلۇق بولسا كېرەك. بەلكىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە قېرىنداش بولغان تېلى قەبىلىلىرى ئۈستىدىن ئۇزۇن ۋاقىتلار ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن ۋە خاقانلىقنىڭ كېيىنكى بىرنەچچە ئون يىل ئىچىدە ھاكىمىيەت ئۈچۈن بولغان جىددىي كۆرەشلەر تېلى قەبىلىلىرىدە خاقان دېگەن ئۇنۋانىنى ياقتۇرماسلىقنى پەيدا قىلغانمۇ - يا؟

بۆكۈتېكىن ۋەقەلىرى ئۈستىدە توختالغان كۆپلىگەن ئاپتورلار شەرقىي تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمال - جەنۇبىدىكى ۋادىلىرىدا ياشاپ كەلگەن يەرلىك ئاھالىنىڭ رولىغا

---

① سامولىننىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ئەسىرىنىڭ 74 - بېتىگە قاراڭ. ئۇنىڭ بۇ پىكرى ۋە ئېبېرخارتنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا قويۇلغان.

چېگەندەك باھا بەرمىگەن. مەزكۇر كىتابتا يەرلىك ئاھالىنىڭ رولى ئۈستىدە خېلى تەپسىلىي بايان بېرىلىدۇ. بۇ يەردە فېڭ جىياشېڭ، چېڭ سۇلو ۋە مۇگۇاڭۋېنلارنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشىگە بېغىشلانغان ماقالىسى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇ ماقالىدە تۆۋەندىكى جۈملىلەر يېزىلغان: «غەرب تەرەپكە كۆچكەنلەرنىڭ بىر قىسمى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مۇنبەت ۋە سۇغىرىشقا ئەپلىك جايلىرىنى مەركەز قىلغان شىجۇ ۋىلايىتىنىڭ گاۋچاڭ شەھىرىدە يىلتىز تارتىپ تۇرۇپ قالدى...»①. مەزكۇر ئاپتورلار ئۆز ماقالىسىنىڭ داۋامىدا ئۇيغۇرلار چوڭ كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرتتا (شىنجاڭدا) ئۇيغۇرلار، تۇركلەر ياشاپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭغا مىسال تەرىقىسىدە «سۇينامە» دىكى قۇمۇلنىڭ غەرب تەرىپىدە ۋە قارا شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدە بېيشەن (تىيانشان) يېنىدا «ئوخۇ» (乌护) نامدىكى قەبىلىلەرنىڭ ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى شىپى كەلتۈرىدۇ ۋە مۇجۇ خاقانىنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يايلاقلىرىنى تاشلاپ گەنجۇ بىلەن لەنجۇ ئارىلىقىدىكى رايونلارغا كېلىپ جايلاشقان ئۇيغۇرلار ئۈستىدە سۆزلەيدۇ. VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى جايلىرىغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى بۇ ئاپتورلار بىلمەيدىغاندۇ؟ «ئوخۇ»لارمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ كۆچمەنلەر ئىدى ۋە بۇ يەردە ئۇلار توغرۇلۇق گەپ بولۇشنىڭ لازىمى يوق ئىدى. شۇنىسى روشەنكى، بۇ ئاپتورلار بۇ يەرلەردىكى ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنى ئۇنتۇپ قالغان. شۇڭلاشقا بۇلارنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇغاندا يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگۈچىلەر مۇشۇ رايونلاردىكى I - قېتىم تېرىقچىلىق قىلغانلار دېگەن تەسەۋۋۇر كېلىپ چىقىدۇ.

① «ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈش مەسىلىسى» 41 - بەت.

كىشىگە جۇڭگو تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۇ كەمچىلىكى — ئۇلارنىڭ ئۇنتۇغاقلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى بايان قىلىشتا تۇتقان مۇئەييەن پوزىتسىيىسىدىن بولغان، دېگەن ئويىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ (تېلىلارنىڭ دەپ يېزىلىشى لازىم) دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئاپتور «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» ۋە «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىن مەلۇماتلار ئېلىپ، يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ئاپتورلار تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇ چاغلاردا يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا بۇ مەلۇماتلار تولۇق يېتىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ماقالىنىڭ داۋامىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى دائىرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، بىۋاسىتە ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇ يازغانلىرى ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئاھالىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ يەر كېيىن ئىگىلىۋالغان كۆچمەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. كۆچمەنلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە دەرىجىسىنى يەنە ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

866 - يىلى بۆكۈتېكىن شەرقىي تيانشان تاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىگە جايلاشقان شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، مۇشۇ رايوندا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر مەزگىل ئىچىدە ئىككى خانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ ھەر ئىككى خانلىقنى ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كەلگەنلەر تەشكىل قىلغان. بۇ خانلىقلارنىڭ بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقىغا مەنسۇپ خاقان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر كۇچا خانلىقى؛ يەنە بىرى، تۇرپان خانلىقى. تۇرپان خانلىقى بىز-

نىڭ ۋەتىنىمىز ئەدەبىياتىدا ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى دېگەن نام
بىلەن مەشھۇردۇر. جۇڭگو مەنبەلىرىدە بولسۇن ياكى غەرب ئەل-
لىرى مەنبەلىرىدە بولسۇن، بۇ ھەر ئىككىسى مۇستەقىل بولغان
دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ كېيىنكى
تەرەققىياتى ئۈستىدە مەلۇمات بەرمەيدۇ. بۇ ئىككى خانلىقنىڭ
تىكلىنىشى ۋە كېيىن تۇرپان خانلىقىنىڭ كۇچا ئۇيغۇرلىرىنى
ئۆزىگە قوشۇۋېلىشى تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ
پارچىلىنىۋاتقان شارائىتىدا يۈز بەرگەن. مانا مۇشۇ ۋەزىيەت
1 - قول مەنبەلەردە ۋە تارىخىي ئەسەرلەردە شەرقىي تۈركىستان
تۇغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېزىلمىغانلىقىنى
بەلگىلىگەن.

تۇرپان خانلىقى تەرىپىدىن كۇچانى ئىگىلىۋالغان ۋاقىت
تۇغرىسىدا مەلۇماتلارنىڭ يوقلۇقىنى ئې. پېنكىس ۋە ئابې تاكېئولار-
مۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ①. بۆكۈتېكىن
ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇيغۇر
كۇچا خانلىقىنىڭ تۇرپان خانلىقى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتۈپ
قېلىشى تولۇق مۇمكىن ئىش. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقان-
دا، كۇچا ۋە قاراشەھەر تېررىتورىيىلىرىنىڭ ئىگىلىۋېلىنىشىنى
بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈش بىلەن يۈز بەرگەن ۋەقە دەپ
قاراشقا بولىدۇ. بۇ ھەربىي يۈرۈش مەزگىلىدە، تىيانشان تاغلى-
رى شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇبىدىكى تېررىتورىيىلەر ئىگىلىۋېلىن-
غان بولىدۇ. كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىمۇ نامەلۇم.
ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رايوندا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ۋاقتى
ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، شۇڭلاشقا بەزى ئاپتورلارنىڭ ئۇلارنىڭ

① ئابې تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇرلار تارىخى تۇغ-
رىسىدا تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 264 - بېتىگە، ئې. پېنكىسنىڭ
«گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 61 - بېتىگە قاراڭ.

شەرققە — نەنسەن تېغى ئېتەكلىرىگە ئىككىنچى قېتىم كۆچكەن، دېگەن تەخمىنلەرنى خېلىلا راستەك قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى نەنسەن بويلىرىغا ياغلاقار ئۇرۇقىغا مەنسۇپ يولباشچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەسلى ئۇيغۇرلار كېلىپ جايلاشقان ئەمەسمىدى؟ لېكىن كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ كۆچۈشىدە ھەممىلا ئۇيغۇرلار كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ خېلىلا كۆپ قىسمى ئاشۇ جاينىڭ ئۆزىدە قېپقالغان بولۇشى ياكى تۇرپان ئويمانلىقىغا يۆتكەلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. كېيىن ئۇلار شۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر - بىرىگە سىڭىپ كەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە ئى. ۋ. بىرىتشنەيدىرنىڭ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى» گە ئاساسلىنىپ «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ياكى ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» پايتەختىنى غەربكە — كۇچاغا يۆتكىگەن بولسا كېرەك، دېگەن تەخمىنىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ، دېگەن مۆلچەرنىڭ ھېچقانداق ئاسا-سى بولمىغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.①

تۇرپان خانلىقى كۇچا رايونىنى ئۆز قولىدا ئۇنچىۋالا ئۇزۇن ساقلاپ تۇرالمىدى. بۇ ئەھۋالنى غەرب (مۇسۇلمان) مەنبەلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ مەنبەلەرنى ۋ. ۋ. بارتولد بەك ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ چىققانىدى. مۇسۇل-مان مەنبەلىرىدە كۇچا رايونىنىڭ تۇرپان خانلىقىدىن ئاجراپ كەتكەن ئېنىق ۋاقتىنى كۆرسەتكەن ياكى مۇشۇ ۋاقىت ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە ئىمكان بېرىدىغان ھېچقانداق باشقا مەلۇمات يوق. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، كۇچانىڭ قولدىن كېتىشى مۇشۇ رايوندا ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بارتولدنىڭ كۆرسىتىشىچە، مەھمۇد قەشقەرى

① ئى. ۋ. بىرىتشنەيدىرنىڭ 1888 - يىلى نەشر قىلىنغان مۇشۇ ھەقتىكى كىتابىنىڭ 245 - بېتىگە قاراڭ.

شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلار ئىگىلەپ تۇرغان جايلارنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى كۆرسەتكەندە كۇچانى مۇسۇلمانلار رايونىغا كىرگۈزگەنىكەن. دېمەك، مەھمۇد قەشقەرى زامانىسىدىلا كۇچا مۇسۇلمانلارنىڭ بولغان. «شىمالىي يولدا چېگرا پونكىتلىرى كۇچا ۋە بۈگۈر بولغانىكەن، جەنۇبتا بولسا چەرچەن بولغانىكەن....» شەرقتە ئۇيغۇر خانلىرىغا مەنسۇپ يەرلەر بولغان①. مانا مۇشۇ چېگرا موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. بۇ توغرۇلۇق بارتولد تۆۋەندىكىچە يازىدۇ: «موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تەشكىل بولغان چاغدىمۇ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چېگرىسى كۇچانىڭ شەرقىدە بولغان، يەنى مەھمۇد قەشقەرى زامانىسىدىكى كۇچانىڭ شەرقىدە چېگرا بولغان. كۇچالىق خىزىربەگ ئىسىملىك مۇسۇلمان تۈركلىرىنىڭ بىر باھادىرى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى تۈپەيلىدىن نام چىقاردى، دېگەن بىرلا مەلۇمات بار. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار دائىم ئەسكىرىي ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرغان باتۇرلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھالىدا بولمىغان تىنچ كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولغان خەلق دەپ ھېسابلىنىدىكەن②. جۇڭگو مەنبەلىرىدە تېلىلارنىڭ كۇچادىن كەتكەنلىكى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ.

تۇرپان خانلىقىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخى جۇڭگو مەنبەلىرىدە بەكمۇ ئاز كۆرسىتىلگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ توغرىدىكى ماتېرىياللار ئاز. سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ بەك مەشھۇر دوكلاتىدىن باشقا، تۇرپان خانلىقىدىن سۇڭ ئىمپېراتور سارىيىغا كەلگەن بىر قانچە ئەلچىلىكلەر (سودا كارۋانلىرى دېيىش تۈزۈكرەك) ئۈستىدە سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدا ئايرىم كىچىك مەلۇماتلار بار. مانا مۇشۇ-

① بارتولدنىڭ «... 12 لېكسىيە» سىنىڭ 81 ـ بېتىگە قاراڭ.
② بارتولدنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 111 ـ بەتلىرى.

داق مەلۇماتلارنىڭ بىرىنى بىز يۇقىرىدا «3•21» تېكىستتە كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق. سۇڭ دۆلىتى (960 — 1279) تارىخىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن چىققانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنىڭ خاراكتېرى (ئومۇمىي باھا) ئۈستىدە تەپسىلىي توختاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ (490 - جىلد).

«كۇسەن تەزكىرىسى»، «قوجۇ تەزكىرىسى» ۋە «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئۈچ بايان بار. «كۇسەن تەزكىرىسى» ئۈستىدە 4 - بابتا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز. «قوجۇ تەزكىرىسى» گە كەلسەك، ئەمەلىيەتتە، ئۇ سۇڭ دۆلىتى ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ دوكلاتىدىنلا ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا سۇڭ دۆلىتى مەركىزىگە كەلگەن ئۈچ ئەلچىلىك ئۈستىدە سۆز قىلىنىدۇ. بۇ ئەلچىلىكلەرنىڭ ئىككىسى 962 - يىلدىن 982 - يىل ئارىلىقىدىكى 20 يىل ئىچىدە كېلىپ كەتكەنىكەن، ئۈچىنچى بىر ئەلچىلىك بولسا 1004 - يىلى كەلگەنىكەن①. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىنى كۆپرەك ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغىنى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دۇر. مانا مۇشۇ تەزكىرە ئۈستىدە تەپسىلىي توختاپ ئۆتۈش لازىم بۇ ئەسەردىكى مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلغاندا، ھەممىدىن ئاۋۋال مەزكۇر مەنبەدە تېلىلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئىككىسى بىر گەپ دەپ خاتا مۇقىملاشتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدا بۇ مەسىلە توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان: «3•22. ئۇيغۇرلار ئەمەلىيەتتە ھۇن نەسلىنىڭ ئايرىم بىر ئەۋلادىدۇر. (ئۇلار) تيەندى (ئۆلكىسىنىڭ) غەربىي شىمال تەرىپىدە سولىن (سېلىنگا) دەرياسى بويىدا ياشاپ كەلگەن، كېيىنكى ۋېي (شىمالىي ۋېي 386 — 533) دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغدا، ‹تېلى› نامى بىلەن ئاتالدى. تاڭ دۆلىتى (618 — 907) نىڭ دەسلەپىدە ‹تەلى›

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، 8a — 12b - بەت.

دەپ ئاتالدى، كېيىنرەك «خۇيخې» (回纥) دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.»①

مۇنداق مۇقىملاشتۇرۇش «يېڭى تاڭنامە»دىكى مەلۇماتلار بىلەن جۈرلىشىدۇ. «يېڭى تاڭنامە»دىكى تېكىستىنىڭ ئۆزىدە بەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارىمۇ قارشىلىق بار. بۇ تارىخنى يازغۇچىنىڭ مۇقىملاشتۇرۇپ كۆرسىتىشى بويىچە، «خۇيخې» 15 قەبىلىگە بۆلۈنگەنىكەن، ئاپتور بۇ 15 قەبىلىنى بىر - بىرلەپ ساناپ كۆرسەتكەندە بۇنىڭ ئىچىدە «يۈەنخې» (袁纥 ) نىمۇ كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ قىلغان كېيىنكى بايانلىرىدىن «يۈەنخې»لاۋنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى نامىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى روشەنلىشىدۇ. «كونا تاڭنامە. تېلىلار ھەققىدە قىسسە» دە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «خۇيخې» (ئۇيغۇرلار) نىڭ تېلى كونفېدېراتسىيىسى ئىچىدىكى بىر قەبىلە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ناملىرى دەپ دائىم قارىلىۋاتقان ئايرىم ئېتنونىملارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ يېشىلىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بەزى ئېتنونىملار پاراللېل قويۇلۇپ كەلگەن. شۇڭلاشقا بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە تەپسىلاتلارنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«3.23. تېلىلار ئەمەلىيەتتە ھۇنلارنىڭ ئايرىم بىر قەبىلىسىدۇر. تۈركلەر كۆچىيىشكە باشلىغاندا تېلى قەبىلىلىرى تارقىلىپ كەتتى، خەلق ئاجىزلاشتى، ۋۇدى (武帝) يىللىرى (618 — 627) نىڭ دەسلەپىدە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمال تەرىپىدە تۆۋەندىكى قەبىلىلەر تارقىلىپ ياشىغانىدى: سىر - تاردۇش، چۇبە، خۇيخې (ئۇيغۇرلار)، دۇبو، قورىقان، دولانغىت، پۇگۇ، بايىرقۇ،

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، 12b - بەت.

تۇڭرا، خۇن، سىجى، خۇشى، شىجىپ، ئېپدىز، بەي دى.»①

بۇ يەردە يەنە شۇ 15 قەبىلە ساناپ كۆرسىتىلگەن، مانا مۇشۇ رىۋايەتتىكى قەبىلىلەرنىڭ كېيىنرەك يېزىلغان «يېڭى تاڭنامە» دىكى رىۋايەت بىلەن سېلىشتۇرسىڭىز، دەسلەپ قارىغاندا مۇھىم پەرقلەر يوقتەك كۆرۈنىدۇ، بۇلارنى ئىنچىكىلەپ سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، يېڭى تاڭنامىدىكى رىۋايەتتە «خۇيخې» (ئۇيغۇرلار) دېگەن ئېتنونىم «يۈەنخې» دېگەن نام بىلەن ئالماشتۇرۇلغان، «خۇيخې» ئېتنونىمى بولسا «تېلى» دېگەن ئېتنونىمنىڭ سىنونىمى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. «كونا تاڭنامە» دىكى رىۋايەتتە ئۇيغۇرلار (خۇيخې)ئۈچىنچى ئورۇنغا—سىر - تاردۇشلار بىلەن چۆبە(пибu)لەرنىڭ كەينىگە قويۇلغان. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، رىۋايەتنىڭ مۇشۇ تەرتىپتە تۈزۈلۈشى تېلى قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدا يېتەكچى رول سىر - تاردۇشلار قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ۋەزىيەتنى ئىنكاس قىلسا كېرەك. بۇ دەۋر خاقان سېلى (خېلى) باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈرك خاقانلىقى بىلەن تېلىلارنىڭ كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقتى ئىدى، شۇنىڭدەك شەرقىي تۈرك خاقانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر مەزگىل ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سىر-تاردۇش خاقانلىقى ۋە سىر-تاردۇش-ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى، مەزكۇر ئىتتىپاق تاڭ سۇلالىسى دىپلوماتلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان ھەركەتلىرى نەتىجىسىدە بۇزۇلغانىدى. سىن جۇڭمىيەن «يېڭى تاڭنامە»دەك نىسبەتەن كېيىنرەك بىر مەنبەدە «يۈەنخې» دېگەن ئېتنونىمنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدا توختىلىپ، سۈي ۋە تاڭ دۆلەتلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرلەردىكى تېلىلار ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەزكىرىلەردە يۇقىرىقى ئېتنونىمنىڭ ھېچ يەردە يولۇقمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. سىن جۇڭمىيەن

① «كونا تاڭنامە» 1996 - جىلد، 1α - بەت.

«يۇەنخې» ئېتنونىمى مەزكۇر تېكىستكە «ۋېينامە. تۇلۇسلەر ھەققىدە قىسسە» دىن ئېلىنىپ مۇشۇ تېكىستكە كىر-گۈزۈلگەنمىكىن، دېگەن تەخمىننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ①.

ئۇ«يېڭى تاڭنامە» تېكىستىدە «تېلى» ۋە «خۇيخې» ئېتنونىملىرىنى بىر گەپ دەپ كۆرسىتىشى مەزكۇر تېكىستنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يىللاردىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن يېزىلىپ تەييارلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر خاقانلىقى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان (ھېچ بولمىغاندا خاقانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان) يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تېلى قەبىلىلىرى كونفېدېراتسىيىسىدىن ئىبارەت ئىدى. خاقانلىق ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغانلىقى تارىخچىلار تەرىپىدىن مۇشۇ دەۋر ئىچىدە ئۇيغۇر دېگەن ئېتنونىمنى كۆپ يېزىپ تارقىتىشقا سەۋەب بولغان، دەسلەپتە مەزكۇر ئېتنونىم خۇيخې شەكلىدە ئىشلىتىلگەن، كېيىن خۇيخې شەكلىدە قوللىنىپ ئۇيغۇر خاقانلىقى دائىرىسىدە بىرلەشكەن ھەممە تېلى قەبىلىلىرىنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، تېخى خاقانلىق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن سوغدى ئاھالىسىمۇ خۇيخې دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنونىم تاڭ دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋردىكى مەنبەلەردە ۋە مۇشۇ دەۋرگە ئائىت ئەسەرلەردە ئېتنىك خاراكتېردە ئەمەس، بەلكى سىياسىي خاراكتېر بېرىلىپ يېزىلغان②.

توققۇز ئوغۇزلار مەسىلىسى ئۈستىدە تەپسىلىي توختاپ

---

① سىن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار توپلىمى» 1958 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان 715 - بېتىگە قاراڭ، «ۋېينامە» 103 - جىلد 30 - بەت.

② سامولىن. ۋ. : «شەرقىي تۈركىستان...» 72 - بېتىگە قاراڭ.

ئۆتتۈشكە، توغرا كېلىدۇ. توققۇز ئوغۇزلار مەسىلىسى بىلەن شۇ جۈملىدىن گويا جۇڭگو مەنبەلىرى بىلەن مۇسۇلمان مەنبەلىرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قارىمۇ قارشىلىقلار ئۈستىدە ۋ. ۋ. بارتولد كۆپ مەشغۇلات ئېلىپ باردى ۋە بۇ قارىمۇ قارشىلىقلار توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەرنى يازدى: «...بۇنىڭدىن جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئەرەب مەنبەلىرىدىكى توغۇز - غۇزلار ھەممىسى بىر خەلق دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى. بىر مەزگىل ھەتتا توغۇز - غۇزنى — توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئوقۇشنى تەكلىپ قىلغۇچىلارمۇ بولدى. كېيىن مۇنداق دەپ ئوقۇشتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلدى. توغۇز - غۇزلارنى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر خەلق دەپ قاراشنى ئەرەبلەرنىڭ تارىخىي مەلۇماتلىرىمۇ رەت قىلدى. ئىبنى ئەل ئەسىر غەرب تەرەپتىكى غۇزلار توغۇز - غۇزلاردىن كېلىپ چىققان دېگەن مەلۇماتنى ساقلىغان، تەبەرى 820 - يىلدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەستىن سۇترىشانا (ماۋرائۇننەھر) غا توغۇز - غۇزلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىدۇ...، مانا بۇنىڭدىن كۆرۈلىدۇكى، شۇ چاغلاردا توغۇز - غۇزلار دەپ جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرلا ئېيتىلىپ قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمان يەرلىرىگە بىۋاسىتە قوشنا بولغانلارمۇ ئېيتىلغانىكەن.»① بارتولدنىڭ مۇشۇ سۆزىگە تەھرىر تۆۋەندىكىچە ئىزاھ بېرىپتىكەن (30 - ئىزاھات): «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركلەرنىڭ رونىك ھەرپىدىكى تېكىستلەر توققۇز ئوغۇز دېگەن ئېتنونىمنىڭ توغرا ئوقۇلۇشىنى ئېنىقلىۋېلىشقا «ئوغۇزلارنىڭ توققۇز قەبىلىسى» دەپ چۈشىنىشكە ئىمكان بەردى. قەبىلىلەرنىڭ مەزكۇر كونفېدېراتسىيىسىدە ئۇيغۇرلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىرىدىكى

① بارتولدنىڭ: «...12 لېكسىيە»سىنىڭ 54 - بېتىگە قاراڭ.

توققۇز ئوغۇز دېگەن ئاتالغۇ پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغىلا قارىتىلغان.» بارتولدنىڭ پىكرىچە: «توغۇز - غۇزلار- نىڭ ئەرەب مەنبەلىرىدىكى تىلغا ئېلىنغان تارقىلىپ جايلاشقان ئورۇنلىرى جۇڭگونىڭ مەلۇماتلىرىدىكى ۋە كېيىنرەك ۋاقىتلار- دىكى مۇسۇلمان مەلۇماتلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ كەلگەن جايلىرى دەپ كۆرسەتكەن يەرلىرى بىلەن ئوخشاش چىقىدۇ. (......) ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئەرەبلەر توغۇز - غۇزلار دېگەن نامنى كېيىن ئۇيغۇرلارغا يۆتكىگەن بولسا كېرەك، توغۇز - غۇز دېگەنلەر ئەسلىدە ئۇيغۇرلاردىن ئاۋۋال مۇشۇ يەردە ئۆتكەن چۆل تۈركلىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. تىبەتلىكلەرنىڭ چۆل تۈرك- لىرىنى بۇ يەرلەردىن سىقىپ چىقارغانلىقىنى، تىبەتلىكلەرنى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئەرەبلەر بىلمەي قالغان بولسا كېرەك.»① دېمەك، بۇ شەرقشۇناس ئالىم توققۇز ئوغۇز ۋە ئۇيغۇرلار تامامەن باشقا - باشقا خەلق دەپ ھېسابلىغان. شۇنىڭ بىلەن بارتولد توققۇز ئوغۇزلارنى جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى چۆل تۈركلىرى بىلەن بىر خەلق دەپ قاراپ جىددىي سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى. «موڭغۇلىيىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇزلار ئوتتۇرىسى- دىكى كۈرەشلەردىن كېيىن ئۇيغۇرلار تەركىبىگە ئوغۇز خەلقىنىڭ بىر قىسمى كىرگەن... ئەگەردە ئەرەبلەر جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن ئۇ يەرلەردە ئۇيغۇرلار تۇرغان مەزگىللەردە دەسلەپ تونۇشقان بولسا، ئۇ چاغدا ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە ئەدەبىياتىغا توغۇز - غۇز دېگەن نام ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر دېگەن نام يېزىلغان بولاتتى» دەپ كۆرسىتىدۇ②. بۇ يەردە ئۇيغۇرلار چوڭ مۇستەقىل بىر خەلق سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ.

---

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، 1968-يىل نەشرى، 5-تومىنىڭ 568 — 569-بەتلىرىدىكى «توغۇز - غۇز» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

② بارتولدنىڭ «قىرغىزلار» دېگەن ماقالىسىنىڭ 491-بېتى.

ئەھۋالغا قارىغاندا، خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئوتتۇرىغا
قويۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارلىرى تەرىپىدىن جارى
قىلدۇرۇلغان بارتولددەك مەشھۇر ئالىمنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى
ئوتتۇرا ئەسىرلەردە چوڭ، خېلىلا دەرىجىدە پىشقان ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەپسانىنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇيغۇرلار تېلى
كونفېدېراتسىيىسى ئىچىدىكى قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. سىر-
تاردۇشلار ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئەڭ كۈچلۈكلەر-
دىن بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋال باشقا تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئۇي-
غۇرلار ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشىغا سەۋەب بولدى. ئا. ۋ. ياكوبوۋس-
كىي بارتولددىن خېلى كېيىن ئېلان قىلغان ماقالىسىدىمۇ ئوتتۇرا
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۈيۈك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ
كەلگەنلىكى توغرۇلۇق گۇمان قىلمىغان. ياكوبوۋسكىي: «ئۇيغۇرلار
ۋە ئوغۇزلار ئەڭ قەدىمكى ئىككى تۈركىي خەلق بولۇپ، ئۇلار-
نىڭ تارىخى ئەڭ قەدىمدىن باشلاپ VII ئەسىرگىچە ئۆزئارا
گىرەلىشىپ كەلگەن. كېيىن ئۇلارنىڭ تەقدىرى تامامەن باشقىچە
بولۇپ كەتتى»① دەپ يازىدۇ. ئاپتورنىڭ كېيىنكى بايانلىرى
ئۇنىڭ پەقەت غۇزلار - ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئىككىنچى قەبى-
لىسى ئۈستىدە سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

توققۇز - ئوغۇز ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك
يېڭى مۇھاكىمىلەرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋەتىنىمىز ئەدەبىيا-
تىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدۇ. مەسىلەن، س. گ. كېلىيەشتورنىي ئادىلانە ھالدا تۆۋەن-
دىكىچە كۆرسىتىدۇ: «840 — 866 - يىللاردا قىرغىزلار تەرىپ-

---

① ياكوبوۋسكىينىڭ «X - XI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر - تۇرپان
خانلىقى توغرۇلۇق ئەرەب، پارس مەنبەلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 423-
بېتى، 1947 - يىل نەشرى.

دىن سىقىپ چىقىرىلغان توققۇز - ئوغۇزلار ھازىرقى شىنجاڭ ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرى تېررىتورىيىلىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئۇ يەردە گەنجۇ (1028 - يىلى تاڭغۇتلار دۆلىتى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان) ۋە تۇرپان دۆلەتلىرى (850 — 1210) نى تەشكىل قىلغان. بۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا توققۇز - ئوغۇز ئىسمى ئۇيغۇر دېگەن ئېتنونىم تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى.»① مۇشۇ كەلتۈرۈلگەن نەقىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ئانچە ئېنىق بايان قىلىنمىغان. مەسىلەن، شۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېگەن ئېتنونىم شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ نامى سۈپىتىدە تەبىئىي ئېتنوگېنىتىك② جەريان نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بولماستىن، بەلكى بايانات ئۇسۇلىدا قوبۇل قىلىنغان③.

مۇشۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكى ئاساسىي خۇلاسىلەرنى يېزىشقا بولىدۇ:

1. تاڭ دۆلىتىنىڭ شۇنىڭدەك كېيىن بۇ دۆلەتنىڭ ئورنىدا تەشكىللەنگەن دۆلەتلەرنىڭ تارىخچىلىرى خۇيخې ۋە كېيىن خۇيخۇ (ئۇيغۇر) دېگەن ئېتنونىمنى كونفېدېراتسىيە تەركىبىگە كىرگەن ھەممە تېلې قەبىلىلىرىگە ئىشلىتىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدە ياشىغۇچى سوغدىلارغىمۇ ئىشلەتكەن.

2. تېلې قەبىلىلىرى كونفېدېراتسىيىسىنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، مەزكۇر دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ

---

① كېلىيەشتورنىينىڭ «سوۋېت تارىخى ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ 10 - تومىدىكى «ئوغۇزلار» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ، 467 - بەت.

② ئېتنوگېنىتىك — بىرەر خەلقنىڭ بىر ئۇرۇق قەبىلىدىن تارقىلىپ كۆپىيىش مەنىسىدە.

③ ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «ياۋروپا ۋە روسىيىدە شەرق تەتقىقات تارىخى» غا قاراڭ، 9 - توم، 426 - بەت.

ئورغان دەۋرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ دۆلەت ئىچىدە ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئاساسىي يېتەكچى رول ئوينىغانلىقىدىن بولغان.

3. خاقانلىق تەركىبىگە كىرگەن تېلى قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنى
ئۇيغۇر دەپ ئاتىمىغان. ئۇلار خاقانلىقنىڭ غەربىي رايونلىرىنى
ئىشغال قىلىپ تۇرغان ۋە ئۇلار توغرۇلۇق ئەرەب، پارس جۇغ-
راپىيە ئالىملىرى خەۋەر تاپقان. شۇڭلاشقا مەزكۇر ئالىملارنىڭ
ئەسەرلىرىدە توققۇز-ئوغۇز دېگەن ئېتنونىم ئىشلىتىلگەن.

4. ئۇيغۇرلار شۇ توققۇز - ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بول-
غان. شۇڭلاشقا مۇشۇ نۇقتىئىنەزەردىن ئەرەب ۋە پارس جۇغراپىيە
ئالىملىرى تەرىپىدىن توققۇز-ئوغۇز ئاتالغۇسىنىڭ ئىشلىتىلىشى
قارشىلىققا ئۇچرىمىغان.

5. خاقانلىق پارچىلانغاندىن كېيىن، پەيدا بولغان تۇرپان
دۆلىتى ئەسلى ئۇيغۇر قەبىلىسى تەشكىل قىلغان دۆلەت بولماس-
تىن، ئۇنى خاقانلىق تەركىبىگە كىرگەن باشقا توققۇز ئوغۇز
قەبىلىلىرى بەرپا قىلغان.

6. بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاھالىسى-
نىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئەسلى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئىشتىراكى
بەك ئاز دەرىجىدە بولغان. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر دېگەن ئېتنونىم
بۇ رايوندا دەسلەپتە كەڭ تارقالمىغان. جۇڭگو مەنبەلىرى ئەس-
لى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئانچە كۆپ بولمىغان بىر قىسمى پە-
قەت كۇچا رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان دەپ كۆرسىتىدۇ.

7. 795 - يىلى خاقانلىق ئىچىدە ئېدىز قەبىلىسىنىڭ
سۇلالىسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خاقان-
لىقىنىڭ غەرب تەرەپكە بولغان كۈچلۈك كېڭىيىشى باشلانغان.
نەتىجىدە خاقانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى خېلى دەرىجىدە كېڭەيگەن.
دەل شۇ چاغلاردا بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي رايون-
لىرىغا خېلىلا چوڭ گۇرۇپپا ئادەملەرنىڭ كۆچۈپ ئورۇنلاشقانلى-
قى ئېھتىمال. قانداقلا بولمىسۇن، مانا مۇشۇ ئەھۋال بىلەن

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ، مەسىلەن، قارلۇقلار بىلەن قوشنا رايونلار-
دا بولۇپ قېلىشنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ
بۇ رايونلاردا ياشاپ تۇرغانلىقى توغرۇلۇق بەزى ئەرەب ئاپتور-
لىرى مەلۇمات بېرىدۇ①.

8. جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، توققۇز قەبىلىدىن
تەركىب تاپقان تېلىلار كونفېدېراتسىيىسى تەشكىل بولغانغا قەدەر
15 تېلى قەبىلىسى بار بولغانىكەن (3.23. تېكىستكە قاراڭ).
تېخىمۇ بالدۇرقىراق مەنبەلەردە («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ۋە
«سۈينامە») تېلى قەبىلىلىرىنىڭ رويخېتى بېرىلگەندە 50 كە
يېقىن قەبىلىنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلگەن، مانا مۇشۇ مەلۇماتلارنىڭ
كۆرسىتىشىچە، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخ-
چىلار ئارال دېڭىزىدىن چوڭ ھىنگان تاغلىرىغا قەدەر كەڭ
تېررىتورىيىلەردە ئورۇنلاشقان تېلى قەبىلىلىرى ياشاپ كەلگەن
دېگەن مۆلچەردە بولغان.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى ئۇيغۇرلار تاڭ دۆلىتى
تەشكىل بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا «تېلى» دەپ ئاتىلىش-
قا باشلىدى، دېگەن ھۆكۈمگە دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈر. بۇ مەلۇمات-
نى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنى يازغۇچىلار
كونا تاڭنامىدىن ئالغان بولسا كېرەك. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇر-
لار ھەققىدە قىسسە»دە: «ئۇلار يېقىندىن بۇيان تېلى دەپ ئاتى-
لىشقا باشلىدى» دەپ يېزىلغان.② «يېڭى تاڭنامە»نىڭ پاراللېل
تېكىستىدە بۇ بايان يوق. بۇ ھۆكۈم «كونا تاڭنامە. تېلىلار
ھەققىدە قىسسە» دىمۇ يوق③. ھەممىدىن ئاۋۋال بۇ يەردە «تېلى»
ئاتالغۇسى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئومۇم تەرىپىدىن قوللىنىلغان.
ئەسلىدە تۈركلەرنىڭ تېگىن دېگەن ئۇنۋانىنىڭ خەنزۇچە ئېروگ-

① بارتولدنىڭ «...12 لېكسىيە» سىنىڭ 56 - بېتىگە قاراڭ.
② «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد، 10 - بېتىگە قاراڭ.
③ «كونا تاڭنامە»نىڭ 199 - جىلد، 1a - بېتىگە قاراڭ.

لىقى بىلەن بۇزۇلۇپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغانلىقىدىن كېلىپ
چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. تېكىن دېگەن ئۇنۋان
خاقانىنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇكىلىرىغا بېرىلىپ كېلىنگەنىكەن.
«تېجىن» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغاندا توغرا بولغان
بولاتتى. سېن جۇڭمىيەن تۈركلەرنىڭ تېكىن (تېلى) دې-
گەن ئۇنۋانىنىڭ قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئېتنونىمغا ئايلىنىپ
قېلىپ «كونا تاڭنامە»گە كىرىپ قالغانلىقى توغرىسىدا مەخسۇس
تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئېنىقلاپ چىققان. بۇ يەردە سېن جۇڭ-
مىيەننىڭ مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇلى ۋە جەريانى ئۇنىڭ ئىسپات-
لىرىنى تەپسىلىي بايانلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت
ئۇنىڭ خۇلاسىسىنىلا كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. «تاڭ دۆلىتى كەييۈەن
(开元) يىللىرىدىن كېيىن شىمال تەرەپتىكى ياۋايىلار (بېي فەن)
بىلەن بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۇنچىۋالا زىچ مۇناسىۋەتتە بولمىدى.»
ئېھتىمال، مۇشۇ دەۋردىكى تارىخچىلار «تېجىن» ئاتالغۇسىنىڭ خې-
لىدىن بۇيان بۇزۇلۇپ تېلى شەكلىگە كىرىپ قالغانلىقىغا دىق-
قەت قىلمىغان بولسا كېرەك ۋە تېلى سۆزىنى مۇستەقىل بىر نام
سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. مۇشۇنىڭ نەتىجىسىدە «يېقىندىن بۇيان
‹تېلى› دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى» دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ قويغان
‹يېقىندىن بۇيان› دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى تاڭ دۆلىتى مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرغان يىللارنىڭ دەسلەپىدە مۇشۇ ئاتالغۇنىڭ يوق ئىكەن-
لىكىنى كۆرسىتىدۇ.»① سېن جۇڭمىيەن «يېڭى تاڭنامە» دە بۇ
خاتالىقنىڭ تۈزىتىلگەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. سۇڭ تارىخ-
نى يازغۇچىلارمۇ شۇ جۈملىنى يەنە كىرگۈزۈپ قويۇپ، مەنبەلەر-
گە تەنقىدىي نۇقتىدىن قارىمىغان، بۇنىڭ بىلەنلا قالماس-

① سېن جۇڭمىيەننىڭ: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» ناملىق كىتابىنىڭ 770 - بېتىگە قاراڭ.

تىن، ئۇلار بۇ ئاتالغۇ تاڭ دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا كېلىپ چىققان دېگەن ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي خاتا پىكىرلىرىنىمۇ بۇ يەرگە يېزىپ قويغان.

سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنى يازغۇچىلار سۇڭ دۆلىتىنىڭ غەربىتىكى بىۋاستە قوشنىلىرىنىڭ — شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ تارىخلىرىنى ئېنىق بىلمەيدىكەن. سۇڭ دۆلىتى تەشكىللىنىپ ئارىدىن ئازلا كەم 70 يىل ئۆتكەندىن كېيىن — 1028-يىلى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنى تاڭغۇتلار بېسىۋالغانىدى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇلارنىڭ تارىخى توغرۇلۇق مۇجمەل قاراشتا بولۇشى تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك. بۇنداق ئەجەبلىنىش سۇڭ تارىخىغا كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن تونۇشقىنىمىزدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى كۆپلىگەن تارىخچىلىرى ئىمپېراتور سارىيىغا كەلگەن ئەلچىلىكلەرنى كۆپىنچە ئاددىي ساناپ كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. قوشنا ئەللەر ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە كۆپىنچە توختاپ ئۆتمەيدۇ، سۇڭ تارىخنامىسىگە كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» مانا مۇشۇنداق ئۇسلۇبتا يېزىلغان. تارىخچىلار 1028 - يىلى سارايغا كەلگەن ئەلچىلەر توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئۇزۇن بىر مەزگىل ھېچقانداق بىر نەرسە يازماي توختاپ قالىدۇ، كېيىن ھېچقانداق بىرەر ئىزاھاتسىزلا 1069 - ۋە 1074 - يىللاردا ئەلچىلىكلەر كەلگەنلىكىنى يازىدۇ، شۈبھىسىزكى، بۇ يەردىكى ئەلچىلىك دەۋاتقانلار سودا كارۋانلىرىدۇر. لېكىن گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. 1028 - يىلى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى مۇنقەرز بولدى، مەزكۇر خانلىق «بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سۇڭ دۆلىتى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنىدى، لېكىن تارىخچىلار ئۇيغۇرلارغا مەخسۇس بېغىشلانغان بابلاردىمۇ مانا مۇشۇ ۋەقە ئۈستىدە بىرەر مەلۇمات

بېرىش لازىم، دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئەمدى بۇ «ئەلچىلىكلەر» (سودا كارۋانلىرىغا) گە كەلسەك، ئۇلار پەقەت تۇرپان خانلىقىدىنلا كېلەلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى باشقا ئۇيغۇرخانلىقى (جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ تېرمىنولوگىيىسى بويىچە) بۇ چاغلاردا يوق ئىدى.

1069 — ۋە 1074 — يىللاردا سۇڭ دۆلىتىنىڭ مەركىزىگە كەلگەن «ئەلچىلەر» (سودىگەرلەر)نىڭ سوغدى تىجارەتچىلىرى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ھەممىدىن تولاراق يېقىن. بۇنداق خۇلاسە مۇشۇ تەزكىرىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن كېلىپ چىقىدۇ: «ئەلچىلەر — ئولپان ئېلىپ كەلگەنلەر شەنشى ئۆلكىسىنىڭ تۈرلۈك ناھىيىلىرىگە تارقىلىپ جايلىشىپ سودا — تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولدى.»① بۇ مەلۇماتنى كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خەلقئارا سودىنى ئىسپاتلىغۇچى ھۆججەت قاتارىدا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، مۇنداق سودىنى شۇ چاغلاردا پەقەت سوغدى تىجارەتچىلىرىنىڭ شېركەتلىرىدىلا ئېلىپ بارالايتتى.

مەشھۇر تارىخچى مادۇەنلىڭنىڭ «ھۆججەت — ۋەسىقىلەر ئۈستىدە تەھسىل» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىگە «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نى تەھرىر بۆلۈم تەرىپىدىن ھېچقانداق تۈزىتىش بەرمىگەن ھالدا، لېكىن خېلىلا دەرىجىدە قىسقارتىپ كىرگۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش قىزىق. شۇنداق قىلىپ، مادۇەنلىڭمۇ ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولغان پاجىئەلىك ۋەقەلىرى ئۈستىدە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان②. جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى مانا شۇلاردىن ئىبارەت. بۇ تارىخشۇناسلىقنىڭ

---

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 496 — جىلد، 168 — بېتىگە قاراڭ.

② مادۇەنلىڭنىڭ «ھۆججەت — ۋەسىقىلەر ئۈستىدە تەھسىل» كىتابىنىڭ 40 — 44 — بەتلىرىگە قاراڭ.

كۆپلىگەن ۋەكىللىرى تېكىستلەردىكى تالاش بولۇپ تۇرغان ۋە ئانچە ئېنىق بولمىغان جايلارنى كىشىنى قانائەتلەنگۈدەك ئىزاھلاپ بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى دەپ قارىمىغان. بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا تېكىستلەرنى ھېچقانداق ئۆزگەرتىشسىز بىرىدىن بىرىگە كۆچۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولغان، ھەممىگە ئايان بەكمۇ ئوچۇق خاتالىقلار كۆرۈلۈپ قالسا، مۇنداق بەتلەرنى ئېلىپلا تاشلىۋەتكەن.

## ۋاڭ يەندېي زىيارىتى مەزگىلىدىكى تۇرپان خانلىقى

981 — 983 - يىللاردا سۇڭ ئىمپېراتورىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېي تۇرپان خانلىقىنى رەسمىي زىيارەت قىلدى. ئۇ قىسقىغىنا، لېكىن بەكمۇ مەزمۇنلۇق خاتىرە قالدۇردى. بۇ خاتىرىدە تۇرپان خانلىقىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى، ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي - ئېتىقادلىرى توغرىسىدا بىردىنبىر قىممەتلىك ھېسابلىنىدىغان قىزىق مەلۇماتلار كۆپتۇر. مەركىزىي ئاسىيا ئىشلىرىدىن تولۇق دېگۈدەك قامال قىلىنغان شارائىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سۇڭ دۆلىتىنىڭ رەسمىي تارىخ ئىلمى ئومۇمەن مۇشۇ رايوندىكى مەلۇماتلارنى بەكمۇ ئاز ساقلاپ كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن بۇ ھۆججەتنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

ۋاڭ يەندېينى ئەلچىلىككە ئەۋەتىش — تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولدى. 960 - يىلى تارىختا «بەش دەۋر» دەپ ئاتالغان پارچىلىنىش مەزگىلىگە خاتىمە بېرىلدى. مەملىكەت يېڭى سۇڭ دۆلىتى (960 — 1279) دائىرىسىدە بىرلىككە كەلدى. نىسبەتەن قىسقىلا بىر ۋاقىت ئىچىدە خېلىلا كۈچلۈك مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت تىكلەندى. ئىككىنچى ئىمپېراتور سۇڭ تەيزۇڭ (宋太宗 976 — 997) ۋاقتىدا سەددىچىننىڭ جەنۇبىدىكى

خېلىلا چوڭ تېررىتورىيىلەرنى (16 ۋىلايەتنى) ئىگىلەپ تۇرغان قىتانلارنى سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن، بىر قاتار چارىلەر كۆرۈلدى. لېكىن ھەربىي ھەرىكەتلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغانلىقتىن، بەلكى سۇڭ دۆلىتى قىتانلارغا يېڭى يول قويۇشلارغا مەجبۇر بولدى. سۇڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەرىكىتى ھېچ بولمىغاندا بىرىنچى مەزگىلدە تاڭغىتلار كۆچۈپ يۈرگەن غەربىي شىمال تەرەپتىكى چېگرا رايونلاردا بىر ئاز ئوڭۇشلۇق بولدى (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ئوردوسنىڭ قالغان قىسمى). ئۇيۇشۇش - شەكىللىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان تاڭغىت قەبىلىلىرى ئۈچۈن ئېغىر بىر دەۋر باشلاندى. 982 - يىلى بەش ۋىلايەتنى ئۆز نازارىتى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرغان تاڭغىتلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى — توباجىپىڭ سۇڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختى كەيفىڭ شەھىرىگە قېچىپ كەتتى. توباجىپىڭنىڭ بۇ قىلىقى ئۆز تۇغقانلىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت ئۈچۈن قاتتىق كۆرەشلەر ئېلىپ بېرىش تۈپەيلىدىن بولغانىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن سۇڭ دۆلىتىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇشقا ۋە تاڭغىتلارنىڭ باشقا باشلىقىنى مۇستەقىللىكتىن مەھرۇم قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇكىسى توبا جىچەن تاڭغىت خەلقىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىكى ئۈچۈن يەنە شۇ يىلى سۇڭ دۆلىتى بىلەن بىرلىشىشكە قارشى چىقتى①.

سۇڭ دۆلىتى تاڭغىتلار ئۈستىدىن قەتئىي ۋە ئۈزۈل - كېسىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان يېتەرلىك كۈچ - قۇۋۋەتكە

① كېچانوۋنىڭ «تاڭغىت دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن كىتابىنىڭ 24 - ، 32 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۈڭ دۆلىتىنىڭ غەربىي مۇتەخەسسىسلىرى تاڭغۇتلارنىڭ سۈڭ دۆلىتى بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىگە ۋە بۇ كۆرەشنىڭ بىردە ئۇنداق، بىردە مۇنداق بولىشىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كېتىشىۋېتىشىغا ۋە ئۆز تېررىتورىيىلىرىنى كېڭەيتىپ جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەرگە بولغان بېسىمىنى كۈچەيتىشىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. مانا مۇشۇ ئەھۋال سۈڭ دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ۋە ئۇلار ئارقىلىق تېخىمۇ غەربكىرەك جايلاشقان ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تەھدىت سېلىپ تۇردى. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە سۈڭ دۆلىتىنىڭ غەربىي مۇتەخەسسىسلىرى ئۆزلىرىگە ئىتتىپاقچى ئىزلەشكە مەجبۇر بولىدى. سۈڭ دۆلىتىنىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقچىسى تاڭغۇتلار بىلەن ئۇزۇندىن سوزۇلغان ئۇرۇشلار ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ئىدى. لېكىن بۇ دۆلەت ئاجىز ئىدى ۋە ئۆزى چوڭ ياردەمگە موھتاج ئىدى.

سۈڭ دۆلىتى شىمال ۋە غەربىي شىمال تەرەپتە قىتانلار ۋە تاڭغۇتلار بىلەن بىۋاستە چېگرىداش تۇراتتى ۋە ئۇلار بىلەن جىددىي كۆرەشلەر ئېلىپ بېرىپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، سۈڭ دۆلىتىنىڭ غەربىي مۇتەخەسسىسلىرى شۇ دەۋرلەردە گۈللەپ-ياشناپ تۇرغان ۋە ئاساسەن توققۇز ئوغۇز ئاتلىق قوشۇنلىرىدىن ئىبارەت خېلىلا دەرىجىدە چوڭ، جەڭگىۋار ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرغان يىراقتىكى تۇرپان خانلىقىغا دىققەت-نەزىرىنى بۇراشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى. سۈڭ دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدىكى تۇرپان خانلىقىنىڭ غەربىي كۈچلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېنىقلىقى توغرىسىدا ھازىر بىر نەرسە دېيىش تەس گەپ. ئىمپېراتور سارىيىدىكىلەر تۇرپان خانلىقىنىڭ غەربىي جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتمىگەن، دېگەن ئوي كېلىدۇ. ۋاڭ

يەندىنىڭ تۇرپان خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتىغا ئەلچى سۇپىتىدە ئەۋە-
تىلىشىنىمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن قىسمەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.
ئەپسۇسكى، ۋاڭ يەندىنىڭ قىسقا، لېكىن بەكمۇ مەزمۇنلۇق،
كىشىنى ئىنتايىن قىزىقتۇرىدىغان بۇ دوكلاتى تا بۈگۈنكى
كۈنگىچە بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ياكى چەت ئەللەردىكى شەرقشۇ-
ناسلىقتا بېغىشلانغان ئەدەبىياتتا ئىنچىكە، مەخسۇس تەتقىق قى-
لىنمىغان. ۋەتىنىمىزدىكى ئالىملار ئىچىدە بۇ دوكلاتنى ئازدۇر-
كۆپتۇر قاراپ چىققانلار قاتارىغا ۋ.ۋ. رادلوۋ، ئى. ۋ. بىرتىشنەي-
دىر، ئا. يۇ. ياكوبوۋسكى ۋە ۋ. ۋ. گرىگورىيېۋ قاتارلىقلار
كىرسە كېرەك (بۇ ئالىملارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ تۇرپان خانلىقى-
غا دائىر يازغان ئەسەرلىرى بار، بۇنى كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىل-
گەن كاتولوگىدىن كۆرۈۋېلىڭ — ئۇ.س). مەزكۇر ئاپتورلار بۇ
دوكلاتتا ياخشى كۆرسىتىلگەن ئېتنوگرافىيىلىك تەپسىلاتلارنى
ئالاھىدە كۆرسەتكەن ۋە بۇنىڭغا نەقىللەرنى س. ژۇليەن-
نىڭ تەرجىمىسى بويىچە كەلتۈرگەن. چەت ئەل ئەدەبىياتى خەزىنى-
سىدە ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ ھۆججەتنىڭ بىردىنبىر تەر-
جىمىسى سۇپىتىدە فرانسۇز شەرقشۇناسى س. ژۇليەن تەرىپىدىن 1847 -
يىلى قىلىنغان نۇسخىسى ساقلانماقتا. گەرچە، مەزكۇر ھۆججەتتىن
تەتقىقاتچىلار خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا كەڭ
پايدىلانسىمۇ، لېكىن غەربنىڭ شەرقشۇناسلىق ئەدەبىياتىدىمۇ بۇ
دوكلاتقا قارىتىلغان مەخسۇس تەتقىقاتلار يوق.

بۇ يەردە بىز سۇڭ دۆلىتى ئەلچىسى ۋاڭ يەندىنىڭ مەلۇم
مەلۇماتلىرىدىن پايدىلىنىپ بۇ رايوندىكى ئەھۋال، تۇرپان خان-
لىقىنىڭ ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا بىرەر تەسەۋۋۇرغا ئىگە بو-
لۇشقا تىرىشىپ كۆرىمىز. تۇرپان خانلىقىغا ئەلچى X ئەسىرنىڭ
ئاخىرقى چارىكىدە — تۇرپان خانلىقى تەشكىللىنىپ 100 يىل-
دىن ئوشۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كەلدى. تۇرپان خان-
لىقىنىڭ تارىخى ۋاڭ يەندې ئۇ يەرگە كەلگۈچە ئارىلىقتا بول-

سۇن ياكى ئۇنىڭ زىيارىتىدىن كېيىن بولسۇن (يىلۇي داشى-
باشچىلىقىدىكى قاراختايلار باستۇرۇپ كەلگەنگە قەدەر) غەربنىڭ
ۋە شەرقنىڭ مەنبەلىرىدە ئاز ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن
ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىلىرى بەك نادىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ
قىممىتىگە يېتىش تەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ۋاڭ يەندېنىڭ
ئەسىرىدە مۇشۇ رايوننىڭ سىياسىي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەسى-
لىلەرگە قاراشتا ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشۈرىدىغان يېتەرسىزلىك-
لەرمۇ بار. مەسىلەن، بۇ يول خاتىرىسىنىڭ تېكىستىدە، تۇرپان
خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ دائىرىسى خۇسۇسىدا بىر دەر تەسەۋ-
ۋۇرغا ئىگە بولىدىغان مەلۇماتلار بەك ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ-
نىڭ يازغان بەزى مەلۇماتلىرى ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس،
ياكى شۈنچىلىك دەرىجىدە ئېنىقسىزكى، نەتىجىدە ئۇ تېررىتورى-
يە ھەققىدە بۇ خانلىقنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىمۇ يالغان چۈشەن-
چىگە ئىگە بولۇپ قالىسىز. مانا مۇشۇ ئەھۋالغا ۋ. گرىگورىيېۋ
دىققەت قىلغان، ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى يازغان: «ۋاڭ يەن-
دېنىڭ ئۆزى ‹خانغا يازغان مەلۇمات›ىدا كۆرسىتىشىچە قوچۇ-
نىڭ غەرب تەرىپىدىكى يەرلەرگە بارمىغان، شۇنىڭ
ئۈچۈن، مۇشۇ تەرەپتىكى ئەللەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى تەب-
ئىيكى، بەكمۇ ئېنىق بولمىغان. ئارسلانخان ئىگىلەپ تۇرغان
يەرلەرنىڭ غەربتىكى چېگرىسى توغرىسىدا ئۇ ئېنىقراق ھېچنېمە
ئېيتالمىدى. ئىككى قېتىم بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىغان بولسى-
مۇ، بىرىنچى قېتىمدا، بۇ چېگرا خۇددى تاڭ سۇلالىسى ۋاقتى-
دا جۇڭگونىڭ چېگرىسىغا ئوخشاشلا يىراق كەتكەن دېگەنىدەك
ئېنىق بولمىغان سۆزلەر بىلەنلا بۇ گەپنى توختىتىپ قويىدى.
ئىككىنچى بىر يەردە توختىغىنىدا بۇ يەرلەر تارجىيىلەر (ئەرەبلەر-
نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىرى) ۋە پارسلار (پېرسىيە — ئا.
م.) يەرلىرىگە ئۇلاشقان دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ يەرلەرنى ئەسلىدە
تېگىشلىك بولغان غەربتە دەپ كۆرسەتمەي، قوچۇ يەرلى-

رىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا دەپ كۆرسەتتى.»① تۇرپان خانلىقـ
نىڭ چېگرىلىرى ھەققىدە ۋاڭ يەندې يازغان مەلۇماتلارغا ۋ. ۋ.
گرىگورىيېۋنىڭ بەرگەن باھاسىغا تولۇق قوشۇلۇشقا بولىدۇ.
تۇرپان خانلىقىنىڭ قوشنا ئەللەرنىڭ ۋاڭ يەندېنىڭ يول خاتىـ
رىسىدە كۆرسىتىلگەن تەرەپلەر چېگرىسىغا كەلسەك، بۇ يەردەسـ
ژۇلىيەن تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىشتا ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقنى ۋە ۋ.ۋ.
گرىگورىيېۋ تەرىپىدىن تەكرارلانغان خاتالىقنى تۈزىتىدىغان
بولساق، تەرەپ مۆلچەرلىرىدە ئۈنچىۋالا ھەيران قالغۇدەك ئىش
يوق. گەپ شۇ يەردىكى، س. ژۇلىيەن «مەغرىب دىيارى» دېگەن
سۆزنى تىبەت دەپ تەرجىمە قىپتۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ
ھىندىستان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا «شىتيەن» سۆزىدىن كېيىن كەلـ
گەن «بۇلۇشي» دېگەن سۆزنى س. ژۇلىيەن ھىندىستاندىكى بىر
يەر ئىسمى دەپ ترانسكرىپسىيە قىلماستىن، بۇنى بىر جۈملە
قاتارىدا چۈشىنىپ تەرجىمە قىپتۇ (پاكىستاننىڭ شىمال تەرىپىدىكى
بۈگۈنكى پىشاۋۇر دېگەن شەھەر بۇرۇن پۇرۇشاپۇرا دەپ ئاتالغان،
بۇ شەھەر كەنىشكارانىڭ پايتەختى بولغان. «بۇلۇشي» دەپ شۇ
شەھەرنىڭ خەنزۇچە ئىېروگلىفى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنىشىدۇر).
دېمەك، مەزكۇر تېكىستتىكى گەپ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھىندىستانـ
نىڭ ئەڭ غەرب تەرىپىدىكى رايونلىرى ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ.
بۇلۇشي دېگەن يەر ئىسمىنى س. ژۇلىيەن «قۇملۇق چۆلـ
نى بېسىپ ئۆتتى» دەپ تەرجىمە قىپتۇ. مانا مۇشۇ جۈملىنىڭ
ئۆزى س. ژۇلىيەننىڭ قولىدا سەل باشقىچىرەك يەنى «بۇ - لۇ -
شيا» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان تېكىست بولغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە خۇددى سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىكىگە

① گرىگورىيېۋنىڭ «روسىيە بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىپ تۇ-
رىدىغان ئاسىيا مەملىكەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىسى» — 1873 - يىلى
چىققان بۇ كىتابىنىڭ 272 - بېتى.

ئوخشاش ئۈچ ئېروگلىف بار، بۇ (پىيادە مېڭىش — ھەر ئىككى خىل ترانسكرىپسىيىگە ئورتاق) + بولۇپ، ئاخىرقى ئىككىسى — لۇ (ئوچۇق جاي) + شيا (قۇم) «مەنبەلەر ئۈستىدە تەتقىقات» تىن ئېلىنغان تېكىستكە ئوخشمايدۇ. جۇڭگو ئالىمى ۋاڭ رىۋى 1935 - يىلى ئېلان قىلغان ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە تېكىستنىڭ مۇشۇ قىسمىنى ئوخشاشلا خاتا چۈشەنگەن، ئۇ جۈملىنى بۆلۈپ «غەرب تەرەپتە شىتيەن (ھىندىستان — ئا.م) بىلەن چېگرىلىنىدۇ، يول قارلىق ۋە پىيازلىق (葱岭)①تاغلاردىن ئۆتىدۇ، دەپ يازىدۇ.» («بۇ»نى ۋاڭ رىۋى ئوشۇقچە يېزىلىپ قالغان ئېروگلىف دەپ قارايدۇ، «لۇشي»نى يۇقىرىقىدەك چۈشىنىدۇ — ئا.م.) سىيۇلىيەن بۇنى «مەنبەلەر ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابتىن ئېلىپ تەرجىمە قىلغان، ۋاڭ رىۋى بولسا سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن پايدىلانغان.

ۋاڭ يەندېنىڭ پىكرىچە، تۇرپان خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان دەپ كۆرسىتىلگەن قەبىلىلەرنىڭ رويخىتى كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ، بۇ توغرۇلۇق خاتىرىدە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان:

«3.24. قوجـۇ دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا شىمال ۋە جەنۇبىي تۈركلەر چوڭ ۋە كىچىك چىگىللەر، ياغمىلار، قارلۇقلار، بارمانلار، گېتلار، ئۇرۇڭغۇ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر بولغان.»②

تۇرپان خانلىقى تېررىتورىيىسىنى ئەگەردە مانا مۇشۇ روي-

---

① كۆكئارت — تەھرىردىن.

② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، 106 - بەت، (بۇ قەبىلىلەر توغرۇلۇق ۋە ئۇلارنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ھەققىدە مالىيەۋكىنىنىڭ «... ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ 770 — 776- ئىزاھاتلىرىغا قاراڭ. ئابې تاكېئونىڭ «غەربى ئۇيغۇرلار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق 1955 - يىلى كيوتودا نەشىردىن چىققان كىتابىنىڭ 393 — 395 - بەتلىرىگە تەپسىلىي قاراڭ.

خەتتە بېرىلگەن مەزكۇر خانلىق ئىستائىستىدە بولغانقە بىلىلەرگە ئاساسەن، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا بەكمۇ چوڭ بولغان بىر دۆلەت كېلىدۇ. مانا مۇشۇ دۆلەت تەركىبىگە بۈگۈنكى خاكاسىيە (قىرغىزلار)، موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي قىسمى (شىمالىي يەنى غەربىي تۈركلەر)، جۇڭغارىيە (قارلۇقلار)، يەتتە سۇ (قارلۇقلار)، ئىسسىق كۆل رايونى (چىگىللەر)، قەشقەرىيە (قارلۇقلار، ياغمىلار، بارمان — مارمان)لار، ئامۇ ۋە سىردەريا ۋادىلىرى (گېتلار) كىرگەن بولىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال زادى ھەقىقەتكە ئوخشىمايدۇ ۋە ۋاڭ يەندې زىيارەت قىلغان چاغلاردىكى مۇشۇ رايوندىكى رېئال ۋەزىيەتكە مۇتلەق ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەلۇمكى، شۇ چاغلاردا تۇرپان خانلىقىنىڭ غەرب تەرىپى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن قارا خانىلار دۆلىتى بىلەن چېگرىلىناتتى. قارا خانىلار دۆلىتىگە بېغىشلانغان ئەڭ كېيىنكى بىر ئەسەردە: «قارا خانىلار دۆلىتى تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىشەنچلىك مەلۇماتلار مەنبەلەردە يوقنىڭ ئورنىدا ساقلانغان. تۈركلەر سۇلالىسىگە مەنسۇپ بۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتى بېشىدا قايسى قەبىلە خەلقىنىڭ تۇرغانلىقى ھازىرغىچە دېگۈدەك ئېنىقلىنىپ كەتمىدى، بىرىنچى قاراخانىلار ئۈستىدىكى گەپ - سۆزلەرنىڭ يېرىمى ئەپسانىۋى خاراكتېردىكى سۆزلەردۇر.»① لېكىن شۇنىسى مەلۇمكى، قارا خانىلار دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە قارلۇقلار كونفېدېراتسىيىسىگە كىرگەن قەبىلىلەر — جۇملىدىن، چىگىللەر، ياغمىلار يېتەكچى رول ئوينىغان. قارا خانىلار مەسىلىسىدە تېخى «ئاق ئورۇن»لار بەك كۆپ. لېكىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ۋە غەرب مەنبەلىرىدە

---

① «قازاق سوتسىيالىستىك سوۋېت جۇمھۇرىيىتى تارىخى»نىڭ 1979 - يىلى، ئالمۇتا نەشرى، 2 - تومىنىڭ 13 -، 14 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئۇچرايدىغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شەرق تەرەپتىن ئۇلارغا تېز-تېز قىلىپ تۇرىدىغان ھۇجۇمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشىدا ھېچقانداق رول ئوينىمىغانلىقىمۇ ناھايىتى ئېنىق①.

ۋ.ۋ. بارتولد ئىلمىي پائالىيىتىنى ئەمدى باشلىغان ۋاقىتلاردا 1893 - يىلى ئېلان قىلىنغان «تۈركىستاندا موڭغۇللارغا قەدەر بولغان دەۋردىكى خرىستىئان دىنى» دېگەن ماقالىسىدە: «قارلۇقلار ئېلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بېسىۋالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار يوق، لېكىن قارلۇقلار بىلەن ئۇلارنىڭ شەرق تەرەپتىكى قوشنىلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرغان. قۇدامىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، 10 نەپەر توققۇز ئوغۇز 100 نەپەر قارلۇققا تېتىيدىكەن. ئىككىنچى تەرەپتىن، قاراخانىلار دۆلىتىدە بىز ئۇيغۇرلارنى كۆرەلمەيمىز، قارلۇقلار بولسا، قارا خانىلار دۆلىتىدە خۇددى غوزلار سەلچۇقىيلار رايونىدا ئوينىغاندەك رولنى تەخمىنەن ئوينىغان» دەپ يازغان②. ئۇنىڭدىن خېلى كېيىنرەك يېزىلغان ئەسىرىدە («يەتتە سۇ تارىخىدىن ئوچېركلار»دا) يەنە مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق بۇ ئالىم تۆۋەندىكىلەرنى تەكىتلەيدۇ: «لېكىن قارلۇقلار باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۇجۇمىغا بولۇپمۇ X ئەسىردە ھەممە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك دەپ ھېسابلانغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھۇجۇمىغا دائىم ئۇچراپ تۇردى»③.

---

① يۇقىرىقى كىتابنىڭ 14 - بېتىگە قاراڭ.

② «بارتولد ئەسەرلىرى»، 1964 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان 2 - توم 1- قىسمىنىڭ 289 - بېتى.

③ بارتولدنىڭ «يەتتە سۇ تارىخىدىن ئوچېركلار»نىڭ 39 - بېتىگە قاراڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلى 1984 - يىل 8 - ئايلىق سانىنىڭ 22 - بېتىگە قاراڭ - ئۇ.س)؛

بۆكۆتېكىن باشچىلىقىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ جەنۇب تەرەپكە ھەربىي ھۇجۇم قىلىپ شەرقىي تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇب-شىمال تەرەپتىكى يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىشقا تىرىشقىنىمىزدا، شەرق ۋە غەرب مەنبەلىرىدە بۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوقلۇقىنى بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق، بەلكىم بۇ ھەربىي يۈرۈش توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قارلۇقلار بىلەن بولغان كۈرىشىنىڭ ئانچە ئوڭۇشلۇق تەرەپكە قاراپ راۋاجلانمىغانلىقى تۈپەيلىدىن بولدىمىكىن؟ مەنبەلەردە قارلۇقلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلار بىرلەشمىسى ئوتتۇرىسىدا ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىغان ئىتتىپاق تۈزۈلۈپ كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانلىقى ۋە نەتىجىدە ئۇلارنى غەرب تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قانچە تولۇق ئىشەنچلىك مەلۇمات بار. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر خاقانلىقى تەشكىللىنىپ ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار بىلەن بولغان كۈرىشى بىر نەچچە يىل داۋام قىلدى ۋە ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشى بىلەن تاماملانغان بولسا كېرەك. ئۇيغۇر خاقانلىقىدا سۇلالىلەر ئالمىشىپ ئېدىزلاردىن چىققان يېڭى خاقان قۇتلۇق 795 - يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، غەرب تەرەپكە بولغان بېسىمىنى خېلى دەرىجىدە كۈچەيتكەن. نەتىجىدە توققۇز ئوغۇزلار قارلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان بولسا كېرەك. ئابې تاكېئو بۇ توغرۇلۇق كۆپ نەرسىلەر يازدى ۋە بۇنىڭ ئۆزىنى ئېدىزلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ «غەرب تەرەپتىكى لايىھىسى» دەپ ئاتىدى. ئابې تاكېئو مۇھاكىمىسىنىڭ ماھىيىتى ھاكىمىيەت بېشىغا يېڭى سۇلالە چىققاندىن كېيىن، ئۇلار خاقانلىق تېررىتورىيىسىنى غەرب تەرەپكە كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. ياپون ئالىمىنىڭ پىكرىچە، مۇشۇ ئۇرۇنۇش چوڭ ئۇتۇقلۇق بولغان.

خاقانلىق تۆۋەندىكى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن:

1. بېشبالىق قايتۇرۇۋېلىنغان. ئۇيغۇر خاقانلىقى ئۆزلىرىدە سۇلالىلەر ئالمىشىش ھارپىسىدا غەرب تەرەپتە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە يولۇققانىدى. 790 - يىلى تىبەتلىكلەر بېشبالىقنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۇدەك مەزگىلدە ئىستىۋپا (خەنزۇچە «پۇتۇ» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان) دەرياسى رايونىنى قارلۇقلار ئىگىلىۋالغانىدى①. خاقانلىقتا يېڭى سۇلالە پەيدا بولغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتتە كەسكىن ئۆزگىرىش بولدى. ئابې تاكېئونىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، خاقان قۇتلۇق ئەسكەرلەرگە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، بېشبالىق ۋە ئىستىۋپا دەريا رايونلىرىنى ئىگىلىۋالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن غەرب تەرەپكە كېيىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. يۇقىرىدا بىز تىبەتلىكلەرنىڭ بېشبالىقنى قايتا ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈستىدە بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

2. تىبەتلىكلەرنىڭ كۈچاغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا قىلغان ھۇجۇمىغا جاۋابەن توققۇز ئوغۇز خاقانى قايتۇرما ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى. ئۇ ياردەم ئۈچۈن چوڭ قوشۇن ئەۋەتتى ۋە تىبەتلىكلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئابې تاكېئو بۇ مەلۇماتلارنى ئۇ. تادزاكانىڭ يازغانلىرىدىن ئالغان. ئۇ. تادزاكا VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرەپتىكى چېگرىسى ھەققىدە مەخسۇس ماقالە يازغانىدى. ئۇ. تادزاكا بۇ خاقاننى «خۇەيشىن» دەپ ئاتايدۇ. يەنى خاقاننىڭ خەنزۇچە ئىسمىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ دەل قۇتلۇق خاقاننىڭ (تەڭرى خاقاننىڭ) ئۆزى ئىدى. ئۇ يەنەمۇشۇ جەڭنىڭ يىل، ئايلىرى

① «كونا تاڭنامە» 196- جىلد «تىبەتلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ 10a – بېتىگە قاراڭ. مالىيەۋكىننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى» دېگەن كىتابىدىكى 262 - ئىزاھاتقا قاراڭ.

ھازىرچە نامەلۇم دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن①.

ئابىي تاكېئو قۇتلۇق خاقان (خۆيشىن خاقان)نى بىر ئەپسانىۋى داھىي بىلەن بىر ئادەم دەپ قاراش تەرەپدارى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گويا بۆكۈ خاقان ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلەرنىمۇ قۇتلۇق خاقان قىلغان، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئابىي تاكېئو خاقاننىڭ ھاكىمىيىتى شۇ چاغلاردا سىر دەرياسىغىچە كېڭەيگەنىدى، دەپ ھېسابلايدۇ. تېلى قەبىلىلىرى ھەقىقەتەنمۇ غەرب تەرەپتە يىراق جايلارغىچە بارغانىدى، بۇ ئەھۋال مەركىزىي ئاسىيا تارىخىنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىدە يۈز بەرگەنىدى؛ بەلكىم VII ~ IX ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئۇيغۇر خاقانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن كۈرەشلەر بولۇۋاتقان چاغلاردا ياكى بۇ خاقانلىق تىكلەنگەندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولغان بولۇشى مۇمكىن. تېلى قەبىلىلىرى، جۈملىدىن توققۇز قەبىلە (توققۇز ئوغۇز) ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى كىشىلەرمۇ غەرب تەرەپكە خاقانلىقتىن مۇستەقىل ھالدا كۆچكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلار ئىچىدە يېتەكچىلىك ئورۇن تالىشىپ قىلغان كۈرىشى ئۇيغۇرلارنىڭ باش بولۇشىنى خالىمىغان قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈشىگە سەۋەب بولغان. شۇنداق قىلىپ، تېلى قەبىلىلىرىنىڭ خاقاناتنىڭ غەرب تەرىپىگە ھەر قېتىمقى كۆچۈپ كىرىشىنى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تاجاۋۇزى ياكى ئۆز نازارىتىنىڭ تىكلىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا ھېچقانداق ئاساس يوق.

مۇشۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى خۇلاسىلىسەك، VIII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ (يەنى قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى بۇزۇلغاندىن ئېتىبارەن)، 100 يىل دېگۈدەك ۋاقىت

① ئۇ. تادزاكا: «تاڭ دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى غەربىي شىمال چېگرىلىرىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە» 1940 - يىل، توكيو نەشرى، II - توم، 596 - بەت.

ئىچىدە قارلۇقلار بىلەن خاقانلىق ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك
داۋام قىلىشۋەرگەن. تۇرپان خانلىقى ۋاڭ يەندىي زىيارەتكە كەلگەن
ۋاقىتلاردا غەرب تەرەپتە قاراخانىلار دۆلىتى بىلەن چېگرىداش
ئىدى. بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى كونكرېت چېگرىغا
كەلسەك، ئۇ چاغلاردا مەخسۇس چېگرا سىزىقى بولمىغانىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئايرىم
چېگرا رايونلاردا ھاكىمىيەت پات - پاتلا ئالمىشىپ تۇرغان.

نېمە ئۈچۈن شۇ چاغلاردا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ (جۇڭگو
تېرمىنى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ) چوڭ بىر دۆلىتى مەۋجۇت ئىدى
دەپ پەرەز قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان، تۇرپان خانلىقى قارىمى
قىدىكى قەبىلىلەر (3.24 - تېكىستكە قاراڭ) دەپ كۆرسىتىلگەن چوڭ
بىر رويخەت ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسىدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟
بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشنى ئانچە - مۇنچە ھەققەتكە ئوخ
شىتىپراق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىككى مۆلچەر بۇنىڭغا
جاۋاب بولىدۇ.

تۇرپان خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقىي تيانشان تاغلىرىنىڭ
شىمال ۋە جەنۇب تەرىپىدىكى خېلى كەڭ رايونلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى؛ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان بۇ يەرلەردىن
غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم يوللار
ئۆتەر ئىدى. مانا مۇشۇ رايون — بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقى
خېلىلا جەنۇبتىكى ئەللەر بىلەنمۇ (خوتەن، تىبەت)، ۋە شىمال
ىدىكى ئەللەر (بۇگۈنكى موڭغۇلىيە تېررىتورىيىسى ۋە باشقىلار)
بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭغا
قوشنا تېررىتورىيىلەر سودا يوللىرىنىڭ كېسىپ ئۆتۈشكەن يول
لىرىغا توغرا كەلگەچكە، قەدىمدىن تارتىپلا تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ
دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. بۇ يەرلەرگە ئەڭ قەدىمكى
ۋاقىتلاردا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى كۆچۈپ كېلىپ جايلاشتى.
مىلادى IV ~ V ئەسىرلەردە بۇلارغا سوغدىلار كېلىپ

قوشۇلدى. بۇ تېررىتورىيىلەر يەنە مەركىزىي ئاسىيانىڭ كەڭ
ئوتلاق بوشلۇقلىرىدا كۆچمەنلەر تەرىپىدىن — مەسىلەن، ھۇننلار،
جورجانلار، تۈركلەر تەشكىل قىلغان تۈرلۈك دۆلەت تەشكىلات-
لىرىنىڭ تەركىبىگە كىردى. كۆچمەنلەر دۇنياسىنىڭ ئاساسەن
تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان
ئاھالىگە قاتتىق تەسىرى ئۆتمەي قالمىدى. كۆچمەنلەرنىڭ ئانچە
چوڭ بولمىغان ئايرىم گۇرۇپپىلىرى بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئورۇن-
لىشىشقا باشلىدى. بۇ يەردىكى بۇرۇنقى ئاھالىنىڭ كەينىگە
قايتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغان دەرىجىدىكى تۈركلىشىش جەريانى
باشلاندى. بۇ رايونغا باشقىلاردىن كېيىنرەك قارلۇقلار، باسمىللار،
تىبەتلىكلەر، چۆل تۈركلىرى، ئەڭ ئاخىرىدا IX ئەسىرنىڭ
ئىككىنچى يېرىمىدا توققۇز ئوغۇزلار كەلدى. مۇشۇ باپتا بىز
تومانسكىنىڭ قول يازمىلىرىدىن بارتولد ئېلىپ ئىشلەتكەن
قارلۇقلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلار ئوتتۇرىسىدا بەلكىم كۇچا
رايونىدا قىرغىزلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدى-
كى مەلۇماتنىمۇ كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق. شۇنداق قىلىپ، توققۇز
ئوغۇزلار تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان دۆلەتتە تۈرلۈك - تۈر-
لۈك قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان ئاھالىلەر بار بولۇپ، بۇلار-
نىڭ سىڭىشىپ بىر پۈتۈن خەلققە ئايلىنىش جەريانى باشلاندى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ رويخىتىدە كەلتۈرۈلگەن
قەبىلىلەرنى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي
كۆپچىلىكىدىن بۆلۈنۈپ باشقا دۆلەت تەركىبىدە بولۇپ قالغان،
تۈرلۈك ئانچە چوڭ بولمىغان قەبىلىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ مەۋجۇت
ئىكەنلىكى پاكىتىنى قەيت قىلىپ كۆرسەتكەنلىك دەپ قاراشقا
بولىدۇ، رويخەتتىكى قەبىلىلەرنى مانا مۇشۇنداق مۇھاكىمە
قىلغاندا، تۇرپان خانلىقى ئەتراپىغا يېقىن جايلاردا ھېچقاچان
بولۇپ باقمىغان بىر قەبىلە — گېتلار (خەنزۇچىدا بۇ گېندۇ
دەپ ئېلىنغانىكەن) بىر چەتتە قېپقالىدۇ. مانا مۇشۇ تېررىتورى-

يىگە قالغان باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسىدىكى يەنە بىر مەلۇمات رويخەتنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشكە گويا زىت كېلىپ قالغاندەك بىلىنىدۇ:

«3.25. خاقانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى جەنۇبتا خوتەنگە، غەربىي جەنۇبتا ئەرەب دۆلىتى ۋە پېرسىيىگە، غەربتە بولسا ھىندىستاندىكى پۇرۇشاپۇرغا تۇتىشىدۇ.»①

ۋاڭ يەندې نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پىكرىچە تۇرپان خانلىقى بىلەن چېگرىداش بولغان پەقەت جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبتىكى دۆلەتلەرنىلا كۆرسەتكەندۇ؟ بەلكىم تۇرپان خانلىقى شۇ چاغلاردا مۇشۇ ئەللەر بىلەن مۇقىم ھالدا ئانچە - مۇنچە سودا مۇناسىۋەتلىرى قىلىپ كەلگەنمۇ - يا؟ بۇ يەردە ۋاڭ يەندې بۇ دۆلەتلەرنىڭ تۇرپان خانلىقىغا نىسبەتەن جايلاشقان ئورنىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى مۇشۇ رايونلارغا ئېلىپ بارىدىغان يوللارنىڭ دەسلەپكى يۆنىلىشىنى كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. مەسىلەن، مەنبەدىكى «خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى غەربىي - جەنۇبتا ئەرەب دۆلىتى ۋە پېرسىيىگە يېتىپ بارىدۇ» دېگەن مەلۇماتنى كۇچا ئارقىلىق ئانىدىن كېيىن يەكەن دەرياسى ۋادىلىرى بىلەن ۋاخان دەرياسىنى بويلاپ ئۆتىدىغان يولنىڭ غەربىي-جەنۇب يۆنىلىشىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن ۋاڭ يەندېنىڭ زىيارىتى مەزگىللىرىدە شىمال تەرەپكىرەك جايلاشقان يوللار ئېتىلىپ قالغانىكەن، دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ. بۇ بولسا، قارلۇقلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك مەۋجۇت ئىدى، دېگەن مەلۇماتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاڭ يەندېنىڭ مەلۇماتلىرىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بۇ ئەللەر بىلەن تۇرپان خانلىقىنىڭ ئورتاق

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، 10a - بەت.

چېگرىسى بار ئىدى، دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. بەلكى جۇنى جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەرگە قاراپ مېڭىپ، جۇڭگوغا ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىلا ياخشى مەلۇم بولغان مۇشۇ كۆرسىتىلگەن دۆلەتلەرگە بېرىشكە مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغانلىق، دەپ چۈشىنىش كېرەك. تۇرپان خانلىقىنىڭ شەرقتىكى چېگرىلىرى ئەھۋالىغا قارىغاندا، سۇڭ دۆلىتىگە بەك ياخشى مەلۇم بولسا كېرەك. شەرقتىكى ئەڭ مۇھىم قوشنىسى قىتانلارنىڭ لياۋ دۆلىتى ئىدى. ۋاڭ يەندې بۇ ھەممىگە ئايان بولغان ئىشنى يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ھېسابلىغان.

تۇرپان خانلىقى ئىتائىتىدىكى دەپ كۆرسىتىلگەن شۇنچە كۆپ قەبىلىلەرنىڭ رويخېتىنى چۈشەندۈرىدىغان ئىككىنچى مۆلچەر، خانلىقتا ئېغىر سالماق ۋە چوڭ ئەھمىيەت بېرىش مەقسىتىدە رەسمىي بىر ۋەكىلنىڭ ئاڭلىق ھالدا كۆپتۈرگەنلىكىنىڭ ئىنكاسىمىكىن، دەپ قاراشتىن ئىبارەت. ۋاڭ يەندې ۋەزىيەتنى ئوبدان چۈشىنەلمەي قېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن مەلۇماتلارنى راست دەپ قوبۇل قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق كۆپتۈرۈشلەر يالغۇز جۇڭگودىلا ئادەتتىكى بىر ھادىسە ئەمەس، بىز «قىتان دۆلىتىنىڭ تارىخى» — لياۋ تارىخىنىڭ 96 - بابىدىكى «بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرى» دېگەن بۆلۈمدە 59 تۈرلۈك دۆلەت ۋە قەبىلىلەرنى ساناپ كۆرسەتكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدۇق. مانا شۇ رويخەتتە قىتانلارغا ھەقىقەتەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان قەبىلە ۋە خەلقلەرنى كۆرسەتكەندىن باشقا پېرسىيە، ئەرەب خەلىپىلىكى ۋە باشقىلارمۇ كۆرسىتىلگەنىدى، يەنە شۇ يەرنىڭ ئۆزىگە تارىخ سەھنىسىدىن ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن ئاسىيۇلارنىمۇ يېزىپ قويۇپتىكەن. بەزى دۆلەت، قەبىلە ئىككى قېتىم ھەتتا ئۈچ قېتىم تۈرلۈك

دەۋرلەردە مەۋجۇت بولغان ھەر خىل ناملار بىلەن يېزىلغانىكەن①.

## قارا خىتايلار ۋە تۇرپان خانلىقىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى

ۋاڭ يەندېنىڭ مەلۇماتى شەرقىكى تۈركىي قەبىلىلەر ماكانى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان سۇڭ دەۋرىدىكى، ئەمەلىيەتتە ئەڭ كېيىنكى مۇھىم يازما ھۆججەتتۇر. سۇڭ دۆلىتى مەركىزىي ئاسىيادىن ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن بۆلۈپ تاشلانغاچقا، غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولالمىدى. شۇڭلاشقا تەتقىقاتچىلار گەرچە سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدا ئۇيغۇرلارغا بېغىشلانغان مەخسۇس بىر بۆلۈم بولغان بولسىمۇ، شۇ دەۋردىكى ئەسەرلەردە ئۆزلىرىگە كېرەكلىك مەلۇماتلارنى تاپالمايدۇ②. قىتانلارنىڭ تارىخىدا ئۇيغۇرلارغا بېغىشلانغان ئايرىم بىر بۆلۈم بولمىسىمۇ، شەرقىي ئاسىيا تارىخى توغرىسىدىكى بۇ مۇھىم ئەسەردە تۇرپان خانلىقى بىلەن قىتان ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ تىجارەت (ئەلچىلىك) توغرىسىدا كۆپلىگەن قىسقا بايانلار بار. بۇ مەلۇماتلار ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇئامىلىرىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىپ بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، تۇرپان خانلىقىنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى تارىخىي تەرەققىياتىنى يېزىپ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋە خانلىقنىڭ باشقا مەملىكەتلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھېچقاچان مەلۇمات بەرمەيدۇ.

جورجىتلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىكى ئۈچۈن قىتانلارغا

---

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 36 ـ جىلد، 9б ـ بەت.

② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد، 12б — 16a ـ بەتلەرگە قاراڭ.

قارشى كۆرەش قىلغانلىقتىن 1225 - يىلى قىتان ئىمپېرىيىسى هالاك بولدى. ئۇنىڭدىن سەل ئاۋۋالراق بۇ دۆلەت ئىمپېراتورىنىڭ بىر تۇغقىنى يېلۈي داشى (耶律大石) باشچىلىقىدا قىتانلارنىڭ بىر قىسمى جۇرجىتلاردىن قېچىپ مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلدى ۋە بۇ يەردە «قارا خىتاي» دەپ ئاتالغان چوڭ فېئودال دۆلەتنى تەشكىل قىلدى. مانا بۇ ۋەقەلەر لياۋ سۇلالىسى تارىخىنىڭ ئاخىرىدىكى 30 - جىلدتا بايان قىلىنغان.

تۇرپان خانلىقىنىڭ XII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى يەنى ۋاڭ يەندې كېلىپ كەتكىنىگە 140 يىل بولغاندىن كېيىنكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بېرىدىغان ماتېرىياللارمۇ بار. بۇ تېكىستلەر بۇ رايوننىڭ تارىخىنى چۈشىنىش ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا، تۇرپان خانلىقى بايان قىلىنغان بىر نەقىلنى بۇ يەردە بېرىمىز:

«3.26. مەن هازىر غەربكە — ئەرەبلەرگە كېتىۋاتىمەن، سىزلەرنىڭ دۆلىتىڭىزلەر ئارقىلىق ئۆتۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىش سىزلەردە ئەندىشە پەيدا قىلمىسۇن. بىلگە خەتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقتى. [داشىنىڭ] قارارگاھىغا كېلىپ ئۈچ كۈن مېھماندارچىلىقتا بولدى. يۇرۇشكە ئاتلىنىش ئالدىدا [بىلگە] 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوينى [داشىغا] ھەدىيە قىلدى. باللىرى، نەۋرىلىرىنى گۆرۈ سۈپىتىدە قويۇپ قويدى ۋە ئۆزى ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئادەم بولۇپ قالدى. [داشىنى] ئۆز مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. [داشى] بارغانلا يېرىدە دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، ئىتائەت قىلغانلارنى خاتىرجەم قىلدى.»①

بۇ تېكىست تەتقىقاتچىلارغا ئۆزۈندىن بۇيان مەلۇم، بۇنى

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 30 - جىلد، 56 - بەت.

بىرىنچى قېتىم ئى. ۋ. بىرىتشنەيدىر تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قارا خىتايلار دۆلىتىنىڭ — جۇڭگو تارىخچىلىرى «غەربىي لياۋ» دەپ ئاتايدىغان دۆلەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشى توغرىسىدىكى شەرقىي ئاسىيا رىۋايىتىنى ئىلىم ساھەسىگە كىرگۈزدى. تۇرپان خانلىقى مۇشۇ ۋاقىتلارغا كەلگەنىدە ئۆزىنىڭ سەلتەنىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، قارشىلىق كۆرسەتمەستىنلا ئۆزىنى قارا خىتايلار ئىتائىتىدە دەپ ئېتىراپ قىلغان بولسا كېرەك. لېكىن ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىلا لياۋ تارىخىدا بايان قىلىنغاندەك ئاددىيلا بولغان ئەمەس، كۆپ مەسىلىلەر ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. مەنبەدىكى بەزى مەلۇماتلار كىشىدە: بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغۇ دېگەن گۇماننى تۇغدۇرىدۇ. مەسىلەن، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 30 - جىلدىدا مانا مۇشۇنداق بىر - بىرىگە زىت ئەھۋالنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، بېشبالىقنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى ئۈستىدە سۆزلىنىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن، يېلۈي داشى ئۆزىنىڭ ئىدىقۇتقا يازغان خېتىدە تۇرپان خانلىقى تېررىتورىيىسىدىن ئۆتۈۋېلىشقا رۇخسەت سورايدۇ. ئابې تاكېئونىڭ مۆلچەرىچە «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ مۇشۇ تېكىستىدە خاتالىق يۈز بەرگەنىكەن: «بېيتىڭ نائىپلىقى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئەنبى نائىپلىقى» دەپ يېزىلىشى لازىم ئىكەنىدۇق①. بۇخىل خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشى تولۇق مۇمكىن بولىدىغان ئىش. تەتقىقاتچىلار موڭغۇللار تەرىپىدىن يېزىلغان ئۈچ تارىخنامە («لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى» ۋە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى») ئىچىدە «لياۋ سۇلالىسى

① بۇ ھەقتە ئابې تاكېئو: «غەربىتكى ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، 1955 - يىل كيوتو نەشر، 493 - بەت.

تارىخى» دا خاتالىق، ئىملا خاتالىقى ۋە باشقا ئېنىقسىزلىقلار
ھەممىدىن كۆپرەك ئىكەن دەپ كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ نەقىلدە
«بېيتىڭ نائىپلىقى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىشتە ھېچقانداق
ئاساس يوق. بۇ نائىپلىق (ئۆلكە ياكى ۋىلايەت — ئۇ. س)
ئەمەلىيەتتە VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەۋجۇت بولغانىدى،
يەنى مۇشۇ لياۋ تارىخىدا مۇشۇ تېرمىن ئىشلىتىلمۋاتقان ۋاقىتتىن 250 يىل
ئاۋۋال بۇ نائىپلىق يوقالغانىدى. مۇشۇ گەپنى ئەنبى نائىپلىقى
توغرىسىدىمۇ ئېيتقىلى بولىدۇ، بۇ يەردىكى پەرق شۇ بولىدى-
كى، ئەمەلىيەتتە مۇنداق نائىپلىق بولغان ئەمەس. بۇ نائىپلىق
تاڭ ئىمپېراتور سارىيىنىڭ ئارخىپلىرىدا 669 — 714 - يىللاردا
«مەۋجۇت بولۇپ تۇردى». بەلگىلەنگەن قانۇن بويىچە ئەنبى
نائىپلىقىغا تېگىشلىك رايون گوبى چۆلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە
(ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا) ئۇيغۇرلار بۇرۇن ھۆكۈمرانلىق
قىلىپ تۇرغان يەرلەردە «بولۇشى كېرەك ئىدى». ئابې تا-
كېئۇنىڭ مۆلچېرىچە، يېلۈي داشىنىڭ دەسلەپكى بازىسى ئورقۇن
رايونى بولغان، بۇ يەردە ئۇ ئۆز تەرەپدارلىرى بىلەن مەجلىس
ئېچىپ مەسلىھەتلەشكەن، كېيىن بۇ يەردىن تۇرپان خانلىقى
تېررىتورىيىسى ئارقىلىق غەرب تەرەپكە ماڭغان.

مەنبە ماتېرىياللىرىنىڭ كەمچىلىكىدىن بەكمۇ تەبىئىي
ھالدا كېلىپ چىققىدىغان تۈرلۈك كۆز قاراشلىرىدىن باشقا،
شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى مۇتلەق خاتا
چۈشەندۈرۈشلەرمۇ يولۇقىدۇ. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە ل. ن.
گومىلىيوۋنىڭ «خىيالىي شەھەرنى ئىزلەش» دېگەن كىتابى-
دىكى بەزى گەپ - سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىمىز. يېلۈي داشى
توغرۇلۇق يېزىلغان نەرسىلەرگە ئىنچىكىلەپ قارىسىڭىز، بەزى
ئوقۇشماسلىقلار تۇغۇلىدۇ. مەسىلەن، دەسلەپتە ئۇنىڭ كۈچى
شۇنچىۋالا چەكلىك بولۇپ تۇرۇقلۇق قانداق قىلىپ ئۆز ئەترا-
پىغا كۈچلۈك بىر توپنى ئۇيۇشتۇرۇۋالالىدى ۋە بۇ توپ ئۇنىڭ

غەرب تەرەپكە يۈرۈشكە ياردەم قىلىپ ئۇنىڭغا بىر يېڭى دۆلەت قۇرۇپ بېرەلىدى؟ ل. ن. گومىليوۋ بۇ توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەرنى يازغان: «پەقەت ئۇيغۇرلارلا بۇ قېچىپ كەلگەن گۆرخاننى (ئۇ خېلىدىن كېيىن گۆرخان بولغان— ئا. م) ئۆزلىرىنىڭ پايتەختى بېشبالىقتا قوبۇل قىلىپ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئوزۇق — تۈلۈكلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى قايتىدىن تەشكىللىۋېلىشىغا ئىمكان بەردى. كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنىنى دالا باتۇرلىرى بىلەن تولۇقلاپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇيغۇرلار ھەر قانداق بىر تىجارەتچى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان نەرسىنى قولغا كىرگۈزدى — ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ دېپ كۆتۈرۈپ قويغان بۇ ئادىمى ئۇيغۇرلارنىڭ سەمەرقەنت، پەرغانە، قەشقەر ۋە خوتەندىكى رىقابەتچىلىرىنى ۋەيران قىلىپ بەردى. كارۋان سودىسىدا مونوپولىيىنى يولغا قويدى. كاتىۋان جېڭىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا شەھەرلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى باشلاندى.»① ۋەقەلەرنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش مەنبەلەردىكى تۇرپان خانلىقىنىڭ بېقىندىلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا تامامەن زىت كېلىدۇ. بۇ بىر ياقتا تۇرسۇن. يەنە شۇ كىتابنىڭ ئۆزىدە سەل يۇقىرىراق تامامەن قارىمۇقارشى كېلىدىغان: «داشى بېشبالىق قەلئەسى ۋە شەھرىنى ئىشغال قىلىپ...» دېگەن سۆزلەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى قىتانلارنىڭ ھەربىي باشلىقىنى ياللىۋالغان دېگەن پىكىر ل. ن. گومىليوۋقا بەكمۇ يېقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ پىكىرنى جارى قىلىشنى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. يەنە بىر نەچچە نەقىل كەلتۈرىمەن: «يېلۈي داشى ۋاپات بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇيغۇر-

① گومىليوۋ: «خىيالىي شەھەرنى ئىزلەش»، 1970 - يىلى موسكۋا نەشرى 131 ـ، 132 — بەتلەرگە قاراڭ.

لارنىڭ سودا كاپىتالى كۆرسىتىپ بەرگەن سىياسەتنىڭ ئىزى
بىلەن ماڭدى». «ئۇيغۇرلار جۇڭگودا قانداقلىكى بىر ھۆكۈمەت
ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار بىلەن تۇقۇ-
نۇشۇپ قېلىشنى زادىلا خالىماس ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى-
نىڭ يېرى ئارقىلىق ئۆتىدىغان كارۋان سودىسى ھېسابىغا
بېيىدى، ئەگەردە تۇقۇنۇش بولۇپ قالغان تەقدىردە ئۆزلى-
رىگە لازىم تاۋارلاردىن قۇرۇق قالغان بولاتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار قارا خىتايلارنىڭ زەربىسىنى ئۆزلىرىنىڭ
مۇسۇلمان رىقابەتچىلىرىگە—ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپكە بۇراپ
قويدى. قارا خىتايلارنىڭ قورالىنى شەرق تەرەپكە
قارىتىش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن خىراجەت بەرمىدى». «قارا خىتاي-
لاردەك ئانچە چوڭ بولمىغان بىر دۆلەتنىڭ مالىيىسىنىڭ ئۇيغۇر
سودىگەرلىرى تەرىپىدىن تەمىن ئېتىپ تۇرۇلغانلىقىنى ۋە بۇ
سودىگەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان رىقابەتچىلىرىنىڭ ئەدىبى-
نى بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.
گۆرخان ئۇيغۇرلارنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقالمىغاچقا، ئۇيغۇرلار قىتانلارنىڭ بىر ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ
ئۆزلىرىنىڭ چىڭگىزخانغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.»①
مۇشۇ مۇھاكىمىلەرنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقى ئېنىق
ۋە بۇنى تەنقىد قىلىشنىڭمۇ لازىمى يوق. گومىليوۋنىڭ ياز-
غانلىرىدىچە بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى ۋە
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر پەقەت ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ
يامان نىيىتىدىنلا قىتانلارنىڭ تاجاۋۇزىغا يولۇققان ئىكەنلىكىنىلا
كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

تۈرپان خانلىقى XII ئەسىرگە خېلى ئاجىزلاشقان ھالدا

① مىنورىسكى: «شەرەپ ئەل زامان ئەل مەرۋازى ...»
1942 - يىلى نەشرى.

قەدەم باستى. ئۇ قىتانلارنىڭ يېلىۋي داشىسىغا قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى ۋە ئۇنىڭغا بېقىندىلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار گۆرخانغا ئىستائەتمەنلىك پەقەت ئۇنىڭغا ئالۋان - سېلىق تۆلەشتىلا ئىپادىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. قارا خىتايلار دۆلىتىگە قاراشلىق جايلاردا ئالۋان - سېلىق يىغىدىغان قارا خىتاي ۋەكىللىرى دائىم بولۇپ تۇرمىغان، بەزى چاغلاردا قارا خىتايلارنىڭ بۇ ۋەكىللىرى ئالۋان - سېلىق ئېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرى كەلگەن، بەزىدە ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى ئادەملەر گۆرخاننىڭ سارىيىغا ئالۋان - سېلىقلارنى ئۆزلىرى ئاپىرىپ بېرەتتى ①.

ئەمدى تۇرپان خانلىقىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرگە قاراپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز زۆرۈر. بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلىشنى 866 - يىلدىن يەنى تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمى رايونىدا يېڭى بىر دۆلەت تەشكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ باشلايمىز. توققۇز ئوغۇزلار تۇرپان ئويمانلىقىغا ۋە ئۇنىڭغا قوشنا تېررىتورىيىلەرگە ۋە شۇنىڭدەك تىيانشان تېغى (بوغدا تېغى ۋە بارىكۆل تېغى) نىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگە جايلاشقان مۇنبەت يەرلەرنى ئىگىلىگەندە بۇ يەرلەردە (بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقى رايونىدا) ئەڭ قەدىمكى يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىگە ۋە تەركىبى تۇرلۇك بولغان ئاھالىلەرگە يولۇقتى. بۇ يەردە شۇ چاغلاردا ياشاپ تۇرغان ئاھالىنىڭ ئاساسىي يادروسىنى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى تەشكىل قىلاتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن (IV ۋە V ئەسىرلەردە) بۇ يەرلەردە سوغدى جامائەلىرى پەيدا بولدى. ئۇلاردىن كېيىن، بۇ يەرلەرگە تۈركىي تىل سى

① بارتولد: «... 12 لېكسىيە»سىنىڭ 106 - بېتىگە قاراڭ.

تېمىسىدىكى تۈرلۈك قەبىلىلەرگە مەنسۇپ خەلقلەرمۇ كەلدى. تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاخىرقى كەلگۈنى 866 - يىلى يېتىپ كەلدى. تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى بۇ خەلقلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشنى باشلىشى (ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ قىسمەن كۆچمەن تۇرمۇشىنىمۇ ساقلاپ قالدى ۋە كېيىنرەك باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتتى)، ئۇلارنىڭ ۋادىلارغا ۋە شەھەرلەرگە كېلىپ جايلىشىشى ۋە شۇنىڭدەك يەرلىك ئاھالە بىلەن ئىكاھلىشىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشى بۇ يەردىكى ئەسلى ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى ئاھالىنىڭ تۈركلىشىش جەريانىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. توققۇز ئوغۇزلار مۇشۇ يەرلەرگە كەلگەن چاغلاردا مۇشۇ تۈركلىشىش جەريانىنىڭ قانداق باسقۇچتا تۇرغانلىقى توغرۇلۇق مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بارماي تۇرۇپ بىر نەرسە دېيىش تەس گەپ.

توققۇز ئوغۇزلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن، ئۆز چارۋىلىرى بىلەن خېلى كەڭ ئوتلاق ۋە يېرىم چۆل دالالارنى ئىگىلىدى. كۆچمەن تۇرمۇشقا باب كېلىدىغان خېلىلا كەڭ تېررىتورىيىلەر بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن تىيانشان تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگە جايلاشقانىدى. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا كۆچۈش جەريانى مۇشۇ كەمگىچە مەخسۇس تەتقىق قىلىنغان ئەمەس، بۇ توغرۇلۇق ھازىر قولىمىزدا بار بولغان مەلۇماتلار پەقەت پەم - مۆلچەر خاراكتېرىدىكى ياكى ئاللىدىنئالا چىقىرىلغان ھۆكۈمگە قاراپلا ئېيتىلغان سۆزلەردىن ئىبارەتتۇر. ئېھتىمال، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقۇچىلار بەك تېزلىك بىلەنلا ئولتۇراق تۇرمۇشقا كىرىشىپ كەتتى، دەپ ئىشەنسە كېرەك. مەسىلەن، ئا. يۇ. ياكوبوۋىسكى «ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى باشقىچىرەك بولدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا ئولتۇراقلاشقان

تۇرمۇشقا بالدۇر كۆچۈپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇلار شامانىزمدىن مۇناسىۋىتىنى بالدۇرراق ئۈزدى. ئۇلار ئاۋۋال مانى دىنىنى، كېيىن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا، ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ياراتتى ھەم جۇڭگو بىلەن ماۋرائۇننەھر ئوتتۇرىسىدا ياشىغۇچى «ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بولۇپ قالدى»① دەپ يازدى. مانا مۇشۇ ئانچە ئېنىق بولمىغان جۈملىلەردە بىر قانچە ۋەقەلەر قوشۇپ كۆرسىتىلگەن، بۇ مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بەزىلىرى (مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى، يېزىق يارىتىشى) ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە يۈز بەرگەن، بۇلارنىڭ بەزىلىرى (بۇددىزمنى قوبۇل قىلىشى، ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈشى) خاقانلىق پارچىلانغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ساناپ كۆرسەتكەندە ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ئۆتۈشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ئا. يۇ. ياكوبوۋىسكىنىڭ مۇشۇ بايانلىرى، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئايرىم ئاپتورلارنى ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق تۇرمۇشقا خاقانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ئۆتكەن، دېگەن قاراشقا ئىسپات سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇرلىسا كېرەك. ئەلۋەتتە، ئا. يۇ. ياكوبوۋىسكىغا تونۇقۇز ئوغۇزلار مۇشۇ يەرلەرگە كەلگەندە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئىرانلىق دېھقانلارنى كۆرگەنلىكى ۋە شۇنىڭدەك بۇ تېررىتورىيىدە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭمۇ ياشاپ كەل-

① ئا. يۇ. ياكوبوۋىسكىنىڭ «ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى» دېگەن كىتابىنىڭ 423 - بېتىگە قاراڭ، بۇنىڭ تولۇق ئىسمى «IX — X ئەسىردىكى ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى توغرىسىدا ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىرى» ناملىق ئەسەر. «شەرقنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، سەنئىتى» دېگەن توپلامنىڭ 1947 - يىلدىكى 4 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

گەنلىكى مەلۇم①. لېكىن ئۇ تۇرپان خانلىقى تارىخىنىڭ تۈرلۈك
ئەھۋاللىرىنى بايان قىلغاندا، پەقەت ئۇيغۇرلار (توققۇز ئوغۇز-
لار) ئۈستىدىلا توختاپ، باشقا پاكىتلارغا سەل قارايدۇ. مەزكۇر
تەتقىقاتچىنىڭ ئىشىنىشىچە، «ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپى ئول-
تۇراقلاشقان تۇرمۇشقا بالدۇر كۆچۈپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن
شۇغۇللىنىشقا باشلىغان.» ياكوبوۋىسكى مانا مۇشۇ پىكىرنى
چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، تۇمانسكىنىڭ قول يازمىسىدىكى
ئېنىق مەلۇماتلارنىمۇ ئىزاھلايدۇ. ياكوبوۋىسكى سۇڭ دۆلىتىنىڭ
ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ يازغانلىرىنى ئاپتورى نامەلۇم بولغان
ئەسەر — «ھۇدۇدۇلئەل ئالەم» (تۇمانسكىنىڭ قول يازمىسى) دىكى
بۇ يەردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى چارۋىچى ۋە
ئەينى ۋاقىتتا بەك جەڭگىۋار دەپ كۆرسىتىلگەن مەلۇماتلارغا
سېلىشتۇرۇپ: «لېكىن بۇ يەردىكى زىددىيەت قارىماققىلا شۇن-
داق، چۈنكى جۇڭگو ئەلچىسىنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇۋاتقان-
لىرى پەقەت ئولتۇراقلىشىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل
بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ②.

توققۇز ئوغۇزلار ۋادىلار ۋە ئاھالىلىك پونكىتلارغا ئۆز-
لىرىنىڭ نازارىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن ئۆزلىرى ئولتۇراقلاش-
قان ھاياتقا كۆچۈشكە ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى، ئۇلار ئەنئە-
نىۋى كۆچمەنلىك ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئايرىم
قىسىملىرى شەھەرلەرگە ۋە دېھقانچىلىق يېزىلىرىغا دەرھاللا
كەلمىدى، ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۆزلىرى
ئۈچۈن يېڭى بولغان كەسىپنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزلەشتۈردى.
مەنبەلەردە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ كۆچمەن ھاياتىنى ساقلاپ قال-
غانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قاتار مەلۇماتلار بار. مەسىلەن،

①② ئا. يۇ. ياكوبوۋىسكىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 437 —
435 - بەتلىرىگە قاراڭ.

«ھۇدۇدۇلئەل ئالەم»نىڭ ئاپتورى: «تۇرپان خانلىقىغا تەۋە دېھقانچىلىق يېزىلىرى ۋە شەھەرلەرنى ساناپ كۆرسەتتىمۇ ...... دېھقانچىلىق ۋادىلىرى دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ياشىغۇچى تۈركىي تىلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكىنى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ۋە ئەينى ۋاقىتتا بەك جەڭگىۋار قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.»① ۋاڭ يەندېنىڭ يول خاتىرىسىدىمۇ تۇرپان خانلىقىنىڭ يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئادەملىرىنىڭ سانسىز كۆپ مال - چارۋىلىرىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا بايانلار بار. ئەينى ۋاقىتتا «ئەلچى» ئاھالىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئۈستىدە كۆپ يازىدۇ. ئۇنىڭ مەملىكەتنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىسىنىڭ ھاياتىنى بايانلاشقا ئۆزىنىڭ ئاساسىي دىققىتىنى بۆلگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈر.

شۇنداق قىلىپ، X ئەسىرنىڭ بېشىدا يەنى تۇرپان خانلىقى تەشكىل قىلىنىپ 120 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەزكۇر خانلىقنىڭ خېلى قىسمى كۆچمەن ھايات ئەنئەنىسىنى مەھكەم ساقلاپ كەلگەن. مەنبەلەرنىڭ كۆپچىلىكى تۇرپان خانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ ۋە خېلى مىقداردىكى كۆچمەنلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك (قەبىلە) تەركىبى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. پەقەت ئاپتورى نامەلۇم قول يازما «ھۇدۇدۇلئەل ئالەم»دىلا كۆچمەنلەر تۈركلەر ئىدى دەپ بايان قىلىدۇ. ئەبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېزىلغان «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىدە بەك قىزىق بىر مەلۇمات بار. ئەبۇلغازى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پارچىلانغانلىقى ئۈستىدە مەلۇمات بېرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى بېشبالىق رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولدى، ئىككىنچى

① يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ 435 - بېتىگە قاراڭ.

بىر قىسمى بېشبالىقتىن يىراق يەرلەردە كۆچمەن ھاياتى
كەچۈردى①. ئەبۇلغازى 866 - يىلى تىيانشان تېغىنىڭ شەرقى-
نى ئىگىلىۋالغان پەقەت تۇققۇز ئوغۇزلار ۋە ئۇلار-
نىڭ بېشبالىق رايونىغا تارقىلىپ ئورۇنلىشىشى ئۈستىدىلا گەپ
ئاچىدۇ، گويا بۇ يەردە بۇرۇن ھېچقانداق ئىنسان ياشىمىغاندەك،
توققۇز ئوغۇزلار بۇ يەرگە كەلگەنگە قەدەر بۇ يەردە ياشىغان
ئاھالىلەر توغرىسىدا ھېچقانداق نەرسە يازمايدۇ. لېكىن تېكىست-
تە، شۇ چاغلاردا بۇ يەردە شەھەرگە بىۋاسىتە ئۇلىنىپ كەتكەن
چەكلىك دائىرىدىكى ئېتنىزلىقلارنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلگەن. ئەبۇل-
غازىنىڭ مۇشۇ يازغانلىرىنى فىنىڭ جىياشىيڭ، چىڭ سۇلۇ ۋە مو-
گۇاڭۋېنلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىتابىدا شىپى كەلتۈرىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بى-
لەن بىللە، ئۇلار بۇنىڭغا مۇھىم «تۈزىتىش» كىرگۈزىدۇ: توق-
قۇز ئوغۇز دېگەننىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا گەپ قىلىدۇ.
بۇ ئىش جۇڭگونىڭ كونا ئەنئەنىسىگە دەلمۇ دەل لايىقلاشتۇرۇل-
غان بولۇپ، خاقانلىقنىڭ ھەممە ئاھالىسىنى ئۇيغۇرلار دەپ
ئاتايدۇ. يۇقىرىقى ئاپتورلار ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇيغۇر دېگەن
ئېتنونىمنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى بىرىش ئۈچۈن (تېكىستنى
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندا) بۇگۈنكى «ۋېيۋۇر» دېگەن ترانس-
كرىپسىيىسىنى ئىشلەتكەن. بۇ ئاتالغۇ XIII ئەسىردە كەڭ
تارقالغان پەقەت ئېروگلىپ جەھەتتە تاللىنىشىلا ئۆزگەر-
تىلگەن. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن تېكىستنى زامانىۋىلاشتۇرۇش

① ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، سابلىكوۋ
تەرجىمىسى، قازان دارىلفۇنۇنىنىڭ ئارخېئولوگىيە، تارىخ ۋە ئېتنوگرا-
فىيە جەمئىيىتىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى، 21 - توم، 5 — 6 -
قىسىملىرىغا قاراڭ، 1905 — 1906 - يىلى قازان شەھىرىدە نەشر
قىلىنغان.

ئەلۋەتتە مۇھىم ئەمگەكلەردە يول قويۇلمايدۇ①. تۇرپان خانلىقىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپچىلىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچۈش سۈرئىتىگە بەك يۇقىرىراق باھا بېرىدۇ. شەرقىي تىيانشان تاغلىرى بەلباغلىرىدىكى ۋادىلاردا ئىران تىللىق سىستېمىسىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىدىغان ئا. يۇ. ياكوبوۋىسكى: «بۇ ۋەقە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىدا پەۋقۇلئاددە چوڭ رول ئوينىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا پارلاق دەۋر باشلاندى» دەپ كۆرسەتتى②. ياكوبوۋىسكى بۇ يەردىكى يۈكسەك مەدەنىيەتنى ۋە كۆپلىگەن بىلىملىك ئادەملەر (ئۇستىلار، رەسساملار، ھەيكەلتىراشلار ۋە بىناكارچىلار)نىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ: «مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى كەلگەن ئۇيغۇرلارغا (توققۇز ئوغۇز، دەپ يېزىش لازىم ئىدى — ئا. م) ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ئۇلار مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا بەك تېز جەلپ قىلىندى، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى دېھقانلارغا، قول ھۈنەرۋەنلەرگە ئايلاندى، گەرچە ئۇلارنىڭ يەنە بىر تۈركۈمى يەنىلا چارۋىچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەن ئەنئەنىلىرىنى تېزلا تاشلىۋەتتى» دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇشۇ تەسۋىرلەنگەن سۈرەت ئەپسۇسكى، پەقەت ئابستراكت نەرسىدۇر. چۈنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدا ئايرىم پاكىتلار بايان قىلىنغان ياكى ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئاممىۋى ھالدا كۆچكەنلىكى توغرۇلۇق مۆلچەرلەشكە بولىدىغان بىرەرمۇ مەلۇمات يوق.

---

① فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «...قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 44 - بېتىگە قاراڭ.

② ياكوبوۋىسكىنىڭ «... ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنىڭ 425 - بېتىگە قاراڭ.

فېڭ جىياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، موگۇاڭۋېنلار ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ئۆتۈش توغرىسىدا ھەممىدىن باشقىچىرەك مۇھاكىمەلەر يۈرگۈزىدۇ، ئۇلار: «ئىچكى ئىزالار ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن كۆچمەن جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ غەرب تەرەپكە يول ئالدى ۋە تىيانشان تاغلىرى بىلەن گەنجۇ ھەمدە لياڭجۇ (凉州) ۋىلايەتلىرى ئارىلىقىغا تارقىلىپ جايلاشتى ۋە ئاساسەن دېھقانچىلىققا ئاساسلانغان ھاياتقا ئۆتتى» دەپ يازدى. بۇ تامامەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولمىغان خۇلاسىدۇر. مەنبەلەردە، خاقانلىق ئىچىدە كۆچمەن ئىگىلىكنىڭ كرىزىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر پاكىت ئەمەس، ھەتتا بىرەر بېشارەتمۇ يوق. لېكىن ئاپتورلار كرىزىس ھەققىدە سۆزلىمەستىن، بۇ تۈزۈلمىنىڭ يىمىرىلىشى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق يالغان تىزىسقا قارشى ئەڭ ئوبدان ئىسپات خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن چىقىپ كەلگۈچىلەرنىڭ قانداقلا بىر يەرگە بېرىپ تارقىلىپ جايلاشقان بولسىمۇ، كۆچمەن تۇرمۇشنى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مۇستەھكەم ساقلاپ قالغانلىقى بولىدۇ. خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىكى تەبىئىي شەرت-شارائىتمۇ كرىزىس پەيدا بولۇشقا شەرت يارىتىپ بەرمىدى، بۇ تېررىتورىيەلەردە تا بۈگۈنكى بىزنىڭ كۈنىمىزگىچە كۆچمەنلىك ساقلىنىپ كېلىۋاتىدىغۇ. دېمەك ئاپتورلارنىڭ ئاممىۋى ھالدا تېزلىك بىلەن توققۇز ئوغۇزلار (ئۇلارنىڭ ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار) ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچتى دەپ مۇقىملاشتۇرۇشى دەپلا چۈشىنىشكە بولىدىغان بۇ تېكىستنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسىمۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئەمەس.

تۇرپان خانلىقى ئۆز ئاھالىسىنىڭ تەركىبى ۋە خانلىقتىكى ھاياتنىڭ خاراكتېرىگە قارىغاندا ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە مەملىكەت. ئۇنىڭدىكى بۇ ئالاھىدىلىك كۆچمەن-

لەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان مەدەنىيەتلىك ئاھالىسىنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە كۆچمەن ئىگىلىكىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ يەردىكى مەسىلە، بۇ دۆلەتتە ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆچمەنلىكتىن ئىبارەت ئايرىم ئىككى تۈزۈلمىنىڭ بار بولغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ تۈرلۈك قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقانلىقىدىدۇر. ئېتنىك تەركىب جەھەتتىكى پەرق تەدرىجىي ھالدا ئازىيىپ، تۇرپان خانلىقى ھالاكەتكە يولۇققانغا قەدەر ۋە 1283 — 1284 - يىللاردا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ كۆچمەنلىك ھاياتىنى ساقلاپ كەلگەن بىر قىسمى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى نەنسەن بويلىرىغا كۆچۈپ كەتكەنگە قەدەر ساقلىنىپ تۇردى. دۆلەتنىڭ تۈرلۈك قەبىلىلەردىن ئىبارەت ئولتۇراقلاشقان ئاھالىسى ئىچىدە ئاستا، لېكىن ئۈزلۈكسىز ھالدا توسقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۈركلىشىش جەريانى داۋام قىلىۋەردى. ئاھالىنىڭ بۇ قىسمى كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتى ئاستىدا كۈن كەچۈرۈپ تۇرىۋەردى ۋە كۆچمەنلەرنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان تېگىشلىك بولغان قاتتىق ئۆزگىرىشلەرسىز تەرەققىي قىلىۋەردى. ئومۇمەن ئالغاندا، تامامەن بىرخىل تائىپىدىن ئىبارەت دېگۇدەك ئاممىدىن تەركىب تاپقان توققۇز ئوغۇزلار بۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئورناتتى. ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ ھاكىمىيەت خېلىلا دەرىجىدە مۇستەھكەم بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى مەنبەلەردە بۇرۇن بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن ئاھالە بىلەن بۇ يەرنى ئىگىلىۋالغانلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوق. مەملىكەت ئىچىدىكى ئولتۇراقلاشقانلار بىلەن كۆچمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەدرىجىي ھالدا كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ باردى. مۇئامىلىلەرنىڭ قويۇقلىشىشىغا يەرلىك ئاھالىنىڭ داۋاملىق تۈركلىشىۋېرىشى ۋە بىر قىسىم

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا كۆچۈشى سەۋەب بولدى. ئولتۇراقلىق ھاياتقا ئۆتۈش تەدرىجىي ۋە بەك ئاستا يۈز بېرىپ، توققۇز ئوغۇزلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 400 يىل ئىچىدە داۋام قىلىۋەردى. سابىق كۆچمەن توققۇز ئوغۇزلار يەرلىك ئاھالىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى، ئەبىسىيكى ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنىمۇ بولۇپمۇ بۇ يەردە شەكىللىنىۋاتقان يېڭى تىلغا ئۆتكۈزدى. ئاخىرقى ھېسابتا توققۇز ئوغۇزلار بىلەن يەرلىك ئاھالە ئۆزئارا تولۇق سىڭىشىپ كەتكەن بولدى. لېكىن XIII ئەسىردىكى ۋەقەلەرنىڭ ياخشى بولمىغان تەرەققىياتى ئۇلارنى بۇ رايونلارنى تاشلاشقا ۋە جۇڭگونى سوراپ تۇرغان موڭغۇللار مۇلالىسىگە بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

ئا. يۇ. ياكوبوۋسكىنىڭ تۇرپان خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار (توققۇز ئوغۇزلار دەپ يېزىش كېرەك — ئا. م) نىڭ يېزا ئىگىلىك، ئارخىتېكتورا، سەنئەت ھەمدە باشقا جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرى توغرىسىدا يازغانلىرى مۇشۇ رايوننى ئىشغال قىلىۋالغان كۆچمەنلەرگە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دېيەرلىك، مانا بۇلار بۈگۈنكى تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان خەلقنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى بولغان ئەسلى يەرلىك خەلقنىڭ ئۇتۇقىدۇر. خۇددى مۇشۇنىڭدەك خاتالىقنى فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ ۋە موگۇاڭۋېنلار ۋە شۇنىڭدەك ئا. گابېن (گاباينىن)، د. ئى. تىخىنوۋ ۋە باشقا نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارمۇ ئۆتكۈزدى①.

تۇرپان خانلىقى تېررىتورىيىسى ئۇنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىۋىلىك ئەھۋالىغا قاراپ شەرقىي تىيانشان تاغ تىزمىسى، سىزىقى بويىچە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شەرقىي تىيانشان تېغىنىڭ

---

① د. ئى. تىخىنوۋ: «ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» 22-، 40- بەتلەر، 1966- يىلى موسكۋا نەشرى.

شىمالىي تەرەپ ئېتىكىدە كەڭ يايلاق - ئوتلاقلار بار، بۇ
يەردە چوڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى يايلاققا قاراپ كۆپەيتىشكە
شارائىت مەۋجۇت. تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولسا كۆچمەن
ئىگىلىككە مۇناسىپ شارائىتلار خېلىلا ناچار. تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇب
تەرىپىدە كۆپلىگەن مۇنبەت ۋادىلار بار ۋە بۇ يەردىكى ئاھالى-
نىڭ ئاساسى كۆپچىلىكى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
تۇرپان خانلىقىنىڭ ئاساسى يېزا ئىگىلىك رايونىدا تۇرۇپ
قالغان توققۇز ئوغۇزلار يەرلىك ئاھالىنىڭ قاتتىق تەسىرىگە
ئۇچرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش
جەريانى تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىدىكىلەرگە قارىغاندا تېزرەك
بولدى. مانا مۇشۇ ئوي - پىكىرلەر كۆچمەن توققۇز ئوغۇزلار-
نىڭ ئاساسى كۆپچىلىكى شەرقىي تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىي
ئېتەكلىرىدە ياشىدى، دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىمكان بېرىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئاساسى چارۋىلىرى ۋە جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈكرەك
بولغان قوشۇنلىرىمۇ مۇشۇ يەردە بولغان.

تۇرپان خانلىقىنىڭ پايتەختىنى ئېنىقلاش مەسىلىسىدە
قىسقىچە توختاپ ئۆتىمىز. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىككى
خىل كۆز قاراش مەۋجۇت. بەزى ئالىملار بېشبالىقنى پايتەخت
دەپ ھېسابلايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار بېشبالىق ھەممىلا ۋاقىت
پايتەخت ئەمەس، پايتەخت خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل قوچۇدا
بولغان، دەپ ھېسابلايدۇ. بىرىنچى كۆز قاراشنىڭ قاتتىق تەرەپ-
دارى ئابې تاكېئۇدۇر①. ئۇنىڭ پىكرىچە، تۇرپان خانلىقى مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان ۋاقىت ئىچىدە بېشبالىق شەھىرى بىردىنبىر
پايتەخت بولغانىكەن. تەتقىقاتچى مۇشۇ پىكىرگە قارشى كۆز

---

① «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»
ئابې تاكېئۇنىڭ 1955 - يىل كيوتودا نەشىر قىلىنغان كىتابى-
نىڭ 286 -، 374 - بەتلىرىگە قاراڭ.

قاراشتا بولغۇچىلار بىلەن جۈملىدىن ۋ. ۋ. بارتولد بىلەن قىزغىن مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بارىدۇ. لىيۇ ماۋسەي ئىناۋەتلىك مەنبەلەردىن بىر قاتار ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈپ، ئابې تاكېئونىڭ خۇلاسىسىگە گۇمان چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ قىزىپ كەتكەن مۇنازىرە مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلالمىدى. ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ بۇ پايتەختنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى پىكرىگە كەلسەك، ئۇنىڭ كۆز قارىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى لېكسىيەلىرىدە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن: «ئورقۇن يېزىقلىرى ۋە ئۇيغۇر تېكىستلىرىدىن قوچو شەھىرىنىڭ — تۇرپاندىكى ئىدىقۇت شەھىرى خارابىسىنىڭ يېنىدىكى بۈگۈنكى قاراغوجا - ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبتىكى ئۆلكىسىنىڭ باش شەھىرى بولغانلىقى مەلۇم... بۇ ئۆلكىنىڭ شىمال قىسمىدىكى باش شەھەر - ئەلۋەتتە، بېشبالىقتۇر» دەپ يازغانلىقىنى كۆرىمىز①. بۇنىڭدىن شۇنداق چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇكى، بۇ ئەسەردە ۋ. ۋ. بارتولد تۇرپان خانلىقىنىڭ پايتەختى مەسىلىسىنى زادىلا سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرغىنى يوق. ئالىم ئىككى چوڭ شەھەرنىڭ — ئىككى ئەڭ چوڭ ئۆلكىنىڭ ئاساسلىق شەھىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىلا قەيت قىلغان. شۇڭلاشقا، «جەنۇب تەرەپنىڭ باش شەھىرى» ۋە «شىمال تەرەپنىڭ باش شەھىرى» دېگەن ئىبارىلەرنىلا ئىشلەتكەن. ئابې تاكېئو بارتولدنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ فرانسۇز تىلىدىكى تەرجىمىسىدىن پايدىلانغان. بۇ تەرجىمىدە «باش شەھەر» دېگەن سۆزنى (پايتەخت، «Iacapitale») دەپ تەرجىمە قىلغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابې تاكېئو ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە پايتەخت سۆزىگە توغرا كېلىدىغان ياپونچە سۆزنى ئىشلەتكەن. دېمەك، ئابې تاكېئونىڭ بارتولدقا قارشى چىقىشى ئۇقۇشماسلىق ئاساسىدىلا كېلىپ چىققان.

تۇرپان خانلىقىدا كۆچمەنلىك ۋە ئولتۇراقلىقتىن ئىبارەت

---

① بارتولدنىڭ «... 12 لېكسىيە» سىنىڭ 83 - بېتىگە قاراڭ.

ئىككى ئايرىم تۈزۈلىسىنىڭ شەرقىي تيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان، مەملىكەتنىڭ شىمال تەرەپ يېرىمىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان شارائىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ۋاستىلىك هالدا بېشبالىقنىڭ دىن جەهەتتە هۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان كۆچمەنلەرنىڭ پايتەختى بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى، دېمەك، پۈتۈن دۆلەتنىڭ پايتەختى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. توققۇز ئوغۇزلار كۆچمەن هاياتىنى دۆلەت هالاك بولغىچە ساقلاپ قالغاچقا، بېشبالىق شەهرىمۇ پايتەخت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك ئەلۋەتتە. مەنبەلەردە توققۇز ئوغۇزلار يا ئۇنداق يا مۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى، پايتەختنى قوچۇغا ياكى باشقا بىر يەرگە كۆچۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان هېچقانداق مەلۇمات يوق. ۋ. ۋ. بارتولد «جەنۇب تەرەپنىڭ باش شەهرى» دەپ ئاتىغان قوجوغا كەلسەك، ئۇ شەهەر چوڭ ۋە باي يېزا ئىگىلىك رايونىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيانلا چوڭ ئاۋات شەهەرگە ئايلانغانىدى، بۇ يەردە قول هۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي ئەتكەنىدى، خەلقئارا سودىنىڭ مۇهىم مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شەهەر دىنىي مەركەز ئىدى. نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار، بولۇپمۇ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى كۆپ ئىدى. مانا مۇشۇلارنىڭ هەممىسى، بۇ يەرگە كەلگەن ساياهەتچىلەرگە، ئەلچىلەرگە كۈچلۈك تەسىر قىلماي قالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ بۇ ئەهۋاللارنى سۆزلىشى ياكى يېزىشى تولۇق تەبىئىي بىر ئەهۋال. تارىخچىلار مانا شۇ ئادەملەرنىڭ سۆزىگە قاراپ قوجو شەهرىنى تۇرپان خانلىقىنىڭ پايتەختى سۈپىتىدە دەپتەرگە پۈتتى. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ توققۇز ئوغۇزلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىشى قوجو شەهرىنىڭ ئەهۋالىغا هېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىدى. ئۇ شەهەر ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەهمىيىتىنى ساقلاپ قېلىۋەردى. بەلكى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، شەرقىي تيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى

رايونلار بىر مەملىكەت دائىرىسىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، قوچۇ شەھىرىنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ ئۆسۈشى كېرەك ئىدى. ماھىيەتتە قوچۇ شەھىرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە دىنىي مەركىزى بولۇپ قالدى. بېشبالىق بولسا، مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي مەركىزى بولۇپ قېلىۋەردى. يەنە ئەمەلىيەتتە پايتەخت بولۇپ تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا قوچۇ رايونىنىڭ قىش پەسلىدىكى ئاب - ھاۋاسىنىڭ ئۇنچىۋالا سوغۇق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ شەھەردىن ئىدىقۇت ئۆزىنىڭ قارارگاھى سۈپىتىدە پايدىلاندى. ئابېي تاكېئو ئۆزىگە قارشى تەرەپتىكىلەر بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، قوچۇ شەھىرى ئىسسىپ كەتكەندە قىشلىق قارارگاھ بولغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پىكىرگە يول قويغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. تەتقىقاتچى ئۆزىنىڭ پىكرىچە، دەل مۇشۇ ئىشنى ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچكەن ئۇيغۇرلاردا (توققۇز ئوغۇزلار دەپ يېزىش كېرەك — ئا. م) كۆچمەنلىك ئەنئەنىسىنىڭ قالدۇق سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغانلىقى دەپ ھېسابلايدۇ①.

ئەمدى توققۇز ئوغۇز دۆلىتىنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەر ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا تىرىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. كۆچمەن خەلق ئۈچۈن ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن زىچ ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالاقىدە بولۇشى ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. كۆچمەنلەر ئەنئەنىسىنىڭ بۇزۇلۇشى كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ۋەيران بولغان ئەزالىرىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئولتۇراق ھاياتقا كۆچۈشىدىلا ئىپادىلىنىپ قالمىدى. كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ئىچىدە فېئوداللىشىش كۈچىيىشى مۇقەررەر ئىدى، بۇنىڭ ئۆزى مۈلۈكچىلىك باراۋەرسىزلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇراتتى.

① ئابېي تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىنىڭ 350 - بېتىگە قاراڭ.

ۋە ئاخىر ۋەيران بولغان ئادەتتىكى كۆچمەنلەرنى تېخىمۇ كەمبەغەللەشتۈرۈپ، ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان پونكىتلارغا بېرىشقا مەجبۇر قىلاتتى. فېئوداللىشىش جەريانى توققۇز ئوغۇزلار تۇرپان ۋادىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن باشلانغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلى بالدۇرلا — توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇر خاقانلىقى دائىرىسى ئىچىدە ئۇيۇشۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردىلا فېئوداللىشىش باشلانغانىدى. مانا مۇشۇ ئەھۋالغا سۆڭ دەۋرىدىكى بىر ئاپتور — شياۋبوۋېن (1057 — 1134) دىققەت قىلىدى. ئۇ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ۋە بەكمۇ ئىسراپچىلىق ياۋايىلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كۆچمەنلەر جەمئىيىتىدە نىسبەتەن بىر خىل بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمە بۇزۇلۇشقا باشلىدى. XII ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە، بۇ جەريان راۋاجلىنىپ شۇنچىلىك دەرىجىگە يەتتىكى، كۆچمەنلەرنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئۆزلىرىنىڭ تەسىرلىرىنى كۆرسەتتى. شۇڭلاشقا، توققۇز ئوغۇزلار يېلۈي داشىغا قارشىلىق قىلىشقا تەۋەككۈلچىلىك قىلالمىدى.

قارا خىتايلار تۇرپان خانلىقىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئورناتقاندىن كېيىن، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان بولسا كېرەك، ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇلارغا لايىقىدا ئالۋان - سېلىق بەلگىلەپ بەرگەن بولسا كېرەك. بىزگە ئىدىقۇت سارىيىدا قارا خىتايلارنىڭ مەخسۇس ئادەملىرى تۇرۇپ، ئالۋان - سېلىقنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈپ بېرىلىشىگە نازارەت قىلىپ تۇرغانلىقى مەلۇم. قارا خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، تا موڭغۇللار ھاكىمىيەتكە كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر داۋام قىلغان خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۇرپان خانلىقىنىڭ بىرقەدەر تىنچ دەۋرى باشلاندى. تارىخىي پاكىتلاردا تۇرپان خانلىقى ھاياتىنىڭ مۇشۇ

دەۋرى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇماتلار بېرىلمەيدۇ. جۇڭگونىڭ ئۇ چاغلاردا مەركىزىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ئۈزۈلۈپ قويۇلدى، دائىملىق مۇناسىۋەتلەردە بولمىدى. مۇسۇلمان جۇغراپىيونلىرى بولسا بۇ «كاپىرلار»غا دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارىدى.

تۇرپان خانلىقى قارا خىتايلار بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ موڭغۇللار تەرىپىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كەتتى. 1209 - يىلدىن باشلاپ تۇرپان خانلىقىنىڭ تارىخى بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر ئەربابلىرىنىڭ پائالىيىتى غەرب تەرەپنىڭمۇ، شەرق تەرەپنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان مەنبەلىرىدە ياخشى ئىنكاس قىلىنغان. ماتېرىياللار شۇنچىلىك كۆپكى، مانا شۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ 1209 - يىلدىن 1284 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۇرپان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋە بەكمۇ دراماتىك دەۋرى ئۈستىدە ئالاھىدە بىر چوڭ كىتاب يازغىلى بولىدۇ.

ئەمدى يازغانلىرىمىزنىڭ يەكۈنىنى چىقىرىپ تۇرپان خانلىقىنىڭ قۇبىلاي تەرەپتە تۇرۇپ ئۆزئارا ئىچكى نىزالارغا ئارىلىشىپ كۆپ چىقىم تارتقانلىقىنى ۋە ئاخىر مۇنقەرز بولغانلىقىنى كۆرسىتىمىز: «XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى» دېگەن ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارنىڭ تەھلىلى كۆرسەتكەندەك، شەرقىي تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپتىكى كەڭ رايونلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان توققۇز ئوغۇزلار (يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كىتابتا خاتا يېزىلىپ قالغان) نىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەنلىك ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ۋە نەنسەن بويىدىكى يۇڭچاڭ دېگەن شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەن. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مۇشۇ كۆچۈشى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلغان، ھەممىدىن ئاۋۋال مەملىكەتنىڭ شەرقىي تىيانشان تېغىـ

نىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان رايوننى تاشلاپ كەتكەن، مانا شۇ چاغدا مەملىكەتنىڭ پايتەختى قوچۇغا كۆچۈرۈلگەن. ئابې تاكېئونىڭ پىكرىچە مۇشۇ ۋەقە 1270 – ياكى 1271 – يىللاردا يۈز بەرگەنىكەن①. مەنبەدىكى ماتېرىياللارغا قاراپ مەملىكەتنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆچۈپ كەتكەن، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال توققۇز ئوغۇزلار كۆچمەن ھاياتنى ساقلاپ قالغان ۋە بۇ شىمالدىكى رايونلاردا ئاساسەن، چارۋىچىلىق تەرەققىياتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان دېگەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۆلچەرىمىزگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. توققۇز ئوغۇزلار جەنۇبتىكى رايونلاردىمۇ ئۇزۇن تۇرالمىدى، ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇمۇلغا كەتتى. 1283 — 1284 – يىللىرى ئۆزلىرى 400 يىل داۋامىدا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن دۆلىتىنى تاشلاپ كەتتى. شەھەر ۋە ۋادىلاردا ئەسلى ئاھالە قېپقالدى. مۇشۇ ۋاقىتلارغا كەلگەندە بۇ خەلق ئۈزۈل - كېسىل تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولدى ۋە بۈگۈنكى كۈندە «ئۇيغۇر» نامىدا ھەممىگە مەلۇم بولغان يېڭى خەلقنى تەشكىل قىلدى. ھازىرقى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە توققۇز ئوغۇزلار مۇئەييەن رول ئوينىدى. ئەمدى ئەسلى ئۇيغۇرلارغا (قەدىمكىلىرىگە) كەلسەك ئۇلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق رول ئوينىغىنى يوق.

① ئابې تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇرلار نىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىنىڭ 94 – بېتىگە قاراڭ.

# تۆتىنچى باب

## ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كەلگەنلەر قۇرغان دۆلەتلەر

ئەسلى ئۇيغۇرلار قۇرغان ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ۋە باشقا تېلى قەبىلىلىرى قۇرغان تۇرپان خانلىقىدەك ھەممىگە ئايان دۆلەت تەشكىللىرىدىن باشقا، خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن چىققان باشقا گۇرۇپپا ئادەملەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرۈشكە قاراپ، بىر مۇنچىلىغان تەتقىقاتچىلار ئۇلارنىمۇ خانلىق دەپ ئاتىدى. بۇلارنى تەتقىق قىلىشتا ئۇيغۇر خاقانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن پەيدا بولغان ئاساسىي دۆلەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئۇچرىغىنىمىزغا ئوخشاشلا بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. بۇ خىلدىكى قىيىنچىلىقلارنى ماتېرىيال مەنبەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. مانا مۇشۇ ئەھۋال تەتقىقاتچىلارنى تولاراق ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا مۆلچەرى سىخېمىلار تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ ۋە بۇنداق سىخېمىلار چوڭقۇر تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆپىنچە پۇت تىرەپ تۇرالماي قالىدۇ. مانا مۇشۇ بابتا جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئانچە كۆپ بولمىغان مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلغاندا ۋە ئالىملارنىڭ مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پىكرى بىلەن تونۇشقاندا كېلىپ چىقىدىغان مەسىلىلەر قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

ئۆزلىرىنىڭ داھىيسى پان ـ تېكىن رەھبەرلىكىدە خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئەڭ چوڭ تەشكىللەنگەن

گۇرۇپپا كۇچا گۇرۇپپىسى ئىدى، مەنبەلەردە بۇلارنىڭ سانى
توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوق. لېكىن ئۇلار 100 مىڭ
ئادەم ئىدى، دەپ ئالدىنئالا مۆلچەرلىنىدۇ. تاڭ دۆلىتى
ئىمپېراتور سارىيىنىڭ پان-تېكىننى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى دەپ
ئېتىراپ قىلىپ مۇئامىلە قىلغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ يەردە بىر
قەدەر كۈچلۈك بىر خانلىق قۇرۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خانـ
لىقنى ئۇيغۇر كۇچا خانلىقى دەپ ئاتاشقا تولۇق ئاساسلار بار.
تەنسەن ئېتەكلىرىنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى — دۇڭخۇاڭ، سۇجۇ
ۋە گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر
گەنجۇ خانلىقى بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېـ
رىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ.

## ئۇيغۇر كۇچا خانلىقى

تۇرپان خانلىقى ئۈستىدىكى گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، جۇڭـ
گو مەنبەلىرىدىكى پان-تېكىن ۋە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى توغرىسىـ
دىكى ھەممە مەلۇماتلارنى يىغىپ بۇ خانلىقنىڭ تەشكىللىنىشىدىكى
ۋە يوقىلىشىدىكى تولۇق ئەھۋالنى يېزىپ چىقىشقا تىرىشىمىز،
شۇنى مۇھاكىمە قىلغاندا، تېكىستلەردىكى جىددىي پىكىر
ئىختىلاپلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر قاتار مەلۇماتلارنى
تەھلىل قىلىشتىن باشلايمىز:
«1. 4 بىر مۇنچە ساندىكى ئاۋۇللار يەنىلا تاغ ۋە قوـ
يۇق ئورمانلار ئىچىگە تارقىلىپ يوشۇرۇنۇپ يۈردى؛ ئۇلار
تۆرلۈك ياۋايى قەبىلىلەرنى بۇلاش - تالاش بىلەن شۇغۇللاندى
ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى غەربكە قارىتىلىپ ئەنشىدىن پانلى
(پان - تېكىن — ئا . م . )نىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى.
پان تېلى بۇ ئارىلىقتا ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلدى ۋە
چۆلنىڭ غەرب تەرىپىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى.

لېكىن كېيىنرەك ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئاجىزلىشىپ كەتتى، گەنجۇدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار قەدىمدىكىگە ئوخشاش گۈللەپ - ياشناش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمىدى.»①

«4·2 قېپقالغان ئاۋۇللار تاغ ۋە ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، تۈرلۈك ياۋايى قەبىلىلەرنى بولاپ ياشىدى، ئاستا - ئاستا پان - تېكىننىڭ يېنىغا كەتتى. بۇچاغلاردا تېكىن ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى، گەنجۇدا تۇردى ۋە چۆلنىڭ غەرب تەرىپىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى.»②

«4·3 بىر مۇنچە ساندىكى ئاۋۇللار يەنىلا تاغ ۋە ئورمانلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈردى، تۈرلۈك ياۋايى قەبىلىلەرنى بولاپ يۈردى، ئايرىم (ئۇيغۇر) قەبىلىسىنىڭ (داھىيسى) پان لى (پان - تېكىن- ئا. م.) ئاۋۋال ئەنشىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى - دە، ئۆزىنى خاقان دەپ يۈردى. گەنجۇ شەھىرىدە تۇرۇپ چۆلنىڭ غەرب تەرىپىدىكى شەھەرلەرنى ئىدارە قىلدى.»③

4·1 — 4·3 - تېكىستلاردا پان - تېكىن بىر ۋاقىت ئىچىدە تۇرپان ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى بولغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خاقانلىقى پارچىلانغاندا، خاقانلىقنىڭ بۇرۇنقى تېررىتورىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە يېڭى، كۆلىمى چوڭ ئۇيغۇر دۆلىتى تەشكىللەندى. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ تىكلىنىشىنى تەپسىلىي ئانالىز قىلغاندىن

① «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد، 14 - بەت.

② «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد، 3 - بەت.

③ «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىنىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 248 - جىلد، داجۇڭ 2-يىلى (9· 2· 848 — 1· 8· 3) نىڭ بىرىنچى ئېيى، 1956 - يىل نەشرى، 9 - توم، 8032 - بەت. مورى ياسۇ تاكائونىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسىلىسىگە دائىر» دېگەن كىتابىنىڭ 1977- يىل، توكيو نەشرى، 107 - بەت.

كېيىن، يۇقىرىقى ھۆكۈمىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ مەنبەلەردىكى سەھىپىلەردە يېزىلىپ قېلىشى بولسا پۈتۈنلەي ئۇقۇشماسلىقتىن بولغانلىقى يەنىمۇ ئايان بولدى. مۇشۇ باپتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تېكىستلەردە گەپ ئۇجي باشچىلىقىدا تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلاردىن قىپچاقلىغانلىرى ئۈستىدە كېتىپ بارىدۇ. مانا مۇشۇ گۇرۇپپا پارچىلىنىپ ھالاك بولغاندىن كېيىن، ۋەيران بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ توپلىرى غەرب تەرەپكە ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىداشلىرىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى تەزكىرىچىلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە ئانچە ـ مۇنچە خەۋەر تاپقان، لېكىن غەرب تەرەپتىكى ۋەزىيەت ئەھۋالى ئۈستىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولمىغاچقا، يازغانلىرىدا بىر قاتار ئېنىقسىزلىقلار كېلىپ چىققان. بۇ تېكىستلەرنىڭ ھەممىسى IX ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان. ئۇ چاغلاردا نەنسەن ئېتەكلىرىدە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېخى تۆرەلمىسىمۇ يوق ئىدى. «كونا تاڭنامە» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» مەلۇماتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئوخشىماسلىقلارغىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 1، 4 ـ تېكىستنى ئىچكى جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشى بولمىغان تۈرلۈك مەلۇماتلارنىڭ مېخانىك ھالدا قوشۇلۇشى دەپ قاراشقا بولىدۇ: پانتېكىن ئۈستىدىكى گەپ بىر گەپ، گەنجۇدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى گەپ باشقا بىر گەپ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، «يېڭى تاڭنامە»نى يازغۇچىلار مانا مۇشۇ سەۋەنلىكنى سېزىپ بۇنى قايتا تەھرىرلىگەن ۋە بۇلارنىڭ قەلىمى تەگكەندىن كېيىن پان ـ تېكىن گەنجۇدا «تۇرۇۋاتقان» ئادەم بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن «تۈزىتىلگەن» بۇ تېكىست 1، 4 ـ تېكىستكە قارىغاندىمۇ كۆپرەك ئەجەبلىنىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «يېڭى تاڭنامە»نىڭ سەھىپىلىرىدە بۇنداق خاتالىقلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ

ئەنسەن تېگىننىڭ ئېتەكلىرىگە كىرىشى ۋە بۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشى
توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا ئىگە بولالمىغانلىقتىن كېلىپ چىق-
قان دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى-
نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى پەقەت IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى
X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە تولۇق مەلۇم بولدى،
پان-تېگىن شۇ ئەينى ۋاقىتلاردا جۇڭگوغا خېلىلا ئوبدان مەلۇم ئىدى.
تاڭ ئىمپېراتور سارىيى پان-تېگىننى ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ خا-
قانى دەپ ئېتىراپ قىلدى، شۇڭلاشقا كېيىنرەك كۇچا ئۇي-
غۇر خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قېپقالغاندىن كېيىنمۇ
ساراي تارىخچىلىرى پان-تېگىنگە ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە قاراپ گەن-
جۇنى بويسۇندۇرۇپ بەردى». «1. 4 — 3. 4 - تېكىستلەرنى
چۈشەندۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان تۈرلۈك كۆز
قاراشلارنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. تەتقىقاتچىلار قائىدە
بويىچە تېكىستلەرنىڭ ئاساسى قارىمۇ قارشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ئىككىنچى يېرىمىغا دىققەتلىرىنى بۇرىدى. ياپون ئالىمى
خانىدا تورو: 1928-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى پان تېگىن ئەۋلاد-
لىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە شەرقىي تەرەپتە گەنجۇ رايونىغا بېرىپ ئورۇن-
لاشتى، دەپ يازدى. ئۇنىڭ مۆلچەرىچە، بۇ كۆچۈشكە قىرغىزلارنىڭ
بېيتىڭ (بېشبالىق)، ئەنشى (كۇچا)لارغا ھۇجۇم قىلىشىدىن
بولغان. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «كونا تاڭنامە-
لى دېيۈينىڭ تەرجىمھالى»دىن نەقىللەر كەلتۈرۈلگەن.
مەزكۇر تەرجىمھالدا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان:

«4. 4 خۇيچاڭنىڭ 3-يىلى 2-ئايدا (5. 3. 843 — 3. 4)
جاۋفەن قىرغىزلار ئەنشى ۋە بېيتىڭ نائىبلىقلارغا ھۇجۇم
قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلىش كېرەك-
لىكى توغرىسىدا دوكلات قىلدى. لى دېيۈي [ئىمپېراتورغا] ياز-
غان دوكلاتىدا: «جۇغراپىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئەن-
شىدىن پايتەختكىچە 7000 لى كېلىدۇ، بېيتىڭدىن پايتەختكىچە

5200 لى كېلىدۇ، تىنىچ ۋاقىتلاردا خېشى (ئوردوس) ۋە لۇنيۇي (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمى) لاردىن غەربتىكى ئۆلكىلەرگە ماڭغانلار، ئادەتتە، يۈيمىنگۇەندىن ئۆتىدۇ؛ ئۇ چاغ-لاردا پۈتۈن يول بويىچە تاڭ دۆلىتىنىڭ ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىرى بار ئىدى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تۇرغۇن ئەسكىرىي قىسىملار تۇراتتى. ئەنشى ۋە بېيتىڭلارغا ئەسكەرلەر تەلەپ قىلىنىپ قالسا، ئۇلارنى ئادەتتە ئەڭ يېقىن جايلاردىن ئالاتتى. قىيىنچىلىقلار باشلانغاندىن كېيىن خېشى ۋە لۇنيۇيلەر تامامەن تىبەتلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ئەنشى ۋە بېيتىڭلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ يولىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلەتتى. ھازىر-قى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار تارمار قىلىندى ۋە ئۇلار قىرغىزلارنىڭ ئىتائى-تىدە تۇرۇۋاتامدۇ، بۇ نامەلۇم. ئەگەر ئەپلىك بىر پەيت بولۇپ قالغاندا، ھەتتا ياردەم قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ ئۇ چاغدا تا-يانچ پونكىتلىرىنى قۇرۇش لازىم بولىدۇ ۋە بۇ پونكىتلاردا خەن-زۇ ئەسكەرلىرىدىن بولغان مۇھاپىزەتچى قوشۇن تۇرغۇزۇشلىرى كېرەك. ھەر بىر گارنىزونىدا ئاز دېگەندە 10 مىڭدىن ئادەم بولۇشى كېرەك. ئادەملەرنى قەيەردە سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدۇ؟ قايسى يوللار بىلەن ئوزۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟»① جاۋفەن ئەنشى ۋە بېيتىڭ نائىبلىقلىرى ئۈستىدە سۆزلىگەندە ئۇلار بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايونلارنى نەزەردە تۇتقان. چۈنكى IX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى ئۇلار ئۇ يەردە يوق ئىدى، ت. خا-نىدا بۇ تېكىستنى (4·4) كەلتۈرۈشتە، ئەھۋالغا قارىغاندا، قىر-غىزلارنىڭ بېسىمى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سوزۇلغان بولسا كېرەك، ئۇيغۇرلار كۇچا ۋە بېشبالىق رايونىدىن شەرققە نەنسەن ئېتەك-لىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولسا

① «كونا تاڭنامە»، 9a - 9б — بەتلەر.

كېرەك①. شۇنداق قىلىپ، بۇ تەتقىقاتچى ئۇيغۇرلارنى ئەسلى ئۇيغۇر-
لار ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى دەپ ئايرىمايدۇ، ئۇ ھەممىلا
ئۇيغۇرلار خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن 840 - يىلى كەتتى، دەپ
ھېسابلايدۇ. مورى ياسۇتاكائو ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا كۇۋادا را-
كورۇ، د.ر.گامىلتون ۋە مائىس ماسانالار ئۇيغۇرلارنىڭ كۇچا
رايونىدىن نەنسەنگە كۆچكەنلىكى مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىل-
غان، دەپ كۆرسەتكەن. لېكىن ئۇلار بۇ كۆچۈش تۇرپان خانى-
لىقىنى تىكلىگەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بېسىمى بىلەن بولغان.
ت. خانىدا يازغىنىدەك قىرغىزلارنىڭ بېسىمى بىلەن بولغان
ئەمەس دەپ ھېسابلىغان. ئابې تاكېئو بەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن
بولسىمۇ، كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرققە نەنسەن ئېتەكلىرىگە
كۆچكەنلىك ئېھتىمالىغا يول قويغان②. مورى ياسۇتاكائونىڭ پىك-
رىچە، پان - تېكىن باشچىلىقىدا ئەنشى (كۇچا) غا كۆچۈپ بار-
غان ئۇيغۇرلار گەنجۇدىكى ئۇيغۇرلار گۇرۇپپىسىنىڭ يادروسى
بولمىغان. ئالىم مۇشۇ پوزىتسىيىدە تۇرۇپ تەتقىقاتىنىڭ ئىسپات
ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقماق بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللاردا بەزى-
دە بىر - بىرىگە تامامەن قارىمۇ قارشى ئىسپاتلارمۇ بار③.
كۇۋاداراكو رۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۇچادىن نەنسەن ئېتەكلىرى-
گە كۆچكەنلىكى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى پىكرىنى بىرىنچى قې-

① خانىدا نىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 267، 268 - بەتلىرىگە قاراڭ. پرو-
فېسسور خانىدا تورونىڭ ئەسەرلىرى 1 - توم توكيو نەشرى، 1957-
يىل.

② ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرلارتارىخى ئۇستىدە تەت-
قىقات»دېگەن 1955 - يىل كيوتو نەشرى، 261 - 264 - بەتلەر.

③ مورى ياسۇنىڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسىلىسىگە
دائىر» دېگەن كىتابىنىڭ 107 - بېتىگە قاراڭ.

تىم ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ پىكىرنى تەستىقلاش ئۈچۈن ئۈ
ئۈچ تېكىستكە ئاساسلانغان. بۇ تېكىستلەرنىڭ بىرىنى مۇشۇ كى-
تابىمىزدا كەلتۈردۇق (26. 2 - تېكىستكە قاراڭ). قالغان ئىككى-
سىنى تۆۋەندە كەلتۈرىمىز.

«4.5 شيەنتۇڭنىڭ 13 - يىلى 8 - ئاي (872.9 - .710 .5)
گۇيىي [ئۆلكىسى] ھېراۋۇلى جاڭيىچاۋ ۋاپات بولدى، ساجۇ
ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ساۋيىچىن پۇتۇن ئۆلكىنىڭ ئىشلىرىنى
باشقۇرۇشنى ئۈستىگە ئالدى. ئىمپېراتورنىڭ پەرمانى بىلەن ساۋ
يىچىن گۇيىي ھېراۋۇلى قىلىپ تەيىنلەندى. كېيىنرەك جۇڭ-
گودا كۆپ ئاپەت يۈز بەردى، سارايدىن چىقىرىلغان بۇيرۇق-
لار [ئاپىرىلىشقا تېگىشلىك ئادەملەرگە] يەتكۈزۈلمىدى. ئۇيغۇرلار
گەنجۇنى ئىگىلىۋالدى. گۇيىي [ئۆلكىسى] غا ئىتائەت قىلى-
دىغان باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ كۆپرەكى چەنلەر بىلەن خۇلارنىڭ
قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.»①

«4.6 [چيەنفۇنىڭ 1 - يىلى، 11 - ئاي (9. 2 — 1.11
874)] دەسلەپتە ئۇيغۇرلار ئىش يۈرگۈزۈش ئۈچۈن قەغەز
ھۆججەت قىلىپ بېرىشنى بىر نەچچە قېتىم ئىلتىماس قىلدى.
چىجۇنجۇينى خىزمەتكە تەيىنلەش قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بې-
رىش ئۈچۈن ئەلچى سۈپىتىدە ئەۋەتىشكە يولىيورۇق بېرىلدى.
بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار تۇيغۇن ۋە ئۇمۇلار تەرىپىدىن تارمار
قىلىنغان ۋە نامەلۇم تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەنىدى. [چى]جۇن-
جۇي ئىمپېراتورنىڭ پەرمانى ۋە قەغەز - ھۆججەتلىرىنى لىيڭ
[جۇ] ۋە ياڭ (جۇ) «ۋىلايەتلىرىنىڭ» ھېراۋۇلى تاڭخۇڭفۇغا
ئۇنىڭ بۇنى كېيىن بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بې-

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» شيەن-
تۇڭنىڭ 13 - يىلى 3 - ئاي (872 .5 .9 — .5 10) 1956 - يىل
نەشرى، 9 - توم، 8164 - بەت.

رىشى ۋە ئۆزىنىڭ پايتەختكە قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا يول-
يورۇق تاپشۇرۇۋالدى».①

مۇشۇ ئۈچ تېكىستنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ئۇيغۇرلار- نىڭ كۇچا رايونىدىن نەنشەن ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كېلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدىغان ھېچ قانداق ماتېرىيال - پاكىتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. دېمەك مۇشۇ كەلتۈرۈلۈۋاتقان تېكىستلەر كۇچا ئۇيغۇرلىرىغا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك (2 - بابقا قاراڭ)، بۇ تېكىستلەر خاقانلىق پارچىلانغاندىن كېيـ يىن ئوردوسنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كەڭ دالادا يۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۆرلۈك ئۈچ گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى غەربتىن — كۇچا رايونىدىن شەرققە — گەنسۇ كارىدورى رايونىغا كۆچكەن دېگەن قاراشقا قارشى چىققۇچىلار قاتارىغا جۇڭگو ئالىمى سۈڭ كەيدىنىمۇ قوشـ قىلى بولىدۇ. سۈڭ كەيدى مەنبەلەردە خاتالىق يۈز بېرىپتۇ دەپ ھېسابلايدۇ، پان تېكىنىڭ گەنجۇغا كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك 4.2 — 4.3 تېكىستلەرنى ئىشىنىشكە ئەرزىمەيدۇ②، دەپ قارايدۇ.

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» چيەنفۇ 1 - يىلىنىڭ 12 - ئېيى (874. 11. 1—9. 2) 1956 - يىل نەشرى، 9 - توم، 8174 - بەت؛ بۇ ھەقتە يەنە كوۋاداراكورو نىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ چۆشكۈنلىشىشى ۋە ھالاك بولۇش تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ (1928 - يىلى كيوتودا نەشر قىلىنغان) 115 - بېتىگە قاراڭ، مورى ياسو تاكائو نىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسىلىسىگە دائىر» دېگەن كىتابىنىڭ 108 - بېتىگە $C_1$، $C_2$، $C_3$ تېكىستلەرگە قاراڭ).

② سۈڭ كەيدى: «بېيەنۋېين جاڭ خۇەيشىن توغرىسىدا»، دۇڭخۇاڭ قول يازمىسى ھەققىدە «دۇڭخۇاڭ شىبىن جاڭ خۇەيشىن بيەنۋېن با».

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»نى يازغۇچىلار ئەھۋالغا قارىغاندا، «4·1—4·3» تېكىستلىرىنىڭ ئۆز ئارىسىدىمۇ ۋە شۇنىڭدەك ھەر بىر ئايرىم تېكىستنىڭ ئىچىدىمۇ قارىمۇ قارشىلىق بارلىقىغا ئۆز ۋاقتىدا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ ئۆز ئەمگەكلىرىگە مۇشۇ مەلۇماتلارنى كىرگۈزگىنىدە ئۇلارغا تۈزىتىش كىرگۈزگەن، تۈزىتىلگەندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك تۈس ئالغان:

«4·7 ئۇلارنىڭ ۋەزىرى ساجى [تاڭ ئىمپېراتورى] نىڭ جيەنى جەن - پان - لى (تې پان لى — پان تېكىن — ئا.م.)نىڭ ئەنشىگە قېچىشىغا ياردەم قىلدى. ئۇيغۇرلار يۈيجۇ ھېراۋۇلى جاڭ جۇنۋۇ تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاچقا، پان لى ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇيغۇرلار گەنجۇ، ساجۇ ۋە شىجۇ (تۇرپان) لاردا ياشاپ يۈردى. بۇرۇنقىدەك، ئەڭ قەدىمكىدەك، گۈللەپ ياشنىغان سەۋىيىسىگە يېتەلمىدى.»①

بۇ يەردە پان تېكىن ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلدى، دېگەن مەلۇمات ئۇجېي خاقان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار گۇرۇپپىسىنىڭ ھالاك بولغانلىقى بىلەن باغلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ تېكىستكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ پان تېكىننى ئۇجېينىڭ ئەمەلىيەتتىكى ۋارىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. «ئۆزىنى ئۆزى خاقان دەپ ئېلان قىلدى» دېگەن سۆزلەر شۇ چاغدا تاڭ دۆلىتى تېخى ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، مۇشۇ ئىككى ۋەقەنىڭ ئۆزئارا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پان تېكىن كۇچا رايونىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى يېنىدىكى ۋەقەلەرنىڭ راۋاجلىنىشىدىن مۇناسىۋەتسىز ھالدا ئۆز

---

①«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»، 197-باب، «ياۋايىلار» 1 - قىسىم 4 - بۆلۈم.

ئالدىغا تىكلىدى. تەزكىرە يازغۇچىلار بۇ توغرۇلۇق تولۇق ماتېرىياللارغا ئىگە بولمىغان ئەھۋالدا بۇ ئىككى ۋەقەنى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك دەپ خاتا ھۆكۈم قىلىپ قويىدى. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخنامىسى» مۇھىم خاتىرىلەر» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورلىرى ئۇيغۇر كۇچا خانلىقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمايدۇ. بۇ ئەھۋالنى خانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولمىغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. 856 - يىلى تاڭ ئىمپېراتورى پان تېكىننى قانۇنىي خاقان دەپ ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بەك سەلتەنەتلىك ئۇنۋان بەردى (د.ر. گامىلتوننىڭ مۇشۇ ھەقتىكى كىتابىغا قاراڭ). ئۇنىڭدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۆكۈچىن باشچىلىقىدىكى ئېلىلار ئۇيغۇر كۇچا خاقانلىقىنى يوقاتتى. ئەگەردە تارىخچىلار مۇشۇ تېكىننى ئۇچى خاقان بىلەن كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى پان تېكىننىڭ ئۆزئارا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلىپ يېزىۋاتىدۇ، دەپ مۆلچەرلىسىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ھۆججەتنى كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ كۇچا ئۇيغۇرلىرى (ياپونىيە ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەنشى ئۇيغۇرلىرى) نى ئەسلى ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ داھىيسىنى ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ ۋەكىلى دېگەن كۆز قاراشنى مەلۇم دەرىجىدە ئىسپاتلىغانلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. 407 ـ تېكىستتە شىجۇ (تۇرپان) نى تىلغا ئېلىش بىر ئەجەبلىنىش پەيدا قىلىدۇ. ئاپتورلار مۇشۇ رايوننى پان تېكىنگە راستتىنلا بويسۇندۇرۇپ بەرمەكچىمۇ؟ ئومۇمەن ئالغاندا، خۇددى 401—403 - تېكىستلەرگە ئوخشاشلا مۇشۇ تېكىستنىڭمۇ ئىشەنگۈچىلىكى يوق. مەنبەلەردىكى مانا مۇشۇ مەلۇماتلارنى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئىنچىكە ئانالىز قىلغاندىن كېيىن مورى ياسۇتاكائو: ھەر ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار (كۇچا ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى) ئۆزلىرىنىڭ جانجان يەرلىرىنى بىر ۋاقىت ئىچىدە تاشلاپ كەتكەن، لېكىن بۇلار ھەر

قايىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم ئوخشىمايدىغان يۆنىلىش بويىچە ماڭغان، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خېلىلا قويۇق مۇناسىۋەتنى ھەر ئىككى گۇرۇپپىنىڭ داھىيلىرىنىڭ بىر ياغلاقار ئۇرۇقىدىن چىققانلىقى بىلەن چۈشەندۇرگىلى بولىدۇ. مورى ياسۇتاكائو ئەنشى (كۇچا) ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرق تەرەپكە كۆچۈپ كېلىش ئېھتىمالىنى ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجەن ئېتەكلىرى ئۇيغۇرلىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى زادى ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ①. ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش، مۇشۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا، پان تېكىن گۇرۇپپىسىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان قوشۇمچە مەلۇماتلار ــ يىل، ۋاقىتلىرى، ئۇنىڭ ئىتائىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت خاراكتېرى، كېيىنكى تەقدىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش قوشۇمچە ماتېرىياللار يوق. بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدىغان بىردىنبىر قوشۇمچە ماتېرىيال «تۈركەشلەر ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنغان ئوبزور شەكلىدىكى تېكىستتۇر. بۇ يەردە سېرىق تۈركەشلەر ۋە قارا تۈركەشلەر ئوتتۇرىسىدا نىزالار باشلانغاندىن كېيىن تۈرلۈك قەبىلىلەرنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا قىسقا مەلۇمات بېرىلىدۇ.

«4-8 دالى يىلى (766 ــ 779) دىن كېيىن، قارلۇقلار كۆچىيىپ كەتتى ۋە سۇي يې (سۇياب) دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئىككى ئۇرۇق ـ قەبىلە (سېرىق ۋە قارا تۈركەشلەر ــ ئا. م.) چۈشكۈنلەشتى ۋە قارلۇقلارغا بويسۇندى، [ئاشىنا] خۇسىبلۇ قەبىلىسىنىڭ قالدۇقلىرى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ

① مورى ياسۇ تاكائو: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر»، 1977 ـ يىل توكيو نەشرى، 112 ـ بەتكە قاراڭ.

كەتتى، ئۇلار (ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار — ئا.م.) تارمار قىلىنغان چاغدا پان لى (پان تېكىن — ئا.م.) ئاگىنى (قاراشەھەر — ئا.م.) قەلئەسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئاتىدى. باشقا قەبىلىلەر (ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قەبىلىلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ — ئا.م.) جىن سۇ تېغى (بوغدا تېغى، تيانشان تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغلارنىڭ بىرى — ئا.م.)غا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ئۇ يەرنى ساقلاپ قالدى. خەلقىنىڭ سانى 200 مىڭغا يېتەتتى.»①

بۇ مەلۇماتتا پان تېكىننىڭ قارارگاھى كۇچا بولماستىن، قاراشەھەر بولغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋال بىزگە يېڭى دېگۈدەك بىر نەرسە كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئۆز ئارا مۇساپىسى 300 كىلومېتر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چوڭراق بىر تەبىئىي توسالغۇ يوق. مەزكۇر تېكىستتە كۆرسىتىلگەن «باشقا قەبىلىلەر» (سانى 200 مىڭغا يېتىدىغان قەبىلىلەر) نىڭ پان تېكىنگە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇلار كېيىن تۇرپان خانلىقىنى تىكلىگەن تېلى قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت باشقا بىر گۇرۇپپىدۇر.

پان تېكىن باشچىلىقىدا قاراشەھەر ۋە كۇچا رايونىنى ئىگىلىۋالغان ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە مەلۇماتلار بەك ئاز ساقلىنىپ قالغان. بۇ توغرىدىكى مۇھىمراق مەلۇماتلارنىڭ بىرى «يېڭى تاڭنامە»، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى قىسقىغىنا بىر مەلۇماتتۇر. بۇ ھۆججەت بەك چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە ئۇنى بۇ يەردە تولۇق كەلتۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈر.

«4.9 تاڭ شۈەنزۇڭ (846 — 859) يىراق يەرلىرىنى تىنچلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى دەپ قاراپ، نىڭجۇغا ئۇلارنىڭ [ئۇيغۇرلارنىڭ] باشلىقلىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلىپ تۇرۇش

① «يېڭى تاڭنامە»، 215 - جىلد، 10 - بەت.

ئۇچۇن ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇيغۇرلار مۇشۇ ئىش تۇپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنى تاڭ ئەلچىسى بىلەن بىرگە پايتەختكە ئەۋەتتى. ئىمپېراتور [ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىغا] ئۇلۇغ تەگرىدە قۇت بولمىش ئالىپ كۆلۈگ بىلگە خۇەي - جان خاقان دېگەن ئۇنۋانىنى ئىنئام قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئون يىلدىن سەل ئوشۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار يەرلىك مەھسۇلاتىنى [سارايغا] نەچچە قېتىم ئەۋەتتى.»① بۇ مەلۇماتتا ئىككى ۋەقەنىڭ ۋاقىت جەھەتتىن بىر مەزگىلگە توغرا كېلىپ قېلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇنىڭ بىرى، ئىمپېراتور ئەلچىسىنىڭ لىڭجۇ ۋىلايىتىگە كېلىشى (بۇ جاي بۈگۈنكى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوڭ ساھىلىغا جايلاشقان ھازىرقى لىڭۋۇ ناھىيىسىدە). ئىككىنچىسى، پان تېكىننىڭ ئەلچىسىنىڭ سارايغا بېرىشىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇ تاسادىپىي بىر ئەھۋالدۇر. مورى ياسۇتاكائو «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىن پان تېكىنگە ئۇنۋان بېرىشكە قارار قىلىنغان ۋاقىتنى — 856 - يىلنى ئېنىقلايدىغان بىر مەلۇماتنى شىپى كەلتۈرىدۇ②.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە بۇ توغرۇلۇق تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان:

«4.10 [دا جۇڭنىڭ 10 - يىلى] 3 - ئاينىڭ شىن - خەي (4.16 — 856) كۈنى ئىمپېراتورنىڭ پەرمانىدا: (ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ئالدىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى بار، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قۇدا بولۇپ كەلدۇق، ئۇلار بىزنى ئۇلۇغلاپ كەلدى، ئولپانلار تەقدىم قىلدى، شىمالدىكى چېگرىلىرىمىز تىنچ بولۇپ كەلدى. خۇيچاڭ يىللىرى (841— 847) ۋاقتىدا ۋەھشىيلەرنىڭ

① «يېڭى تاڭنامە»، 217б - جىلد 3б - بەت.

② مورى ياسۇنىڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر» دېگەن كىتابىنىڭ 118 - بېتىگە قاراڭ.

هاكىمىيەت بېشىدىكى ئۇرۇقىدا جېدەل-ماجىرا چىقتى، خاقان قاچتى، خائىنلىق قىلغان ئەمەلدارلار بۇ ئاپەتنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇردى. يېقىندا ئىتائەت بىلدۈرۈپ كەلگەنلەر ھازىر خاقان پانلى (پان تېكىن — ئا. م.) بولدى، ئۇنىڭ قارارگاھى «ئەنشىدە» دېيىلگەن. ئۇلار ئۇردىلىرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى كۈتمەكتە. ئۇلارغا نام-ئەمەل بېرىش ئۈستىدە پەرمان چىقىرىش كېرەك» ① دەپ كۆرسىتىلگەن. ئىككىنچى يىلى پان تېكىنگە ئىمپېراتورنىڭ ئۇنۋان بەرگەن ھۆججىتىنى ۋە مەكتۇپىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋاڭ دۇەنجاڭ ئەۋەتىلدى، لېكىن ئۇنىڭغا خېيچېيزى دېگەن خەلق يول بەرمىدى، ئەلچى پايتەختكە قايتىپ كەلدى.

«4-11 ۋاڭ دۇەنجاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىنى خان نامىدىن رەسمىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن [ئەۋەتىلدى]. يول خېيچېيزى خەلقى تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلدى، مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتىپ كەلدى.»②

4-10 — 4-11 — تېكىستلىرىدە ئەلچى ۋاڭ دۇەنجاڭ ساياھىتىنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنمايدۇ، لېكىن قولىمىزدا بار ماتېرىياللار بۇ ساياھەت توغرۇلۇق بىرەر تەسەۋۋۇرغا كېلىشىمىزگە ئىمكان بېرىدۇ. ئابې تاكېئو بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدە توختاپ ۋاڭ دۇەنجاڭ ھەقىقەتەن چوڭ ساياھەت قىلغان دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا ئىسپات سۈپىتىدە ئابې تاكېئو تاڭ ئىمپېراتور سارىيىنىڭ قىرغىز خاقانىغا يازغان خېتىدىن كىچىك بىر نەقىل كەلتۈرىدۇ، بۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان:

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 249- جىلد، داجۇڭ 10 - يىلى (856-2-10 — 857-1-29)، 1956-يىل نەشرى، 9 - توم، 8059 - بەت.

② «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 249 - جىلد، داجۇڭ 11 - يىلىنىڭ 10 - ئېيى (857-10-22 — 20 · 11)، 1956 - يىل نەشرى، 9 - توم، 8066 - بەت.

«4.12 خەنلەر چېگرىسىدىن (بۇ يەردە تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگرىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ — ئا.م.) چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان خېيچېزىلارغىچىلىك بولغان يول مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق.»①

ئابې تاكېئو خېيچېزىلار سەددىچىنىنىڭ يېنىدا تارمار قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇقلىرىدۇر②، دەپ كۆرسىتىدۇ.

جاڭ يىچاۋغا بېغىشلانغان بېيەنۇنىڭ ساقلىنىپ قېلىنغان بىر كىچىك پارچىسىدا ئەلچى ۋاڭ دۇەنجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى چېڭ يۈەنخۇڭنىڭ شاجۇغا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ «ئىسيانچى» ئۇيغۇرلارغا يولۇقۇپ قالغانلىقى ھەمدە بۇ يولۇقۇشنىڭ نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى بېرىلگەن. مانا شۇ تېكىستنى بۇ يەردە تولۇق كەلتۈرىمىز:

«4.13 بۇنىڭغا قەدەر داجۇڭنىڭ 10 - يىلى (856.1.29 — 2.10) ئۇلۇغ تاڭ باش تەپتىشىنىڭ ياردەمچىسى ۋاڭ دۇەنجاڭغا ئىمپېراتورنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەش مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئەلچىلىك دەستىكىنى بېرىپ تەگرىقۇتقا ئەۋەتكەنىدى. كېيىن مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ باشلىقى چېڭ يۈەن-

---

① لى دېيۈي: «خۇيچاڭ يىللىرىدا مەكتۇپ ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توپلىمى» 6 - جىلد 41- بەت.

② ئابې تاكېئونىڭ «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن 1955 - يىلى كيوتودا نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 260 - بېتىگە؛ يەنە گ.پ. سۇپرۇنىنكونىڭ IX ئەسىر مەنبەسى — «لى ۋېيگۇنىڭ ‹خۇيچاڭ يىللىرىدا مەكتۇپ ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توپلىمى›دىكى جۇڭگو بىلەن يېنىسەي قىرغىزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ — 1963 - يىلى فرونزى (ھازىرقى بىشكەك)دا قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىجتىمائىي ئەسەرلەر توپلىمىنىڭ 5 - توم، 78 - بېتىگە بېسىلغان.

خوڭ ساجۇ تېررىتورىيىسىدىن كېتىۋاتقاندا، ئۇ قاراۋۇللارنىڭ
باشلىقى زوچىنجىنغا ئۇچراپ قالدى. [زو] چىنجىن تالادا
خۇددى ساراڭدەك قېچىپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى
يىراقتىن كۆرۈپ قالدى، ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرىگە ئۇ ئا-
دەمنى تۇتۇپ ئەكېلىشكە ۋە دەرھال سوراق قىلىشقا تاپشۇردى.
چىڭ يۈەنخۇڭ بىر قەدەم ئالدىغا بېسىپ ئۆزىنىڭ خەن سارىيى-
نىڭ (تاڭ سارىيىنىڭ دېيىش كېرەك ئىدى — ئا. م.) ئەلچىسى
ئىكەنلىكىنى، شىمال تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارغا ئەلچى سۈپىتىدە بې-
رىپ خىزمەتكە تەيىنلەش مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن
يولغا چىقىشقا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى سۆزلىدى. قارلىق تاغ
(شۆشەن - 雪山) نىڭ جەنۇبىدىكى رايوندا ئىسيان كۆتۈرگەن
ئۇيغۇرلار دۆلەتنىڭ ھۆججەتلىرىنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن
ھەممىمىز تارقىلىپ قېچىپ كەتتۇق؛ مەن بۇ يەرگە ئېزىپ
كېلىپ قاپتىمەن. مەن دۈشمەن ئەمەس. مەن كوماندىر
نىڭ بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئامالىنى تاپار، دېگەن ئۈمىدتە.
[زو] چىنجىننىڭ خەن سارىيىنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىدىن
خەۋىرى بار ئىدى، ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ ساجۇغا يەتكۈزۈپ باش قومان-
دان (پۇپى) نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. چىڭ يۈەنخۇڭ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ
ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، مۇھىم ئەھۋاللارنى تەپسىلىي
سۆزلەپ بەردى. باش قوماندان ئەلچى چىڭ يۈەنخۇڭدىن: «قايسى
جايدا قاراقچىلارنى يولۇقتۇردۇڭلار، باش ئەلچى كىم ئىدى» دەپ سو-
رىدى. [چىڭ] يۈەنخۇڭ [دوكلات قىلدۇكى] باش ئەلچى ۋاڭ
دۇەنجاڭ ئىدى، ئۇ ئىمپېراتورنىڭ پەرمانىنى ۋە ئەلچىلىك
دەستىكىنى تاپشۇرۇۋېلىپ خىزمەتكە تەيىنلەش ھۆججەتلىرىنى ئەل-
چى سۈپىتىدە تەڭرىقۇتقا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن شىمال تەرەپ-

كەقاراپ يول ئالغانىدى. قارلىق تاغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە يېتىپ بارغاندا ئۇشتۇمتۇت ئىسيانچى ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭدىن ئوشۇق ئاتلىق ئەسكىرىگە يولۇقۇپ قالدۇق، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا دۆلەت خېتىنى ۋە باشقا بۇيرۇق ۋە مەكتۇپلىرىنى بىزدىن تارتىۋالدى. [چىڭ] يۈەنخۇڭ ۋە باشقىلار پايتەختتە تۇرىدىغان ئادەملەردىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا دالادا جەڭ قىلىشنىڭ تەجرىبىلىرى يوق ئىدى. ئۇيغۇرلار كۆپ ئىدى، بىز ئاز ئىدۇق. شۇڭلاشقا بىز بەختسىزلىككە ئۇچرىدۇق، دېدى.»①

مۇشۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغان فۇدزي ئېبدائاكىرا خېلى قىزىق ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلاپ تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كەلگەن: «ۋاڭ دۈەنجاڭ ئۆز سەپىرىدە شۆشەن (ئېۋىرغولنىڭ شىمال تەرىپىدە) تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كەلگەندە مىڭدىن ئوشۇق ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە دۇچ كەلدى، ئۇلار خىزمەتكە تەيىنلەش خېتى، ئىمپېراتورنىڭ پەرمانى ۋە باشقا نەرسىلەرنى تارتىۋالدى. پۈتۈن گۇرۇپپىنىڭ ئىچىدىن پەقەت مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ باشلىقى چىڭ يۈەنخۇڭلا ساجۇ تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كەلدى»②. بۇ يەردىكى «شۆشەن» دېگىنىمىز قۇمۇلنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قارلىق تاغ ياكى بارىكۆل تاغ تىزمىلىرى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بۇ يەردە مۇشۇ ئىككى تاغنى قوشۇپ «شۆشەن» دېيىلگەن

---

① سۇڭ كەيدى: «دۇڭخۇاڭ بيەنۋېن. جاڭ يىچاۋ قول يازمىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «سۇڭ كەيدى» ئەسەرلىرى توپلىمى 2 - توم، 1956 - يىل بېيجىڭ نەشرى، 493 - بەت.

② فۇدزي ئېبدائاكرانىڭ «ساجۇدىكى گۇيىي ئۆلكىسىنىڭ گېنېرال گوبېرناتورىنىڭ تارىخى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. 1941- يىلى توكيودا نەشر قىلىنغان «توخوكاكوخو» توپلىمىنىڭ 12- تومى، 3 - نومۇر، 70 - بېتى.

بىر نام بىلەن ئېيتىۋاتقان گەپ①.

موري ياسۇتاكائو ۋاڭ دۇەنجاڭنىڭ سەپىرى ئۇستىدە توختاپ يىجۇ (قۇمۇل) نىڭ غەربىدە لاپچۇق (ناجى) رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم بىر گۇرۇپپىسى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، دەپ كۆرسىتىدۇ. مەنبەلەرگە قارىغاندا، دەل مۇشۇ ئۇيغۇرلار يىجۇغا ھۇجۇم قىلىپ ئاھالىنى بولاپ تۇرغان②.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاپتورلىرىمىز (ئابې تاكېئو، ئا.فۇدزي ئېداۋە موري ياسۇتاكائو) ئۇيغۇرلارنى كەڭ مەنىدە يازىدۇ. ئابېنىڭ ۋاڭ دۇەنجاڭ ئەلچىلىكىگە ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى بېشبالىق ئۇيغۇرلىرى دەپ قارىشى ھەقىقەتكە ھەممىدىن تولاراق يېقىن، لېكىن بۇنىڭ بۇ خۇلاسىگە كىچىككىنە بىر تۈزىتىش كىرگۈزۈشى لازىم. ئۇ بولسىمۇ ئەسلى ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خاقانلىقى تەركىبىگە كىرگەن باشقا توققۇز ئوغۇز (تېلى) قەبىلىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ئەلچىلىككە بولغان ھۇجۇمنى ئۇيغۇر خاقانلىقىدا ئەسلى ئۇيغۇرلار بىلەن ئېدىزلارنىڭ ۋەكىللىرى

---

① ئابې تاكېئو ئەلچىگەھۇجۇم قىلغۇچىلار كۇچا (ئەنشى) ئۇيغۇرلىرى ئەمەس، دەپ بەك ئادىللىق بىلەن كۆرسىتىدۇ. شۇنىمۇ يەنە قوشۇمچە قىلىمىزكى، ئۇچې ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ بۇ ھۇجۇمنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار كۇچاغا — پان تېكىننىڭ يېنىغا بېرىشقا ئىنتىلىۋاتاتتى، تەبىئىيكى، پان تېكىننىڭ قېشىغا كېتىۋاتقان ئەلچىلىككە ئۇلار ھۇجۇم قىلمىغان بولاتتى. ت. ئابېنىڭ قارىشىچە، ھۇجۇمنى بېشبالىق (بېيتىڭ) ئۇيغۇرلىرى قىلىشى مۇمكىن. ت. ئابېنىڭ «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۇستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىنىڭ 260 بېتىگە قاراڭ.

② موري ياسۇتاكائونىڭ «دۇڭخۋاڭ تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە دۇڭخۋاڭ» دېگەن بابىغا قاراڭ. 2 - توم، 1980 - يىلى توكيو نەشرى، 299 - بەت.

باشچىلىق قىلىپ تۇرغان باشقا تېلى قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشمىسى ئوتتۇرىسىدا IX ئەسىرنىڭ بېشىدا پەيدا بولغان كۈرەشنىڭ داۋامى دەپ قارىغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى پان تېكىننىڭ كۇچا ئۇيغۇرلىرى تارىخىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا مۇناسىۋىتى بار مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت بولسا كېرەك. خېلى كېيىنرەك تارىخىي ئەسەرلەردە، مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدا بۇ چارىنىڭ بالدۇرقىراق تارىخى ئۈستىدە ھېچ نەرسە بايان قىلىنمىغان.

كۇچا خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى ئەھۋاللارغا توختالغاندا، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مۇشۇ نەقىل كەلتۈرۈلگەن تېكىستلەردە بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. بۇ ۋەقەنىڭ 866 - يىلدىن سەل كېيىنرەك يۈز بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان ۋاستىلىك مەلۇماتلارنىلا تاپقىلى بولىدۇ. بۇنداق خۇلاسە 4.9 تېكىستنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە ئاساسلانغان: «كېيىن ئۇلار (ئۇيغۇرلار) ئون يىلدىن سەل ئوشۇقراق ۋاقىت داۋامىدا يەرلىك مەھسۇلاتنى [ئوردىغا] بىر نەچچە قېتىم ئەكەلدى». بۇ يەردىكى ئون يىل دېگەن سان 856 - يىلدىن باشلاپ، يەنى تاڭ دۆلىتى پان تېكىننى كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانى دەپ ئېتىراپ قىلغان ۋاقىتتىن ئېتىبارەن ھېسابلىنىدۇ. IX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، جۇڭگو مەنبەلىرىدە خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل كۇچا توغرۇلۇق ھېچقانداق بىرەر مەلۇماتلار بېرىلمەيدۇ. كۇچانىڭ تاڭ دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ۋاقىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۆكۈچىننىڭ جەنۇب تەرەپكە قىلغان ھۇجۇمىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس. بىز بۇنى بۆكۈ چىننىڭ تۇرپان ۋادىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك كۇچا ئۇيغۇر

خانلىقىنىمۇ ئېنگىلىۋالغانلىقىنىڭ ئىسپاتى دەپ قارايمىز.

بىر قانچە تېكستلەردە ناھايىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: پان تېكىن 15 ئورۇق بىلەن «قارلۇقلار تەرەپكە قاچتى» دەپ كۆرسىتىلگەن (3.1 ـ 3.2 ـ تېكستلىرىگە قاراڭ.) 3.3 ـ تېكستتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلارغا كەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ، لېكىن بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ دەل قايسى قىسمى ۋە كىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇ تەرەپكە كۆچكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ 3.1-3.2 ـ تېكستلەر پان تېكىننىڭ «قارلۇقلارغا» كۆچۈپ بارغانلىقىنى ھېچقانداق گۇمان قالدۇرماي بەك ئوچۇق ۋە ئېنىق قىلىپ ئىسپاتلايدۇ. «3.4» تېكستتىمۇ قارلۇقلار تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇ تېكست بولسا لى دېيۈينىڭ «ئەسەرلەر توپلىمى»دىن ئېلىنغان. باشقا تېكستلەرگە قارىغاندا خېلىلا دەرىجىدە مۇجمەل ئىپادىلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «غەرب تەرەپكە زونلارغا كەتتى» ياكى تۈرلۈك قەبىلىلەرگە بويسۇنۇپ كەتتى دېگەنگە ئوخشاش. «غەربىي زون» دېگەننى بۇ يەردە تىبەتلىكلەر دەپ چۈشىنىش كېرەك. تۈرلۈك قەبىلىلەرگە بويسۇندى، دېگەنگە كەلسەك تېكستتە پارچىلىنىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبەتەن كىچىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ تۈرلۈك، ھەممىدىن ئاۋۋال تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر تەركىبىگە كىرىپ كەتكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. لى دېيۈينىڭ مانا مۇشۇ بايانى(3.4 ـ تېكستى) «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (3.5 ـ تېكست) دىمۇ خېلىلا مۇھىم ئۆزگىرىش بىلەن تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن، ياكى «تۈرلۈك قەبىلىلەرگە بويسۇنۇپ كەتتى» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا «ياكى قارلۇقلارغا قېچىپ كەتتى» دەپ يېزىلغان.

بەزى تەتقىقاتچىلار دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى قىسمىنىڭ قارلۇقلارغا كېتىشى مۇمكىنلىكى ئۈستىدە ھېچقانداق گۇمان قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە قارلۇقلار، دېگەندە (ئەھۋاللارغا قارىغاندا خېلى كۆپ قىسمى) VIII ئەسىرنىڭ بى-

رىنچى يېرىمىنىڭ ئاخىرىدا يەتتىسۇغا كەتكەن خەلق دەپ
چۈشىنىش كېرەك. پان تېكىنىنىڭ كۇچا رايونىغا كېلىپ جايلىشىشى
ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى بەرپا قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ
كېيىنكى تەقدىرىنى بەك ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىدىغان تېكىستلەرنىڭ
(4·1 — ؛ 4·3 — ؛ 4·7 — ؛ 4·8 — ) مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ بۇ
قارىشىنى تەۋرىتەلمىگەنىدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇ-
مىي ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان يەنە بىر تېكىستتە
(3·5 — ) كە دىققەت قىلىش لازىم. بۇ تېكىست تەت-
قىقاتچىلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە بەزى مۇجمەللىكلەرنى كىرگۈزۈپ
قويىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بىر قاتار باشقا ھۆججەت-
لەرگە ئوخشاش بۇ يەردە پان تېكىنىنىڭ «قارلۇقلارغا» قاراپ
ھەرىكەت قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا بىر قىسمىنىڭ ئەن-
شىگە كۆچۈپ ئورۇنلىشىشى ئۈستىدە سۆز بولىدۇ. مورى يا-
سۇنىڭ بىز يۇقىرىدا تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتكەن سىخېمىسىدا
پان تېكىن ئەنشىگە (كۇچاغا) كەتتى، باشقا بىر گۇرۇپپا بولسا
ئۇنىڭدىنمۇ نېرىراق غەرب تەرەپكە كەتتى دەپ كۆرسىتىلگەن. يە-
نە مورى ياسۇ مۇشۇ مەلۇماتنى خاتا دەپ ھېساب-
لىغان. ئەگەردە مۇشۇ ئاخىرقى مەلۇمات توغرا بولىدىغان بولسا
بۇ چاغدا ئۇنى پان تېكىن دەسلەپ غەرب تەرەپكە قاراپ ھەرى-
كەت قىلغانىدى، دېگەن ئىسپات سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بو-
لىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىز بۇرۇن ئېيتىپ
ئۆتكەن پان تېكىن ئۆزىنىڭ غەرب تەرەپكە قىلغان ھەرىكىتىدە
قارشىلىققا ئۇچرىدى ۋە جەنۇبقا، ئېنىقراق ئېيتساق، غەربىي
جەنۇبقا بۇرۇلۇشقا مەجبۇر بولدى دېگەن مۆلچەرنى ئىسپاتلى-
يالايدۇ. ئېھتىمال، پان تېكىنىنىڭ — ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ
غەربكە ھېچقانداق يۈرۈشى بولمىغان، غەرب تەرەپنىڭ جۇڭگو-
نىڭ مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنىپ قېلىنىشىنى ئەسىرلەردىن بۇيان
كېلىۋاتقان ئەنئەنە تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قاراشقا

بولىدۇ. بۇ ئەنئەنە بويىچە دۇنيادا — ئىنتىراق قىلىپ ئېيتقاندا،
جۇڭگو تارىخچىلىرى بەزى تەسەۋۋۇرلارغا ئىگە بول-
غان دۇنيانىڭ مۇشۇ قىسمىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەممىلا نەرسىلەر-
نى «دۇنيانىڭ مەركىزىدە» — جۇڭگونىڭ پايتەختىدە تۇرغان
ئادەمنىڭ مەۋقەسىدىن قاراپ باھا بېرىشتىن كېلىپ چىققان.
مۇشۇ ئۇسۇلغا مۇناسىپ ھالدا ھەممە ۋەقەلەر، سۆزلىنىۋاتقان
پۇنكىتلارنىڭ ئورۇنلىرى بەلگىلەنگەن. غەرب تەرەپكە يول ئې-
لىپ مېڭىش ئۈچۈن ئىدىنزلار ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن دۈشمەنلى-
شىپ تۇرغان باشقا تېلى قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراشقا
توغرا كېلەتتى. مانا مۇشۇ قەبىلىلەر ئۇيغۇر خاقانلىقى
تېررىتورىيىسىنىڭغەربىي تەرەپ يېرىمىنى كونترول قىلىپ كەلدى.
ئابې تاكېئونىڭ پىكرىگەقارىغاندا،بېشبالىق گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن
تاڭ دۆلىتى ئەلچىسى ۋاڭ دۇەنجاڭغا قىلىنغان ھۇجۇمنىمۇ
تېلى قەبىلىلىرى (كەڭ مەنىدىكى ئۇيغۇرلار) نىڭ ئەسلى ئۇي-
غۇرلار بىلەن بولغان كۈرەشىدىكى بىر ئېپىزوت سۈ-
پىتىدە قاراش لازىم. شۇنداق قىلىپ، پان تېكىن ئۈچۈن غەرب
تەرەپكە ماڭىدىغان يول ئېتىك بولۇپ قالدى ۋە ئۇ ئورقۇن-
دىن يولغا چىقىپ قومۇلنىڭ يېنىدا، تۇرپان ۋادىسىنىڭ جە-
نۇبىدىراق ئۆتۈپ قاراشەھەر، كۇچا رايونىغا قاراپ ماڭدى.
بۇ دېگىنىمىز بىر سىخېما، ئەمەلىيەتتە بولسا پان تېكىننىڭ
يولى بۇنىڭغا قارىغاندا خېلى مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي
بولغان بولۇشى ۋە يولدا ئۇچرىشىپ قالغان قەبىلىلەر بىلەن كۆپ
قېتىملاپ توقۇنۇشۇپ قالغان بولۇشى كېرەك. يۇقىرىدا
ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تارىختا ئۆزىنىڭ ئىزىنى قالدۇرمى-
غان، ئايرىم، پارچىلىنىپ كەتكەن كىچىك گۇرۇپپىلارنىڭ كۆ-
چىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى رايونلارغا يېتىپ بېرىشى مۇمكىن
ئىكەنلىكىنى چەتكە قاقمايدۇ. بۇ ئەھۋال خاقانلىق ھالاك بول-
غاندىن كېيىنلا بولغان بولۇشى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك تې-

لىلار ئۇيغۇر كۇچا خانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان 866 - يىلى-
دىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇغا ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ غەرب تە-
رىپىدىكى رايونلارغا بارغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چەتئەللەر-
نىڭ خېلىلا كۆپ ئاپتورلىرى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن كىشىگە
بۇ ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ خۇلاسىلىرىنى بىرىتشنەيدىر ئېلان
قىلغان جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارنىڭ نۇسخىسىغا تولۇق
ئاساسلىنىپ يازغان دېگەن تەسەۋۋۇر كېلىدۇ. ئېھتىمال، ئى.
ۋ. بىرىتشنەيدىر ئۇيغۇرلار تارىخى توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ
تەتقىقاتىدا جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى خېلى كەڭ دائىرىدىكى ما-
تېرىياللارنى بىرىنچى بولۇپ ئىگىلىگەن ۋە ئۇلارنى قىسقىچە
قىلىپ بايان قىلغانلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، ئۇ جۇڭگونىڭ بۇ تارىخي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا، پان
تېكىنگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنىڭ بايانىدا چوڭ قارىمۇ قار-
شىلىقلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغان (ئى. ۋ.
بىرىتشنەيدىرنىڭ 1888 - يىلى مۇشۇ ھەقتە ئېلان قىلغان
كىتابىغا قاراڭ). ۋەتىنىمىز ئەدەبىياتىدا، ئادەتتە، جۇڭگونىڭ
تارىخي ئەسەرلىرىدىكى رىۋايەتلەر ن. يا. بىچورىننىڭ قىلغان
تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ئى. ۋ. بىرىتشنەيـ
دىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ئاپتورلار مەنبەلەردىكى
«قارلۇقلارغا قاچتى» دېگەن ئېنىق بولمىغان مەلۇماتىنى كونـ
كرېتلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. مەسىلەن، د. ئى. تىخىنوۋ: «ئۇلارنىڭ
15 ئورۇقتىن ئىبارەت بىر قىسمى پان تېلى باشچىلىقىدا قارلۇقـ
لار ياشاپ تۇرغان ئالتايغا كەتتى» دەپ يازىدۇ. ① ل. ن. گومىليوۋ

① د. ئى. تىخىنوۋ: «ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي تۈزۈمى» 1966 - يىل مۇسكۋا نەشرى 28 - بەتكە
قاراڭ.

مەنبەلەرگە كەڭ ئىزاھات بېرىش قابىلىيىتىگە ئاساسەن: «چوڭ ئەمەلدار پان تۆرە (پان تېكىن — ئا. م) 15 ئايماقنى باشلاپ جۇڭغارىيىگە كەلدى ۋە قارلۇقلارغا ئىتائەت قىلدى ... پان تۆرە غەرب تەرەپتىكى يەرلەرگە باشلاپ ئېلىپ كەلگەن باشقا بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. قارلۇقلارغا كېلىپ پاناھ تاپقان ئۇيغۇرلار ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى: چوڭ بىر قىسمى كۇچاغا كېلىپ ئورۇنلىشىۋالدى ۋە بۇ يەرنى ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا تىبەتلىكلەرگە بەرمەي ساقلاپ قالدى، باشقا بىر گۇرۇپپا تىبەتلىكلەرنىڭ چېگرىسىدا بېشبالىق ئەتراپىغا جايلاشتى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ل.ن. گومىلىيوۋ بىرىنچى جۈملىدە ئۇيغۇرلار قارلۇقلارغا ئىتائەت قىلدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى جۈملىدە بولسا «قارلۇقلارغا كېلىپ پاناھ تاپقان» دەپ كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ھەر ئىككى جۈملە سۆزدە ئاپتور ھەقىقەتنى بۇرمىلايدۇ.

ئۇيغۇرلار 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارلۇقلارنى ئۇلارنىڭ دەسلەپتە ياشاپ تۇرغان جايلىرى جۇڭغارىيىدىن (ئالتاي بىلەن تارباغاتاينىڭ ئوتتۇرىسى) يەتتە سۇغا سۈرۈپ چىقاردى، قارلۇقلار ئۇ يەرگە كېلىپ جايلاشقاندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا كۈچەيدى، تۈرگەشلەرنى ۋە باشقا بەزى ئۇششاق قەبىلىلەرنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇردى. قارلۇقلار كونفېدېراتسىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتى كەڭ تېررىتورىيىلەرگە، شۇ جۈملىدىن، قەشقەرىيىنىڭ بىر قىسمىغىچە كېڭەيدى①. مانا مۇشۇ كونفېدېراتسىيىگە كۇچا بىلەن قاراشەھەر كىرگەنمىدۇ؟ بەزى تەتقىقاتچىلار جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى تېكىستلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تىرىشىپ تۆۋەندىكى مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: قارلۇقلار جۇڭغارىيىدىن كەتكەندىن كېيىن ئۆز-

---

① «قازاقىستان تارىخى» 1977 - يىلى ئالمۇتا نەشرى، 1 - توم، 336 — 346 - بەتلەر.

لىرىنىڭ كونتروللۇقىنى قەشقەر رايونىغىلا ئورنىتىپ قالماي، بەلكى خېلى يىراق شەرقتىكى تېررىتورىيىلەرگە، شۇ جۈملىدىن كۇچاغىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كونتروللۇقىنى ئورناتقان. مەسىلەن، د. گامىلتون: «قارلۇقلار ئۆز يەرلىرىنى ھېچ بولمىغاندا تۇرپان ئەتراپىغىچە كېڭەيتىش نەتىجىسىدە ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولدى، لېكىن بىزنىڭ تېكىستلىرىمىزدە تىبەت تېررىتورىيىلىرىنىڭ چېگرىلىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەچكە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى گۇرۇپپىسى پاناھلانغان ئەنشىنىڭ قارلۇقلارغا قارىغانلىقى چوقۇم»① دەپ يازىدۇ. د.ر. گامىلتون پان تېكىستنىڭ قاراشەھەر كۇچا رايونىدا تۇرغانلىقىنى پاكىتنى جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى پان تېكىستىن «قارلۇقلارغا كەتتى» دېگەن مەلۇمات بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇشۇ تېكىستلەرنى بۇ تېررىتورىيىلەرنىڭ قارلۇقلار قارىمىقىدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەت سۈپىتىدە قاراشقا بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. مۇسۇلمان جۇغراپىيونلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن سەل كېيىنرەك قارلۇقلار كۇچا ـ قاراشەھەر ـ تۇرپان رايونلىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرلەردە ياشىغانلىقى ئۇنچىۋالا ئېنىق بولمىسىمۇ ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولىدۇ. بارتولد مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ مۇشۇ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ: «... پىنچۇل (ئوقۇلۇشىدا گۇمان بار) شەھىرى ياكى بۇگۇنكى ئاقسۇ قارلۇقلارنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھاكىمى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە ئىدى، كېيىن بۇ شەھەرنى قىرغىزلار ئىگىلى-

---

① د. ر. گامىلتوننىڭ بۇ ھەقتىكى 1955 ـ يىلى يېزىلغان كىتابىغا قاراڭ.

ۋالغان» ① دەپ يازىدۇ. ئاكادېمىك بارتولد ئۆزىنىڭ «ھۇدۇدۇلئەل ئالەم» نىڭ نەشر قىلىنىشىغا يازغان كىرىش سۆزىدە «...دې گۇيىيى تەرىپىدىن ئەڭ بالدۇرقى نۇسخىسى دەپ ھېسابلىنغان ئىبنى ھورداتبېينىڭ ئەسىرىدە توققۇز ئوغۇزلار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئەرەبلەر ئۇيغۇرلارنى شۇنداق دەپ ئاتىغانىدى. ئىبنى ھورداتبېي بولسا، توققۇز ئوغۇزلار توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ساياھەتچى تامىم ب. بەھرا - ئەل مۇتەۋۋىدىن ئالغانىكەن، مەزكۇر ساياھەتچى توققۇز ئوغۇزلارنى جۇڭگو مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 866 - يىلىلا ئۇيغۇرلار ئىگىلىۋالغان جايدا زىيارەت قىلغانىكەن. لېكىن ماركۋارتنىڭ ئۆزى باشقا بىر ئورۇندا 855 - يىلى ياكى 868 — 869 - يىللاردا ۋاپات بولغان جاھىزنىڭ تېكىستىنى (گەرچە ئۇنى ناتوغرا مۇھاكىمە قىلىسىمۇ) كەلتۈرىدۇ. مەزكۇر تېكىستتە توققۇز ئوغۇزلار تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار يېقىندا كەلگەن خەلق سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى قارلۇقلار ئېلى بىلەن قوشنا رايونلاردا ئۆزۈندىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئاھالە سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ»② دەپ كۆرسىتىدۇ. بارتولد مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىن توپلىغان مەلۇماتلار، شۇنىڭدەك گامىلتوننىڭ مۆلچىرى بويىچە

---

① ۋ. ۋ. بارتولد: «يەتتە سۇ تارىخىدىن ئوچېرىكلار» 1969 - يىل موسكۋا نەشرى، 1 - تومىنىڭ 39 - بېتى؛ «قىرغىزلار تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن كىتابىنىڭ 492 - بېتى؛ «... 12 لېكسىيە » — 5 - توم، 72 - بەت؛ ۋ. ۋ. بارتولد، ئارىستوۋ ن. ئا. لار: «تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر» 2 - توم، 1 - قىسىم، 269 - بەت.

② بارتولد: «‹ھۇدۇدۇلئەل ئالەم› نىڭ نەشر قىلىنىشىغا كىرىش سۆز»، 1973 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «بارتولد ئەسەرلىرى» 8 - توم، 514 - بېتىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كۇچا خانلىقى ۋە ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقىنىڭ غەرب تەرەپتىكى ئەڭ يېقىن قوشنىلىرى قارلۇقلار ئىدى، دەپ ئىشەنچ بىلەن ھېسابلاشقا يول قويىدۇ. ئېھتىمال، ئۇيغۇرلار كېيىنرەك تېلىلار مۇشۇ رايونلارنى ئىگىلىۋالغاندا قارلۇقلارنى بىر قەدەر سۈرۈپ قىستىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەنبەلەردە بۇ ئەھۋالنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار يوق.

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خانلىقى تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەرنىڭ غەرب تەرەپ يۆنىلىشىگە كۆچۈپ ئورۇنلاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرگە قارىمۇ قارشى پىكىردە بولغۇچى ئاپتورلارنىڭ خاتالىقى جۇڭگو مەنبەلىرىدىن پايدىلانغاندا تەنقىدىي كۆز قاراشتا بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. مۇشۇ كۆز قاراشقا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى جۇڭگو ئالىمى ۋاڭ رىۋى ئىدى. بۇ ئالىم خاقانلىق ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قوشنىلىرى بىلەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن كۆپ مەشغۇلات ئېلىپ بارغان ۋە بىر قاتار قىزىق ماقالىلەر يازغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگە بېغىشلاپ: «پامىرنىڭ غەرب تەرىپىگە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن مەخسۇس ئەسەر يازغان ①. بۇ ماقالە جۇڭگو مەنبەلىرى ۋە ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ۋە سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ نادىر يول خاتىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قوچۇ تەزكىرىسى»

---

① ۋاڭ رىۋى: «پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار»«يۈيگۇڭ»، بېيجىڭ، 1935 – يىل 4 – توم، 5 – نومۇر، 1 — 9 – بەتلەر.

دىن باشقا «كۆسەن تەزكىرىسى» مۇ بار. بۇنىڭدا كۇچانىڭ سۇڭ دۆلىتى ئىككىلەنگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى تارىخى بايان قىلىنمايدۇ، 1023 - يىلدىن 1096 - يىللار ئارىلىقىدا سۇڭ دۆلىتىگە كېلىپ كەتكەن ئەلچىلەرنى ساناپ كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلەنگەن كېيىنكى ۋاقىتلارنىڭلا مەلۇماتى بار. «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە كۇچا بىر قېتىملا تىلغا ئېلىنغان. سۇڭ دۆلىتى تارىخىدىكى بۇ تېكىستلەر تەتقىقاتچىلار ئالدىغا بىر قاتار مەسىلىلەرنى قويىدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ھەل قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس.

گەپنى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى بىر تېكىستتىن باشلايمىز. مەزكۇر تېكىستتە خاقان لۇشېننىڭ سۇڭ ئىمپېراتورىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ سارايغا كېلىپ يەتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ تېكىستنى مادۇەنلىنىڭ «مەنبەلەر تەتقىقاتى»غا ئالغاندا، كىرگۈزگەن ئۆزگەرتىشلىرى بويىچە بېرىمىز (مادۇەنلىنىڭ تېكىستتىن چىقىرىۋەتكەن سۆزلەرنىڭ تېگىگە قارا سىزىپ كۆرسىتىلدى).

«4.14 شيەنپىڭنىڭ (咸平) 4 - يىلى (1001.2.14 - 1002.1.28) خاقان لۇشېن ئەلچى ساۋاكتۇگىنى ئولپان تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى... ئۇيغۇرلار دۆلىتى شەرقتە خۇاڭخې دەرياسىغىچە، غەربتە بولسا شۆشەن (قارلىق تاغ - ئا. م) تېغىغىچە سوزۇلۇپ ياتىدۇ؛ ئۇنىڭ بىر نەچچە يۈز كىچىك ۋىلايىتى بار، ساۋۇتلۇق ئاتلىق ئەسكەرلىرى بەك ئوبدان مەشق قىلدۇرۇلغان. لى جىچەننى قولغا چۈشۈرۈش ۋە ئۇنى سارايغا ئېلىپ كېلىشكە ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىشقا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىش ئۈچۈن سارايىنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈشى ئارزۇ قىلىندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن لۇشېنغا ئىمپېراتور پەرمانى بېرىلدى.»①

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، 13a - 14a - بەتلەر.

مۇشۇ تېكىست «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»گە تولۇق كىرگۈزۈلگەن، سۇڭ دۆلىتى تارىخىنىڭ كۇچا ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شۇ چاغدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى سۇڭ دۆلىتى تارىخىدىكى مەلۇماتلارنىڭ راستلىقى ياكى ئەمەسلىكى ئې. پىنكس تەرىپىدىن بەك تەپسىلىي تەھلىل قىلىنغان. مۇشۇ تېكىستتە خاتالىق بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن پىنكىسنىڭ مۇشۇنداق بىرلىككە كېلىش مۇمكىن ئەمەس دېگەن ئوي - پىكرى تولۇق ئىشەنگىلى بولمىغاندەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ①. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سوغدىلىقلاردىن بولغان ساۋاڭتۇڭ باشچىلىقىدىكى ئەلچىلىكى بىلەن بىر ۋاقىت ئىچىدە كۇچا خانلىقىدىنمۇ(؟) ئەلچىلىك كەلگەندەك تۇيۇلىدۇ، ساراي تارىخچىلىرى مۇشۇ ئىككى ئەلچىلىكنى خاتالىشىپ بىر ئەلچىلىك قىلىپ كۆرسەتكەن، بۇ ئەھۋالنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشنى «مەنبەلەر تەتقىقاتى»دىن ئېلىنغان تېكىستنى تەھلىل قىلىشمۇ تەستىقلايدۇ.

جۇڭگودا «مەنبەلەر تەتقىقاتى»غا ئوخشاش كومپىلاتىۋ ئەسەرلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بەك كەڭ تارقالغان خۇسۇسىيىتى مۇشۇنداق ئەسەرنى تۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پېشۋالارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلىمەستىنلا كەڭ پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىل كومپىلاتسىيىدىكى ئۇسۇل تۆۋەندىكىچە: پېشۋالارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئايرىم - ئايرىم پارچىلارغا بۆلۈپ كېسىۋالىدۇ، كېيىن مۇشۇ كېسىلگەن پارچىلارنى بىر يېڭىدىن تۈزمەكچى بولۇپ تۇرغان ئەسىرىمىز ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرگە مۇۋاپىق يېڭى تەرتىپتە

① ئې. پىنكسنىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن 1968 - يىلى ۋىسبادېندا نەشر قىلىنغان كىتابىغا قاراڭ، 77 - 78 - بەتلەر.

قايتا تىزىپ چىقىدۇ. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن كېسىلىدىغان تېكىستلەر بىر نەچچە مەنبەدىن ئېلىنىشىمۇ مۇمكىن. بەزىدە ئاساس قىلىنىدىغان نۇسخا قىسقارتىلىدۇ، لېكىن مۇنداق قىسقارتىش ئۇنىڭدىن ئايرىم پارچىلارنى ئېلىپ تاشلاش ئارقىلىقلا بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق كېسىۋېلىشتا بايان قىلىنىشىنىڭ لوگىكىلىق ئىزچىللىقى بۇزۇلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا تېكىستتىن ئېلىپ تاشلانغان پارچىنىڭ ئورنىغا (بەزىدە ئېلىۋېتىلگەن پارچە خېلىلا چوڭ بولىدۇ) تۈزگۈچىنىڭ خالىشى بويىچە مۇشۇ ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بىرەر سۆز قوشۇپ قويۇلىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلەنگەن كومپىلاتسىيىگە مىسال سۈپىتىدە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» ۋە «مەنبەلەر تەتقىقاتى» دىكى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىن ئىككى تېكىستنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن 4.14 - تېكىست مادۇەنلىنىڭ تەرىپىدىن بىر ئاز ئۆزگەرتىلگەن، تېكىستتىن ئايرىم سۆزلەرنى ئېلىپ تاشلاشنىڭ تاسادىپىي قىلىنمىغانلىقى ناھايىتى روشەن. («4.14 - تېكىستتە چىقىرىۋېتىلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا قارا سىزىق سىزىلغان). مادۇەنلىنىڭ مۇشۇ ھۆججەتنى گۇمانلىق ۋە ئىشەنچسىز قىلىپ قويىدىغان ھەممە سۆزلەرنى (ئەلچى دېگەن ئىسىمدىن باشقا) ئېلىپ تاشلىغان. مۇشۇنداق تۈزىتىلگەن يېڭى تېكىست بەك ئېنىق قويۇلۇپ گۇمان پەيدا قىلمايدۇ. مادۇەنلىنىڭ كۇچا ۋە گەنجۇنىڭ قوشۇلۇپ بىر دۆلەت سۈپىتىدە يېزىلىپ قالغانلىقىنى خاتا بولۇپ قاپتۇ دەپ ھېسابلاپ، بۇنىڭغا تېگىشلىك تۈزىتىش كىرگۈزگەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ. ساۋۋاڭ دېگەن ئەلچىنىڭ ئىسمىغا كەلسەك، ساۋ دېگەن فامىلە سوغدىلىقلار ئىچىدە بەك كەڭ تارقالغان، ساۋ دېگەن ئۇرۇقنىڭ ۋەكىللىرى توغرىسىدا ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلاردىمۇ بايانلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇشۇ ئۇرۇقنىڭ بىر ئەزاسى شۇ دۆلەتنىڭ ئەلچىسى (سودىگىرى) بولالايدۇ.

ئې. پېنكىس بىرلەشكەن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا بىر قاتار كەسكىن قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى دۆلەتتىن كەلگەن ئىككى ئەلچىلىكنى تېكىستتە بىر ئەلچى قىلىپ يېزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن تەخمىننى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، مۇشۇ تېكىستنى قەتئىي هالدا خاتا يېزىلغان دەپ ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇنىڭدا پېنكىسنىڭ پىكرىچە، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇهىم خاتىرىلەر» ۋە ««دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»نىڭ قوشۇمچىسى» (续资治通鉴长篇) غا تېمىلار بويىچە داۋام قىلدۇرۇلغان يىلنامىدەك ئىناۋەتلىك مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار توسقۇنلۇق قىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پېنكىس ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭغۇتلارغا قارشى سۇڭ دۆلىتى بىلەن هەمكارلىشىپ هەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرسەتكەن چوڭ تىرىشچانلىقلىرى ئۈستىدە توختاپ: «1001 - يىلى، ئېھتىمال قارىغاندا، شۇ چاغلاردا ھاكىمىيىتى گەنسۇنىڭ پۇتكۇل غەربىي شىمال تەرىپىگە دېگۈدەك كېڭەيگەن ئۇيغۇر دۆلىتى كۇسەن (كۇچا — ئا. م) نىڭ خاقانى لۇشېن...»① دەپ يازغان. تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرۈلىدىغان 4·15 - تېكىستكە ئې. پېنكىسنىڭ پىكرىچە، بەك ئىناۋەتلىك مەنبەگە كىرگۈزۈلگەنىكەن، ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قەتئىي جۈرئەت قىلالماسلىقىغا مۇشۇلار ئىمكان بەرمىگەن بولسا كېرەك.

«شېنزۇڭنىڭ 4 - يىلى 2 - ئاي (1001، 2·26 - 3·27) دا ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى كۇچانىڭ خاقانى، ئەنشى ۋىلايىتى ۋە شەنيۈي ئۆلكىسىنىڭ ئۇلۇغ تۇتۇقى لۇشېن...» (بۇ تېكىستنىڭ كېيىنكى داۋامى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى «ئۇيغۇرلار

---

① پېنكىسنىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 83 - بېتىگە قاراڭ، «4·15» تېكىستنىمۇ شۇ كىتابنىڭ 31 - بېتىدىن كۆرۈڭ.

ھەققىدە قىسسە»دىن ئېلىنغان تېكىستكە ئوخشاش كېلىدۇ، 4·14 - تېكىستكە قاراڭ)①. بۇ XI ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇستەقىل كۇچا خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بەك قىزىق تېكىستتۇر. شۇ چاغدا كۇچا خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىق ئېھتىمالى توغرىسىدا مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا سۆزلەيمىز.

ئې. پېنكىسنىڭ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»نى ئىناۋەتلىك مەنبە دەپ تەكىتلەپ قويۇشى شۇ كىتابقا تېگىشلىك ئىزاھاتلار بېرىلگەندىن كېيىنلا توغرا بولىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەرقانداق بىر ئەسەرگە ئوخشاش (يالغۇز جۇڭگونىڭكىلا ئەمەس) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دىمۇ، جۇڭگو ئەسەرلىرىگە خاس بىر تەرەپلىمىلىكتىن باشقا يەنە خاتالىقلار ۋە ئېنىقسىزلىقلار بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، 4·7 - تېكىستنى تەھلىل قىلغاندا، كۆرۈلگەن چېگىش ۋە خاتا ئەھۋاللار بۇ كىتابقا تېگىشلىك تەنقىد بەرمەي تۇرۇپ شۇ چاغدىكى ئەسلى ئەھۋالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان مەنبە سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى مۇمكىن ئەمەس قىلىپ قويىدۇ. 4·15 - تېكىستتە «ئۇلۇغ ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسى» ۋە «چەنيۈي ئۆلكىسى» دېگەنگە ئوخشاش ئارخايىك② مەمۇرىي بۆلۈنۈشلەر نامىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن بەك ئىناۋەتلىك مەنبەلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنىمۇ ئىشىنىپ قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، مۇنداق مەلۇماتلار تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈش كېرەك ۋە ئۇنىڭ راستلىقى

---

① بۇ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» 167 - جىلد، 4 - بۆلۈم، 130 - بەت.

② ئارخايىك — بەك قەدىمكى، كونىراپ كەتكەن، دېگەن مەنىدە — تەرجىماندىن.

ئىسپاتلىنىشى كېرەك.

XI ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە كۇچادا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالى كىشىدە گۇمان پەيدا قىلىدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇر كۇچا خانلىقى IX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى 70 - يىللارنىڭ بېشىدا تىپلىلارنىڭ زەربىسى بىلەن يوقىتىلغانىدى. X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېڭىدىن مۇستەقىل كۇچا خانلىقىنىڭ پەيدا بولغانلىقىدا گەپ يوق. لېكىن بۇنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. جۇڭگو مەنبەلىرىدە مانا مۇشۇ كۇچا خانلىقى توغرىسىدا بەك ئاز مەلۇمات بېرىدۇ. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن 4·14-، 4·15- تېكستلەردىن باشقا، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى مەخسۇس بۆلۈم «كۇسەن تەزكىرىسى» كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدۇ، بۇ بايانىڭ ئەڭ مۇھىمراق بولغان ئورنىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

«4·15 كۇچا — ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ دۆلەتنىڭ باشلىقى ئۆزىنى شىزى (ئارسلان — ئا.م) خان دەپ ئاتايدۇ، سېرىق كىيىم ۋە بەك قىممەتلىك بۆك (كىيىدۇ)، دۆلەتنى توققۇز ۋەزىر بىلەن بىرلىكتە باشقۇرىدۇ. دۆلەت پايتەختىدە بازار بار. لېكىن پۇل يوق، ماللار پاختا رەختكە ئالماشتۇرۇلىدۇ، تېرىق، بۇغداي، يېشىلچا، مېۋىلەر بار. غەربتىكى داشى (تاژجىكلار) دۆلىتىگە قەدەر 60 كۈنلۈك يول بار، شەرقتىكى شاجۇ ۋىلايىتىگە قەدەر 90 كۈنلۈك يول بار. بۇ دۆلەت ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى شىجۇدىكى كۇچا ياكى كۇچا ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.» ①

بايانىڭ قالغان قىسمى كۇچا بىلەن سۇڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلىرىگە بېغىشلانغان، لېكىن بۇنىڭدا

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 - جىلد، 220 - بەت.

سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىزچىل تارىخى بايان قىلىنمىغان، ھەقەتلا سۇڭ دۆلىتى پايتەختىگە كەلگەن كارۋانلارنىڭلا رويخىتى بېرىلگەن. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى دۈشمەن دۆلەتلەر تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ئۈزۈۋېتىلگەن سۇڭ دۆلىتىنىڭ بۇ مۇناسىۋەتنى ئۆگىشىۋېلىشقا قىزغىن پوزىتسىيە كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «كۇسەن تەزكىرىسى»نەقىل دەكەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارنى سودىگەرلەردىن ئېلىنغان تاسادىپىي ئاخبارات دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» غا قارىغاندا كۇچا بىلەن سۇڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلىرى مۇقىم بولۇپ تۇرمىغان. مەسىلەن، 1023 - يىلدىن 1037 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كۇچادىن سۇڭ دۆلىتىگە بەش قېتىم «ئەلچىلەر ئولپان بىلەن» كەلگەن. كېيىن سودا مۇئامىلىسىدە 35 يىل ۋاقىت چامىسىغا سوزۇلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بەرگەن. «كۇسەن تەزكىرىسى» دە، كېيىن 1071 - يىل، 1072 - يىل ۋە 1096 - يىللاردا «ئەلچىلىكلەر»نىڭ كەلگەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»دىكى «كۇسەن تەزكىرىسى»دە ۋە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ بۆلۈملەردە، كۇچادىن سۇڭ ئىمپېراتور سارىيىغا كەلگەن «ئەلچىلىكلەر» توغرىسىدا كۆپرەك مەلۇماتلار بېرىلىدۇ. بۇ يەردە 1017 -، 1020 -، 1021 -، 1022، 1024 -، 1037 -، 1040 -، 1071 -، 1074 -، ۋە 1096 - يىللاردا كەلگەن «ئەلچىلىكلەر» نىڭ رويخىتى بېرىلىدۇ. ① بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن «ئەلچىلەر»نىڭ كۆپرەكى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»دا يېزىلغانلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»دە بېرىلگەن مەلۇماتلار سودا مۇناسىۋىتىدە ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقىتنى 30 يىلغا قىسقارتىشقا ئىمكان بېرىدۇ. بىرنەچچە

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 197 - جىلد «بەدۋىيلەر» قىسمىنىڭ 4 - بۆلۈمىگە قاراڭ.

يەردە ئەلچىلەرنىڭ كۇچا دۆلىتىنىڭ خاقانى (مەنبەدە كېخەن
ۋاڭ دەپ يېزىلغانىكەن) جى خەي تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكى
تىلغا ئېلىنىدۇ. تەزكىرىچىلەر پەقەت ئايرىم ۋاقىتلاردىلا ئەلچى-
لەرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويغان. ئىسمىلىرى كۆرسىتىلگەن
يەتتە ئەلچىنىڭ ئۈچىسىنىڭ فامىلىسى لى ئىكەن، بۇلار لى يەنگوي،
لى ساجۇ ۋە لى يەنچىنلەردىن ئىبارەتتۇر. قالغان ئەلچىلەرنىڭ
ئىسىم فامىلىسى تۆۋەندىكىچە: جاڭ فۇيەن، ساۋفۇ، لۇدامىن ۋە
ئاليەن - سالۇ. «بەدىۋىيلەر» (ياۋايىلار — ئۇ. س) ئەلچىلىرىنىڭ
(سودىگەرلىرىنىڭ) فامىلىلىرى قانداق قىلىپ خەنزۇچە بولۇپ
قالغانلىقى توغرۇلۇق تەپسىلىي توختاپ ئۆتىمىز. بۇ يەردە
شۇنىلا كۆرسىتىمىزكى، «ئەلچىلەر» نىڭ (سودىگەرلەرنىڭ)
ئىسىم فامىلىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئېيتىلغانلىرىغا قاراپ، ئۇلار-
نىڭ خەنزۇلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا زادى
بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىرىدا ئىمپېراتورلارنىڭ فامىلى-
لىرىنى خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ھېسابلىغان ئادەملەرگە ئىلتىپات
قىلىپ تەقدىم قىلىش ئادىتى بار ئىدى. بولۇپمۇ «بەدىۋىيلەر» گە
كۆپىنچە ئىمپېراتورنىڭ فامىلىسى «لى» ئىنئام قىلىپ بېرى-
لەتتى، «لى» بولسا، تاڭ ئىمپېراتورىنىڭ فامىلىسى ئىدى.
بەزىدە «بەدىۋىيلەر» نىڭ فامىلىسىنىڭ «خەنزۇ»چە بولۇپ قېلى-
شى ئۇلارنىڭ كېلىپ چىققان يەرلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ قىسقار-
تىلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن، سوغدىلارنىڭمۇ شۇنداق
بولغان، كۇچا ئەلچىلىرىنىڭ ئىچىدە سوغدىلىق بىرەيلەننىڭ
فامىلىسى ساۋدەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ بولسا، كابۇدانلىق دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئېتنونىملارمۇ كۆپ چاغلاردا فامىلىگە
ئايلىنىپ كەتكەن. كېيىنرەك مۇنداق فامىلىلەر يەنىمۇ قىسقارتىلىپ
بىر ئىروگلىف بىلەنلا ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ قالغان. كۇچا
ئەلچىلىرىنىڭ ئىچىدە مانا مۇشۇ كاتېگورىيىدىكى «خەنزۇچە»
فامىلىلەرگە لۇ فامىلىسى كىرىدۇ. جۇڭگو ئالىمى ياۋۋېيۋەن لۇ

فامىلىسىنى ئېتنونىم تۇفۇلۇ (دوئۇلۇ) دىن كېلىپ چىققانلىقىنى بەك ئىشەنچلىك قىلىپ ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ بولسا، مۇجۇن خەلقىنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە ـ ئۇرۇقىنىڭ ئىسمىدۇر①.

سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىدا، تۇرپان خانلىقىنىڭ كۇچا رايونىغا بولغان كونتروللۇقىنى قايسى ۋاقىتتا قولدىن چىقىرىپ قويغانلىقى ئۈستىدە قىسقىغىنا توختىلىپ ئۆتىمىز: ۋ. ۋ. بارتولد: پەقەت مەھمۇد قەشقەرىيلا قاراخانىلار زامانىسىدىكى مۇسۇلمانلارغا تەۋە يەرلەرنىڭ چېگرىلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. XI ئەسىردە ئىسلام دىنى تېخى تۇرپان بىلەن لوپنۇرغىمۇ يېتىپ كەلمىگەنىدى. شىمال تەرەپتىكى يولدا كۇچا ۋە بۇگۇرلەر چېگرا پونكىتلىرى ئىدى.»② بۇ شەرقشۇناس ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئەسىرىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ: «ئۇيغۇرلار تۇرپان ۋە گۇچۇڭ (بېشبالىق رايونى ــ ئا. م) ئەتراپىدىكى رايونلارنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىگىلەپ تۇرغان، مۇسۇلمانلار سۇلالىسى ــ قاراخانىلارغا تەۋە يەرلەر مۇشۇ رايونلارنىڭ غەرب تەرىپىدىنلا باشلىنىپ كېتەتتى؛ كۇچا بىلەن بۇگۇر شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرا پونكىتلىرى ئىدى. جەنۇب تەرەپتە بولسا ــ چەرچەن ئىدى»③ دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇنىداق قىلىپ، XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، كۇچا قاراخانىلار

---

① ياۋۋىيېۋەن: «شىمالىي سۇلالىلەردىكى ‹غۇزلار› فامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل» 1958 - يىل بېيجىڭ نەشرى، 95 - 100 - بەتلىرىگە قاراڭ.

② ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ: «... 12 لېكسىيە» دېگەن كىتابىنىڭ 81 - بېتىگە قاراڭ.

③ بارتولدنىڭ: «تۈرك - موڭغۇل تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 206 - بېتىگە قاراڭ.

دۆلىتىنىڭ تەركىبىدە بولغانىكەن دەپ تەكىتلەشكە بولىدۇ. ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش، مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قاراخانىلارنىڭ بۇ رايونغا كەلگەن ۋاقتىنى بۇ يەرلەردە تۇرپان خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان چاغلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يېزىپ قالدۇرۇلمىغان.

## نەنسەن ئېتەكلىرىنىڭ غەربىدىكى دۇڭخۇاڭ، گۇاجۇ ۋە سۇجۇ رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار

دۇڭخۇاڭ شەھەر دۆلىتى — غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم سودا يولىدىكى سىياسىي ۋە تىجارەت مەركىزى ئىدى، خەلقئارادىكى مەركەز سۈپىتىدىمۇ چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ يەردە شەرقىي ئاسىياغا بۇددىزم ئەمدىلا كىرىشكە باشلىغاندىلا چوڭ ئىبادەتخانىلار پەيدا بولغان. بۇ ئىبادەتخانىلاردىكى تارقاتقۇچىلارلا تەربىيىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بۇددا دىنىغا دائىر كىتابلارمۇ شەرقىي ئاسىيا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىناتتى ۋە بۇ كىتابلار بۇ يەردە كۆچۈرۈلەتتى، مەتبەئەدە بېسىلاتتى. دۇڭخۇاڭ ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن دۇڭخۇاڭنى ئۇيغۇر دۆلىتى ئىدى، دەپ ئېيتىشقا ئاساسلار يېتەرلىك ئەمەس.

جاڭ جەمەتىنىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوغدىلىقلارنىڭ ساۋ (چاۋ) جەمەتىنىڭ سۇلالىسىنىڭ تىكلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاكتىپ ياردەم كۆرسىتىشىدىن بولغان، بەلكىم بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ پىلان كۆرسىتىشى بىلەن بولغان، ئۇيغۇرلار مۇشۇ مۇھىم ستراتېگىيىلىك سودا - تىجارەت ۋە دىنىي مەركەز بولغان جايدا ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدىكى بىر ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشىگە مەنپەئەتدار بول-

خانلىقى تۇپەيلىدىن كۆپ پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى، ئۇيغۇرلار
ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەقسىتىگە يەتتى. تاكى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى
ھالاك بولغانغا قەدەر مۇشۇنداق ئەھۋال ساقلىنىپ كەلدى. دۇڭ-
خۇاڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ
خاراكتېرىگە باھا بېرىشتە، مۇشۇ شەھەر دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا
نىسبەتەن بېقىندىلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولغانلىقىنى ئېنىق-
لاش ئۇستىدىلا بولۇشى مۇمكىن.
ئۇيغۇرلارنىڭ دۇڭخۇاڭغا بولغان تەسىرى، ئەھۋاللارغا قارى-
غاندا X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بەكمۇ كۈچلۈك بولغان بولسا
كېرەك. جۇڭگو مەنبەلىرىدە نەنسەن ئېتەكىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتى-
نىڭ باشلىقىنى «گەنجۇ ۋە ساجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانى» دې-
گەن نام بىلەن يازغان مەلۇماتلار يولۇقىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇنۋان
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»دىكى 976-
ۋە 988 - يىللاردا يېزىلغان تېكىستلەردە ئىككى قېتىم يولۇقى-
دۇ①. ئۇيغۇرلار داھىيسىنىڭ «ساجۇ ‹دۇڭخۇاڭ› خاقانى» ئۇنۋانى
بىلەن ئىككى يەردە يېزىلىپ قېلىشى باشقا پاراللېل مەنبەلەر-
دە كۆرۈلمەيدۇ ۋە تېخىمۇ ئاساسلىق ماتېرىياللار بىلەنمۇ
ئىسپاتلانمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماتېرىيال دۇڭخۇاڭنى شۇ
چاغلاردا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىكىنى تامامەن يوقاتقان، دەپ ھېساب-
لاشقا، ئۇنى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشقا دېگەندەك
ئاساس بولالمايدۇ.
«لياۋ سۇلالىسى تارىخى»دا بىرقانچە يەردە: «ساجۇ ئۇيغۇر-
لىرى» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان مەلۇمات بار، مانا مۇشۇ مەلۇماتلار-

① بۇ يەردە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»
دىن ئېلىنغان ستاتىينىڭ تەرجىمىسىدىكى ئۇيغۇر خاقانى «يىلوخېمىلى
ئې» دەپ يېزىلغاندى. بۇنىڭ ئالدىغا «گەنجۇ ۋە ساجۇ ئۇيغۇر-
لىرىنىڭ خاقانى» دەپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى. بۇنى تۈزىتىپ ئوقارسىز.

ھېلى ئىككىسىنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

«4.17 [كەيتەي] 3 - يىلى (5.20 — 1014.4.21] نىڭ 4 -
ئېيىدا ساجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ [خانى] ساۋشۇن ئولپان تەقدىم
قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى قايتقاندا ئۇنىڭغا كىيىم-
كېچەك ۋە پۇل ئىنئام قىلىندى.» ①

«4.18 كەيتەينىڭ 9 - يىلى 7 - ئاينىڭ جايسىن كۈنى
(— 1020.7.27) ساۋشۇنگە كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي جابدۇقى
ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىلدى، بۇ ساجۇ ئۇيغۇرل-
رىنىڭ 2 - دەرىجىلىك خانى ئىدى.»②

مۇشۇ ھەر ئىككىلا ھۆججەتتە ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ
كېتىدىغان يەنە باشقا بىر قانچە ماتېرىياللاردا شۇ چاغدا دۇڭ-
خۇاڭنى باشقۇرۇپ تۇرغان سوغدى سۇلالىسىنىڭ ۋەكىلى ساۋ-
شۇننى «ساجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى» دەپ ئاتايدۇ. مانا مۇشۇ-
نىڭ ئۆزى ساجۇنىڭ (دۇڭخۇاڭنىڭ) ھېچ بولمىغاندا قانۇنىي
جەھەتتىن بولسىمۇ مۇستەقىللىكىنى، مۇشۇ شەھەر — دۆلەتتە
ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ھاياتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ
چوڭ رول ئوينىغانلىقىنىلا ئىسپاتلايدۇ.

دۇڭخۇاڭنىڭ (ساجۇنىڭ) IX — XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدى-
كى بەكمۇ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە تارىخىنى تەپسىلىي قاراپ چى-
قىش — مۇشۇ تەتقىقاتىمىز ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر ئىچىگە
كىرمەيدۇ. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئى. ۋ. بىرد-
تشنەيدىر تەرىپىدىن يېزىلىپ ئىنگلىز تىلىدا ئېلان قىلىنغان
«دۇڭخۇاڭ تارىخىدىن قىسقىچە ئوچېرك» نى ھېسابقا ئالمىغان-
دا، ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقشۇناسلىقىدا دۇڭخۇاڭ تارىخىغا مەخسۇس
بېغىشلانغان ئەسەرلەر يوق. چەتئەللەردە ئېلان قىلىنغان ئەسەر-

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 70 - جىلد، 4a - بەت.

② «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 16 - جىلد، 4a - بەت.

لەر ئىچىدە فۇدزى ئېدا ئاكىرانىڭ دۇڭخۇاڭغا بېغىشلانغان ئىككى چوڭ ئەسىرىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ①.

يېقىندا، ياپونىيىدە دۇڭخۇاڭغا بېغىشلانغان 13 توملۇق بىر ئەسەر نەشىر قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئەمگەكلەر 1980 — 1982- يىللىرى قولدىن چىقىپ بولماقچى. بۇ ئەسەرنىڭ ھەر بىر تومى مەخسۇس بىر تېمىغا بېغىشلانغان ماقالىلەر توپلىمىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ 13 توم دۇڭخۇاڭنىڭ جۇغراپىيىسى، تارىخى، ئىقتىسادى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، دىنى ۋە دۇڭخۇاڭشۇناسلىقنىڭ باشقا كۆپلىگەن مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىككىنچى تومىغا مورى ياسۇنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە دۇڭخۇاڭ» دېگەن ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. مۇشۇ ماقالىنىڭ قىزىق خۇلاسىلىرى ئۈستىدە توختاپ ئۆتىمىز.

ئاپتورنىڭ ساۋ جەمەتى ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان چاغدا دۇڭخۇاڭنىڭ تولۇق مۇستەقىللىكىگە قەتئىي ھالدا ئىشەنگەنلىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مورى ياسۇ «كونا بەش دەۋر تارىخى» دا (چەت دۆلەتلەر توغرىسىدا بايان) ۋە «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر» («بەدىۋىيلەر ھەققىدە قىسسە») دە ساجۇ توغرۇلۇق (شۇ جۈملىدىن گۇاجۇ توغرۇلۇق) مەلۇماتلار بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مانا مۇشۇنداق بايانلارنىڭ بارلىقى سۇڭ دەۋرىدىكى تارىخچىلارنىڭ دۇڭخۇاڭنى پەقەت مۇستەقىل بىر دۆلەت سۈپىتىدە قاراپ كەلگەنلىكىنىلا ئىسپاتلايدۇ. مورى ياسۇنىڭ قىزىقارلىق ئوي - پىكىرلىرى دۇڭخۇاڭنىڭ ئۇيغۇرلىشىش مەسىلىلىرىگىمۇ بېرىپ چېتىلىدۇ. دۇڭخۇاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا

① فۇدزى ئېدانىڭ «ساجۇدىكى گۇيىي ئۆلكە مەھكىمىسىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرى 1941 - يىلى توكيودا نەشىر قىلىنغان. «تىبەت ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى دۇڭخۇاڭ» 1959 - يىلى توكيودا نەشىر قىلىنغان.

تۇرغان ئۇرۇق بىر نەچچە ئەۋلاد قاتار گەنجۇدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئۇيغۇرلار ۋەكىللىرى بىلەن ئۆزئارا نىكاھلىشىش كېلىشىملىرى تۈزگەن، تەبىئىيكى، مانا مۇشۇ ئەھۋال دۇنخۇاڭ ۋاڭلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۇيغۇرلىشىشقا ئېلىپ كەلدى. لېكىن گەپ بۇنىڭدىلا ئەمەس. مورى ياسۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، دۇنخۇاڭدا XII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچىلىكلا ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى ئورۇنلىشىپ ياشاپ كەلگەن. بۇ ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىككى خىل چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى تاڭغۇتلارنىڭ ھۇجۇمىغا دائىم ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئېھتىمال، شۇ چاغلاردا بىر قەدەر تىنچراق بولغان جاي دۇنخۇاڭغا ئايرىم ئۇيغۇر ئائىلىلىرى كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، قىتانلار گەنجۇغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا دۇنخۇاڭنىڭ ئۆزى لياۋ دۆلىتى بىلەن نورمال مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىرىنى قىتان ئىمپېراتورىنىڭ سارىيىغا ئەۋەتىپ تۇرغان، ئىككىنچىدىن، دۇنخۇاڭغا ئۇيغۇرلار غەرب تەرەپتىكى ئۇيغۇر دۆلىتىدىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇشىمۇ بەك ئېھتىمالغا يېقىن (مورى ياسۇ «غەربىي ئۇيغۇرىيە» دېگەن ئۇقۇم بىلەن تۇرپان خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ). بۇ ئالىمنىڭ پىكىرىچە، دۇنخۇاڭدىكى ئۇيغۇرلار جامائەسىنىڭ شەكىللىنىپ قېلىنىشىغا، ئەھۋالغا قارىغاندا، ھەر ئىككىلا ئامىل ئارىلاشقان بولسا كېرەك، مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ بالدۇرراق بۇ يەرگە ئەلچىلەر، تىجارەتچى سودىگەرلەر گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋە شۇنىڭدەك غەربتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ۋەكىللىرىمۇ كېلىپ ئورۇنلىشىشقا باشلىغانىدى①.

① مورى ياسۇنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە دۇنخۇاڭ» دېگەن كىتابىنىڭ 315 ـ، 331 — 333 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

يەنە بىر دىققەت قىلىدىغان ئىش، مورى ياسۇ ئۆزى-
نىڭ تەتقىقاتىدا «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنى كەڭ مەنىدە ئىشلەتكەن-
دۇ. ۋ. سامولىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنى شۇنداق
چۈشىنىپ ئىشلەتكەندە، بۇ ئاتالغۇ ئۆزىنىڭ ئېتنىك ئەھمى-
يىتىنى يوقىتىپ بىر سىياسىي ئاتالغۇغا ئايلىنىدۇ. «ئۇيغۇر»
تېرمىنىنى كەڭ مەنىدە ئىشلىتىش بىلەن ئەينى ۋاقىتتا بۇنى
بىر ئېتنونىم دەپ ئېتىراپ قىلىش — مۇشۇ رايوندا يۈز بەر-
گەن جەريانلارنى ئانالىز قىلىش ئۈچۈن چوڭ قىيىنچىلىقلارنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ قىيىنچىلىق مورى ياسۇنىڭ مۇشۇ
رايوننىڭ ھاياتىدا سوغدىلىقلارنىڭ رولىنى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار
جامائەسىدىكى رولىنى زادى ھېساپقا ئالماسلىق بىلەن تېخىمۇ
چوڭقۇرلىشىدۇ. مورى ياسۇ بۇلارنى زادى تىلغا ئالمايدۇ.
دۈڭخۇاڭدا سوغدىلىقلار سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ھاكى-
مىيەت بېشىغا سوغدىلىقلارنىڭ ساۋ جەمەتى
چىقىشى دۈڭخۇاڭنىڭ ئىشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رولىنىڭ كۈچى-
يىشىنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قانداقلا بولمىسۇن
بىر قىسمى شەھەرگە كۆچۈپ كەلدى، بەلكىم شەھەر ئەتراپى-
رىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىق ئېھتىمالى بەك تەبىئىي-
دۇر. لېكىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچمەن ھاياتتا ئىكەنلىكى-
نى نەزەردە تۇتقاندا، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئولتۇراقلىق ھا-
ياتقا كۆچكەنلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن.
شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ يەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ ئورۇنلىشىشى
X ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپلا تەدرىجىي ھالدا يۈز بەرگەن،
ئايرىم ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىشى
بۇ ئىشتىن خېلىلا بۇرۇن — IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغانلى-
قىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. مەلۇمكى، شەرقىي تۈركىستان-
دىكى سوغدىلار ئۆزلىرىنىڭ سانىدىن خېلىلا كۆپ بولغان
تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەچكە

ئۇلارنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بۇ تەسىر سوغدىلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا تۈركلىشىشىدە ئىپادىلەندى. نەتىجەن ئېتەكلىرىدىكى سوغدىلارمۇ مۇشۇ ئەھۋالنىڭ سىرتىدا قالمىدى. بۇ يەردە سوغدىلار خەنزۇلاردىن تاشقىرى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر بىلەنمۇ يانمۇ يان ياشاپ كەلدى. دۇڭخۇاڭغا ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئاھالىلەر كەلگەنسېرى دۇڭخۇاڭدىكى ئاھالىنىڭ، ھەممىدىن ئاۋۋال، سوغدىلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىش (تۈركلىشىش) جەريانى كۈچەيدى. مورى ياسۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئۇرۇقنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى بىلەن بىر قاتاردا، «ساجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن چۈشەنچىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئالدىنقى شەرت ھازىرلاندى. دۇڭخۇاڭغا غەرب تەرەپتە قارا شەھەر ۋە كۇچا رايونىدا تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن ھاياتتا ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ كۆچۈپ كېلىش ئېھتىمالىمۇ بولغانىدۇ، دېگەن مەسىلىگە سەلبىي جاۋاب بېرىلىۋاتماقتا. ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق كۆچۈشنىڭ بىرەر يېرىم ئاز ساندا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى رەت قىلىنمايدۇ. تۇرپان خانلىقىنى بەرپا قىلغان كۆچمەنلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ئىكەنلىكى ۋە بۇلارنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك مەۋقەدە تۇرغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، توققۇز ئوغۇزلار گۈللەپ - ياشناپ تۇرغان چوڭ بىر دۆلەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان كۈچ ئىدى. شۇڭا شۇ چاغلاردا ئۇلارغا شەرقىي جەنۇبقا، نەنشەن ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ بېرىشقا ھېچقانداق ئاساس يوق ئىدى. دۇڭخۇاڭ رايونىغا سوغدى سودا - تىجارەتچى ۋەكىللىرىنىڭ غەرب تەرەپتىن كۆچۈشى ئېھتىمالغا كۆپرەك يېقىن.

ئۇنداق بولسا، مەنبەلەردە نېمە ئۈچۈن يەنىلا «ساجۇ (دۇڭخۇاڭ) ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئىبارىلەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ مورى ياسۇ: دۇڭخۇاڭ ۋاكى ساۋ سەنشۈن ئۆز-

نىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇ سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ مەنسىپىگە مەخسۇس قوشۇۋالغان دېگەن تەخمىننى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن بۇنداق چۈشەندۈرۈشنى بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ دېگەندەك ئىشەنچلىك ئەمەس دەپ قارىغان①. بىز جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرىدا «ئۇيغۇر» تېرمىنىنى پەقەت كەڭ مەنىدىلا ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەندۇق. تارىخچىلار بەزىدە ئۇيغۇر بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقى ئىچىدىكى ۋە كېيىنكى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى باشقا تېلى قەبىلىلىرىنى پەرقلەندۈرمەي يازىدۇ. بۇ تارىخچىلار سوغدىلىقلارنىمۇ پەرقلەندۈرمەيدۇ، جۇڭگو پايتەختىگە كەلگەن نۇرغۇنلىغان سوغدى تىجارەتچىلىرىنىمۇ «خۇيخۇ» (ئۇيغۇر) دەپ ئاتاپ كەلگەن. «بەش دەۋر» مەزگىلىدە ۋە شۇنىڭدەك سۇڭ دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يىللارنىڭ دەسلىپىدە سوغدىلىقلارنىڭ سودا كارۋانلىرى گەنجۇ خانلىقىدىن بەكمۇ كۆپ باردى، شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچىلار گەنجۇ ۋە دۇڭخۇاڭدىن كەلگەن ئەلچىلىكلەر ۋە سودا كارۋانلىرىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى بىر-بىرىدىن پەرق قىلمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئادەت بويىچە، دۇڭخۇاڭنىڭ ئاھالىسىنىمۇ ئۇيغۇرلار دەپ ئاتاشقا باشلىغان. مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن «ساجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن گەپ پەيدا بولۇپ قالغان.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «ساجۇ تەزكىرىسى» دېگەن بىر بۆلۈم بار، مانا مۇشۇنى ئوقۇسىڭىز سۇڭ دۆلىتى بىلەن ساجۇ ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم باغلىنىشلار مەۋجۇت ئىكەن ھەتتا ساجۇ (دۇڭخۇاڭ) سۇڭ دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسىكەن دېگەن تەسەۋۋۇرغا كېلىسىز. پەقەت بارلىق مەنبەلەرنى يىغىپ ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىلا ۋە شۇنىڭدەك قوشنا دۆلەتلەرنىڭ

---

① مورى ياسو: «ئۇيغۇرلار ۋە دۇڭخۇاڭ» 331 — 332 - بەتلەر.

ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئۇ دۆلەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە قوللانغان ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلغاندىلا ۋە يەنە جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ قوشنا ئەللەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈر- گەندە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ئەركىنرەك يېزىش». ئەنئەنىسىنى نەزەردە تۇتقاندىلا بۇ شەھەر دۆلىتى دۇڭخۇاڭنىڭ ئىچكى ھاياتىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بىرىنچى نۆۋەتتە ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن بولغان مۇنا- سىۋىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە زۆرۈر ماتېرىياللار بار- لىققا كېلىدۇ.

گۇاجۇدىمۇ (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا دۇڭخۇاڭدىن شەرقىي شىمال تەرەپتە تەخمىنەن 100 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان بۈگۈنكى ناھىيە شەھىرى) خۇددى دۇڭخۇاڭنىڭكىگە ئوخشاش ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. لېكىن تەتقىقاتچىلار- نىڭ قولىدا بۇ ھەقتە تولۇق ئىشەنچلىك بىلەن سۆزلەشكە ئىمكان بېرىدىغان ماتېرىياللار بەك ئاز. 4-5 - تېكىستنىڭ ئاخىر- قى قىسمى گۇاجۇدا تىبەت دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىنلا، سوغ- دىلىقلارنىڭ (خۇلارنىڭ) ھۆكۈمرانلىقى ئورنىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا ئىمكان بېرىدۇ. مانا بۇ كۆز قاراشنى «ساجۇ تەزكى- رىسى» دىن ئېلىنغان مەلۇماتلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. سۇڭ دۆلىتىنىڭ تارىخچىلىرى دۇڭخۇاڭنىڭ ئالىي رەھبەرلىكىدە پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت بىلەن نەزەر سېلىپ بارغان. ئۇ ئىمپېراتورلارنىڭ ئۇيەردىكى ۋاكىللارنىڭ ئالماشقانلىقلىرىنى ۋە ئۇ- لارغا ئەمەلىيەتتە يوق ھېراۋۇللۇق ۋەزىپىلىرىگە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان پەخرىي ئۇنۋانلارنى قوشۇپ «خىزمەتكە تەيىنلىگەنلىكى» توغرىسىدىكى ئۆز لايىقىدىكى پەرمانىنى رەس- مىيلەشتۈرۈشنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. مانا شۇ تېكىستتە گۇاجۇ ۋى- لايىتىگە ھاكىملار «تەيىنلەنگەنلىكى» توغرىسىدا تۆت ئورۇندا سۆزلىنىدۇ، بۇنىڭ بىرىدە تەيىنلەنگەن ھاكىم دۇڭخۇاڭ ۋاكى-

نىڭ ئوغلى، قالغان ئۈچ قېتىمدا ۋاڭنىڭ كىچىك ئۇكىلىرى بولغان، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى گۇاجۇنىڭ دۇڭخۇاڭ خانلىقىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەپسۇسكى، گۇاجۇ ئاھالىسىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا مەلۇماتلار يوق. لېكىن ئېھتىماللارغا كۆرە، بۇ يەردە خۇددى دۇڭخۇاڭنىڭكىگە ئوخشاش ئەھۋال پەيدا بولغان بولسا كېرەك.

مەلۇمكى، گۇاجۇ تاڭغىتلار تەرىپىدىن گەنجۇغا قارىغاندا مىسەل كېيىنرەك بېسىۋېلىندى. گۇاجۇنىڭ قولدىن كېتىشى توغرىسىدا مەنبەلەردە بىر - بىرىگە خېلىلا ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمرەك بولغان مەلۇماتلارغا قاراپ چىقىمىز.

«19· 4 گۇاجۇ ۋاڭى تىيەنشېن 8 - يىلى (1030·2·5 — 1031·1·25) 1000 ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن تاڭغىتلارغا تەسلىم بولدى.»①

كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار مۇشۇ مەلۇماتنىڭ راستلىقىغا گۇمان قىلىدۇ، چۈنكى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە گۇاجۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىنمايدۇ(كىچانوۋنىڭ «تاڭغىست دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن كىتابىنىڭ 50- ۋە 138- بەتلىرىگە قاراڭ). گۇاجۇدا بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنىڭ ياكى گۇاجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇش مۇمكىنلىكى ئېھتىماللىغا كەلسەك، بۇنداق ئېھتىماللىنى ئىسپاتلاشقا ھازىرچە مۇمكىنلىك يوق. گۇاجۇ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا كېيىنرەك يېزىلغان ئەسەرلەردە سۆزلىنىدۇ. مەسىلەن، دەي شىجەننىڭ« تاڭغىتلار ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا تۆۋەندىكى بىر جۈملە يولۇقىدۇ:

«20· 4 گۇاجۇ ئۇيغۇرلىرى ساجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 485 -باب «تاڭغىتلار ھەققىدە قىسسە» 120 - بەت.

تارمىقىدۇر. ئۇلارنىڭ ۋاڭى [(ساۋ)] سەن شۇن [(جاۋ)] دېمەنتنىڭ قۇدرىتى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز ئىتائىتىدىكىلەرگە باش بولۇپ تەسلىم بولۇشقا رۇخسەت سورىدى.①

ئەپسۇسكى، دەي شىجەن مۇشۇلارنى يېزىشتا ئاساسلانغان مەنبەلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ تېكىستتىكى («20. 4» تېكىست) «تەسلىم بولۇشقا رۇخسەت سورىدى» دېگەن سۆزلەرگە دىققەت قىلىش زۆرۈر. مەنبەلەردە مۇشۇنداق سۆزلەر ياۋايىلارنىڭ بىر دۆلىتى ياكى ئايرىم بىر قەبىلە (ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەب تۈپەيلىدىن) جۇڭگوغا ئىتائەت قىلماقچى بولغاندا شۇنداق يېزىلىپ كەلگەن، لېكىن مۇشۇ رايوندا شۇ چاغلاردا سۇڭ دۆلىتىنىڭ كۆلەڭگىسىنىڭمۇ تەسىرى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ئاپتورنىڭ مۇشۇلارنى يېزىشتىكى مەنبەلىرى گۇمان پەيدا قىلىدۇ.

21. 4 -، 22. 4 - تېكىستلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا گۇاجۇ قەلئەسى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن 1036-يىلى ئىشغال قىلىنغان. دېمەك، «گۇاجۇ ۋاڭى» ئۇنىڭ قارارگاھىنىڭ قولىدىن كېتىشتىن ئاۋۋال تەسلىم بولغان بولىدۇ، مۇنداق ئەھۋال گۇاجۇدا رەھبەرلىكتە ئىختىلاپ بولۇپ ۋاڭ قېچىشقا مەجبۇر بولدى، دېگەن تەخمىن ئاساسىدىلا يۈز بېرىشى مۇمكىن.

«21. 4 داھىي ئەنزىلىۇ ئەسكەرلىرى بىلەن كەينىگە قايتىدىغان يولنى توستى ۋە [توبا] يۈەنخاۋ 200 كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭلەر ئېلىپ باردى، [ئەن] زىلىۇ مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭغۇتلار گۇاجۇ، ساجۇ ۋە سۇجۇ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتلىك شەھەرنى ئىشغال قىلدى.»②

① دەي شىجەننىڭ «تاڭغۇت دۆلىتى ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ 5 - باب، 250 - بېتىگە قاراڭ.

② «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 481 - باب «تاڭغۇتلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ 146 - بېتى.

ئەن زىلۇ كۆكنۇر رايونىدىكى بىرلەشكەن شەرقىي شىمال
تىبەت قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى زويىسلۇغا بويسۇنغان
ۋەھبەرلەرنىڭ بىرىدۇر. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تېكىستتىن
ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى يوقىتىلغانلىقىنى كېيىن، شەھەر دۆلەتلەر
گۇاجۇ ۋە ساجۇ ھەم شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ قەلئەسى سۇجۇ
ئۆزلىرىنىڭ تاڭغىتلارغا قارشى كۈرىشىدە زۇڭگېيدىكى تىبەت
بەگلىكىنىڭ ياردىمىگە تايانغان، پەقەتلا توبا يېۋەنخاۋ زويىسلۇ
رەھبەرلىكىدىكى ئەسكەرلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىنلا مەزكۇر قەلئە تاڭغىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.
«22. 4 تاڭغىتلار ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى يەنە يېڭىدىن سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى. ۋىلايەت مەركىزى
بولغان ئۈچ شەھەر — گۇاجۇ، ساجۇ ۋە سۇجۇلار تەسلىم بولدى.
خېشىدىكى كونا جايلارنى قايتىدىن تولۇق ئىگىلىۋالدى.»①
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يەنە بىر چوڭ مۇستەھكەملەنگەن شەھىرى — سۇجۇنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە
توغرا كېلىدۇ (سۇجۇ بۈگۈنكى گەنسۇدىكى جيۇچۈەن دېگەن
شەھەردۇر، گەنجۇ ھازىرقى جاڭيېنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن تەخمىنەن 200 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان). بۇ
شەھەرنىڭ قانۇنىي ئەھۋالى بىر قەدەر ئېنىق، بۇنىڭدىن ئالاھىدە ئىختىلاپلار كېلىپ چىقمايدۇ. ئې. پېنكىس «لياۋ سۇلالىسى
تارىخى»غا ئاساسلىنىپ، بۇ شەھەرنى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ تېكىستنى تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرىمىز:

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 119 - جىلد،
جېگيونىڭ 3 - يىلى (1036 - يىلى)،مەزكۇر نەقىل مورىياسۇنىڭ
«ئۇيغۇرلار ۋە دۇڭخۇاڭ» ناملىق كىتابىنىڭ 332 - بېتىدىن ئېلىنغان.

«4.23 (تۇڭخېنىڭ 28 - يىلى 5 - ئايدا) ئىنسى كۈنى (1010-7-11) غەربىي شىمال ئۆلكىسىنى تىنچلاندۇرۇشقا مەسئۇل ۋالىي شاۋتوۋيۈي گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ھۇجۇمغا ئۆتتۈم، سۇجۇ شەھىرىنى ۋەيران قىلدىم، شەھەردىكى ھەممە ئاھالىنى ئەسىرگە ئالدىم، دەپ دوكلات قىلغان.»①

پىنكىسىنىڭ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ جەدۋەل بۆلۈمىدىكى تېكىستتىن خەۋىرى يوق ئىكەن. مەزكۇر تېكىستتە سۇجۇنىڭ ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ قارمىقىدا بولغانلىقى بەك ئېنىق كۆرسىتىلگەن:

«4.24 تۇڭخېنىڭ 28 - يىلى 5 - ئاي (1010-6—7-13) دا غەربىي شىمال ئۆلكىسىنى تىنچلاندۇرۇشقا مەسئۇل ۋالىي شاۋتوۋيۈي گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى ۋىلايەت (شۇجۇن) سۇجۇنى ۋەيران قىلدىم ۋە بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنى ئەسىر ئالدىم، دەپ دوكلات يازدى.» ②

بۇ مەلۇمات XI ئەسىرنىڭ بېشىدا سۇجۇ ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ قارمىقىدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئىمكان بېرىدۇ. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، سۇجۇ سۇڭ دۆلىتى بىلەن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مۇناسىۋەت قىلمىغان، ھەتتا سودا - تىجارەت ئالاقىسىدىمۇ بولمىغان. بىزنىڭ قولىمىزدا گەنجۇ ۋە سۇجۇدىكى بۇددا دىنىنىڭ راھىبلىرىنىڭ سارايغا كەلگەنلىكلىرى توغرىسىدا پەقەت بىرلا مەلۇمات بار.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن ۋە ئارىدا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئۇيغۇرلار ۋە سوغدىلار مەركەزلەشكەن جايلارنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن مۇشۇ رايونلارنىڭ ھەممىسىنى تاڭغۇتلار ئۆز دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۋالدى. يې. ئى. كىچانوۋ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە ئۇي-

① «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 1б - بەت.

② «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 13a - بەت.

غۇر گەنجۇ خانلىقى ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى تاڭغىت دۆلىتىنىڭ تەركىبى قىسمىغا كىرگەنلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ كۆرسەتتى. شۇ چاغقىچە كۆچمەن ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بولسا نەنسەننىڭ تاغلىق رايونلىرىغا قىستاپ ئاپىرىپ قويغان①. لېكىن دۇڭخۇاڭ، گۇاجۇ ۋە باشقا ئاھالىلىك پونكىتلاردا ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا ئۆتكەن ئۇيغۇرلار قېپقالغان. مورى ياسۇ «ئۇيغۇرلار ۋە دۇڭخۇاڭ» دېگەن ماقالىسىدە مانا مۇشۇ مەسىلىگە دىققەت قىلغان. مورى ياسۇنىڭ جۇڭگو مەنبەلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلىرى 1036 - يىلدىن كېيىنمۇ تاڭغىت دۆلىتىدە ئاھالىلىك پونكىتلاردا ئايرىم، بىرەر يېرىم ئورۇنلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار بولماستىن، بەلكىم خېلىلا چوڭ ئۇيغۇرلار جامائىتى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىكەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا مەملىكەتلەرگە قاندافتۇر «ئەلچىلىكلەر» ئەۋەتىپ تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردۇر. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭغىتلارنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشى توختاپ قالغىنى يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى چوڭ قىسمى جەنۇب تەرەپكە — تىبەت رايونىغا كۆچۈپ كەتتى. تىبەتلىكلەر ۋە سۇڭ دۆلىتى تەرىپىدە تۇرۇپ تاڭغىت دۆلىتىگە قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. تاڭغىت دۆلىتىگە غەرب تەرەپتىن قاندافتۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدا ئانچە ئېنىق بولمىغان مەلۇماتلار بار، مانا مۇشۇلارغا قارىغاندا، تاڭغىتلار تېررىتورىيىسىدە چوڭراق تەشكىللەنگەن ئۇيغۇرلار گۇرۇپپىسى ساقلىنىپ قالمىغان بولسا كېرەك.

كىچانوۋ ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە تاڭغىت دۆلىتىنىڭ ئۆزىنىڭ

---

① كىچانوۋ: «تاڭغىت دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن ئوچېركلار» 50 — 64، 68 — 104 - بەتلەرگە قاراڭ.

قوشنىلىرى بىلەن سودا مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قىزىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. سودا سۇڭ دۆلىتى بىلەن يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن، قىتانلار بىلەنمۇ ۋە كېيىنرەك جۇر-جانلار بىلەنمۇ سودا قىلىشقان ①. غەرب تەرەپتىكى ئەللەر بىلەن سودا ئالاقە توغرىسىدا مەلۇماتلار يوق، بۇ مەلۇماتنىڭ بولمى-غانلىقى تەزكىرە يازغۇچىلارنىڭ بۇنىڭغا دائىر ماتېرىياللارغا ئىگە بولالمىغانلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. كەڭ خەلقئارا سودا قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئەللەر بىلەن ئۇزۇندىن بۇيان مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن تەجرىبىلىك ئادەملەر كېرەك بولات-تى، شۇ چاغلاردا مۇشۇنداق سودا - تىجارەت مۇتەخەسسىسلىرى سوغدىلار ئىدى. مۇھىم سودا يوللىرىدا سوغدىلارنىڭ سودا تىجارەت ئورۇنلىرى بار ئىدى. تاڭغىتلار ئېھتىمال مانا مۇشۇ سوغدىلارنى ئۆزلىرىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن ساقلاپ قالغان بولۇشى كېرەك. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەنبەلەردە دۇڭخۇاڭدىكى سوغدىلىقلارنى «خۇيخۇ» (ئۇيغۇر) دەپ ئاتاپ كەلگەن. مۇشۇ ئىسىم دۇڭ-خۇاڭ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىنمۇ جۇڭگو مەنبەلىرىدە ساقلىنىپ كەلگەن. ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، مەنبەلەردە يولۇقىدىغان تاڭغىت دۆلىتىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئەلچىلىكى دېگەن مەلۇماتنى سوغدى سودىگەرلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر دەپ چۈشىنىشكە بو-لىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگونىڭ تارىخچىلىرى يىراق غەربتە ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ «خۇيخۇ» دەپ ئاتاشقا باشلىغان.

---

① كىچانوۋ: «تاڭغىت دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن ئوچېركلار» 92 —، 99 — بەتلەر.

# بەشىنچى باب

## غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئۇيغۇرلارنىڭ رولى

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ۋە تۇرپان خانلىقى تېررىتورىيەسىدىن غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بەك ئاۋات سودا يوللىرى ئۆتەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مانا مۇشۇ جايلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىققەت نەزەرىدە دائىم تۇتۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە مۇشۇ تېررىتورىيەلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش، ئۇلۇغ يىپەك يولىنىڭ مۇمكىنقەدەر چوڭراق پارچىسى ئۈستىدىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كونتروللۇقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆردى. مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىدىن، مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قەدىمكى شەرقنىڭ كۆرۈنەرلىك رەھبەرلىرىدىن بىرى خەنۋۇدى ھۇنلار بىلەن كۈرەشتە چوڭ ئۇتۇقلارغا ئىگە بولدى ھەمدە ئۇلۇغ يىپەك يولىنىڭ شەرق تەرەپتىكى پارچىسى (خەن دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدىن تەخمىنەن ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى رايونىغىچە بولغان ئارىلىق) ئۈستىدىن بولغان نازارىتىنى ئورناتتى. مەزكۇر ئىمپېراتورنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خەن سۇلالىسى ئىگىلىۋالغان بۇ جايلار قولدىن چىقىپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىمقى ئوڭۇشلۇق ئۇرۇنۇش شەرقىي خەن ياكى كېيىنكى خەن سۇلالىسى (2 - خەن ئىمپېرىيىسى) مەزگىلىدە يۈز بەردى ۋە بۇ ئۇرۇنۇش تالانتلىق دىپلومات ۋە ھەربىي قوماندان بەن چاۋ (32—102) نىڭ

پائالىيىتى بىلەن باغلانغان. بەنچاۋنىڭ ھۇنلارغا قارشى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك ھەربىي ھەرىكىتى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى
ئانچە چوڭ بولمىغان يەرلەر (شەھەر دۆلەتلىرى) بىلەن ھۇنلار
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن خەن ئىمپېرىيىسىنىڭ پايدىسى
ئۈچۈن پايدىلىنىشنىڭ يولىنى بىلگەن دىپلوماتىك تىرىشچانلىقلىرى
ئۇلۇغ يىپەك يولىنىڭ شەرقىي تۈركىستان قىسمىدا
خەنزۇلارنىڭ مۇستەھكەملىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى.
لېكىن شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيىسىدىكى ئىككىنچى قېتىم ئىگى-
لىۋېلىنغان جايلارمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي قولدىن چىقىپ كەتتى.
107 - يىلىغا كەلگەندە غەربىي چېگرالار گەنسۇ كارىدورىنى كېسىپ
تاشلىدى. بۇ يەر بولسا پۈتۈن ئالاقە يۈرۈپ تۇرغان ئاساسىي
يول ئىدى. يىپەك يولىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان خەن
دۆلىتى ئەسكەرلىرىنى قەدەممۇ قەدەم يوقىتىش باشلاندى.

خەن دۆلىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، جۇڭگودا ئۇزۇن
بىر مەزگىلگە سوزۇلغان ئىچكى نىزا ۋە پارچىلىنىشلار يۈز
بەردى. پەقەت 589- يىلىلا جەنۇبتىكى چېن سۇلالىسى ئەمەلدىن
قالغاندىن كېيىن مەملىكەت سۈي سۇلالىسى (581 — 618) دا-
ئىرىسىدە بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشتى. لېكىن بۇ دۆلەت
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىدى. 618 - يىلى ھاكىمىيەت يېڭى سۇلالە
قولىغا ئۆتتى. مەزكۇر سۇلالىدە جۇڭگو تۇپرىقىدا تەشكىللەنگەن
ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى تاڭ ئىمپېرىيىسىنى
(618 — 907) ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. مەزكۇر ئىمپېرىيە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان دەۋرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى كۆپىنچە جۇڭگونىڭ
ئالتۇن دەۋرى دەپ ھېسابلىنىدۇ.

مەملىكەتنىڭ بىر دۆلەت دائىرىسىدە بىرلىككە كېلىشى
دەسلەپكى چاغلاردا مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ھالدا ساغلاملىنىشىغا،
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشىغا، ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ
مۇقىملىشىشىغا سەۋەب بولدى. ئۆز نۆۋىتىدە بۇنىڭ ئۆزى مەم-

لىكەتنىڭ ھەربىي قۇۋۋىتىنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەبچى بولدى، ئەپسۇسكى،
مانا مۇشۇ ئۇتۇقلار تاجاۋۇزچىلىق غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

630 - يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش
پىلانى تەدرىجىي ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 657- يىلغا كەلگەندە
ئەڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك پونكىتلار ۋە يوللار تاڭ دۆلىتى كونترول-
لۇقى ئاستىغا ئېلىندى. غەربىي تۈرك خاقانلىقى ئۈستىدىن
غەلىبە قىلىنغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا تىنچلىق ئورنى-
مىدى؛ تاڭ ھاكىمىيىتىچە ئەل ھىمايىسىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇن-
غان جۇڭغارىيىدىكى كۆچمەنلەرگە، قەشقەرىيىدىكى شەھەر - دۆ-
لەتلەرنىڭ ئاھالىسىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەل-
دى. ئەينى ۋاقىت ئىچىدە تىبەت دۆلىتى ئۆز كونتروللۇقىنى
قەشقەرىيىگە ھەتتا تىيانشاننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى رايونلارغا
ئورنىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. VII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى
يېرىمىدا تاڭ دۆلىتىنىڭ يەنە بىر يامان دۈشمىنى — ئىك-
كىنچى شەرق تۈرك خاقانلىقى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بول-
غان جىددىي كۈرەش بىردەم ئۇ، بىردەم بۇ يېڭىپ تا 755 - يىل-
غىچە داۋام قىلدى. مۇشۇ يىلى ئەنلۇشەن توپىلىڭى ۋە تىبەت-
لىكلەرنىڭ قەشقەرگە يېڭىدىن باستۇرۇپ كىرىشى تۈپەيلىدىن،
تاڭ دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىگىلىگەن ھەممە يەرلىرى
قولدىن كەتتى. جۇڭگو قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر
بولۇپ 1400 يىل داۋامىدا يىراق غەرب تەرەپكە — شەرقىي
تۈركىستان دائىرىسىگە ئۆزىنىڭ ئالدىنقى تايانچ پونكىتلىرىنى
ئۈچ قېتىم قۇرالىدى. جۇڭگو ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ
نىسبەتەن ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىغان ۋاقتى ئىچىدە ئۇلۇغ يىپەك
يولىنىڭ شەرقىي تەرەپ پارچىسىنى مۇستەقىل ھالدا تىزگىنلەپ
تۇرالىدى ۋە مۇشۇ يول بىلەن غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا كەڭ كۆلەملىك مال ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرۇلدى. جۇڭگو ھاياتىدا

650 - يىلى بىلەن 755 - يىللار ئارىلىقىدا غەربتىكى مەملىكەت-
لەر بىلەن تاڭ ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئالا-
ھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىزلار قالدۇردى: تاڭ ئىمپېرىيىسى
ئۇلۇغ يىپەك يولى ئارقىلىق غەرب تەرەپنىڭ ئىدىيىلىرى بىلەن
ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن
تونۇشتى. جۇڭگو ئالىمى شاڭ دانىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن
ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن
ئەسەرلىرىگە، شۇنىڭدەك ئامېرىكا ئالىمى ئې. شېپېرنىڭ يېقىندا
رۇس تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشىردىن چىققان «سەمەرقەنت-
نىڭ ئالتۇن شاپتۇللىرى» دېگەن كىتابىغا ئاساسلىنىپ،
جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيە-
تىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان كۆرۈنەرلىك تۆھپىلىرى توغرىسىدا تو-
لۇق تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ①. مەنبەلەردە ۋە ئالىملارنىڭ
ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، سودا - تىجارەت ئىشلىرىدا غەرب
تەرەپتىكى ئەللەرنىڭ ھەممىدىن سوغدىلارنىڭ ۋەكىللىرى
ئاكتىپ تەرەپ بولغان. كۆپلىگەن سوغدىلار چاڭئەنگە ۋە تاڭ
دۆلىتىنىڭ باشقا چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىگە كۆچۈپ كېلىپ
ئورۇنلاشقان. بۇ كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقۇچىلار سوغدى تېرر-
تورىيىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى
ئەڭ مۇھىم سودا يولى بويىغا ئورۇنلاشقان كونا سوغدى
جامائەلىرىدىن بارغانلاردۇر.

جۇڭگونىڭ ھەربىي، سىياسىي كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ياشناپ
تۇرغان، لېكىن ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىغان دەۋرى دۆلەت ئىچى-
دىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان چۈشكۈنلۈك، ۋەيرانچىلىق ۋە ئۇلۇغ

① شاڭدا: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنى-
يىتى»، 1957 - يىلى بېيجىڭ نەشرى؛ ئې. شېپېر: «سەمەرقەنتنىڭ
ئالتۇن شاپتۇللىرى»، 1981 يىلى موسكۋا نەشرى .

يىپەك يولىدىكى بارلىق جايلىرىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇش بىلەن ئالماشتى. سودا يوللىرىنى ھەربىي كۈچ بىلەن ئىگىلەپ تۇرغان چاغلاردىكى غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مال ئالماشتۇرۇشتىكى خەنزۇلارنىڭ رولى چۈشكۈنلۈك دەۋرى يېتىپ كەلگەندە يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالدى. IX — XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا سودا يوللىرىدىكى مۇھىم ھالقىلار ئۇيغۇر خاقانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى نەنسەن ئېتەكلىرىگە ۋە كۇچا رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ جايلاشقاندىن كېيىن ۋە بۇ يەرلەردە يېڭىدىن مۇستەقىل دۆلەتلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن ۋە شۇنىڭدەك 856 - يىلى تېلىلار تۇرپان خانلىقىنى تەشكىللىگەندىن كېيىن كۆچمەنلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. بۇ ئەھۋال خەلقئارا سودىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. ئەكسىچە، خەلقئارا سودا تېخىمۇ راۋاجلاندى.

IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە خاقانلىقتا ياشاپ كەلگەن سوغدىلار تاڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن قويۇق سودا مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، خاقانلىق سىرتتىن كىرگۈزگەن يىپەك بىلەن خاقانلىق دائىرىسىدىلا سودا قىلىپ باشقا دۆلەتلەرگە ئاساسەن چىقارمايتتى. چۈنكى خاقانلىق ئەڭ مۇھىم سودا يوللىرى ئۈستىدىن ئۆز نازارىتىنى ئورناتمىغانىدى. IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر گەنجۇ خاقانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ غەرب بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرى گەنسۇ كارىدورى ئارقىلىق بولۇپ تۇردى ھەمدە گەنجۇ خانلىقى ۋەكىللەر قولىدا بولدى. سودا تىجارىتى بىلەن ئاساسەن، سوغدى سودا شىركەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بەنت بولدى.

1028 - يىلى، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى نەنسەن ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان تاڭغۇتلار ئىگىلىدى. لېكىن، غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان

سودا يوللىرىدا تاڭغۇتلارنىڭ رولى مەنبەلەردە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ رولىدىن بىز خەۋەرسىزمىز. تاڭغۇت دۆلىتىدە سوغدىلىقلارنىڭ تۇتقان ئورنى توغرۇلۇقمۇ مەلۇماتلار يوق. تاڭغۇتلار سوغدىلىقلارغا دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ تۇرغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ تېررىتورىيىلىرىدە سوغدىلىقلارنىڭ سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلمىغانمىكىن، دېگەن تەسەۋۋۇر كېلىدۇ.

ل. كۋانتېن تاڭغۇتلارنىڭ سۇڭ دۆلىتى بىلەن مەركىزىي ئاسىيانىڭ سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈش ئۈچۈن قوللانغان چارىلەرگە بېغىشلانغان ماقالىسىدە: لى جىچەننىڭ ئورنى كۆتۈرۈلگۈچە ۋە تاڭغۇت دۆلىتى قۇرۇلغۇچە «ئۇيغۇر دۆلەتلىرى، كۇچا ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاساسىي سودا تىجارەت يوللىرى تاڭغۇتلار تېررىتورىيىسىدىن ئۆتكەنىكەن» ① دەپ كۆرسىتىدۇ. تاڭغۇتلار نەنسەن ئېتەكلىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ھەممە سودا يوللىرىغا دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ نازارىتىنى ئورناتتى. بۇ ئەھۋال سۇڭ دۆلىتىگە ئەۋەتىلىدىغان ئات - ئۇلاغلار سانىنىڭ بىردىنلا بەك تۆۋەنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە سۇڭ دۆلىتىنىڭ خاتىرجەملىكىگە تەھدىت سالدى. سۇڭ دۆلىتىنى مەركىزىي ئاسىيادىن قامال قىلىش بارغانچە كۈچىيىپ باردى ۋە XII ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىلىغا كەلگەندە بۇ مۇناسىۋەتلەر ئەمەلىيەتتە تولۇق ئۈزۈلۈپ قالدى②.

سۇڭ دۆلىتىنىڭ غەرب تەرەپ بىلەن سودا تىجارەت ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىرى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ھالاك بولغانغا قەدەر ئاز دەرىجىدە داۋاملاشقانلىقىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. سودا

---

① ل. كۋانتېننىڭ 1978 - يىلى نەشىردىن چىققان شۇ ھەقتىكى كىتابىنىڭ 191 — 198 - بەتلىرىگە قاراڭ.

② ل. كۋانتېننىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 194 - بېتىگە قاراڭ.

خاسان، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن يۈرگۈزۈلدى ۋە سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ قولىدا بولدى. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ غەرب تەرىپىگىمۇ جايلاشقان ئەللەردىن ئەلچىلەرنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدا مەنبەلەردە مەلۇماتلار بەك ئاز. بۇنىڭ ئۆزى مۇشۇ يەر ئارقىلىق بولىدىغان ترانزىت سودىسىدا سوغدىلىقلارنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. جۇڭگونىڭ تارىخچىلىرى خەلقئارا سودىنىڭ ھەممە ئىنچىكە، نازۇك ئەھۋالىنى بىلىپ كېتىش ئەھۋالىدا ئەمەس ئىدى، شۇڭلاشقا قانداقلا يەردىن كەلگەن سودىگەرلەرنى بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدىن كەلگەن دەپ تىزىملاۋەردى.

دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بولىدىغان سودا ساھەسىدىكى ۋەقەلەرنىڭ مۇنداق تەرەققىياتىنى سۇڭ دۆلىتىنىڭ ھەربىي - سىياسىي جەھەتتە ئاجىزلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. سۇڭ دۆلىتىدىكىلەر، ئۆزلىرىنىڭ شىمال تەرەپتىكى قوشنىلىرى — تاڭغۇتلار ۋە قىتانلار بىلەن، قىتان دۆلىتى — لياۋ سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، جورجىتلار بىلەن ئېغىر كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىپ يۈرۈپ ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇپ تۇردى. سۇڭ دۆلىتى ھەربىي توقۇنۇشلار ئارىلىقىدىكى تىنچ ۋەزىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە بولغان كۈرەشتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشقا يېقىندىن ئۇرۇنۇپ كۆرۈش ھازىرلىقلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىنىۋاتقان شارائىتتا غەرب تەرەپتىكى يىراق ئەللەر بىلەن ئۆزلىرىگە دۈشمەن تاڭغۇت دۆلىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان نورمال مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىش توغرىسىدا گەپ ئېچىشنىڭ ھېچ لازىمى يوق. شەرقىي تىبەت قەبىلىلىرىنىڭ تېررىتورىيىسى ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول خېلى مۈشكۈل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاڭغۇتلار كۆكنۇر كۆلىنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرىپىدىكى تېررىتورىيەلەرنىڭ خېلى قىسمىغا ئۆز نازارىتىنى تىكلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۇڭ

دۆلىتى ھاكىمىيىتى كېيىنرەك جۇرجىتلاردىنمۇ سودىغا تاڭغۇت دۆلىتىگە قىلىنىدىغان بېسىم قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى①. سودا مۇناسىۋەتلىرىنى تاڭغۇت دۆلىتىگە قىلىنغان سىياسىي بېسىم ۋاسىتىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش، ئەلۋەتتە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەر-نىڭ — بىرىنچى نۆۋەتتە ترانزىت سودىسىنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولغان ئەمەس. ترانزىت سودىسى مۇشۇ سودا ئېلىپ بېرىلىدىغان دۆلەتكە ھەرقاچان كۆپ پايدا كەلتۈرۈپ تۇردى، بۇ يەردە بولسا تاڭغۇتلارغا كۆپ پايدا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇ ئەھۋال چۈشىنىشلىككى، سۇڭ ھاكىمىيىتىدە قىزغىن-لىق پەيدا قىلمايتتى. جۇرجىتلار شىمالىي جۇڭگونىڭ تېررىتورى-يىسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، 1127 — 1279 يىللىرى جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئەمدى غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسى-ۋىتىدە تۇرپان خانلىقىنىڭ رولى مەسىلىسىگە قاراپ چىقىمىز. ئەگەر ئۇيغۇرلار، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، نەنسەن ئېيتەكلى-رىدىكى سوغدىلارنىڭ جۇڭگو بىلەن سودا مۇناسىۋىتى قويۇق، تىبەت، تاڭغۇت دۆلىتى ۋە قىتان ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى قىسمەن دەرىجىدە دېيىلىدىغان بولسا، تۇر-پان خانلىقى ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو بىلەن ھېچقانداق بىۋاستە سودا مۇئامىلىسىدە بولغان ئەمەس.

تۇرپان خانلىقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا ۋەتىنىمىز ئەدەبىياتىدا شەرقىي ئاسىيادىكى ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيەتنى بەك بۇرمىلايدىغان خاتا تەسەۋۋۇرلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ياكوبو-ۋىسكىي تۇرپان خانلىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس ماقالىسىدە IX — XII

① كىچانوۋ: «تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق كىتابىنىڭ 92 — 99 - بەتلىرىگە قاراڭ.

ئەسىرلەردىكى تەسۋىرى سەنئەت، خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى توغ-
رىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: «ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ
قوشنىلىرى ــ جۇڭگو، تىبەت، شىمالىي ھىندىستان، سوغدىلىق-
لار ئورۇنلاشقان يەرلەر بىلەن دائىم مەدەنىيەت ئالا-
قىلىرىدە بولۇپ كەلگەن» ① دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. مانا مۇشۇن-
داق خۇلاسىنىڭ خاتالىقى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بىزگە سۇڭ
دۆلىتى بىلەن تۇرپان خانلىقى ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئايرىم
تاسادىپىي ئەلچىلىكلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. لېكىن XI ئەسىر-
نىڭ بېشىدا تاڭغۇتلار ۋە قىتانلار قۇدرەت تېپىپ كۈچەيگەندىن
كېيىن، بۇ ئاز مۇناسىۋەتلەرمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان. سۇڭ دۆلىتى-
نىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا قىتانلار ئۇي-
غۇرلارنىڭ سۇڭ دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش
مەقسىتىدە ئۇيغۇرلارغا بېسىم ئىشلىتىپ كەلگەن. تۇرپان خان-
لىقى بىلەن قىتان ئىمپېرىيىسى لياۋ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق دۆ-
لەت چېگرىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مانا مۇشۇ چېگرا ئار-
قىلىق قويۇق مۇناسىۋەتلەر يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن. قىتان دۆلىتى
تارىخىدا قىتان دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە كەلگەن نۇرغۇن ساندىكى
«ئەلچى» لەرنىڭ (سودا كارۋانلىرىنىڭ) قىتان دۆلىتى پايتەختى-
گە كەلگەنلىكلىرى يېزىلغان. سوغدى سودىگەرلىرى ئارقىلىق
مانجۇرىيىنىڭ تۆرلۈك بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا ۋە شۇنىڭدەك ئېھ-
تىمال دېڭىز بويىدىكى جايلارغا، ئامور دەرياسى بويلىرىغا غەرب-
ئەللىرىدە ئىشلىگەن تاۋارلار يېتىپ بارغان. سوۋېت-
ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىبىرىيە شۆبىسىنىڭ تارىخ، فىلو-
لوگىيە ۋە پەلسەپە ئىنستىتۇتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال-
لىرىدا يىراق شەرق ئاسارئەتىقىلىرىدىن چىققان، تۆركىي

---

① ياكوبوۋسكىنىڭ «X — XI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تۇرپان خان-
لىقى توغرۇلۇق ئەرەب، پارس مەنبەلىرى» دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

خەلقلەر ئىشلىگەنلىكى بەك ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان قېزىلمىلارمۇ بار. مەسىلەن، جورجىتلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن چىققان نەرسىلەرنى بايان قىلغاندا، ۋ. يې. مېدۋېدېۋ ئامۇر دەرياسى يېنىدىكى جۇرجىتلار مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۇيغۇرلاردىن ياكى قىرغىزلاردىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن تەخمىننى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ بولسا IX ئەسىرلەردىن بالدۇر بولماسلىقى كېرەك. بۇ يەردە گەپ موخې ماتېرىياللىرىدا يولۇقمايدىغان لىرا شەكىلدىكى مۇنچاقلار ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ①. لېكىن باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرى، مەسىلەن، ئى. دېرېۋيەنكونىڭ ئەسەرلىرى يىراق شەرقتىكى قەبىلىلەرنىڭ بۇنداق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ خېلى بۇرۇندىنلا يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 يىل ئىچىدىلا يېزىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن. قىتان ئىمپېرىيىسى هالاك بولغاندىن كېيىن ۋە جۇرجىتلار دۆلىتى ئانچۇن - غورۇن مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن تۇرپان خانلىقىنىڭ شەرقتىكى تېررىتورىيىلەر (مانجۇرىيە ۋە باشقىلار) بىلەن بولغان سودىسى بىردىنلا ئازىيىپ كەتتى. مەنبەلەردە پەقەت ئايرىم ئەلچىلىكلەرلا بايان قىلىنىدۇ. جۇرجىتلار بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنىڭ قىسقىراپ كېتىشىنى مۇشۇ رايوندىكى دۆلەت چېگرىلىرىنىڭ ئاساسەن قاتتىق ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئانچۇن - غوزۇن دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە سابىق قىتان ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇرپان خانلىقىغا قەدەر سوزۇلۇپ ياتقان غەرب تەرەپتىكى تېررىتورىيىلىرى كىرمىدى. مۇشۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئورتاق چېگرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سودا تەرەققىياتىغا ئەپلىك شا-

① مېدۋېدېۋ ۋ. يې. نىڭ «X — XI ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئامۇر جورجىتلىرى» 147 — 148 - بەتلەر، 1977 - يىل نوۋوسىبىرسك نەشرى.

رائىت تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. جورجىتلارنىڭ چېگرىسى شەرق تەرەپتە يىراققا سوزۇلۇپ كەتتى. قىتانلارنىڭ سابىق غەربىي تېررىتورىيىلىرى بولسا شىمال تەرەپكە بىرئاز سىلجىغان تاڭغىتلارنىڭ قىسمەن كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن بۇ تېررىتورىيىلەرنىڭ چوڭ قىسمى تۈرلۈك موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ (بۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن قىتانلارغا ئىتائەت قىلىپ تۇرغانىدى) قولىغا چۈشۈپ كەتتى. تۇرپان خانلىقى بىلەن ئۆچمەنلىشىپ تۇرغان تاڭغىتلار ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جورجىتلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغان موڭغۇل قەبىلىلىرى تۇرپان خانلىقى بىلەن ئانچۇن - غورۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى تەرەپدارلىرىدىن ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، تۇرپان خانلىقى تىكلەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپ موڭغۇللار جۇڭگونى بېسىۋېلىپ ئۇ يەردە موڭغۇل — يۈەن سۇلالىسى (1271 — 1279) پەيدا بولغانغىچە ئارىلىقتا ئۆتكەن 400 يىل دېگۈدەك ۋاقىت ئىچىدە تۇرپان خانلىقىنىڭ ۋە ئۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا ئەللەرنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ كەلدى. بۇ چاغلاردا غەربتىكى ئەللەردىن ئەلۋەتتە ئانچە - مۇنچە بىر نەرسىلەر جۇڭگوغا كىرىپ تۇرغانلىقى ۋەشۇنچىلىكلا بىر نەرسىلەرنىڭ جۇڭگودىن شۇ دۆلەتلەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى توغرۇلۇق مەلۇماتلارنى تاپقىلى بولىدۇ. لېكىن بۇنداق مۇئامىلىلەر تاسادىپىي خاراكتېرىدە بولغان، بۇنداق مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ ئۆزى بەكمۇ مۈشكۈل ئىدى ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەر جۇڭگونىڭ ۋە شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەر- دۆلەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

## ئۇيغۇر خاقانلىقى ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان سودا تىجارىتى

جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ (توققۇز ئۇغۇزلارنىڭ) جۇڭگو بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە دائىر مەلۇماتلاردا ئۇيغۇر (خۇيخې) لارنىڭ كەڭ كۆلەمدە سودا - تىجارەت پائالىيىتى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلار كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇماتلار «قىتان دۆلىتىنىڭ تارىخى» («لياۋ سۇلالىسى تارىخى») دىمۇ بار. ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردىمۇ سودا - تىجارەت بەك ئاۋات ئىدى. ئەسلى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدىمۇ سودا - تىجارەتنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئېلىپ باردى. تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدا بار بولغان كۆپچىلىكى شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىگە مەنسۇپ مەنبەلەر ئاساسەن جۇڭگو بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىستانلار بىلەن سودا - تىجارەت خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان مەركىزىي ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ سوغدىلاردىن كېلىپ چىققان سودىگەرلەر بۇگۈنكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىنىڭ ئالتايدىن باشلاپ تىنچ ئوكيانغا قەدەر بولغان جەنۇبىي رايونلىرىدا ياشىغۇچى تۈرلۈك خەلقلەر بىلەن قىزغىن سودىلار ئېلىپ بارغان. ئېھتىمال، ئامۇر دەرياسى بويلىرىدا ۋە يىراق شەرقنىڭ باشقا نۇرغۇنلىغان ئورۇنلىرىدا ئارخېئولوگلار قېزىپ چىقارغان ماددىي مەدەنىيەتنىڭ بەلگىلىرى غەرب تەرەپكە مەنسۇپ تۈرلۈك بۇيۇملىرى بۇ يەرلەرگە شۇ سودىگەرلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئۇيغۇرلارغا ۋاستىلىك ھالدا مۇناسىۋىتى بولغان ئالاھىدە تېمىدۇر. لېكىن بۇ تېمىنىڭ ھەل قىلىنىشى IX ۋە X ئەسىرلەردە بايقال كۆلى بويىغا جايلىشىۋال-

غان سوغدىلار مەسىلىسىنى ئېنىقلاشقا مەلۇم دەرىجىدە ياردەم
قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنىڭغا بېغىشلانغان پەقەت بىرلا تەتقىقات
ماتېرىيالى — ئا. پ. ئاكلادىنكوۋنىڭ ئۈنگىپ دەرياسى بويىغا
كېلىپ جايلاشقان سوغداقلار (كالونىيىسى) توغرۇلۇق ماقالە بار.
ئاكلادىنكوۋ: بۇ يەرگە كەلگەن سوغدىلار ئۈنگىپ دەرياسىنىڭ
قۇيۇلۇش ئېغىزىدا ئولتۇراقلىشىپ ياشىدى، ئۇلار بۇ يەردە
خۇددى يەتتىسۇدىكىگە ئوخشاش يەر ھەيدەش، ھۈنەرۋەنچىلىك
بىلەن مەشغۇلات قىلدى، ئېھتىمال، سودا بىلەنمۇ شۇغۇللانغان-
دۇر، ئۆلگەنلەرنى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىگىلا كۆمگەن، ئېھتىمال
خرىستىئان ۋە نىستورىيان دىنىنىڭ ئادەتلىرى بويىچە دەپنە
قىلىنغان بولسا كېرەك①. ئا. پ. ئاكلادىنكوۋ سوغدىلارنىڭ بۇ
كالونىيىسىنى IX — X ئەسىرلەردە بولدىمىكىن، دەپ تەخمىن
قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قېلىشىنى
ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغلاردا بولغان، ئۇ
چاغلاردا سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ئۇيغۇر خاقانلىقى-
نىڭ كۈچلۈك ھامىيلىقىدا بولغان، دەپ توغرىلاشقا بولىدۇ. ئەپسۇس-
لىنىدىغان بىر ئىش، سوغدىلارنىڭ سىبىر ۋە يىراق شەرق
خەلقلىرى بىلەن سوداقىلىپ تۇرغانلىقلىرىنى بىۋاستە كۆرسىتى-
دىغان يازما خاتىرىلەر يوق. ۋاستىلىك ماتېرىياللار، گەرچە، ئۇ-
لار ھەر قاچان دېگەندەك ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ، مۇنداق
مۇناسىۋەتلەرنىڭ بولغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقىلا ئىمكان بېرىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەم مۇرەككەپ، ھەم قىزىق، ھەم مۇھىم مەس-

---

① ئاكلادىنكوۋ: «تۈركلەر دەۋرىدىكى بايقال بويىنىڭ تارىخى
توغرىسىدا يېڭى ماتېرىياللار (ئۈنگىپ دەرياسى بويىدىكى سوغدى كا-
لونىيىسى؟) — بۇرياتىيىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» دېگەن
كىتابىنىڭ 41 — 42 - بەتلىرىگە قاراڭ. 1976 - يىل ئۇلانئۇدى
نەشرى.

لىنىڭ ئىستىقبالى دالادا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇتۇقلۇق ئارخېئو-
لوگىيىلىك تەتقىقاتلارنىڭ ۋە شۇنىڭدىن بۇنىڭدەك قولغا كەلگەن
ماتېرىياللارنى ئىنچىكە ۋە ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىشنىڭ نە-
تىجىسىگە باغلىقتۇر.

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ۋە تۇرپان خانلىقىنىڭ سودا-تىجا-
رەت ساھەسىدىكى پائالىيىتىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، تاڭ دۆلىتى
بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا - تىجارەت
ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇ مەسىلىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر خاقانلىقى بىلەن تاڭ ئىمپېرىيىسى
ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك ۋە سودا-تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىگە بېغىش-
لانغان ك. ماككېراسنىڭ ماقالىسى ياردەم قىلىدۇ①. ئۇيغۇر
خاقانلىرىنىڭ تاڭ دۆلىتى بىلەن بولغان سودىسىدا يىلقىغا
يىپەك ئالماشتۇرۇش چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. ك. ماك-
كېراسنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ سودا 766 - يىلى يەنى ئەنلۇشەن
توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىنلا باشلانغانىكەن، بۇ سو-
دىنىڭ تەشەببۇسكارى ئۇيغۇرلار بولغانىكەن. ماھىيەتتە بۇ
سودا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنلۇشەن توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشتا تاڭ
ئىمپېراتور سارىيىغا كۆرسەتكەن ياردىمى ئۈچۈن چوڭ ھەق
تۆلەشنىڭ يوشۇرۇن شەكلى بولغان. ئۇيغۇرلار ھەر يىلى مەلۇم
ساندا يىلقىلارنى ھەيدەپ كەلگەن ۋە بۇ يىلقىلارنى ئات بې-
شىغا 40 توپ يىپەك مال ھېسابىغا ئالماشتۇرغان. ك. ماككېراس
981 — 983 - يىللاردا تۇرپان خانلىقىغا زىيارەت ئۈچۈن كەل-
گەن جۇڭگو ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ يازغانلىرىدىن مەلۇمات
كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، شۇ چاغدا ياخشى بىر

---

① «جۇڭگو بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىپلوماتىيە ۋە سودا مۇناسىۋەت-
لىرى (744 — 840)»، «مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق توپلامنىڭ 3 - تومى،
1969 - يىل نەشرى.

ئات بۇ يەردە بىر توپ يىپەككە ئالماشتۇرۇلغانىكەن. 787 - يىلى
ئوتتۇرىدا بىر توختام تۈزۈلۈپ، بۇ توختامغا ئاساسەن، ھەر يىلى
ئۇيغۇرلار ھەيدەپ كېلىدىغان يىلقىنىڭ سانى 1000دىن ئاشماسلىق
شەرت قىلىنغانىكەن، لېكىن بۇ كېلىشىم دائىم دېگۈدەك بۇزۇلۇپ
تۇرغان، ئۇيغۇرلار ھەر قېتىم كەلگەندە بەلگىلەنگەن ساندىن
كۆپ يىلقا ھەيدەپ كەلگەن. مەسىلەن، 809 - يىلى چاڭئەنگە
بىردىنلا 6500 تۇياق يىلقا ھەيدەپ كېلىنگەن. بۇنىڭ بەدىلىگە
ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى 250 مىڭ توپ يىپەك تۆلەشكە مەجبۇر
بولغان. كۆپ چاغلاردا ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ھەيدەپ كېلىن-
گەن يىلقىلار بەدىلىگە تېگىشلىك مال تېپىپ بېرەلمەي قەرزدار
بولۇپ قالغان. ك. ماككېراس 744 - يىلى بىلەن 840 - يىللار
ئارىلىقىدا تاڭ دۆلىتىگە كەلگەن ئەلچىلىكلەرنىڭمۇ رويخېتىنى
كۆرسىتىدۇ، تاڭ دۆلىتىدىن ئۇيغۇرلارغا بارغان ئەلچىلەر-
مۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاپتور 740 - يىلدىن 840 - يىلى ئارىلىقىدا
پەقەت مەنبەدە كۆرسىتىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار
ئۆزلىرىنىڭ يىلقىلىرى بەدىلىگە 1 مىليون 892 مىڭ توپ
يىپەك ئالغان①. ھۆججەتلەردە 766 — 782 - يىللار ئارىلىقىدا
ئاتلار بەدىلىگە بېرىلگەن يىپەكنىڭ سانى كۆرسىتىلمىگەن.
بۇنىڭدىن باشقا، 782 - يىلى ئارىلىقىدا مەنبەلەردە قۇرۇق تاش-
لاپ كېتىلگەن ئورۇنلارمۇ بار. ئېھتىمال، شۇ چاغلاردا ئەپكې-
لىنگەن يىلقىلارنىڭ سانى كۆپ بولغان بولسا كېرەك. كۆچ-
مەنلەرنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ مال ئالماشتۇرغانىدا، ئەنئەنە بو-
يىچە ئېلىپ كېلىدىغان باشقا تاۋارلىرى توغرىسىدا ئەمەلى-
يەتتە مەلۇمات بېرىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش قىزىق. تۆگە
ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا بىر نەچچە مەلۇمات تاپقىلى
بولىدۇ. پەقەت بىرلا تېكىستتە «سۆسەر تېرىسى» قاشتېشى

① ماككېراسنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 215 — 240 - بەتلىرى

بىلەن بېزەلگەن كىمەر ۋە باشقا تاۋارلار» كۆرسىتىلگەن. بىز كونا ۋە يېڭى تاڭنامىلەرنىڭ «ئاساسىي خاتىرىلىرى» (بىنجى) نى كۆرۈپ چىقتۇق. ئۇ يەردە مۇشۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تاۋارلاردىن باشقا كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەر توغرىسىدا مەلۇماتلار تېپىلمىدى. كۆچمەن جەمئىيەت ئۈچۈن ئەنئەنىۋى دەپ ھېسابلىنىدىغان باشقا تاۋارلارنىڭمۇ سودىلىرى بولغان بولۇشى تولۇق مۇمكىن، لېكىن بۇ سودا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان بولسا كېرەك. كۆچمەن ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرى سودىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ مەنبەلىرىدە يوقلۇقى مۇنداق سودىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە كۆلىمىنى ئېنىقلاشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. تەزكىرە يازغۇچىلارنىڭ ئاتقا ئالماشتۇرغان يىپەككە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى بۇ سودىنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقىدىنلا ئەمەس، بەلكى تاڭ دۆلىتى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئانچە ياخشى بولمىغان شەرتلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈلسە كېرەك دېگەن ئويغا كېلىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، بۇ سودا مەجبۇرىي تېڭىلغانىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ سودا تاڭ دۆلىتىدىن سوقۇش چىقىمىنى تاپشۇرۇۋېلىشنىڭ يوشۇرۇن شەكلى ئىدى.

تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدا ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى سودىگەرلەر ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك ترانزىت يىپەك سودىسى ۋە باشقا ماللار سودىسى توغرۇلۇقمۇ مەلۇماتلار يوق. ك. ماككېراسنىڭ مۆلچەرىچە ئۇيغۇر خاقانلىقى تاپشۇرۇۋالغان شۇنچىۋالا كۆپ مىقداردىكى يىپەكنى باشقا ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىلىرىگە لازىم باشقا نەرسىلەر ئالغان بولۇشى كېرەك. لېكىن مۇنداق مۆلچەرنى بىرەر مەلۇمات بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسەتكىلى بولمايدۇ①.

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سودا تامامەن باشقا خاراكتېردە بولدى، نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇر-

---

① ماككېراسنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 220- بېتى.

لار (سوغدىلار) بەك قىزغىن سودا ئېلىپ باردى. نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن تاۋارلىرىنىڭ تۈرلىرى خىلمۇ خىل ئىدى، تاۋارلارنىڭ تۈرىنى بىز تۆۋەندە كەلتۈرگەن رويخەتتىن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ رويخەت «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «كىتاپلار جەۋھىرى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» قاتارلىقلارغا ۋە بۇلاردىن باشقا بىر قانچە مەنبەلەرگە ئاساسەن تۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئې. پېنكىس تەكلىپ قىلىنغان رويخەتتىنمۇ پايدىلىنىلغان ①.

## ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ تۈرغان تاۋارلار رويخېتى

ئاكتىنولىت ( قاشتېشىنىڭ بىر خىلى، مىنېرال)، ئالماس، ئانبىرا (خۇش پۇراقلىق ماددا)، خۇش پۇراقلىق ئەتىر، بورا (تىبابەتتە ئىشلىتىلىدىغان ناترىي ماددىسى بار تۇز)، تۆگە، بوغرا (ياۋا تۆگە، ئىككى لوككىلىق)، نار تۆگە (بىر لوككىلىق تۆگە)، مەرۋايىت، مېتالدىن ياسالغان ئەينەك، قىزىل سىماب رودىسى، مارجان پىلاستىنكىلىرى، مارجانلار، ئاق شۇڭقار، پەشمەت، دوراخام ئەشيالىرى، يىلقا، ياۋا ئات تېرىسى، ئەسىللىك ئات — (مۇشۇ خىل ئاتلارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن)، ياخشى ئات، يەرلىك مەھسۇلات، پولاتتىن ياسالغان قىلىچ، مۇسكۇس بېزى — ئىپار، نۇشۇدۇر، قاشتېشى — نەفرىت، ئاق قاشتېشى، قاشتېشىدىن ياسالغان بويۇملار، تېرەدىن تىكىلگەن كىيىملەر، پودىنىك (تەلىك)، ئېسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن كەمەرلەر، كەمەرگە لازىم بولىدىغان قاش

① پېنكىس: «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» كىتابىنىڭ 97 - 98 - بەتلىرى.

تېشىدىن ياسالغان بۇيۇم (؟)، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئۆتۈك، ئىگەر توقۇمى، قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن ئىگەر ـ توقۇم، تال دەرى-خىدىن چىقىرىلغان خۇش بۇي سۇيۇقلۇق، سۆسەر تېرىسى، ئاق سۆسەر، قارا سۆسەر، نېلرەڭ سۆسەر، قىزىل تۇز، پولات، گۈللۈك رەخت، ئىران رەختلىرى، يۇڭ رەخت (قوپالراق ۋە سىپتە توقۇلغان)، پاختا رەخت، ئەنشى (پارپىيە) رەختلىرى، قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن نۇختا ـ يۈگەن، قىممەتلىك يۈگەن، قاشتېشىدىن بېزەلگەن يۈگەن، ئۆي جابدۇقى، ئەينەكتىن ياسالغان جابدۇق، نېفرىتتىن قىلىنغان كەمەر، زىننەت بۇيۇملىرى، پاختا، ئەنشى (پارپىيە) يىپەكى، قوتاز قۇيرۇقى، قوتاز قۇيرىقى (ئاق)، گەرەبە (يانتار)، گەرەبىدىن ياسالغان بۇيۇملار.

مەزكۇر رويخەتكە تېكىستلەردە يولۇقىدىغان بارلىق تاۋارلارنىڭ ناملىرى كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ رويخەتنى تەتقىق قىلغاندا، بۇنىڭدىكى سانالغان تاۋارلارنىڭ بىر قىسمى تىران-زىت تاۋارلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى شۈبھىسىز ۋە بۇ ئەھۋال دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ تاۋارلار: مارجان، قاشتېشى (خوتەن رايونى قاشتېشىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر)، بەزى رەختلەر (پېرسىيىنىڭ قىممەتلىك رەختلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پاختا رەختلىرى)، ئەنشىنىڭ (پارپىيىنىڭ) يىپەكى، گەرەبە، ياۋا تۆگە ۋە ياۋا ئات، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلەنگەن ئەينەك قاچا-قۇچىلار ۋە باشقىلاردىن ئىبارەتتۇر. بەزى قولدا ئىشلەنگەن تاۋارلارمۇ (گەرچە بۇنداق تاۋارلارنىڭ نەنسەن ئېتەكلىرىدە ئىشلىنىشى گۇمان تۇغدۇرمىسىمۇ) سىرتتىن كىرگۈزۈلۈپ يەنە قايتا ئېكسپورت قىلىنىشى مۇمكىن. مۇنداق تاۋارلار قاتارىغا يۇڭ رەختلەر، ئىگەر، ئىگەر توقۇم جابدۇقلىرى قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ. قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن ئىگەر ۋە ئىگەر توقۇم جابدۇقلىرى ۋە كەمەرلەر نەنسەن ئېتەكلىرىنىڭ غەرب تەرىپى-

ىدىكى جايلار خوتەن، كۇچا ۋە باشقا ئورۇنلاردا ئىشلەنگەن بولسا كېرەك، دېگەن پەرەزدىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قاش-تېشىنىڭمۇ سىرتتىن كىرگۈزۈلۈش ئېھتىمالىنىمۇ تولۇق رەت قىلغىلى بولمايدۇ.

«يەرلىك مەھسۇلات» نامىدىكى تاۋارلارنى ئۇلارنى ئىش-لەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا قاراپ بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ. (1) كۆچمەن ئىگىلىكىنىڭ خام مەھسۇلاتلىرى: يىلقا، تۆگە، قوتاز قىلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. (2) ئوۋچىلىق مەھ-سۇلاتلىرى: ئىپپار، سۆسەر ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرى-لىرى. (3) ئۆسۈملۈك ۋە مىنېرال يىغىش نەتىجىسىدە توپلانغان دورا خام مەھسۇلاتلىرى: دورىغا ئىشلىتىلىدىغان ياۋا ئوت-چۆپلەر، ئاكتىنولىت، نۇشۇدۇر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. مۇشۇ گۇرۇپپىغا قىممەتلىك ۋە يېرىم قىممەتلىك تاشلارنىمۇ قېزىپ چىقىرىشنى ھەم كىرگۈزگىلى بولىدۇ. (4) قول ھۈنەر مەھسۇلا-تى: روبخەتتە كۆچمەن چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنى پىششىقلاپ ئىشلەش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن تاۋارلار — كۆن، يۇڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار كۆرسىتىلگەن، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇشۇ كاتېگورىيىگە مەنسۇپ تاۋارلارنىڭ قانداقلا بولمىسۇن، بىر قىسمى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن مال بولماستىن، بەلكى كۇچا، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق غەرب تەرەپتىكى قوشنا ئەللەردىن كەلگەن ترانزىت تاۋارلار بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرى سۈپەتلىك يىپەك رەختلەر، ئەينەكتىن ياسال-غان قاچا - قۇچىلار ۋە يىپ رەختلەر پېرسىيىدىن ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن.

يەرلىك مەھسۇلات تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئۇيغۇر-لارنىڭ رولى نېمىدىن ئىبارەت بولغاندۇ؟ نەنسەن ئېتەكلىرىنى ئۇيغۇرلار ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن شۇ يەردە قېپقالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا تۈرلۈك كىچىكرەك گۇرۇپپا كۆچمەنلەر-

نىڭ ۋەكىللىرى كۆچمەن ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ۋە ئوۋچىلىق
مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولغانلىقىنى چوڭ ئىشەنچ
بىلەن مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. دورا خام ماللىرى ۋە قول
ھۈنەرۋەنچىلىكى تاۋارلىرىغا كەلسەك، بۇنىڭدا يېتەكچى رولنى
ئەلۋەتتە مۇستەھكەم شەھەرلەردە ۋە باشقا كىچىكرەك يېزا-كەنت-
لەردە ئولتۇراقلاشقان تۈرلۈك قەبىلىلەرگە مەنسۇپ ئاھالىلەر
ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ رولى مانا مۇشۇ كېيىنكى ئىشتا ئانچە
چوڭ بولمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ھاياتقا كۆچۈشى
بەكمۇ ئاستا يۈز بەردى، سەزگۈدەك نەتىجە كۆرسىتىشكە ئىمكان
بەرمىدى.

جۇڭگوغا سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن تاۋارلارنىڭ تۈرلىرى
مەنبەلەردە خېلى ئوبدان كۆرسىتىلگەن. لېكىن ئۇلارنىڭ
مىقدارى مەلۇماتلاردا بەك چەكلىك بولغاچقا، پۈتۈن ئەھۋالنى
كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە دېگۈدەك ئىمكان يوق. مەنبەلەردە
پەقەتلا ئەڭ چوڭ سودا كارۋانلىرى ئېلىپ كەلگەن ماللارنىڭ
مىقدارى ناگاندا بىر تىلغا ئېلىنغان بولسا كېرەك، دېگەن
خىيال كىشىدە پەيدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە شەخسىي سودىلارنىڭ
كۆلىمى توغرىسىدا زادى ھېچقانداق مەلۇمات يوق. شەخسىي
سودا جۇڭگودا دائىم دېگۈدەك مەنئى قىلىنغان ھالدا تۇردى،
لېكىن بۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزى شەخسىي سودىنىڭ دائىم مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشىغا ھېچقانداق توسالغۇ بولمىدى. نەنشەن ئېتەكلى-
رىدىكى سودىگەرلەر تەرىپىدىن جۇڭگوغا كەلتۈرۈلگەن تاۋارلار-
نىڭ مىقدارى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ھەممىدىن تولاراق
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دە يېزىل-
غان. مەسىلەن، چەندېنىڭ 3-يىلى 12-ئاي (965.12.26—966.2.2)
دا ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى 1000 تۇياق يىلقا، 500 تۆگە،
500 پارچىدىن ئوشۇق قاشتېشى، 500 جىڭ (بىر جىڭ
500 گرامغا تەڭ) گەرەبە، 40 جىڭ نوشۇدۇر، 8 تىزىق

مارجان، 1000 پارچە يىرىك يۇڭ رەخت، قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن كەمەر ۋە ئىگەر توقۇم قاتارلىقلارنى ئەۋەتكەن (ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئىگەر توقۇملار چوڭراق بىرەرىگە سوۋغات قاتارىدا راسلانغان بولۇشى كېرەك). شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدىن بارغان كارۋانلار ئىچىدە مۇشۇ قېتىمقى بارغان كارۋان ھەممىدىن باي بولغان. مەنبەلەردە مۇشۇ بىر ۋاقىت ئىچىدە يەنە بىر كارۋاننىڭ كەلگەنلىكى يېزىلغان. ھۆججەتتە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ كارۋان خاقان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولماستىن، ئاددىيلا «ئۇيغۇرلار» (خۇيخۇ) كارۋىنى بولغان. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدىن ئەۋەتىلگەن سودا كارۋانلىرى توغرىسىدىكى مەنبە ماتېرىياللىرىغا قارىغىنىمىزدا، بۇ كارۋانلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ رەسمىي ۋەكىللىرى ئەۋەتكەنلىكى ۋە ئايرىم شەخسلەردىنمۇ كەلگەنلىكلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر دۆلىتىدە تاشقى سودىدا نىسبەتەن دۆلەت مونوپولىيىسى يوقلۇقى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىشقا ئىمكان بېرىدۇ. تەڭشەن ئېتەكلىرىدىكى سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ مېلى بەدىلىگە نېمىلەر ئالدى؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش بۇ ھەققىتىكى ماتېرىياللارنىڭ بەك ئازلىقىدىن بەك قىيىن. جۇڭگو ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بۇ يەرگە كەلتۈرۈلگەن تاۋارلارنى ئولپان دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە تۆلەنگەن پۇللار مەلۇماتنى ئېلان قىلىشقا تەبىئىي ھالدا ئۇنىمىسىدى. ئەلۋەتتە، سودىگەرلەرنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان ئاساسىي تاۋارلىرى يىپەك بولۇشى كېرەك ئىدى، گەرچە ئۇيغۇر خاقانلىقى بىلەن تاڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇئامىلىلىرى يازما ھۆججەتلەردە ئۆز ئىنكاسىنى كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، ئەمما گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ مېلى بەدىلىگە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرى شۇ دەۋرنىڭ يازما ھۆججەتلىرىدە يوق. «سۇڭ سۇلالىسى تارى-

خىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەردە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانىغا ئەۋەتىلگەن تاۋارلارنىڭ رويخېتى يېزىلغان قىزىق بىر مەلۇمات بار. مەنبەدە بۇماللار «سوۋغات» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھۆججەتكە داجۇڭ نىڭ 4 - يىلى 1 - ئاي (3.7 — 2.6. 1011) دېگەن يىل، ئاي يېزىلغان. گەنجۇ خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار خاقانىغا ئەۋەتىلگەن تاۋارلار رويخېتى تۆۋەندىكىچە: 500 پار كىيىم، 500 سەر كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇمۇچ (بىر سەر 31 گرام ئەتراپىدا)، پارقىراق كىمخاپتىن تىكىلگەن كەڭ تون، ئالتۇن كەمەر، مەلىكە باۋ - ئۇ (خاقانىنىڭ ئايالى) غا 400 پار كىيىم، 300 سەر كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇچا، باش ۋەزىرگە 200 پار كىيىم، 100 سەر كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇچا، ئەلچىگە كۈمۈشتىن ياسالغان ۋازا ۋە باش كىيىمگە ئىشلىتىلىدىغان ئالتۇن، زىبۇ - زىننەتلەر.

مۇشۇ رويخەتتە كۆرسىتىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاسلانغان نەرسىلەردۇر. بۇ نەرسىلەر رويخېتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى جەمەتىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە جۇڭگونىڭ پارقىراق سەلتەنىتىنى ئۆلگە قىلىپ ئۆز ئۇردىسىنىڭ ھاياتىنى جۇڭگو ئىمپېراتور سارىيىنىڭ نەمۇنىسى بويىچە تەشكىللەشكە تىرىشقانلىقىنىڭ ئىسپاتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

جۇڭگو تارىخچىلىرى قاتتىق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئەنئەنە ئۇستىدە بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەنئەنىنىڭ ئاساسى بەك قەدىمكى زامانلاردىلا سېلىنغانىدى، بۇ ئەنئەنىنىڭ ماھىيىتى ئىمپېراتور سارىيىدىكى تەزكىرىچىلەر «ياۋايىلار» بىلەن بولغان سودا - تىجارەتنى ئىنتايىن ئاز يازدى. ئادەتتە، بۇ سودا ئۇلپان دېگەن نىقاب بىلەن يېپىلىپ كەلدى، مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن قىلىپلى

شىپ قالغان — ستاندارت — فورمۇلا شەكىللەنگەن: بەدىئىيلەر دۆلىتىدىن ئەلچىلەر چوڭ ئىھتىرام بىلەن ئولپان ئېلىپ كەلدى، ئىمپېراتور سارىيى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا سوۋغا - سالاملار بەردى.

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ پىكرىچە، «ئولپان» ئاتالغۇسى (خەنزۇچە 贡 «گۇڭ» دېيىلىدۇ)، سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن تاۋار مەنىسىنى بىلدۈرگەن، ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى سوۋغاتلارنى بىلدۈرگەن. يەنە ھەقىقىي ئولپان مەنىسىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنبە تېكىستلىرىدىكى ئېيتىلىنگەن ئولپانلارغا ئىزاھات بېرىشتىن ئاۋۋال، جۇڭگو بىلەن ئاشۇ «ئولپان» ئېيتىلگەن «ياۋايىلار» ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىنى ئىنچىكىلەپ ئىزاھلاپ چىقىش كېرەك①.

نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت پائالىيىتى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىدىن ئۆتىدىغان ھەممە ترانزىت سودا ئۈستىدىن ئۆز كونتروللۇقىنى ئورنىتىشقا تىرىشقانلىقىنى قوشۇپ قويۇشىمىز كېرەك. تېكىستلەردە جۇڭگو ئىمپېراتور سارىيىغا نەنشەن ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىللە باشقا ئەللەر ئەلچىلىرىنىڭ بىرلىكتە سارايغا كېلىپ قالغانلىق توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بەك ئاز ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقانلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان تىبەت شىلەنغۇ كېنەزلىكى ياكى كۆكنۇر كۆلى رايونىدىكى

---

① پىنكىس: «ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى»، مەزكۇر كىتابتا جۇڭگو بىلەن ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى ئوبدان بايان قىلىنغان.

تىبەتلىكلەر ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ھەر دائىم ئۇيغۇر ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە سارايغا كىرىپ تۇرغان، بىزنىڭ بۇ يەردە ئەزەردە تۇتقىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى كۇچا، خوتەن قاتارلىق شەھەر - دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرىدۇر. يەنە شۇنىمۇ كۆرستىش كېرەككى، جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى خوتەن، كۇچا توغرۇلۇق بايانلاردا ئۇلارنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە بېخىللارچە ناھايىتى ئاز گەپ قىلىدۇ، ئۇ يەرلەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بەك ئازلىقى تەكىتلىنىدۇ. مۇشۇ ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى گەنجۇ خانلىقىنىڭ گەنسۇ كارىدورى ئارقىلىق ئۆتىدىغان تىرانزىت سودىسىنىڭ ئۈستىدىن تولۇق كونترول قىلىپ تۇرغانلىقىنىڭ ئىسپاتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەر - دۆلەتلەردىن كەلگەن مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئايرىم ئەلچىلىكلەرنى سودا مۇئامىلىسى بىلەن باغلىنىشى يوق ھەقىقىي ئەلچىلىك دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئالغاچ كەلگەن «ئولپان»لىرىنى ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى سوۋغا سالام دەپ قاراش كېرەك. IX — XII ئەسىرلەردە شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان بەك ئاجىز ئەلچىلىك مۇناسىۋەتلىرىگە قاراپ شۇ دەۋردە جۇڭگونىڭ تاشقى سىياسەت تەسىرىنىڭ يوقنىڭ ئورنىدا دېگۈدەك بولغانلىقى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 1028 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو بىلەن بولغان سودا مۇئامىلىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مانا شۇنداق.

## تۇرپان خانلىقىنىڭ قىتانلار بىلەن سودىسى

مەلۇمكى، تۇرپان خانلىقىنىڭ جۇڭگو بىلەن سودا ۋە

دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. «بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى كونا ۋە يېڭى سۇلالىلەر تارىخلىرىدا ۋە شۇنىڭدەك سۇڭ دۆلىتىنىڭ تارىخىدا بۇ توغرۇلۇق پەقەت بىرلا مەلۇمات بار. بۇ ماتېرىياللار ئىچىدە ئۆز ئەھمىيىتى بويىچە بەك قىممەتلىك سۇڭ ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسى بار. ئەپسۇسكى، بۇ خاتىرىدە تۇرپان سودىگەرلىرىنىڭ سودا پائالىيىتى توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇمات يوق. پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىنىڭ تاشقى سودىغا ئىشلىتىدىغان بەزى ئەنئەنىۋى تاۋارلىرىنى (رەخت، ئېسىل تېرە، نۇشۇدۇر ۋە باشقىلارنى) ئىشلەپچىقىرىشنىڭلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. تۇرپان خانلىقى سودىگەرلىرىنىڭ سودا - تىجارەت پائالىيىتى ئۈستىدە پارچە - پارچە مەلۇماتلار ئەرەب، پارس مەنبەلىرىدە ساقلىنىپ قالغان، لېكىن بۇ مەلۇماتلار تۇرپان خانلىقىدا يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن تولۇق ئەھۋالنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە ئىمكان بەرمەيدۇ. بۇ مەلۇماتلارنىڭ بەزىلىرىنى ئا. يۇ. ياكوبوۋسكى ئېلان قىلدى. ئاپتورى نامەلۇم مەنبە «ھۇدۇدۇل-ئەل ئالەم» (تومانىسكى قول يازمىسى) غا ئاساسلىنىپ ياكوبوۋسكى: «مەملىكەت ئىچىدىن قارا، قىزىل، ئالا تۈلكە تېرىسى، تىيىن، سۆسەر، سۇلەۋسۇن قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرىنى ۋە باشقا مويلارنى، ئىپار» قاتارلىقلارنى سىرتقا چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلىدۇ. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئىپار تىبەتتىن كەلتۈرۈلسە كېرەك①.

تۇرپان خانلىقىنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى سودا پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق قىتان دۆلىتى — لياۋ تارىخىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن خېلى تولۇق تەسەۋۋۇرغا

---

① ياكوبوۋسكى: «تۇرپان خانلىقى ئەرەب، پارس مەنبەلىردە...».

ئىگە بولغىلى بولىدۇ. «لياۋسۇلالىسى تارىخى» — موڭغۇل-يۈەن
سۇلالىسىنىڭ ئىمپېراتورى توغون - تېمۇر سارىيىدا 1345 -
يىلى موڭغۇل ئالىمى توختو باشچىلىقىدىكى ھەيئەت تەرىپىدىن
يېزىلغان. مەزكۇر تارىخ سىماچيەندىن باشلاپ يېزىلىشقا باشلى-
غان بارلىق تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلغان ئەنئەنىۋى پىلانغا
تولۇق ماس كەلتۈرۈلۈپ يېزىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «لياۋسۇلالىسى
تارىخى» دا تۈرپان سودىگەرلىرىنىڭ سودىسى توغرۇلۇق گەپ قىلىنماي-
دۇ، پەقەتلا «ئەلچىلەر»نىڭ قىتانلار سارىيىغا كەلگەنلىكلىرى
توغرۇلۇقلا مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئاندا - ساندا بىر بۇ ئەلچىلەر-
نىڭ سوۋغا - سالام بەرگەنلىكلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. بەزى چاغ-
لاردا قىتان ئىمپېراتورىنىڭ ئەلچىلەرگە جاۋاب تەرىقىسىدە بەرگەن
سوۋغا - سالىمى تىلغا ئېلىنىدۇ. «لياۋسۇلالىسى تارىخى» دا قىتان
ئىمپېراتور سارىيىغا ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن 70 قېتىملىق ئەلچى-
لىكلەر ئۈستىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ مەلۇماتلار
ئەلچىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئولپان تەقدىم قىلغانلىق-
لىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ. پەقەت ئالتە مەلۇماتتىلا مۇشۇ ئولپان-
نىڭ قانداق نەرسىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات
بېرىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قىتانلار تارىخىدا
خۇددى جۇڭگودىكى باشقا تارىخلارغا ئوخشاشلا تۈرپان خانلىقى
تېررىتورىيىسىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئۇيغۇرلار» (خۇيخۇ-
لار) دەپ ئاتايدۇ. قىتان دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە «ئولپان»
سۈپىتىدە ئوبدان ئاتلار، ئەڭ ياخشى قاشتېشى، «يەرلىك مەھ-
سۇلات»، تۇز، يىلپىز تېرىسى قاتارلىقلار ئېلىپ كېلىنىدىكەن ۋە ساراي
قوبۇل قىلىشقا ئۈنىمىغان ئادەتتىكىدىن باشقىچە نەرسىلەر
ئېلىپ كېلىنىدىكەن. مۇشۇلارنى يازغاندا بۇلارنىڭ مىقدارى
بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنمايدۇ. تېكىستتە كۆرسىتىلگەن مۇشۇ
نەرسىلەر ئات، قاشتېشى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتتىن باشقىلىرى
تاۋار-مال بولماستىن، ئەلۋەتتە ئولپانمۇ بولماستىن، بەلكى ئۆز

ۋاقتىدىكى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە بولمىغان ئەنئە-
نىۋى سوۋغا - سالاملاردۇر. ئى. لۇنلى ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە ئانچە
تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن تاۋارلارنىڭ خېلىلا چىن
رويخىتىنى بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قىتان دۆلىتىدىن ئېلىپ
كېتىدىغان تاۋارلىرى ئۈستىدىمۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاش ھېچقانـ
داق مەلۇمات بېرىلمىگەن، پەقەت ئىككىلا قېتىم تۇرپان خانـ
لىقىدىن كەلگەن ئەلچىلەرگە ئوقيا، قىلىچ، بىر يۇرۇش كىيىم،
كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا - قومۇچ ۋە ئات تەقدىم قىلىنغىنى
سۆزلىنىدۇ. ئېھتىمال مۇشۇلار ھەقىقەتەن سوۋغا - سالام بولغان
بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا، بۇنىڭ سودا
مۇئامىلىسىگە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. رەسمىي بولمىغان
تارىخىي ئەسەرلەردىن سودا - تىجارەت توغرۇلۇق خېلى قىزىـ
قارلىق مەلۇماتلارنى تاپقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئى. لۇنلىنىڭ
ئەسىرىدىكى تېكىستتە شىمال تەرەپتىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا
مۇئامىلىسى بولۇپ تۇرغانلىقى، باھا بەلگىلەش توغرىسىدىكى
تەرتىپلەر سۆزلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قىتان دۆلىتى بىلەن بولغان
سودىسىنىڭ كۆلىمىنىڭ كەڭ بولغانلىقىنى قىتان دۆلىتىنىڭ
يۇقىرىقى پايتەختىدە (لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىـ
پىدىكى ھازىرقى لىندۇڭ شەھىرى) تۇرپان (سوغدى) سودىگەر-
لىرى پايتەختكە كەلگەندە تۇرىدىغان مەخسۇس كارۋان سارىـ
يىنى سېلىپ بېرىشى ئىسپاتلايدۇ. باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن
ئەلچىلەر تۇرپان ئەلچىلىرىدىن باشقا جايدا تۇرغان. لياۋ تارىـ
خىنىڭ مۇشۇ مەلۇماتىدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنى ئەلچى دەپ
يازماستىن «سودىگەر» دەپ ئاتاپ يازغانلىقىنى كۆرسىتىپ
ئۆتۈشىمىز قىزىق.

تۇرپان خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك «لياۋسۇلالىسى تارىخى»دىكى
تېكىستلەرنىڭ «بەش دەۋر» «كونا بەش دەۋر تارىخى» ۋە «بەش
دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دىكى ياكى سۈڭ

سۇلالىسى دەۋرى ۋە «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى تېكىستلەردىن پەرق ئېتىپ تۇرىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بار، بۇ ئالاھىدىلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» قىتان ئىمپېراتورلۇقىغا كەلگەن ئەلچىلىرى (سودىگەرلىرى) نىڭ ئىسىم فامىلىسىنى يازمايدۇ. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەتلەر مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان مەلۇماتلارنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماستىن، بۇ مەلۇماتلارنىڭ قىممىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. چۈنكى بۇ مەلۇماتلاردا تاۋار - مال توغرۇلۇق ۋە بۇلارنىڭ مىقدارى توغرۇلۇق مەلۇماتلار يوق. تۇرپان سودىگەرلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىسىم فامىلىرىمۇ كۆرسىتىلمىگەن.

## ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا سودا - تىجارەت كىمنىڭ قولىدا ئىدى؟

ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى ۋە تۇرپان خانلىقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەرق تەرەپتىكى قوشنىلىرى بىلەن قىلغان سودا - تىجارەتلىرى بەك ئاۋات، گۈللەپ تۇرغانلىقى مەلۇم. دېمەك، بۇ سودا خېلىلا چوڭ كۆلەملىك بولغان بولۇشى كېرەك. غەرب تەرەپتىكى قوشنىلىرى بىلەنمۇ سودا مۇئامىلىسى گەرچە شەرق مەنبەلىرىدە بۇ توغرۇلۇق مەلۇماتلار بولمىسىمۇ قىزغىن بولۇپ، شەرقتىكىلەردىنمۇ كۆپ قېلىشمىدى. غەرب مەنبەلىرىدىمۇ بۇ سودا توغرۇلۇق ئايرىم يەرلەردىلا توختىلىپ ئۆتكەن.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە سودا - تىجارەت مۇناسىۋىتىدە سوغدىلىقلار چوڭ روللارنى ئوينىدى. ئۇلار سوغدىلار مەركىزي ئاسىيادا V ئەسىردە پەيدا بولغان. ئارىدا ئۇزۇن ئۆتمەي كۆپ ساندىكى باي جامائەلىرى (كالونىيىسى) بىلەن ئەڭ مۇھىم سودا يوللىرى بويلاپ سەددىچىنگىچە بېرىپ ئورۇنلاشتى. شاڭ دا يازغان «تات دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە

غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدە سوغدىلىقلارنىڭ سودا دەڭلىرى تاڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختىدە ۋە باشقا شەھەرلىرىدە قۇرۇلغان. سوغدىلارنىڭ رولى شەرقىي تۈرك خاقانلىقى ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقىدىمۇ چوڭ بولغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر خانلىقىغا ئۇلار يېڭى مانى دىنى ۋە يېزىق ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار بۇ - يەرلەردە سودا - تىجارەت ۋە سۇ باشلاپ دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، سوغدىلار خاقانلىق ئاھالىسى بىلەن بىللە كۆچۈپ كەتكەن ۋە بۇ خەلقنىڭ يېڭى تەشكىل قىلغان دۆلەتلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولۇپ ۋە ئۇيغۇرلار ھەم باشقا توققۇز ئوغۇز (تېلى قەبىلىلىرى) لار غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم سودا يوللىرى رايونىغا كۆچۈپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيىسىدىن كەلگەنلەرنىڭ سودا - تىجارەت ئىشى بىلەن مەشغۇلات قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. مانا مۇشۇ جەريانىنىڭ راۋاجى قانداق بولغانلىقى ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ سودىگەرچىلىكنى قانچىلىك دەرىجىدە ئىگىلىۋالغانلىقى توغرىسىدا مەنبەلەردىن بىز تېگىشلىك جاۋاب ئالالمايمىز.

ۋەتىنىمىز ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدا شەرق بىلەن بولغان سودا مۇئامىلىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە پىكىرلەر دائىم بايان قىلىنغان. مەسىلەن، گ. ۋېرنادىسكى: «مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىدا سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ رولى بەك چوڭ بولدى. جۇڭگودىن باشلىنىپ كاسپىي دېڭىزىغا قەدەر سوزۇلغان سودا يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئۇيغۇرلار جۇڭگو بىلەن ھىندى - ئىران مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىغا كۆپ جەھەتلەردە

ۋاستىچىلىك قىلدى.»① مانا مۇشۇ نەقىلدە «جۇڭگو بىلەن ھىندى - ئىران مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا» ۋاستىچىلىك قىلغان دېگەن ئىككىنچى جۈملىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك بولىدۇ. مۇشۇ تېكىستنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا، گ. ۋېرنادىسكىنىڭ ماقالىسىدە گەپ تۇرپان خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرلەر ئۈستىدە يەنى X — XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلار ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك ۋاقىتلار ئۈستىدە سۆزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇمەن ئالغاندا، ئەسلى ئۇيغۇرلار بولمىغانىدى، ئۇيغۇر خاقانلىقى بولسا، مۇھىم سودا يوللىرىدىن چەتتىرەك يەرگە جايلاشقانىدى. شۇنداق بولغاچقا، غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھالقا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقالماس ئىدى. مەلۇمكى، X – XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا جۇڭگو شەرقىي تۈركىستاندىن ۋە غەرب تەرەپتىكى باشقا ئەللەردىن ئايرىۋېتىلگەنىدى. قىتانلار ئىمپېرىيىسى - لياۋ (كېيىنرەك جۇرجىتلار دۆلىتى ئانچۇن - غورۇن)، تاڭغۇتلار دۆلىتى ۋە تىبەت سۇڭ دۆلىتى بىلەن قاتتىق كۈرەشلەر ئېلىپ بارغانىدى. بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تېررىتورىيىسى ئارقىلىق ئۇ يەرلەر بىلەن قانداقتۇر كەڭ مۇئامىلىلەر قىلىشقا ئىمكان بەرمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەل مۇشۇ چاغلاردا ئەسلى ئۇيغۇرلار بولسۇن ياكى توققۇز ئوغۇزلار بولسۇن ۋە ياكى قانداقلىكى باشقا خەلقنىڭ ۋەكىللىرى بولسۇن غەرب مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك مۇناسىۋەت قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال، بۇ گ. ۋېرنادىسكىنىڭ تاڭ ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئاسىيانىڭ شەرقىدە يۈز بەرگەن كۆچلەر

① ۋېرنادىسكىنىڭ 1936 - يىلى يازغان مۇشۇ ھەقتىكى ئەسىرىگە قاراڭ. 453 — 461 - بەتلەر.

سىپلىشتۇرمىسىدىكى تۈپ ئۆزگىرىشلەرگە دىڭگۈدەك دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان خاتالىق بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ «جۇڭگو بىلەن ھىندى-ياۋروپا مەدەنىيىتى» ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە ۋاستىچىلىك رول ئوينىغانلىقى توغرىسىدىكى خۇلاسىنى شەرقىي ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ تەرەققىياتىدا خەنزۇلارنى مەركەز قىلىش كۆز قارىشىنىڭ ئىنكاسى دەپمۇ قاراشقا بولىدىغۇ. خەنزۇلارنى مەركەز قىلىش كۆز قارىشى بويىچە جۇڭگونىڭ بىۋاسىتە قوشنىلىرى بولغان كۆپلىگەن مۇستەقىل دۆلەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ تارىخى گويا خەنزۇلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان «بىر پۈتۈن بۆلۈنمەس دۆلەت» تارىخىنىڭ بىر قىسمى دەپ مىخانىك ھالدا قارىلىپ كېلىنمەكتە. مانا بۇ خىيالى دۆلەت بۇ مەملىكەتلەرنى ۋە خەلقلەرنى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا «بىرلىككە كەلتۈرگەن» ئىكەن. مۇشۇ دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر ئىچىدە يۈز بەرگەن ھەممىلا ۋەقەنى «بىر پۈتۈن بۆلۈنمەس جۇڭگو»نىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قارىماقتا. م. ۋ. ۋارابىيوۋ مۇشۇ ئىدىيىلەرنىڭ كەڭ ۋە ئېنىق خاراكتېرىستىكىسىنى: «جۇڭگودا بولغان ياكى جۇڭگونىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى جاي-ماكانلاردا بولغان ھەممە-ئىش ۋەقەلەر، بۇ ئىش جۇڭگودا ياكى جۇڭگو ئۈچۈن بولغان بولسۇن ۋە ياكى جۇڭگوغا قارشى بولغان بولسۇن ياكى جۇڭگوغا مۇناسىۋىتى بار بولغان بولسۇن، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو تارىخىنىڭ ئېقىمىغا ئۆزگەرمەس ئىزچىللىق بىلەن كىرگۈزۈۋېلىنىدى» دەپ كۆرسەتكەنىدى①.

① م. ۋ. ۋارابىيوۋ: «جورجىتلار ۋە جىن دۆلىتى» (X ئەسىردىن 1234 - يىلغىچە) ناملىق كىتاب، 1975 - يىل موسكۋا نەشرى، 3 - بەت.

ئەپسۇسكى، يەكۈنلەر چىقىرىشتا دىيگەندەك قاتتىق تەلەپ بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىغان ئاپتورلاردىمۇ ماھىيەتتىن قارىغاندا، مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايانلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، د.ئى. تىخنوۋ ئۆزىنىڭ X — XIV ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار (تۇرپان خانلىقى) بېغىشلانغان كىتابىدا: «جۇڭگو ئىمپېرىيىسى بىلەن يەتتىسۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان سودا يوللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىرى ئارقىلىق ئۆتەتتى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى مانا مۇشۇ سودىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئويناشقا تىرىشتى.»① يۇ. ئا. ياكوبوۋسكى ئۆزىنىڭ تۇرپان خانلىقىغا بېغىشلانغان ماقالىسىدە مۇشۇ مەسىلىدە ئەجەبلەنگۈدەك ھالدا قول ئۇچىدا مۇئامىلە قىلىدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىدە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشقا بولىدۇ: لياۋ سۇلالىسىنىڭ تارىخىدا جۇڭگو ئىمپېراتورلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلىكلەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار كۆرىمىز. مەسىلەن،«913 - يىلى خۇيخۇلار (ئۇيغۇرلار) لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئىمپېراتورىغا ئولپان ئەۋەتتى ... 923 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى ئارسلان جۇڭگو سارىيىغا ئولپان ئەۋەتتى. 32 يىل داۋامىدا ئۇيغۇرلار دۆلىتىدىن جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ھەققىدە مەلۇماتلار كۆرۈلمەيدۇ.» ② مانا مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قىتانلار دۆلىتى لياۋ بىلەن كەڭ سودا مۇناسىۋەتلىرى ۋە دىپلوماتىك مۇئامىلە ئورناتقان، جۇڭگو بىلەن دائىمىي مۇناسىۋەتتە بولمىغان تۇرپان خانلىقى ئۇس-

---

① د.ئى. تىخنوۋ: «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى (X — XIV ئەسىرلەر)» 1966 - يىل موسكۋا - لېنىنگراد نەشرى، 81 - بەت.

② ياكوبوۋسكى: «تۇرپان خانلىقى توغرۇلۇق ئەرەب، پارس مەنبەلىرى» 433 - بەت.

تىمدە بولۇۋاتىدۇ. ئا. يۇ. ياكوبوۋسكىنىڭ بايانلىرى يۇقىرىدا
زىكرى قىلىنغان خاتا كۆز قاراشلارغا تولۇق ماس كېلىدۇ. ل.
ن. گومىليوۋمۇ 12 - ئەسىردە جۇڭگو بىلەن كەڭ سودا مۇناسى-
ۋىتى بولۇپ تۇرغانلىقىنى يازىدۇ. لېكىن بۇ ئوي - پىكىر يەر
شارى مىقياسىدا قويۇلۇۋاتىدۇ: «XIII ئەسىردە (بۇ خاتا يېزى-
لىپ قالغان بولسا كېرەك. XII ئەسىر دەپ ئوقۇش كېرەك —
ئا.م.) ئەركىن مەبلەغلەر پەقەت جۇڭگودىن ياۋروپاغا بېرىپ كې-
لىدىغان كارۋانلار تەركىبىگە كىرگەن سودىگەرلەرنىڭ قولىدىلا
بار ئىدى. كېيىن ل.ن. گومىليوۋ مۇشۇ پىكىرنى راۋاجلاندۇ-
رۇپ بۇ سودىگەرلەر ئۇيغۇرلار ئىدى دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو بىلەن غەرب تەرەپتىكى ئەللەر ئوتتۇرى-
سىدا شۇ چاغلاردا كەڭ سودا مۇئامىلىلىرى بار ئىدى، دېگەن
گەپ يېڭىدىن يەنە مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارا
سودىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رولىغا چېكىدىن ئېشىپ‌راق باھا بېرىۋات-
قان بۇرۇنقى ئاپتورلارنىڭ خاتالىقى تەكرارلىنىدۇ. شۇنداق
قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئاپتورلارنىڭ تاڭ ئىمپېرىيىسى مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرغان دەۋرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن بۇيان گويا ھېچقان-
داق ئۆزگىرىش بولمىغاندەك، ئاسىيانىڭ شەرقىدە يۈز بەرگەن
رېئال ۋەزىيەتنى ھېسابقا ئالماستىن، IX — XII ئەسىرلەردە غەرب
بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا كەڭ كۆلەملىك مۇناسىۋەتلەر بولغان-
لىقى توغرۇلۇق يازىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن م. ۋ. ۋارابى-
يوۋنىڭ جۇرجىتلار دۆلىتى جىن بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە بېغىشلانغان ماقالىسىگە
دىققەت قىلىپ بېقىش تۈزۈك بولارمىكىن، دەپ ئويلايمىز.
ئۇ:جورجىتلاردۆلىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىتوغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ
«خەرىتىدىن كۆرۈلۈشىچە، جۇڭگو قەدىمدىن بۇيان مەرك-
زىي ئاسىيا رايونىدىكى قەبىلىلەر ۋە مەملىكەتلەر بىلەن مۇنا-
سىۋەت قىلىپ تۇرغان يەرلەر يېڭى دۆلەت قارىمىقىغا ئۆتۈپ كەت-

تى. شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبىي سۇڭ (1127 — 1279) سۇلالىسىدىن ئىبارەت جۇڭگو دۆلىتى ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقى قاتناش يوللىرىدىن بۆلۈۋېتىلدى»① دەپ يازدى. ۋارابىيوۋ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توختاپ قالغىنى يوق. غەربنىڭ بۇ مۇناسىۋىتى جۇرجىتلار دۆلىتى بىلەن بولىدىغان بولۇپ قالدى. دېمەك، ئانچۇن - غورۇن دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا شەرقتە خۇددى قىتانلارنىڭ لياۋ دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشلا ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، لېكىن قىتانلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جورجىتلارنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن كەڭرەك بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك.

907 — 960 - يىللاردىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئۆز تەتقىقاتىنى بېغىشلىغان گامىلتون نەنسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇ چاغلاردا جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىدى. لېكىن ئۇمۇ سوغدىلار ۋە سوغدىلار سودىسى توغرۇلۇق ھېچقانداق بىر نەرسە يازمايدۇ. گامىلتون كىتابىدا: ئۇيغۇرلار ئېلىپ كەلگەن «ئولپان» لار ئۈستىدە كۆپ توختىلىدۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇ ئولپانلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا يول قويسا كېرەك. مۇنداق بولسا شۇ چاغلاردا جۇڭگو بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق تۆۋەن چۈشۈرگەنلىك بولىدۇ. ئۇ: «ئۇيغۇرلار جۇ دەۋرىدە (كېيىنكى جۇ دۆلىتى — ئا. م.) سارايغا خېلىلا كۆپ ساندا كېلىپ تۇردى، ئادەتتە ئۆزلىرى بىلەن خېلىلا مىقداردا ئولپان ئېلىپ كېلەت-

① م.ۋ. ۋارابىيوۋ: «جورجىتلار دۆلىتى ۋە مەركىزىي ئاسىيا»، «شەرق مەملىكەتلىرى ۋە خەلقلىرى» ناملىق توپلامنىڭ №11، موسكۋا، 1971 - يىل نەشرى، 31 - بەت.

تى. لېكىن ئېھتىماللارغا قارىغاندا، بۇ ئولپاننىڭ چوڭ قىسمى ئەمەلىيەتتە، سودا - تىجارەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەندى» دەپ يازىدۇ①. ئې. پېنكىس ئۆزىنىڭ مونوگرافىيىسىدە د. ر. گامىلتونىدىن پەرقلىق ھالدا «ئەلچى» ۋە «ئولپان» دېگەن سۆزلەرگە «سودىگەر»، «تاۋار» دېگەن سۆزلەر يوشۇرۇنغان، دەپ بەك ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن پېنكىس ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ سودا - تىجارەت پائالىيىتىگە بېغىشلانغان خېلىلا قولغا چىققۇدەك بىر ئەسىرىدە پەقەت ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۈستىدىلا توختايدۇ ۋە ئۇيغۇرلار ئېلىپ كەلگەن ماللار ئۈستىدىلا گەپ قىلىدۇ②.

تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر خانلىقى ھالاكىتىدىن كېيىن پەيدا بولغان دۆلەتلەرنىڭ سودا تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يازغاندا كەڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەڭ سودىسى ئۈستىدە بىكاردىنلا توختىغان ئەمەس. ئۇيغۇر خاقانلىقىغا بېغىشلانغان ئانچە كۆپ بولمىغان ئەسەرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ دۆلىتى بىلەن ئېلىپ بارغان كەڭ سودىلىرى دائىم تەكىتلىنىپ تۇرىدۇ. ماككېراس ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تاڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن دىپلوماتىك ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىگە بېغىشلانغان ماقالىسىدە ئۇيغۇرلار ئېلىپ بارغان يىپەك سودىسى ئۈستىدە توختىلىدۇ ۋە بۇ يىپەكنى خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن ئېكسپورت قىلىپ چىقىرىش توغرىسىدا سۆزلەيدۇ③.

---

① د. ر. گامىلتوننىڭ 1955 - يىلى نەشر قىلىنغان مۇشۇ ھەقتىكى كىتابىنىڭ 138 - بېتى.

② پېنكىسنىڭ «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 91 - 101- بەتلىرىگە قاراڭ.

③ ماككېراسنىڭ «جۇڭگو بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىنىڭ 225 - بېتىگە قاراڭ.

شۇنداق قىلىپ مۇھىم سودا يوللىرىدىن چەتكىرەك جايلىشىپ
قالغان ۋە كۆچمەن ھاياتتىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلىرى
خەلقئارا سودا قىلىشقىمۇ ئۆلگۈرۈپ تۇردى. لېكىن ئۇلار بۇ سو-
دىنى سودا يوللىرى ئۆتىدىغان جايلارغا كۆچۈپ كەلگەندىن كې-
يىن، ئۇ يەرلەردە يېڭى دۆلەت تەشكىل قىلغاندىن كېيىن قىل-
غان. بۇ سودا يوللىرى ئۇستىدىن ئۇلار ئۆز كونتروللۇقىنى
ئورنىتىشقا ھېچقانداق نەرسە توسالغۇ بولالمىدى ۋە «غەرب
بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچى» بولۇپ قېلىشىغىمۇ ھېچكىم
پۇتلىكاشاڭ بولالمىدى. يۇقىرىقى ئاپتورلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ رو-
لىنى بايان قىلىپ كۆرسەتكەن سىخېمىسى بىزگە مانا مۇشۇنداق
كۆرۈنىدۇ. مۇشۇ يۇقىرىقى ئاپتورلار، يالغۇز بۇلارلا ئەمەس،
باشقىلارمۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن پەيدا بول-
غان دۆلەتلەردىكى سوغدىلىقلارنىڭ رولى توغرۇلۇق نېمە ئۈچۈن
ھېچنېمە يازمايدىغاندۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ، بەلكىم
ئېھتىمال، سوغدىلار يەرلىك خەلق ئىچىگە سىڭىپ كېتىپ مۇس-
تەقىل ئېتنىك گۇرۇپپا سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، قانداقتۇر
بىرەر رول ئوينىشتىن قېپقالغانمۇ - يا؟ ئەھۋاللارغا قارىغاندا،
گەرچە، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش جەريانى ئۆز يولى بويىچە كېتى-
ۋەرگەن بولىسىمۇ، گەپ بۇنىڭدا بولمىسا كېرەك. ئاپتورلارنىڭ
سوغدىلىقلارنىڭ رولىغا باھا بەرمەسلىكىنى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر
بىلەن يەنى ئۇلارنىڭ رولى ھەققىدە يېتەرلىك، تەپسىلىي، ئىشەنچ-
لىك ماتېرىياللارنىڭ بولماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قەدىمدىن بو-
يان ئۇيغۇرلار مۇھىتى ئىچىدە ئويناپ كەلگەن رولىنى كۆرسى-
تىپ بېرىدىغان مەلۇماتلارنىڭ بولماسلىقى بىلەن قىسمەن چۈ-
شەندۈرۈشكە بولىدۇ.

سوغدىلارنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا كۆچۈپ كېلىشى ۋە ئۇ-
لارنىڭ مەھەللىلىرىنىڭ سودا يوللىرى بويلاپ تارقىلىپ كېتىشى
توغرۇلۇق، ئۇلارنىڭ سودا مۇئامىلە دائىرىسىدىكى ئاجايىپ

ئاكت ىپلىقى توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەر يېزىلغان. لېكىن شۇنداق
تەسەۋۋۇر قىلىدۇكى، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ۋە شۇنىڭدەك خاقان-
لىق ھالاك بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان دۆلەتلەرنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ تۇرلۇك تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىش بىـ
لەن مەشغۇل بولغان ئاپتورلار ئۇيغۇرلار بىلەن سوغدىلارنى بىر
پۈتۈن قىلىپ باغلاشقا ئۇرۇنمىغان، ئۇ ئاپتورلارنىڭ يازغانلىرى-
دا ئۇيغۇرلارمۇ، سوغدىلارمۇ ئۆزئارا ئايرىلىپ ياشىغان. مەسى-
لەن، ئا. يۇ. ياكوبوۋىسكى تۇرپان خانلىقىغا مەخسۇس بېغىش-
لانغان ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە تۇرپان ۋادىسىنىڭ ۋە باشقا ئاھالى-
لىك پونكىتلارنىڭ ئەسلىدىكى ئاھالىلىرىنىڭ ئىران قەبىلىلىرى-
دىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم تەكىتلەيدۇ. ئۇ يە-
نە بۇ يەرلەردە كېيىنرەك سوغدىلارنىڭ كالونىيىسى — جامائەسى
بولغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. شەرقىي تۈرك خاقانلىقى تەش-
كىللەنگەندىن كېيىنلا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ-
مۇ كېلىشكە باشلىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. گەپ سودا - تىجا-
رەتكە ئۆتكەندە سوغدىلارنىڭ ۋە ئومۇمەن تۇرپان ۋادىسىدىكى
ئەسلى ئاھالىنىڭ رولى ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ.
ئەگەر سودا ئۈستىدە ئانچە - مۇنچە توختاپ ئۆتتى دېگەندە
كىتابخانىلاردا بۇ سودا بىلەن مەشغۇل بولغانلار ئۇيغۇرلار ئىكەن
دېگەن ئوي پەيدا بولۇپ قالىدۇ①. 1933 - يىلى شاڭ دانىڭ
يېزىشىچە، سوغدىلار سودا - تىجارەت پائالىيىتىدە چوڭ مۇۋەپپەـ
قىيەت قازىنىش بىلەن قەدىمدىن بۇيانلا باشقىلاردىن پەرقلىنىپ
كەلگەن. پايدا تاپقىلى بولىدۇ، دەيدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە
ئۇلار يېتىپ بارغان. ئۇلارنىڭ ئىزلىرى تۇرپان ۋادىسى-
دا، بارىكۆل رايونىدا ۋە شىمالدىكى ياۋايىلار ئارىسىدا كۆرۈل-

① ياكوبوۋىسكىنىڭ «تۇرپان خانلىقى ئەرەب، پارس مەنبە-
لىرىدە...» ناملىق كىتابىنىڭ 234 -، 236 -، 238 - بەتلىرى.

گەن ①. شاڭ دانىڭ بۇ يازغانلىرى ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلارغا ئائىتتۇر. ئۇنىڭ «سوغدىلار پايدا ئىپلىشقىلا بولىدىغانلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىگىلا بېسىپ كىردى» دېگەن سۆزى «يېڭى تاڭنامە»دىن ئېلىنغان گەپ بولۇپ، بەك قىسقا، لېكىن بەكمۇ ئېنىق ھالدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى سوغدىلارنىڭ تېجارەتتىكى ئاكتىپلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. دەل مۇشۇ جۈملىنىڭ ئۆزىنى ئې. پوللېي بلانكى كېيىنچىرەك ئىچكى موڭغۇلىيە دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەتكەن تېررىتورىيىدىكى سوغدى جامائەلىرىگە بېغىشلانغان مەخسۇس ماقالىسىدىمۇ كەلتۈرىدۇ. ئۇ داۋاملاشتۇرۇپ: «بۇ مەشھۇر سودىگەرلەر ئەينى ۋاقىتتا سەنئەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە يېڭى دىنىنى تارقىتىپ يۈردى. ئۇلار ساياھەت قىلدى ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى سودا يوللىرى بويىغىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ مەركىزىگە كۆچمەنلەرنىڭ ئوتلاق - يايلاق رايونلىرىغىمۇ چوڭقۇرلاپ يېتىپ كىردى» دەپ يازدى②. ئې. پوللېي بلانكى جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ يازغان ماقالىسىدە مەركىزىي ئاسىيانىڭ VII — X ئەسىرلەردە سوغدى كالونىيىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي ھالدىلا توختاپ، ئاساسەن، سودا يوللىرىنىڭ شەرقىي قىسىم بويلىرىدىكى سوغدى كالونىيىلىرى ئۈستىدە توختايدۇ. بۇ يەردە كونكرېت تارىخىي دەۋرلەر ۋە ئارىسىدا سوغدىلار ياشىغان خەلقلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالمايدۇ. مەسىلەن،

① شاڭدا: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىنىڭ 13 - بېتى، ئاكلادىنكوۋ. ئا. پ. نىڭ «تۈركلەر زامانىسىدىكى بايقال بويى تارىخىنىڭ يېڭى ماتېرىياللىرى» كىتابىغا قاراڭ.

② پوللېي بلانكى: «موڭغۇلىيە ئىچىدىكى سوغدى كالونىيىلىرى» دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

ئۇيغۇر خاقانلىقى سوغدى جامائەلىرىنىڭ چوڭ رولى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتىدۇ. ئې. پۇللىبي بىلانكى جۇڭگودىكى «بەش دەۋر» مەزگىلى ئۈستىدە كۆپرەك توختىلىدۇ. بۇ دەۋر ئىچىدە ئۇنىڭ ئادىلانە تەكىتلىشىچە، سوغدىلار بەك چوڭ رول ئوينىغانىكەن.

سوغدىلىقلار تۈركىي قەبىلىلەردىن بولغان چۆل تۈركلىرى بىلەن قەدىمدىن بۇيان بىللە تۇرۇپ كەلگەن ۋە ئۇلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك روللارنىمۇ ئوينىغانىدى. سوغدىلىقلار جۇڭگونىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى چۆل تۈركلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كۆرسەتتى①. چۆل تۈركلىرىنىڭ داھىيسى لى كېيۇەن② شىمالىي جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ،

---

① كوۋابارا: «سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە غەربىي يۇرتتىن جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان ئادەملەر ھەققىدە»، بۇھەقتە «سىنالوگىيە (جۇڭگوشۇناسلىق) گە دائىر ئەسەرلەر توپلىمى» دېگەن 1926 - يىلى توكيودا نەشر قىلىنغان كىتابنىڭ 565 — 666 - بەتلىرىگە قاراڭ.

② لى كېيۇەن — «‹بەش دەۋر› تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دە 4 - جىلد 10 - بەتتە لى كېيۇەننىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ماتېرىياللار يېزىلغان: «ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھەققەتتە ئۆزلىرىنى جۇيې دەپ ئاتاپ يۈرىدىغان قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققانىدى، ئۇلار بولسا غەربىي تۈركلەردىن كېلىپ چىققانىدى، دەپ سۆزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى چۆل تۈركلىرى دەپئاتاپ كەلگەن. جۇيې بولسا بىر ئۇرۇقنىڭ نامى بولۇپ قالغان». «كونا بەش دەۋر تارىخى» (25-جىلد، 10 بەت) دا كېيىنكى تاڭ دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان جەمەتىنىڭ ئۇرۇق باشلىقى بايې دېگەن ئادەم جىنگۇەن يىللىرىدا (628 — 650) مولى ۋىلايىتىگە قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ۋە تاڭ ئىمپېراتورى تەيزۇڭنىڭ

ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ كېيىنكى تاڭ (923 — 936) دېگەن دۆلىتىنى
قۇرغاندا، چۆل تۈركلىرى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ يېقىن ياردەمچىـ
لىرى سوغدىلىقلارمۇ شۇ يەرگە كېلىپ جايلاشقانىدى. سوغـ
دىلىقلار كېيىنكى تاڭ دۆلىتىدىلا مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلەپلا
قالماي، بەلكى كېيىنكى جىن (936 — 946 - يىللار) ۋە كېـ
يىنكى خەن (647 — 951 - يىللار) دۆلەتلىرىدىمۇ مۇھىم ئورۇنـ
لارنى ئىگىلىگەن. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش قىزىقكى، كېيىنكى
جىن دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى شى جىڭتاڭ دېگەن ئادەم
كېيىنكى تاڭ دۆلىتىنىڭ 3 - ئىمپېراتورى مىن زۇڭنىڭ كۈيئوغلى بولـ
غانىكەن. شى جىڭتاڭنىڭ ئۆزى بولسا سوغدىلىقلاردىن كېلىپ چىقـ
قانىكەن [شى دېگەن فامىلە تاشكەنت دېگەن شەھەرنىڭ قىسـ
قارتىلىشىدىن كېلىپ چىققانىكەن]. ئې. پوللېي بىلانك مانا مۇشۇ

---

كۆرىيىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان ۋە شۇنىڭدەك سىرـ
تاردۇش قەبىلىسىگە قارشى قىلىنغان ھەربىي يۈرۈشكىمۇ قاتناشقان.
سىر - تاردۇشلار ئۈستىدىن غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، بېشبالىق
رايونىدا چۆل تۈركلىرىنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى پەيدا بولدى. بۇنىڭ
مۇنداق ئاتىلىپ قېلىشى شۇ رايوندىكى بىر چۆلنىڭ نامى بىلەن
بولغان، بايې بولسا شۇ جايغا تۇتۇق مەنسىپىگە بەلگىلەنگەن. تاڭ
ئىمپېراتورىنىڭ فامىلىسى «لى» غا كەلسەك، بۇ فامىلە مەنسەبلەردە
كېيىنكى تاڭ دۆلىتىنى قۇرغۇچىنىڭ فامىلىسى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ
فامىلە بولسا ئۇنىڭ ئاتىسى جۇيې چىسىنگە ئۆتۈك ئىمپېرىيە ئالدىدا
كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن. خۇرغۇنلىغان
ئاپتورلار «جۇيې» دېگەن سۆزنى «چۇ يۇ ئې» سۆزى بىلەن بىر دەپ قاـ
رايدۇ — گامىلتون بولسا بۇنى چىگىل (چۇگۇل) سۆزلىرىنىڭ
ئۆزگىرىشى دەپ قارايدىكەن (گامىلتوننىڭ 1955 - يىلى ئۇيغۇرلار ھەققىدە
يازغان كىتابىنىڭ 135 — 151 - بەتلىرى).

سۇلالىلەرنى «چۆل تۈركلىرىنىڭ ئۈچ سۇلالىسى» دەپ ئاتايدۇ①. س.گ. كلياشتورنىيمۇ ئۆزىنىڭ كىتابىدا سوغدىلىقلارغا خېلى كۆڭۈل بۆلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىتابى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ رونىك تېكىستلىرى دەۋرىنى ئىچىگە ئالىدۇ، كېيىنكى ۋاقىتلارنىڭ — IX—X ئەسىرلەرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى مەزگىللىرىدىكى سوغدىلار تارىخى ئۈستىدە توختالمايدۇ②.

923—951-يىللاردا جۇڭگونىڭ شىمال تەرىپىگە چۆل تۈركلىرى ئىستىلاچىلىرى بىلەن بىللە كەلگەن كۆپلىگەن سوغدىلارنىڭ چوڭ رولىنى تەكىتلەشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رولى ئېھتىماللارغا قارىغاندا تاشقى سودا ساھەسىدە خېلىلا چوڭ بولغان بولسا كېرەك. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ «بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى دۆلەتلەر بىلەن يۈرگۈزگەن سودىسىدىكى قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلارنى چۈشىنىۋېلىشنىڭ ئاچقۇچى بولىدۇ. يۇقىرىدا بىز تاڭ دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىدىكى مەلۇماتلاردا تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختىگە كەلگەن سودىگەرلەر (ئەلچىلەر) نىڭ ئىسمى يېزىلمىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدۇق. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالنى تۇرپان خانلىقى بىلەن قىتانلارنىڭ دۆلىتى لياۋ ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك ۋە سودا مۇئامىلىلىرىدىكى مەلۇماتلاردىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ، — مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ھۆججەتلەر ئىچىدە پەقەت بىرەر يېرىملا سودىگەر (ئەلچى) نىڭ

① پوللىي يالانكىمنىڭ «... سوغدى كالونىيىلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 346 — 347 - بەتلىرىگە، بارتولدنىڭ «تۈركلەر» دېگەن ئەسىرى — 5 - توم، 1968 - يىل نەشرى، 851 - بەتكە قاراڭ.

② كلياشتورنىي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدىكى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ رونىك يېزىقىدىكى خاتىرىلەر»، 1964-يىل موسكۋا نەشرى.

ئىسمى كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

«بەش دەۋر» مەزگىلىدىكى تارىخچىلار نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت توغرىسىدا دوكلاتلار يېزىش مەسىلىسىگە تامامەن باشقىچە پوزىتسىيە تۇتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا ئەللەر ئەلچىلەرىنىڭ نامى - ئىسىملىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇ يازغانلىرى كېيىن شۇ دەۋرنىڭ سۇلالىلەر تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. «بەش دەۋر تارىخى» ۋە «كىتابلار جەۋھىرى»نى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئاساسەن ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىدىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ 53 ئىسمى كۆرۈلدى. ئىسىملارنىڭ بۇنچىلىك كۆپلۈكى شۇنى يازغان تارىخچىلارنىڭ مۇشۇنىڭغا باشقىچە پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنىڭ ئىنكاسىدۇر، يەنى قىزغىن سودا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەردە بىز تۆۋەندىكى ئەھۋالنى نەزەردە تۇتىدىغان بولساق، بۇ خۇلاسىلەر تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەجەبلىنەرلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بىرىنچىدىن، سودىنىڭ مۇنداق گۈللەپ - ياشنىشى ۋە دىپلوماتىك ئاكتىپچانلىق نىسبەتەن قىسقا مەزگىلگە — 907 — 960 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، بىرىنچى دۆلەت — كېيىنكى لياڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلار 16 يىل داۋامىدا ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلمىدى ۋە تىجارەت ئېلىپ بارمىدى. دېمەك، بۇ 54 يىلنىڭ ئىچىدىن 16 يىلنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، «بەش دەۋر» مەزگىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دىگۇچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزلۈكسىز كۆرەش شارائىتىدا ئۆتتى، بۇنىڭ ئۆزى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن سودا - تىجارەت مۇئامىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز بولدى.

نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئەۋەتكەن 53 سودىگەر (ئەلچى) نىڭ ئىسمىنىڭ ئانالىز قىلىنغان نەتىجىسىنى تۆۋەندى-

كى تەرتىپ بىلەن ئالدىڭىزغا قويىمىز:

| دۆلەتلەر | دۆلەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يىللار | فامىلە سانى (ئىسىم فامىلە سانى) | سوغدىلار | تۈركلەر | ۋەلى فامىلىلىكلەر | خەنزۇ فامىلىلىكلەر | دەي فامىلىلىكلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لياڭ | 17 | 12(8) | 3 | 2 | 3 | 3 | 1 |
| تاڭ | 14 | 23 | 6 | 8 | 3 | 5 | 1 |
| چىن | 11 | 8 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 |
| خەن | 4 | 5 | 2 | – | 1 | 1 | 1 |
| جاۋ | 10 | 5 | 1 | 4 | – | – | – |
| جەمئىي | | 53 | 14 | 16 | 9 | 10 | 4 |

گەرچە مۇشۇ كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار دىگەندەك ئايان بولۇپ تۇرسىمۇ، شۇنداقتىمۇ بەزى چۈشەنچىلەر بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. سوغدىلىقلار ئىچىدە ئەن فامىلىلىك بۇخارالىقلار سان جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، شاشتىن چىققانلار (شى فامىلىلىكلەر) دۇر. پەقەت بىرلا ئەلچى مايمورغا (مى فامىلىلىك) دىن چىققان. ئەلچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئىسىملىكلىرىدۇر. بۇمۇ بەك چۈشىنىشلىك تەبىئىي بىر ئەھۋالدۇر. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، مۇشۇ تۈركلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلار بولغان بولسا كېرەك. يەنە مۇشۇ گۇرۇپپا ئىچىگە بىر ئەلچى كىرگۈزۈلدى، ئېھتىماللارغا كۆرە، ئۇ قەشقەر (سۇلى) دىن بول-سا كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ فامىلىسى «دەي» ئىدى (جۇڭگو مەنبەلىرىدە

قەشقەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان جەمەت ۋەكىللىرى تىلغا ئېلىن-
غاندا ئۇلارنىڭ فامىلىسى «دەي» دەپ كۆرسىتىلىدۇ. سودىگەرلەر
(ئەلچىلەر) نىڭ لى فامىلىلىكلىرىنىڭ ئىچىدە تۆت ئادەمنىڭ
ئىسمى تۇركچىدۇر. گەرچە، قالغانلىرىنىڭ ئىسملىرى خەنزۇلار-
نىڭكىگە ئوخشاپراق كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خەنزۇلار
ئەمەس. مەسىلە شۇ يەردىكى، لى فامىلىسى تاڭ ئىمپېرىيىسىدە
ھاكىمىيەت بېشىدىكى جەمەتنىڭ فامىلىسىدۇر، بۇ فامىلە تۇرلۇك
«بەدىۋىيلەر» گە ئۇلارنىڭ دۆلەت ئالدىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى
ئۈچۈن ئىنئام قىلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇ لى فامىلىلىك بەش
ئادەم ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ، سوغدىلارمۇ، تۇركلەرمۇ ياكى باشقا
خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇنى ئەسكەرتىپ
ئۆتۈشكە بولىدۇكى، تاڭ دۆلىتىگە تەسلىم بولغان ئۇجىي خاقان
ۋە ئورمۇزد گۇرۇپپىسىدىكى ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ھەممىسى لى
فامىلىسىنى قوبۇل قىلىپ يۇرۇش شەرىپىگە ئىگە بولغان. مەلۇم-
كى، تاڭغۇتلارنىڭ داھىيلىرىمۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىنئامى
بويىچە لى فامىلىسى بىلەن يۈرگەنىدى. 991 - يىلى سۇڭ
ئىمپېراتورى تاڭغۇت داھىيلىرىنىڭ بىرى بولغان توبا جىيچەنگە
(لى جىيچەنگە) سۇڭ دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى جەمەتى-
نىڭ قوللىنىپ كېلىۋاتقان جاۋ فامىلىسىنى ئىنئام
قىلغان①. ساپ خەنزۇ فامىلىسىدىكى ئون نەپەر سودىگەر
(ئەلچى) نىڭ تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمى تۇركچىدۇر، قالغانلىرىنىڭ
ئىسمى خەنزۇچىغا ئوخشاپ تۇرىدۇ. يەنە مۇشۇ گۇرۇپپا ئىچىگە بىر
مۇناخىنىڭمۇ ئىسمى كىرگۈزۈلىدى. شۇنداق قىلىپ، 53 سودىگەر
(ئەلچى) نىڭ پەقەتلا بەش نەپىرىنى خەنزۇمىكىن، دەپ تەخمىن
قىلغىلى بولىدۇ. دۇنخۇاڭدا ۋە نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى باشقا

---

① كىچانوۋنىڭ: «تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن ئوچېركلار»، ناملىق كىتابىنىڭ 32 - بېتى.

شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەنزۇ جامائەلىرى (كالونىيەلىرى) بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر سودىگەرلەر ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. لېكىن شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، مۇشۇ بەش نەپەرنىڭمۇ بىرھەچچىسى «ياۋايىلار» بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، سۇي دۆلىتىنىڭ ئىمپېراتورلىرى ئۇلارغا خىزمەت كۆرسەتكەن «ياۋايىلار» غا ياڭ فامىلىسىنى ئىنئام قىلغانلىقى مەلۇم.

ئەڭ ئاخىرقى گرافىغا (قاتارغا) «دى» فامىلىسى بىلەن يۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى ئايرىم كۆرسىتىلگەن. بۇ فامىلە «چىدى» (قىزىل دى) دېگەن ئېتنونىمدىن كېلىپ چىققان. ئۇيغۇر خاقانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ فامىلە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپ يولۇقىدۇ. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش قىزىقكى، ئۇيغۇر خاقانلىقىدا مەزكۇر فامىلە ھېچبىر يەردە يېزىپ قالدۇرۇلمىغانىكەن، مۇشۇ ئىسىم فامىلىلەر كۆچۈرۈۋېلىنغان تېكىستلەر رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «IX — XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دېگەن كىتابتا ئېلان قىلىندى.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار نەنسەن ئېتەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چۆل تۈركلىرىنىڭ دۆلىتى — كېيىنكى تاڭ بىلەن بەك قويۇق سودا ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن كېيىنكى لياڭ دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەر توغرۇلۇق يۇقىرىدا بىز تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلانغان مۇناسىۋەتلەرمۇ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار بۇرۇن چىقىرىلغان خۇلاسىلەرنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەردە كېيىنكى لياڭ دۆلىتىگە بارغان ئەلچىلەر (سودىگەرلەر) ئىچىدە تۆت نەپەر مۇناخنىڭ بارلىقىنى دىققەت - نەزەرىمىزدە تۇتساق، بۇ يەردىكى ئەھۋال-

لار تېخىمۇ ئېنىقراق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سەككىز نەپەر ئەلچى (سودىگەر) كېيىنكى لياڭ دۆلىتىنى 909 — 911 - يىللاردىلا، يەنى بۇ دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يىللارنىڭ دەسلەپكىدىلا زىيارەت قىلغان. كېيىنكى يىللاردا بولسا، مەنبەلەردە مۇناسىۋەتلەرنىڭ بارلىقى ھېچنەدە تىلغا ئېلىنمايدۇ. مۇشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا نەنسەن ئېتەكلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسىمىدىكى تېررىتورىيىلەردە پەيدا بولغان شاتورلار دۆلىتى — كېيىنكى تاڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا - تىجارەتنىڭ بەك ئاۋاتلاشقانلىقىنى پەقەتلا بۇ يەردىكى سوغدىلارنىڭ كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى مەركىزىي ئاسىيادىكى سودىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىياتى ۋە سوغدىلارنىڭ بۇ رايوندىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ئابروي - ئىناۋىتىنىڭ چوڭ بولۇشى، قىيىنچىلىقلارنى ناھايىتى ئوڭايلا ئوڭۇشلۇق يېڭىپ چىقىشقا ماھىر بولۇشى، قولىدىن كەتكەن جايلىرىنى ۋە تەسىرىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئەكسىگە كەلتۈرۈۋېلىشى، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە قادىر بولۇشى — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قۇدرەتلىك خەلقئارا سودا شىركىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. سوغدىلىقلارنىڭ بانكا خوجايىنلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ۋە ئەھۋاللارغا قارىغاندا، كۆچمەنلەر ياكى ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىلىرىنىڭ بۇ بانكا خوجايىنلىرىغا ئېھتىياجى چۈشكەنلىكى بەك روشەن. تاڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختىدە ياشىغان چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ پۇل قەرز بېرىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇلات قىلغانلىقى بىزنىڭ يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ. مانا مۇشۇ سودىگەرلەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى سوغدىلىقلار ئىدى①.

① شاڭ دانىڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىنىڭ 35 - بېتى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەركىزىي ئاسىيانىڭ
شەرقىي قىسمىنىڭ تۇرلۇك تارىخىي مەسىلىلىرى بىلەن مەشغۇلات
ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلغان ئۇيغۇر خاقانلىقى
ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقى
يىمىرىلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان ئانچە چوڭ بولمىغان
خانلىقلارنىڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بولسۇن، سودىنىڭ بەك
كەڭرى تەرەققىي قىلغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر-
دە دېيىلىۋاتقان گەپ ئىچكى سودا ئەمەس، خەلقئارا سودىدۇر.
مانا مۇشۇ خۇلاسىلەرنى توققۇز ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ كۆچ-
مەن خەلق ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالماي تۇرۇپ چىقىرىدۇ.
كۆچمەن ئېكىستېنسىۋ ئىگىلىك كۆچمەنلەرنىڭ كەڭ سودا پائال-
يىتى ئېلىپ بېرىشقا تۇرتكە بولالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز-
لىرىنىڭ تارقىلىپ جايلاشقان تېررىتورىيىسى دائىرىسىدىن چىقىپ
سودا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ تۇرتكە بولالمايدۇ.
كۆچمەن ئىگىلىكتە شەكىللەنگەن ئانچە كۆپ بولمىغان تاۋار-
لارنىڭ قالدۇقى ۋاسىتىچىلەر ئارقىلىق بازارغا كىرگەن. ئۇيغۇر
خاقانلىقى شارائىتىدا ھەممە چوڭ سودا - تىجارەتنى ئىگىلىۋالغان
سوغدىلار ۋاسىتىچىلەر قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇيغۇر خاقان-
لىقى تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەر تۇرپان، كۇچا، قومۇل ۋە
نەنسەن ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، گەرچە
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان ئايرىم گۇرۇپپىلار
ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچۈپ، يېڭى كەسىپلەرنى ئىگىلەپ
يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشقا يولۇققان
بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى كۆچمەن ھاياتنى
داۋاملىق ساقلاپ يۈرگۈزەردى. ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچكەن
كۆچمەنلەرنىڭ يېڭىدىن ئىگىلىگەن كەسىپلىرى ئىچىدە سودا -
تىجارەتمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن، توققۇز ئوغۇزلار ئولتۇراقلاشقان
ھاياتقا ئۆتۈپ، تەدرىجىي ھالدا يەرلىك ئاھالە بىلەن سىڭىشىپ

كەتتى. ئۇلار ھىندى - ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىم
كى ئاھالە بىلەن، سوغدىلار ۋە نۇرغۇنلىغان تۈركىي قەبىلىلەر
بىلەن بىرلىكتە بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغۇچى
يېڭى خەلقنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا تەڭ ھوقۇق بىلەن ئىش
تىراك قىلدى. سودا - تىجارەتكە كىرىشكەندە، ئۇلار ئەھۋاللار
غا قارىغاندا، ئىككىنچى دەرىجىلىك رول ئوينىغان بولسا
كېرەك، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭراق سودا - تىجارەت ۋە شۇنىڭدەك
خەلقئارا سودا يەنە خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىتلارغىچە سوغدىلار
نىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. بىزنىڭ مۇشۇ يۇقىرىدا بايان
قىلغانلىرىمىزنى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بىلەن كېيىنكى تاڭ
دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا بولغان سودا - تىجارەتنىڭ جۇشقۇن بولغان
لىقىمۇ ئەستىقلايدۇ. ھەر ئىككى دۆلەتتە تاشقى سودا سوغدى
لىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. بۇلا ئەمەس، سوغدى سودىگەر
لىرىنىڭ خەلقئارا بىرلەشمىسى مەۋجۇت ئىكەنلىكىمۇ تولۇق
مۇمكىن ئىش. ئەگەردە مۇشۇنداق بولغاندا، بۇنىڭ ئۆزى سودا -
تىجارەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا تېخىمۇ چوڭ تۈرتكە بولغان بولىدۇ.

جۇڭگو سۇڭ دۆلىتى ھاكىمىيىتى دائىرىسىدە بىرلىككە
كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى بۇ يېڭى ھاكىمى
يەت بىلەن خېلى چوڭ كۆلەمدە سودا مۇئامىلىلىرىنى ئېلىپ
بېرىشنى داۋاملاشتۇردى. جۇڭگونىڭ تارىخچىلىرى «بەش دەۋر»
مەزگىلىدىكى تارىخچىلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ يەنە
بۇرۇنقىدەكلا نەنسەن ئېتەكلىرىدىن كەلگەن ئەلچى (سودىگەر)
لەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. سۇڭ
دۆلىتى تەشكىللىنىپ، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى 1028 - يىلى
ھالاك بولغانغا قەدەر ئۆتكەن 64 يىل ئىچىدىكى ۋەقەلەرگە
مۇناسىۋەتلىك 31 نەپەر ئەلچى (سودىگەر) نىڭ ئىسىم فامىلى
لىرى يېزىلغان. بۇ سان ئۆتكەنكى 54 يىل ئىچىدە («بەش
دەۋر» مەزگىلىدە) كۆرسىتىلگەن سانلارغا قارىغاندا خېلىلا ئۆت

بۇ 31 ئەلچى (سودىگەر) ئىچىدە ئون نەپەر سوغدى فامىلىلىك ئادەم بار ئىكەن. بۇ ئومۇمىي سودىگەرلەرنىڭ 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ نىسبەت ئاۋۋالقىلارغا قارىغاندا سەل ئوشۇق. خۇددى بۇرۇنقىدەك بىرىنچى ئورۇندا ئەن فامىلىلىك بۇخارالىقلار بار (ئالتە نەپەر ئادەم). بۇنىڭدىن باشقا، ساۋ فامىلىلىكلەر قوشۇلغان (كابۇدانىدىن ئىككى نەپەر) ۋە كاڭ فامىلىلىك (سەمەرقەنتلىك) بىر نەپەر ئادەم، شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ دەۋردىمۇ سوغدىلار سودا - تىجارەتتە كۆرۈنەرلىك رول ئويناشنى داۋاملاشتۇرغان.

سوغدىلارنىڭ رولى ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىنىڭ ئەلچى (سودىگەر) لىرىنىڭ ئىسىم فامىلىلىرىنىڭ تەھلىلى نەتىجىسىگە قارىغاندا كۆپرەك بولۇشى كېرەك ئىدى. جۇڭگونىڭ تارىخچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قول يازمىلىرىدا، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئاكلىق ھالدا ھەقىقىي ئەلچىلەر بىلەن سودىگەرلەرنى پەرق ئەتمەي يازغان بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ يەردە ئەلچى (سودىگەر) دېگەن فورمۇلىنى قوللانماقتىمىز. ئەلچىلەر بىلەن سودىگەرلەرنى ئايرىپ كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس دېگۈدەكلا دەرىجىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلچى، سودىگەرلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەلگەن گۇرۇپپىلىرىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقىغا نىسبەتەن، بۇ مەسىلە توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەخمىننى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ، خانلىقتىكى ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلار قولىدا بولغاچقا، ئەلچىلەرنىڭ كۆپچىلىكىمۇ ئۇيغۇرلار بولۇشى كېرەك ئىدى. دېمەك، سودا - تىجارەت ئىشلىرىدا سوغدىلارنىڭ رولى سوغدى فامىلىلىكلەرنى ئاددىي ھالدا ساناپ كۆرسىتىشكە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك بولۇشى كېرەك.

جۇڭگو مەنبەلىرىدە پەقەت سودا كارۋانلىرىنىڭ (ئەلچىلىكلەرنىڭ) رەھبەرلىرىنىڭلا ئىسىملىرى يېزىلغان، يەنە مۇشۇ مەلۇماتلارنىڭ ئۆزىدىن كارۋاننىڭ (ئەلچىلىكنىڭ) ئىچىدە بىرقانچە

ئون ئادەم بارلىقىنى، بەزى چاغلاردا 100 دىن ئوشۇق ئادەمنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىر سودا كارۋان تەركىبىدە بىرمۇنچە مۇستەقىل سودىگەرلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مۇشۇنداق سودا كارۋىنىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكىنى كارۋانغا خىزمەت قىلغۇچى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئادەملەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار تاۋار - ماللارنىڭ يولدىكى ئامانلىقىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئات - ئۇلاقلارنى باقىدۇ ۋە كېيىن تاۋار - ماللارنى سېتىشقا ياردەملىشىدۇ.

سۆزىمىزنىڭ ئاخىرىدا، سودا - تىجارەت پائالىيىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ رولى توغرۇلۇق خاتا چۈشەنچىلەر پەيدا قىلغان سەۋەبلەر ئۈستىدە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنىڭدىكى ھەممە مەسئۇلىيەت جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. بۇلار ئۇيغۇر خاقانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردىن باشلاپلا خاقانلىق ئىچىدىكى ئاھالىنى پەرق ئەتمەي ھەممىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان، ئەلچىلەر كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردا كەلگەنلا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان. تەتقىقاتچىلار بولسا، مانا مۇشۇ مەلۇماتلارنى تەنقىدىي مەۋقەدە تۇرۇپ تەھلىل قىلمىغان. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## خاتىمە

مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدا XI — XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى دەۋر ئالاھىدە قىزىق بىر دەۋردۇر. تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرىتى ئەنلۇشەن توپىلىڭى ( 755 — 763) مەزگىلىدە تېگى - تېگىدىن تەۋرىتىۋېتىلدى. بۇ توپىلاڭچىلار بىلەن بولغان كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدە پەيدا بولغان خانىۋەيرانچىلىق جايلاردىكى ھېراۋۇل (节度使) لارنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە ۋە ئىمپېراتور مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولدى. نائىپلارنىڭ ئارىسىدىكى ئايرىلىش تىندىنىسىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن بىر قاتار، دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش كۈچەيدى، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى پومېشچىكلارنىڭ ئىگىلىۋېلىشى كۈچەيدى. دېھقانلارنىڭ كەمبەغەللىشىشى، ئۆي - ماكانسىزلارنىڭ كۆپلەپ ئېشىشى ستىخىيىلىك ھالدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئېلىپ كەلدى. IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، بۇ قوزغىلاڭلار خۇاڭ چاۋ رەھبەرلىكىدىكى كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار ئۇرۇشىغا ئېلىپ كەلدى. خۇاڭ چاۋنىڭ كۈرەشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى، ئۇنىڭ قوشۇنى تارمار كەلتۈرۈلدى، ئۆزى 901 - يىلى ھالاك بولدى. تاڭ ئىمپېرىيىسى ئەمەلىيەتتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن چاغلاردىلا ئەمەلدىن قالغانىدى. لېكىن رەسمىي تارىختا بۇنى ھۆكۈمران سۇلالىنىڭ ھەممە ۋەكىللىرى يوقىتىلغان 906 - يىلى يۈز بەردى دەپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەربىي كۈچ - قۇدرىتىدىن ئايرىلىپ قالغان تاڭ دۆلىتى مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش

ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدى. جۇڭگو تەسىرىنىڭ يوقىتىلىشى جۇڭگونى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرىدىن تەدرىجىي ھالدا پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قېلىشقا ئېلىپ كەلدى.

تاڭ دۆلىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، تارىختا «بەش دەۋرە ئون پادىشاھلىق» (906 — 960) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر فېئوداللىق پارچىلىنىش مەزگىلى باشلاندى. مەملىكەتنىڭ يېڭى سۇڭ دۆلىتى (960 — 1279) دائىرىسىدە بىرلىككە كېلىشى — جۇڭگونىڭ قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا توققۇز ئوغۇز (تېلى) قەبىلىلىرىنىڭ تەقدىرىدە مۇھىم ۋەقەلەر يۈز بەردى. مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ كۆپلىگەن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئېتنونىمىنى جۇڭگو مەنبەلىرىدە ۋە شۇنىڭدەك چەت ئەل ۋە ۋەتىنىمىز ئەدەبىياتىدا كەڭ مەنىدە قوللىنىش ھەقىقىي ئەھۋاللارغا ئانچە ئۇيغۇن - ماس كەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. بۇ ئېتنونىمنى مۇشۇنداق كەڭ مەنىدە چۈشىنىش نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرنى يوققا چىقىرىدۇ ۋە رېئال ئەھۋالنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ.

مەنبەلەرنىڭ تەھلىلى ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىق تېررىتورىيىسىدىن سەددىچىن رايونىغا، نەنسەن ئېتەكلىرىگە ۋە ئانچە كۆپ بولمىغان بىر قىسمى كۇچا رايونىغا كۆچكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 840 - يىلى، خاقانلىقنىڭ شەرقىي يېرىم قىسمىنى تاشلاپ كەتكەن ئاھالىنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 400 مىڭ ئادەمگە يېتىدۇ. بۇلار ئاساسەن ئەسلى ئۇيغۇرلار ئىدى. ئېھتىمال، بۇلاردىن ئىتتىپاقتا ساداقەتلىكىنى ساقلاپ قالغان باشقا توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ گۇرۇپپىلار كۆچۈپ كەلگۈچىلەر ئىچىدە، تەخمىنەن 866 - يىللار ئەتراپىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىكىنى يوقاتقان كۇچا ئۇيغۇرلىرى شەرقىي

تۈركستاننىڭ بۈگۈنكى ئاھالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىشتىراك قىلدى. ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى سەددىچىن بويىدا تاڭ دۆلىتى بىلەن بولغان كۈرەشلەردە ( 840— 848) قىسمەن يوقالدى. ئامان قالغانلىرى شىمالىي جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسىگە تارقىلىپ جايلاشتى. ئەسلى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تىكلەنگەن بىردىنبىر مۇستەھكەم دۆلەت تەشكىلىي — ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى 1028 - يىلى تاڭغۇتلارنىڭ زەربىسى بىلەن يىمىرىلدى. ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى يوقىتىلدى، بىر قىسمى تاڭغۇت دۆلىتى تېررىتورىيىسى ئىچىدە قېلىۋەردى، چوڭ بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تىبەتكە كېتىپ جايلاشتى.

866 - يىلى شەرقىي تىيانشان رايونىنى ئىگىلىۋالغان ۋە تەخمىنەن شۇ يىللاردا ئۇيغۇر كۇچا خانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى (ئەسلى ئۇيغۇرلاردىن باشقا) مانا مۇشۇ جايدا 400 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چوڭ بىر دۆلەت — تۇرپان خانلىقىنى تىكلىدى. توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدىكى ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنى ۋە مۇشۇ تېررىتورىيىدە يۈرگەن ئايرىم كىچىكرەك كۆچمەن قەبىلىلەرنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىپ تىيانشان تېغىنىڭ ئاساسەن شىمال تەرىپىدىكى كەڭ ئوتلاقلاردا كۆچۈپ يۈردى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا ئۆتمىگەنلىكىنى، تا تۇرپان خانلىقى ھالاك بولغانغا قەدەر، كۆچمەن ھايات كەچۈرگەنلىكىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. تۇرپان خانلىقى قۇبلاي تەرەپ بولۇپ، شىمالدىكى گۇرۇھلار كۈرىشىگە ئارىلىشىپ قېلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن توققۇز ئوغۇزلار نەنسەن ئېتەكلىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئاھالىسىنىڭ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، شەكىللىنىشىگە تىيانشاننىڭ شەرقىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندا قېپقالغان

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئانچە كۆپ بولمىغان بىر قىسمى ۋە شۇنىڭدەك ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى قاتناشقان.

دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەتقىقاتى سودا - تىجارەت بىلەن سوغدىلىقلارنىڭ مەشغۇل بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. مۇشۇ سودىدا ئۇيغۇرلار يېتەكچى رول ئوينىغان دەپ شەكىللىنىپ قالغان چۈشەنچىنى بەك ئادىل بوپتۇ دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولماي تۇرىدۇ. بۇ چۈشەنچە جۇڭگو تەزكىرىچىلىرىنىڭ «خۇيخې» (ئۇيغۇرلار) دېگەن ئېتنونىمنى كەڭ مەنىدە قوللانغانلىقى، بەزىدە مۇۋاپىق ئىشلەتمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئۇيغۇر دەپ خاقانلىق تەركىبىگە كىرگەن ھەممە توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىلا ئاتاپ قالماستىن، بەلكى سوغدى قەبىلىلىرىنىمۇ ئېيتقان ۋە كېيىنرەك غەربىي يۇرتتىكى مۇسۇلمانلارنى ئاتىغان.

بىز بۇ يەردە توختاپ ئۆتكەن IX — X ئەسىرلەر ئاخىرىدىكى دۇڭخۇاڭ تارىخى مۇشۇ كۈنگىچە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، دۇڭخۇاڭ شۇ چاغلاردا نەنسەن ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كېلىپ تۇرۇپ قالغان خەنزۇ جامائەلىرىنىڭ مەركىزى ئىدى دېگەن پىكىرنى رەت قىلىشقا ئىمكان بەردى. 851 - يىلدىن باشلاپ 911 - يىلنىڭ ئارىلىقىدا دۇڭخۇاڭدىكى ھاكىمىيەت بېشىغا ئوتتۇرىدا ئانچە - مۇنچە ئۈزۈلۈپ قېلىشلار بىلەن، يۇرت سوراپ كەلگەن خەنزۇلاردىن بولغان جاڭ جەمەتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، سوغدىلاردىن بولغان ساۋ جەمەتىنىڭ چىققانلىقى ئىسپاتلاندى. ھاكىمىيەتتىكى بۇ ئۆزگىرىشنى دۇڭخۇاڭدىكى سوغدى ئاھالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى، چۈنكى ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇ مۇھىم سودا - تىجارەت ئورنىدا ۋە ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى بولغان جايدا دوستانە ھاكىمىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا مەنپەئەتدار ئىدى.

# ئاساسلانغان مەنبەلەر


1. مادۇەنلىك ، 马端临: «مەنبەلەر تەتقىقاتى» (文献通考)
بېيجىڭ، 1958 - يىل نەشرى.

2. توتو (توقتو) 脱脱: « لياۋ سۇلالىسى تارىخى» (辽史)
بېيجىڭ، 1958 - يىل نەشرى.

3. ئوۋياڭشيۇ 欧阳修: «يېڭى تاڭنامە» (新唐书)
بېيجىڭ، 1958 - يىل.

4. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر توپلىمى»
(宋会要辑稿) 1957 - يىل، بېيجىڭ.

5. لى تاۋ 李焘: «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇ-
مىي ئۆرنەكلەر، نىڭ قوشۇم-
چىسى» بېيجىڭ، 1956 - يىل نەشرى. (续资治通鉴长编)

6. توتو (توقتو) 脱脱: «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» [960 -
1279] («宋史») بېيجىڭ 1958 - يىل نەشرى.

7. ۋېي ۋى 魏微: «سۈينامە» (隋书) بېيجىڭ، 1958 - يىل.

8. يۆشى乐史: «تەيپىڭ خۇەنيۈيجى»(太平寰宇记) [«تەيپىڭشىڭگو
(976 — 984) يىللىرى مەزگىلىدە تۈزۈلگەن
دۇنيا بايانى» قامۇسى]

9. ۋاڭ بو 王溥: «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت مۇھىم
خاتىرىلەر» (唐会要)

10. ۋاڭ بو 王溥: «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت مۇھىم خاتى-
رىلەر»(五代会要)

11. ئوۋياڭ شيۇ 欧阳修: «بەش دەۋر تارىخىدىن خاتىرىلەر»
(新五代史) 《五代史记》 (بۇ كىتابنى

بەزىدە «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» دەپمۇ ئاتايدۇ) بېيجىڭ، 1952 - يىل.

12. لى دېيۈي 李德裕: «خۇيچاڭ يىللىرى(841 — 847)دا مەكتۇپ شەكلىدە يېزىلغان لى دې يۈي ئەسەرلىرى توپلىمى» شاڭخەي، 1936 - يىل نەشرى. (会昌一品集)

13. يې لۇنلېي 叶隆礼: «قىتانلار تەزكىرىسى» (بۇ كىتابنىڭ ۋ. س. تاسكىن تەرىپىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان 1979 - يىلى مۇسكۋادا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى بار) (契丹国志)

14. ليۇشۈي 刘昫: «كونا تاڭنامە» بېيجىڭ، 1958- يىل نەشرى. (旧唐书)

15. شې جۈيجىن 薛居正: «كونا بەش دەۋر تارىخى» بېيجىڭ، 1958 - يىلى نەشرى. (旧五代史)

16. ۋاڭ چىنرو، ياڭيى 王钦若 杨亿: «كىتابلار جەۋھىرى» بېيجىڭ، 1960 - يىل نەشرى (册府元龟)

17. سىما گۇاڭ 司马光: «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» بېيجىڭ 1957 - يىل (资治通鉴)

18. دۇمۇ 杜牧: «دۇمۇ ئەسەرلىرى توپلىمى» «يۈيگۇڭ» بېيجىڭ، 1935 - يىل 4 - توم 5 - 13 - بەتلەر (樊川文集)

19. خوڭ خاۋ 洪皓: «دەشت چۆل توغرىسىدىكى خاتىرىلەر» 1933 - يىل بېيجىڭ نەشرى. 1985 - 4. (松漠纪闻)

پايدىلىنىلغان ئەسەرلەر
(رۇس تىلىدىكىلىرى)

1. ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك» گ. س. سابلىكوۋ تەرىپىدىن رۇسچىغا قىلىنغان تەرجىمىسى. قازان دارىلفۇنۇنى يېنىدىكى ئارخېئولوگىيە، تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1905 — 1906 - يىللىرى قازاندا نەشر قىلىنغان مەجمۇئەنىڭ 21 - تومىدا.

2. بارتولد. ۋ. ۋ: «تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدا خاتىرە»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 - توم 1 - قىسىم، 1963 - يىل موسكۋا نەشرى.

3. بارتولد. ۋ. ۋ: «يەتتىسۇ تارىخىدىن ئوچېركلار»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 - توم 1 - قىسىم، 1963 - يىل موسكۋا نەشرى.

4. بارتولد. ۋ. ۋ: «تۈركمەن خەلقى تارىخىدىن ئوچېركلار»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 - توم. 1 - قىسىم، 1963 - يىل موسكۋا نەشرى.

5. بارتولد. ۋ. ۋ: «قىرغىزلار تارىخىدىن ئوچېركلار»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 - توم 1 - قىسىم، 1963 - يىل موسكۋا نەشرى.

6. بارتولد. ۋ. ۋ: «موڭغۇللار دەۋرىگىچە بولغان تۈركىستاندىكى خرىستىئان دىنى ھەققىدە»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 - توم 2 - قىسىم، 1964 - يىل موسكۋا نەشرى.

7. بارتولد. ۋ. ۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا 12 لېكسىيە»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 5 - توم، 1968 - يىل موسكۋا نەشرى.

8. بارتولد. ۋ. ۋ: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يازما خاتىرىلىرى ۋە ئەرەب مەنبەلىرى»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 5 -

تومء 1968 - يىلى موسكۋا نەشرى.
9. بارتولىد. ۋ. ۋ: «تۈرك - موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 5 - تومء 1968 - يىلى موسكۋا نەشرى.
10. بارتولد. ۋ. ۋ: «توغۇز - ئوغۇزلار»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 5 - تومء 1968 - يىلى موسكۋا نەشرى.
11. بارتولد. ۋ. ۋ: «تۈركلەر»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 5 - تومء 1968 - يىلى موسكۋا نەشرى.
12. بارتولد. ۋ. ۋ: «‹ھۇدۇدۇلئەلەم›نىڭ نەشىر قىلىنىشىغا كىرىش سۆز»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 8 - تومء 1973 - يىلى موسكۋا نەشرى.
13. بارتولد. ۋ. ۋ: «گەردىزى ‹زەينۇنئۇل - ئەخبار› ناملىق ئەسىرىدىن ئۈزۈندىلەر»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 8 - تومء 1973 - يىلى موسكۋا نەشرى.
14. بارتولد. ۋ. ۋ: «ياۋروپا ۋە روسىيىدە شەرقنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخى»، «بارتولد ئەسەرلىرى» 9 - تومء 1977 - يىلى موسكۋا نەشرى.
15. بىچورىن.ن.يا: «تىبەت ۋە كۆكنۇرنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى ئەسىر ئاۋۋالقى مەزگىلىدىن باشلاپ مىلادىدىن كېيىنكى 1227 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخى»، 1 - قىسىمء 1883 - يىلى سانكىت - پېتېربۇرگ نەشرى.
16. بىچورىن. ن. يا: «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى زاماندا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلار توپلىمى»، 1 - تومء 1950 - يىلى موسكۋا - لېنىنگراد نەشرى.
17. بوگوسلوۋسكى. ۋ. ئا: «تىبەت تارىخىدىن ئوچېركلار» (سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىشى)،

1962 - يىل موسكۋا نەشرى.

18. ۋوروبىيوۋ. م. ۋ: «جورجىتلار دۆلىتى — جىن دۆلىتى ۋە مەركىزي ئاسىيا» (جىن دۆلىتى مەنبەلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان) «شەرقنىڭ ئەللىرى ۋە خەلقلىرى» ناملىق توپلامنىڭ 11 - تومى، 1971 - يىل موسكۋا نەشرى.

19. ۋوروبىيوۋ. م. ۋ: «جورجىتلار ۋە جىن دۆلىتى» (X ئەسىردىن 1224 - يىللارغىچە)، 1975 - يىل موسكۋا نەشرى.

20. گرىگورىيېۋ. ۋ. ۋ: «روسىيە بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتىكى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ جۇغراپىيىسى، شەرقىي ياكى چىنى تۈركىستان» 1 - مەجمۇئە. قوشۇمچە. 1 - قىسىم، تارىخىي - جۇغراپىيىۋى ئەھۋال، 1973 - يىل سانكىت - پېتېربۇرگ نەشرى.

21. گومىلىيوۋ. ل. ن: «قەدىمكى تۈركلەر»، 1967 يىل موسكۋا نەشرى.

22. گومىلىيوۋ. ل. ن: «شەرق ئەللىرىنى تەتقىق قىلىشتا تارىخىي جۇغراپىيىنىڭ ئورنى»، «ئاسىيا - ئافرىقا خەلقلىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 1970 - يىل 1 - سانى.

23. گومىلىيوۋ. ل. ن: «خىيالىي شەھەرنى ئىزلەش» («روھانىي ئىشۇئاننىڭ دۆلىتى» توغرىسىدىكى ئەپسانە)، 1970 - يىل موسكۋا نەشرى.

24. دېرېۋيەنكو. ي. ئى: «يىراق شەرقتىكى قەبىلىلەرنىڭ مەركىزي ئاسىيا كۆچمەنلىرى بىلەن بولغان قەدىمكى مۇناسىۋەتلىرى مەسىلىسىگە دائىر (VI—X ئەسىرلەر) «ئارخېئولوگىيىلىك لابوراتورىيە تەتقىقات خەۋىرى»نىڭ 1974 - يىل

5 - سانى، كېمبرىجۋو شەھىرىدە نەشر قىلىنغان.

25. دېرېۋيەنكو. ي. ئى: «ئامۇر دەرياسى بويىدىكى قەبىلىلەرنىڭ دەپنە قائىدە - يوسۇنلىرىدا تۈركىي قەبىلىلەر ئامىللىرى» «ئالتاي ۋە غەربىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» ناملىق توپلام، 1978 - يىل نوۋوسىبىرسك نەشرى.

26. يې لۈتلىپى: «قىتان دۆلىتىنىڭ تارىخى» ۋ. س. تاسكىن تەرىپىدىن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە بۇنىڭغا كىرىش سۆز ۋە ئىزاھات بېرىلگەن، 1879 - يىل موسكۋا نەشرى.

27. «قازاق سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تارىخى» 1 — 2 توملار، 1977 - 1979 - يىل ئالمۇتا نەشرى.

28. كازىم بېك مىرزا مۇھەممەت ئەلى: «ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقات» «خەلق مائارىپى مەجمۇئەسى»نىڭ 31 - سانى 2 - قىسىم، 1841 - يىل سانكىت - پېتېربۇرگ نەشرى.

29. كىسلىيوۋ. س. ۋ: «موڭغۇلىيىنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرى» «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» ژۇرنىلى، 1957 - يىل 2 - سان.

30. كىلياشتورنىي. س. گ: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ رونىك يېزىق ئابىدىلىرىگە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قاراش»، 1964 - يىل موسكۋا نەشرى.

31. كىرىيوكوۋ. م. ۋە سوفرونوۋ. م. ۋە چېباكساروۋ: «قەدىمكى خەنزۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىلىرى» 1979 - يىل موسكۋا نەشرى.

32. كىچانوۋ. ي. ئى: «IX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى تاشكەنت — ئۇيغۇر سوقۇشلىرى تارىخىغا دائىر»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چوقان - ۋەلىخانوۋ نامىدىكى تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى، 15 - توم، 1962 - يىل ئالمۇتا نەشرى.

33. كىچانوۋ. ي. ئى: «جاراڭلاپ تۇرىدىغانلا خەتلەر»، 1965 - يىل موسكۋا نەشرى.

34. كىچانوۋ. ي. ئى: «تاڭغۇتلار تارىخىدىن ئوچېركلار»، 1968 - يىل موسكۋا نەشرى.

35. كىچانوۋ. ي. ئى: «تاڭغۇتلار ۋە غەرب ئەللىرى» «شەرق ئەللىرى ۋە خەلقلىرى» ناملىق توپلام، 10 - سان، 1971 - يىل موسكۋا نەشرى.

36. لۇبو - لېسنىچېنكو. ي. ئى، شافرانوۋسكايا. ت. ك: «ئۆلۈك شەھەر قارا - خوتو»، 1968 - يىل موسكۋا نەشرى.

37. مايسكى. ئى. م: «بۈگۈنكى موڭغۇلىيە»، 1921 - يىل ئىركۇتسكى نەشرى.

38. مالوۋ. س. ئى: «قەدىمكى تۈركىي يېزىق ئابىدىلىرى، تېكىستلەر ۋە تەتقىقات»، 1951 - يىل موسكۋا - لېنىنگراد نەشرى.

39. مالىيەۋكىن. ئا. گ: «XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى» «قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چوقان. ۋەلىخانوۋ نامىدىكى تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى، 15 - توم، 1962 - يىل ئالمۇتا نەشرى.

40. مالىيەۋكىن. ئا. گ: «IX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەر»، «مەركىزىي ئاسىيا ۋە تىبەت» ناملىق توپلامدا.
1972 - يىل نوۋوسىبىرسىك نەشرى.
41. مالىيەۋكىن. ئا.گ: «ئۇيغۇر خانلىقى هالاك بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ جايلىشىش مەسىلىسىگە دائىر» س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى سىبىرىيە شۆبىسى تەتقىقات ماتېرىياللىرى توپلىمى №1 سان. 1972 - يىل.

42. مالىيەۋكىن. ئا.گ: «IX—XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى».
1974 - يىل، نوۋوسىبىرسىك نەشرى.
43. مالىيەۋكىن. ئا.گ: «Xئەسىردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە دائىر جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى 贡 (گوڭ) ئاتالغۇسىنىڭ رېئال ئەهمىيىتى»، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى سىبىر، مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىيا» دېگەن توپلامدا، 1975 - يىل نوۋوسىبىرسىك نەشرى.
44. مالىيەۋكىن. ئا.گ: «840 — 848 - يىللاردىكى ئۇيغۇرلار ۋە جۇڭگو»، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى سىبىر، مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىيا» دېگەن توپلام، 1975 - يىل نوۋوسىبىرسىك نەشرى.
45. مالىيەۋكىن. ئا.گ:«تاڭ دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا يېتەكچى ئورۇن تالىشىش كۆرىشىدىكى تاكتىكىسى»،

«ئوتتۇرا ئەسىردىكى يىراق شەرق ۋە
ئۇنىڭغا قوشنا تېررىتورىيىلەر» ناملىق توپلام.
1980 - يىلى نوۋوسىبىرسك نەشرى.

46. مالىيەۋكىن. ئا.گ: «مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى»
(ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات).
1981 - يىلى نوۋوسىبىرسك نەشرى.

47. مىدۋېدېۋ. ۋ.ي: «X—XI ئەسىرلەر ئاخىرىدىكى ئامور
دەرياسى بويىدىكى جورجىتلار مەدەنىيىتى»
1977 - يىلى نوۋوسىبىرسك نەشرى.

48. ئاكلادىنكوۋ. ئا.پ: «بايقال بويىنىڭ تۈركلەر زامانىسىدىكى
تارىخىنىڭ يېڭى ماتېرىياللىرى» (ئونگىي
دەرياسى بويىدىكى سوغدا كالونىيىلىرى).
«بۇرىياتىيىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى
ناملىق توپلامدا ئېلان قىلىنغان، 1970 -
يىل ئۆلان ئودى.

49. شاڭ يۆ مۇھەررىرلىكىدىكى «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي
بايان» (قەدىمكى زاماندىن ئەپيۇن ئۇرۇ-
شىغىچە) 尚钺主编 1959 - يىل موسكۋا «中国历史纲要»

50. پېكوۋ. گ.گ: «غەربىي قىتانلار ئىقتىسادىنىڭ بەزى
مەسىلىلىرى» «ئوتتۇرا ئەسىردىكى يىراق
شەرق ۋە ئۇنىڭغا قوشنا تېررىتورىيىلەر»
1980 - يىلى نوۋوسىبىرسك نەشرى.

51. پوزدنىيېۋ. د.م: «ئۇيغۇرلار تارىخى توغرىسىدا ئوچېرك»
(جۇڭگو مەنبەلىرى ئاساسىدا يېزىلغان)
سانكت - پېتېربۇرگ 1899 - يىلى
نەشرى.

52. پېرلېئې. خ: «موڭغۇلىيىنىڭ قەدىمكى شەھەر ۋە يېزىلىرى

نىڭ تارىخىغا دائىر» «سوۋېت ئارخېئولوگىيە-
سى» ژۇرنىلى 1957 - يىل 3 - سان

53. رادلوۋ. ۋ.ۋ: «ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى مەسىلىگە دائىر»
«قۇتادغۇبىلىكنىڭ نەشرىگە كىرىش سۆز»دىن،
1893 - يىل سانكىت - پېتېربۇرگ

54. سىلادكوۋىسكى. م.ئى: «جۇڭگونىڭ تارىخى، ئىقتىسادىي،
ئېتنوگرافىيىسىنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرى»
1978 - يىل موسكۋا.

55. سوپرۇنېنكو. گ.پ: IX ئەسىر مەنبەسى «لى ۋېيگۇن ‹خۇي-
چاڭ يىللىرىدا مەكتۇپ شەكلىدە
يېزىلغان خەتلەر›دە كۆرسىتىلگەن
جۇڭگو بىلەن يېنىسەي قىرغىزلىرى
مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر»،
قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى
ئەسەرلىرى 5 - توم (ئىجتىمائىي پەن
قىسمى) 1- قىسىم، 1963 - يىل فرونزىيە

56. تاسكىن. ۋ. س: «ھۇنلارنىڭ چارۋىچىلىقى» (جۇڭگو مەنبە-
لىرىگە ئاساسەن يېزىلغان).
«جۇڭگو تارىخى ۋە تارىخشۇناسلىق مەسە-
لىلىرى» ناملىق توپلام، 1968 - يىل موسكۋا.

57. تاسكىن. ۋ. س: «قىتان ئىمپېراتورى جۇڭگو تەختىدە»
«ئوتتۇرا ئەسىردىكى سىبىر، مەركىزىي ۋە
شەرقىي ئاسىيا» ناملىق توپلام، 1975 - يىل
نوۋوسىبىرسك.

58. تىخۋىنىسكىي. ل. س: «جۇڭگو تارىخى ۋە بۈگۈنكى زامان»،
1976 - يىل موسكۋا نەشرى.

59. تىخىنوۋ. د.ئى: «X — XIV ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ

ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى».
1966 - يىل موسكۋا - لېنىنگراد نەشرى.
60. چۇگۇيېۋىسكى. ل. ئى: «دۇخخۇاڭ رايونىدىكى سوغدا كالونىيەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يېڭى ماتېرىياللار» «شەرق ئەللىرى ۋە خەلقلىرى» ناملىق توپلام.
1971 - يىل، موسكۋا
61. ياكوبوۋىسكى. ئا. يۇ: «IX—X ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى ھەققىدە ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىرى».
«شەرقنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى» ناملىق توپلام 4. 1947 - يىل.

(چەت ئەل تىلىدىكىلىرى)

62. ئابې تاكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرلار تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»
كيوتو، 1955 - يىل.
63. ۋاڭ رىۋى: 王日蔚 «تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار»
(唐后回鹘)史学集刊 北京 1936 年
1936 - يىل بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان ژۇرنىلىنىڭ 1- سانىغا بېسىلغان.
64. ۋاڭ رىۋى: 王日蔚 (契丹与回鹘关系考)
«ئۇيغۇرلار بىلەن قىتانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا تەتقىقات» 《禹贡》
«يۈيگۇڭ» 1935 - يىل 4 - توم №8
65. ۋاڭ رىۋى: «پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار»
(葱岭西回鹘)王日蔚
«يۈيگۇڭ» 1935 - يىل بېيجىڭ 4-توم.

66. دەي شىجاڭ: 戴锡章 «تاڭغۇت دۆلىتى توغرىسىدا خاتىرىلەر»

1924 - يىل بېيجىڭ 北京 28卷 (西夏纪)

67. روڭ مىڭيۈەن: 荣孟源

«جۇڭگونىڭ تارىخى يىللىرى» (中国历史纪年)

1957 - يىل، بېيجىڭ.

68. كوۋابىدار: «سۇي ۋە تاڭ دەۋرلىرىدە جۇڭگوغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان غەربىي يۇرت ئادەملىرى توغرىسىدا» سىنالوگىيە (جۇڭگوشۇناسلىق) گە دائىر ئەسەرلەر توپلىمى، 1926 - يىل، توكيو نەشرى.

69. كوۋادا. ر: «ئۇيغۇرلارنىڭ چۇشكۇنلىشىش ۋە ھالاك بولۇشى تارىخىنىڭ تەتقىقاتى».

70. لوجېنگيۈي: 罗振玉 «(补<唐书张义潮传>)» «تاڭنامە، گە قوشۇمچە .جاڭ يىچاۋنىڭ تەرجىمىھالى».

1914 - يىل (学堂丛刻1914年)

71. مائېدا. م: «ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇ گورۇپپىسىنىڭ شەكىللىنىش مەسىلىسىگە دائىر»

1962 - يىل 71 - توم. 10№.

72. مىدزۇتانى .يو: «گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ شەجەرىسى»

1978 - يىل، 99 - توم.

73. مورى ياسۇ: «قەدىمكى تۈركلەر تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»

1 - توم، 1967 - يىل، توكيو نەشرى.

74. مورى ياسۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسىلىسىگە دائىر» توكيو. 1977 - يىل، 59 - توم 1. №2.

75. مورى ياسۇ: «ئۇيغۇرلار ۋە دۇڭخۇاڭ» «دۇڭخۇاڭ تارىخى» نىڭ 2 - تومى، توكيو، 1980 - يىل.

76. مورى ياسۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق ئۈچۈن تىبەت بىـ

لەن سوقۇشۇشى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ شۇنىڭـ
مدىن كېيىنكى ۋەزىيىتى».
تۆكيو. №4 توم 55. يىل - 1973
77. ناگاسابا. گ: «لىياۋ دەۋرىدىكى تىبەت ئەلچىلىكلىرى توغرىـ
سىدا» 57 — 58 - توملار، 1960 - يىل.
78. سۇڭ كەيدى: 孙楷第«دۇڭخۇاڭدىكى ‹جاڭ يىچاۋ بىيەنۋېن›
گە كىرىش سۆز» (敦煌乌本张义潮变文跋)
سۇڭ كەيدى ئەسەرلىرى توپلىمى (سەنجۇجى)
2 - توم 1965 - يىل، بېيجىڭ.
78. سۇڭ كەيدى: 孙楷第 «دۇڭخۇاڭدىكى ‹جاڭ خۇەيشىن
بىيەنۋېن›گە كىرىش سۆز» (敦煌变文跋) سۇڭ
كەيدى ئەسەرلىرى توپلىمى (سەنجۇجى)
2 - توم، 1965 - يىل، بېيجىڭ.
79. شاڭدا: لوشۇيەن(لوجېڭيۈي)نىڭ «‹تاڭنامە› گە قوشۇمـ
چە›، جاڭ يىچاۋنىڭ تەرجىمىھالى› دېگەن
ئەسىرىگە قوشۇمچە ۋە تۈزىتىش» 向达
罗叔言《补唐书张义潮传补证》
شاڭ دا: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت
مەدەنىيىتى» 向达《唐代长安与西域文明》
1957 - يىل بېيجىڭ نەشرى.
(بۇ ماقالە تۇنجى قېتىم 1948 - يىلى «لىياۋ
خەي - يىڭنىيەنجى» دېگەن توپلامدا ئېلان
قىلىنغان.
80. شاڭ دا: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت
مەدەنىيىتى» ناملىق توپلام، 1957 - يىل
بېيجىڭ.
(بۇ ئەسەر تۇنجى قېتىم 1933- يىلى يەنجىڭ
شۆباۋدا ئېلان قىلىنغان).

81. تادزاكا. ئو: «تاڭ دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋر-
نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي شىمال چېگ-
رىداش تېررىتورىيىلەرنىڭ ئەھۋالى توغ-
رىسىدا».
11 توم، 1940 - يىل، توكيو نەشرى.
82. فودزى ئېدا.ئا: «ساجۇدىكى گۇيىي نائىپلىقىنىڭ تارىخى»
1941 - يىل 12- توم 3 - 4.
1943 - يىل 13 - توم 1 - 2. كيوتو.
83. فودزى ئېدا.ئا: «تىبەت ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى دۇڭخۇاڭ»
توپلام، 31 - توم №2 1959 - يىل، كيوتو.
84. فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، موگۇاڭۋېن: 冯家升、程溯洛、穆广文
«ئۇيغۇرلار تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈش
مەسىلىسىگە دائىر» (维吾尔族历史分期问题)
جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە تەتقىقاتى ژۇرنى-
لىدا، 1962 - يىل، بېيجىڭ.
85. فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، موگۇاڭۋېن: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا
دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» 2·1. قىسىم.
(维吾尔族史料简编)، 冯家升、程溯洛、穆广文
1958 - يىل، بېيجىڭ.
86. خانىدا تورۇ: «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ
تەتقىقاتى» «پروفېسسور خانىدا تورۇ
ئەسەرلىرى توپلىمى» نىڭ 1 - توم،
تارىخىي ئەسەرلەر قىسمى.
1957 - يىل، كيوتو نەشرى.
87. «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» (中国历史纲要)
1955 - يىل، بېيجىڭ.
88. سېن جۇڭمىيەن: 岑仲勉: «تۈركلەر تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى».
1958 - يىل، بېيجىڭ.

(突厥集史)

89. ياۋۋېيىۋەن: 姚薇元 «شىمالىي سۇلالىلەردىكى (غۇزلار) فامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل»

(北朝胡姓考)

بېيجىڭ، 1958 ـ يىل.

90. ئابې . تاكېشو «غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى ھەققىدە تەتقىقات». كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى، كيوتو، 1954 - يىل، 435 — 450 - بەتلەر.

T • 阿伯：《西部回鹘都城考》——见京都大学、1954，435—450页。

91. بەيلى. ن. ۋ: «گەنسۇدىكى تۈركلەر ھەمدە خوتەنگە ئائىت ھۆججەتلەر توغرۇلۇق بايان»

«تەيدۇڭ» 1949 - يىل 1 - تويلام 28 - 52 - بەتلەر.

H • W • 贝利：《记述甘肃突厥人之和田文书》——《泰东》。1949。卷—28—52页。

92. برېتشنەيدېر. ې. ۋ: «شەرقىي ئاسىيا تارىخ ماتېرىياللىرى بويىچە ئوتتۇرا ئەسىرلەرنى تەتقىق قىلىش» I — II توم، لوندون، 1888 - يىل.

E • V·布列斯彻奈德尔：《东亚史料中的中世纪研究》、卷——二。伦敦，1888。

93. كوگوۋيېۋسكى. ل. ئى: «VIII — X ئەسىرلەردىكى دۇڭخۇاڭ» «دۇڭخۇاڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ داۋامى» غاقارالڭ، جەنۋە، 1981، يىل 1 - 56 - بەتلەر.

L • I库格弗斯基：《八至十世纪的敦煌》。见《敦煌研究续集》，日内瓦.1981。1 —56页。

94. سېگلېدى. ك: «قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي تەركىبلىرى» «ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» 1972 - يىل

25 - توم، 275 — 281- بەتلەرگە قاراڭ.

K • 琴格列迪：《论古代突厥部落联盟的若干成分》。——见《匈牙利科学院东方学报》。1972，第XXV卷，275—281页·

95. ئېسسىدى: «ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر بېشبالىقتا (مىلادى 790—791 - يىللار)» «ۋېنگرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 1964 - يىل 17 - توم 1- قىسىم، 83 — 104- بەتلەر.

H • 伊塞迪：《回鹘人及吐蕃人在北庭（公元790—791年）》—《匈牙利科学院东方学报》，1964，第XVII卷，第一分册83—104页。

96. ئا. گابائىن: «قوچۇ ئۇيغۇرخانلىقى» (مىلادى 850 - 1250 - يىللار)، بېرلىن، 1961- يىل (بېرلىن فېدېراتىپ گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا قىلىنغان دوكلات).

冯加班：《高昌回鹘王国》（850—1250）伯林，1961，（在伯林德意志联邦科学院会议作的报告）。

97. گامىلتون. ج. ر: «بەش دەۋردىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلار»، پارىژ، 1955 - يىل.

J • R • 哈米尔顿：《汉文文献中所记之五时代回纥人》。巴黎。1955。

98. جۇلىيان. ستانىسلاس: «تىبەت دۆلىتى ۋە تىبەتلەر ھەققىدە بايان»، «جۇڭگو تۈزگەن يىلنامە ۋە جۇغراپىيە قىسمى» III: «ئۇيغۇرلار»، «قوچۇغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1947 - يىل 1-ئايلىق سان، 50 -66 - بەتلەر.

朱胜安·M·斯塔尼拉斯：《关于藩国及藩族的记述》，《中国编年及地理分册》Ⅱ。“回鹘人”；《高昌行纪》——《亚洲学报》，1947，1月刊，50—66页。

99 . كۇانتىن. ل: «تاڭغىتلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى مۇناسـ
ۋەتلىرىدە ئوينىغان رولى»: «ئىسكاندىنوۋىيە
شەرق ئىلمىي ژۇرنىلى» 1978 - يىل، 39 - توم،
181 - 198 بەتلەر.

L·克万顿：《唐古特在中国内部关系中的作用》，——《斯堪的纳维亚东方学报》、1978、第39卷、191—198页.

100 . ليۇماۋسەي: «شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدىـ
كى خەنزۇچە ھۆججەتلەر». ۋىيسبادىن، 1958 -
يىل، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى».

刘茂才：《关于东突厥汗国历史的汉语文献》、威斯巴顿、1958，《中亚研究》。

101 . ليۇماۋسەي: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى توغرىسىـ
دا تەتقىقات». 1969 - يىل «ئوتتۇرا ئاسىيا
ئىلمىي ژۇرنىلى» 4 - توم، 73 - 81 - بەتلەر.

刘笔才：《关于西回鹘王国历史的研究》。1955《中亚学报》。

102 . ماككېراس. س: «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن
ئۇيغۇرلارنىڭ دىپلوماتىيىسى ۋە سودا مۇئامىلىـ
لىرى» (744 - 840 - يىللار) «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلـ
مىي ژۇرنىلى» 1969 - يىل 13 - توم، 215 - 240 -
بەتلەر.

C.麦克拉斯：《中原王朝与回鹘外交及商路交往》（744—840）—《中亚学报》.1969.第XIII卷.215—240页。

103 . ماككېراس. س: «744 - 840 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ئىمـ
پېرىيىسى» (تاڭ سۇلالىسى تارىخى ماتېرىيالـ

لمرى ئاساسىدا يېزىلغان) — كانبېررا، 1968-
يىل (شەرقنى تەتقىق قىلىش مەركىزى، ئاۋس-
ترالىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېت)

C·麦克拉斯：《回纥王国（744—840）》。根据唐代史料、堪培拉，1968，（东方研究中心、澳大利亚国立大学）。

104. «ئۇيغۇرلار ئىمپېرىيىسى، 744 - 840 - يىللاردىكى ئۇي-
غۇرلار بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە
تەتقىقات» (تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ ماتېرى-
ياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان) كانبېررا، 1972-
يىل (ئاسىيادا نەشر قىلىنغان تەرجىمە كىتاب-
لار 2).

C·麦克拉斯：《回纥王国》，根据唐代史料，“744—840年中国—回纥关系考”，堪培拉，1972（亚洲出版丛书、第2号）。

105. مىنورىسكىي. ۋ: «ھۇدۇدۇلئەل ئالەم»، پارس تىلىدىكى جۇغ-
راپىيە، ھىجرىيە 372 - يىلى، مىلادى 782 - يىلى
يېزىلغان، ۋ. مىنورىسكىي تەرجىمە قىلغان، بار-
تولدكىرىش سۆز يازغان. لوندون، 1937 - يىل.

V·米诺尔斯基：《世界境域志》、波斯地理书，写于回历372年—公历982年。V·米诺尔斯基译注、巴托尔德序，伦敦，1937。

106. مىنورىسكىي. ۋ: «شەرەف ئەل - زامان تاھىر مەرۋازى -
جۇڭگو، تۈركلەر ۋە ھىندىستان توغرىسىدا»
1942 - يىل، لوندون.

V·米诺尔斯基：《马卫集论中国·突厥及印度》，伦敦1942年。

107. مىنورىسكىي. ۋ: «تەمىم ئىبىن بەھىر ئۇيغۇرلارغا قىلىن-
غان ساياھەت خاتىرىسى» شەرق، ئافرىقا
تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئاخبارا-

تى» 1948 - يىل، 12- توم، 2 - قىسىم، 125 -
134 - بەتلەر.
V • 米诺尔斯基：《塔明姆、伊本、巴赫尔回鹘游记》— 《东方非洲研究学会公报》1948，第XII卷，第 2 部分，125—134页。

108. پىنكىس. ئې: «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» (960 - 1028) ۋىسبادىن، 1968 - يىل «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى».
皮尼可斯：《宋代初期的甘州回鹘》，(960—1028) 威斯巴顿，1968《中亚研究》。

109. پولىبىي بىلانك. ئې: «موڭغۇلىيىدە كۆچۈپ كەلگەن سوغدىلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى»، «تۇڭباۋ» ناملىق ژۇرنال، 1952 - يىل، LXI توم، 4 - 5 - باب، 317 - 356 - بەتلەر.
E • 普雷布兰克：《内蒙古之一粟特移民地》—《通报》1952·第XLI卷，4—5 章，317–356页。

110. پولىبىي بلانكى. ئې: «توققۇز ئوغۇز مەسىلىسى توغرۇلۇق بەزى كۆز قاراشلار — ئۇرال - ئالتاي يىلنامىسى»، 1956 - يىل، B، 28، 1- 2 — قىسىم، S. 35 — 42 - بەتلەر.
E • 普雷布兰克：《关于九姓乌克斯问题的一点看法》—《乌拉尔—阿尔泰年表》1956，B。XXVIII，1—2 分册，S。35—42页。

111. پولىبىي بىلانك. ئې. «ئەنلۇشەن توپىلىڭى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى» لوندون - نيۇيورك - تورونتو، 1955 - يىل.
E • 普雷布兰克：《安禄山叛乱之背景》.伦敦—纽约—条伦多。1955。

112. ساموڵىن. ۋ: «XII ئەسىردىن بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىس-
تان» «قىسقىچە سىياسىي تارىخ» 1964 - يىل.

W • 萨摩林：《十二世纪以前之东突厥斯坦》，《政治简史》，
海牙，1964。

113. ساموڵىن. ۋ: «تارىم ئويمانلىقى ئارخېئولوگىيىسىنىڭ ئېتنو-
گرافىيىلىك تەرەپلىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا
ئىلمىي ژۇرنىلى» 1958 - يىل 4-توم № 45-
67 بەتلەر.

W • 萨摩林：《塔里木盆地考古的人种学问题》，—《中亚学
报》，1958，卷IV，NI45—67页。

114. ۋېرنادىسكى. گ: «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدى-
كى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر» —
«خارۋارد ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇر-
نىلى» نىڭ 1936 - يىل LVI توم، 453 - 461 -
بەتلەرگە قاراڭ.

G • 韦尔纳德斯基：《中世纪末期回鹘史札记》。见《哈佛亚洲
研究学报》1936，卷LVI，453—461页。

少数民族语言文学文献信息资料中心
S0019251

责任编辑：魏力
责任校对：伊力亚斯

АКАДЕМИЯ НАУК СССР
СИБИРСКОЕ ОТДЕЛЕНИЕ
институт истории, филологии и финософии
А.Г.МАЛЯВКИН
УЙГУРСКИЁ ГОСУДАРСТВА В IX—XIIвв.
Ответственный редактор канд. экон.наук Ю.М.Бутин
ИЗДАТЕЛЬСТВО «НАУКА»
СИБИРСКОЕ ОТДЕЛЕНИЕ
Новосибирск.1983

维吾尔族历史资料汇编　（1）
〔俄〕А·Г·马列也夫金 著

九至十二世纪回鹘汗国（维吾尔文）
乌依古尔·沙依然 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码：830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 15.25印张 2插页
1993年12月第1版　1995年7月第2次印刷
印数：1,900——7,000

ISBN 7—228—02589—X／K·270 定价：8.50元
（内部资料）